دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# ھالاكەت

رابىندرانات تاگور(ھىندىستان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت ئەۋەت

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# ھالاكەت

ISBN 978-7-228-02707-1

9 787228 027071 >

定价：25.00元

رابىندرانات تاگور(ھىندىستان)

# ھالاكەت

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەخمەت ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

沉船：维吾尔文/(印)泰戈尔（Tagore,R.）著；艾合买提·伊明译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，1984.1（2009.5重印）
ISBN 978-7-228-02707-1

Ⅰ.沉… Ⅱ.①泰…②艾… Ⅲ.长篇小说—印度—现代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I351.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第163698号

作　　者　(印度)泰戈尔
译　　者　艾合买提·伊明
责任编辑　帕提古丽·米吉提
责任校对　古丽夏哈尔·尼格买提
封面设计　买买提·努巴提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话　0991—2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆金版印务有限公司
开　　本　880×1230毫米　1/32
印　　张　12.75
版　　次　1984年1月第1版
印　　次　2009年5月第4次印刷
印　　数　13001—16000册
定　　价　25.00元

بۇ كىتاب گۈيجۇ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1981 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1981 ـ يىل 9 ـ ئاي گۈيياڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据贵州人民出版社 1981 年 9 月第 1 版 1981 年 9 月贵阳第 1 次印刷本翻译出版。

# ھالاكەت

**ئاپتورى :** تاگور (ھىندىستان )
**تەرجىمە قىلغۇچى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل كوررېكتورى :** گۈلشەھەر نېغمەت
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**تېلېفون :** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى :** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
**باسما تاۋىقى :** 12.75
**نەشرى :** 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاي 4 ـ باسمىسى
**تىرازى :** 13001—16000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—02707—1
**باھاسى :** 25.00 يۈەن

# بىرىنچى باب

رومىشنىڭ قانۇن پەنلىرى ئىمتىھانىدىن سۆزسىز ئۆتەلەيدىغانلىقىغا ھېچكىم شەك كەلتۈرمەيتتى. چۈنكى، ئىلىم مۇئەككىلى ساراسۋاتى ئەزەلدىن ئۇنىڭغا شاپائەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ يوللىرىغا نىلۇپەرنىڭ ئالتۇن يوپۇرماقلىرىنى يېيىپ، پات - پات ئۇنىڭغا ھەر خىل مېدال، مۇكاپاتلارنى نېسىپ قىلىپ تۇراتتى.

ئىمتىھانلار ئاياغلاشقاندىن كېيىن، رومىش دەرھال ئۆيگە قايتىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن يول تەرەددۇتىغا ئانچە ئالدىرىمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. دادىسى رومىشقا خەت يېزىپ ئۇنى دەرھال قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇغانىدى. رومىش ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان ھامان يولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاب خەت يېزىۋەتتى.

ئۇننودا ئەپەندىنىڭ ئوغلى جوگىندىرو رومىشنىڭ ساۋاقدىشى ئىدى، ئۇلار قوشنا ئولتۇراتتى. ئۇننودا ئەپەندى براھما سامائىنىڭ① مۇرىتى ئىدى. ئۇنىڭ قىزى خېمنولىنى يېقىندىن بۇيان ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە باكالاۋرلىققا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتى. رومىش چاي ئىچىشنى باھانە قىلىپ بۇ ئۆيگە پات - پات كىرىپ تۇراتتى.

خېمنولىنى يۇيۇنۇپ بولۇپلا ئۆگزە ئۈستىدىكى سەينادا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ كىتاب كۆرگەچ چاچلىرىنى قۇرۇتاتتى. رومىشمۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرەتتى. بۇ ئازادە

---

① براھما سامائى — «ئالىي روھانىيلار جەمئىيىتى» 1828 - يىلى رام موخان روي (1772 — 1833) تەرىپىدىن كالكۇتتىدا قۇرۇلغان دىنىي گۇرۇھ. بۇ گۇرۇھ ھىندىستاننىڭ دىنىي ئىدىيىسىنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان. شۇ چاغلاردا ئەركىن پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ گۇرۇھقا قاتنىشىپ، ھىندىستاننىڭ ئىدىيە ئازادلىق ھەرىكىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرىدىغان جاي بولسىمۇ ، بۇ يەردە پىكىر -
خىيالنى بۆلۈپ تۇرىدىغان ئىشلار ئاز بولمايدىغانلىقى ھەر قانداق
كىشىگە چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك .

تۈي تۇغرىسىدا مۇشۇ چاغقىچە ئىككى تەرەپتە سۆز بولۇنمى-
دى . ئۇنىڭدا ئەپەندىنىڭ بۇ گەپنى ئېغىزغا ئالمىغانلىقىنىڭ سەۋە-
بى ، ئۇ ئەنگلىيىگە ئادۇوكاتلىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەتكەن بىر
يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى .

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كۆپچىلىك شىرەنى چۆرىدەپ ئول-
تۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈشتى . ئوكخوي دېگەن يىگىت ئىمتى-
ھانلاردا لاياقەتسىزرەك بولغىنى بىلەن چاي خۇمارى ئىدى ۋە ئۇش-
شاق - چۈششەك ھەۋەسلەر توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا خېلى مەلۇ-
ماتلىق يىگىتلەردىن قېلىشمايتتى . شۇڭا ، ئۇمۇ خىمنولىنىڭ ھەم-
داستىخانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان . بۈگۈن ئۇ : «ئەر كىشى
ئۆتكۈرلۈكتە خۇددى شەمشەرگە ئوخشاش ، شەمشەرنىڭ بىسى ئۇ-
چۇپ كەتسىمۇ ئۆز ۋەزنى بىلەن يەنىلا كۈچلۈك قورال بولالايدۇ ؛
ئاياللارنىڭ ئەقلى بولسا كىچىككىنە بەكىگە ئوخشايدۇ ، ئۇنى قانچە
بىلىسەڭمۇ كارغا كېلىشى چاغلىق... » دەپ گەپ سانقىلى تۇردى .

ئوكخوينىڭ بۇ بىمەنە گەپلىرىنى خىمنولىنى قاپتىلىغىمۇ
ئېلىپ قويماي ئولتۇرىۋەردى ، لېكىن جوگىندىرومۇ ئاياللارنى
سۇندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى . رومىش ئۆزىنى تۇتال-
ماي ، ئۇندىمەي خىيال قىلىپ ئولتۇرغان ھالىتىدىن بىراقلا ئۆز-
گىرىپ ، ئاياللارنىڭ پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كەتتى .

رومىش ئاياللارنىڭ تەرىپىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ ئىككى پىيالە
چاينى ئارتۇق ئىچىپ قويدى . شۇ ئەسنادا ، خىزمەتكار كىرىپ
ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ خېتىنى تاپشۇردى . ئۇ خەتنى ئېچىپ ئىتتىك
كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ، ئەمدى تازا قىزىغان مۇنازىرىدىن ئۆزىنى
تارتماي بولمىدى . ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋۇ-
دى ، باشقىلار ئۇنىماي تۇرۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ، دادىسىنىڭ
كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېيتىشقا توغرا كەلدى .

— رومىشنىڭ دادىسىنى باشلاپ كىرسەڭچۇ، — دېدى خىم-
ىولىنى جوگىنىدىروغا، — ئاقساقال چېيىمىزغا داخىل بولسۇن.
— ئاۋارە بولماڭلار، — رومىش ئۇلارنى ئالدىراپ
توستى، — ئۆزۈم ئالدىغا چىقاي.
رومىشنىڭ كېتىشىدىن خۇش بولۇپ ئولتۇرغان ئوكخوي:
— ئاقساقالنىڭ كىرگۈسى كەلمەس، بەلكىم، — دېدى.
ئۇنىڭ سۆزىدىن، ئونىودا ئەپەندى براھما سامائىنىڭ ئادىمى، رو-
مىشنىڭ دادىسى بولسا كونا ھىندى دىنىنىڭ مۇرىتى تۇرسا، دېگەن-
دەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.
رومىشنىڭ دادىسى بروجموخان ئوغلىنى كۆرۈش بىلەنلا:
— مەن بىلەن ئەتىگەنلىك پويىزدا ئۆيگە قايتىسەن، — دېدى.
رومىش بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ:
— قانداق، بىرەر ئىش چىقىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئالاھىدە بىر ئىش بولغان يوق، — دېدى بروجموخان.
نېمىگە مۇنچىۋالا ئالدىرىتىدىغاندۇ، دەپ ھەيران قالغان رو-
مىش دادىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى، لېكىن بروجمو-
خان ئوغلىنىڭ كۆڭلى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى.
كەچقۇرۇن، رومىشنىڭ دادىسى كالكۇتتىدىكى دوستلىرىنىڭ
ئۆيىگە پاتىھە قىلغىلى كەتكەندە، ئۇ دادىسىغا خەت يېزىشقا تۇتۇن-
دى. ئۇ خېتىنى چوڭلارغا يازىدىغان ئۇسلۇبتا: «مۆھتەرەم دادا،
ئۆزلىرىنىڭ سايىلىرىدا» دەپ باشلىدى. ئۇ، خىمنولىنى بىلەن
ئىككىمىز گەپنى ئېچىپ ئېيتىشمىغىنىمىز بىلەن، كۆڭۈل رىشتى-
مىز باغلانغان، بۇ سىرنى دادامدىن يوشۇرۇپ يۈرىۋەرسەم ياخشى
بولماس، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، قەلەم شۇ بىر قۇر خەتتىن
كېيىن ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنماي قويدى. ئۇ خەتنى ئۇنداقمۇ
يېزىپ، بۇنداقمۇ يېزىپ قاملاشتۇرالماي ئاخىر ھەممىنى يىرتىپ
تاشلىدى.
كەچكى تاماقتىن كېيىن بروجموخان خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەت-
تى، لېكىن رومىش تۇن قوينىدا كېزىپ يۈرگەن ئەرۋاھتەك،

ئۆگزە ئۈستىدە پەرىشان مىڭىپ يۈرۈپ ئۈدۈلدىكى ئۆيگە كۆز تىكەتتى . ئوكخوي سائەت توققۇزدا ئاران ئۆيدىن چىقتى ؛ توققۇز يېرىملاردا دەرۋازا تاقالدى ؛ ئوندا ئۈنىۋدا ئەپەندىنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ چىرىغى ئۆچتى ؛ ئون يېرىمدا قورۇدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىشتى .

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا رومىش كالكۇتتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى . بروجموخانىنىڭ پۇختىلىقى ئۇنىڭ پويىزدىن قېپقېلىشىغا پۇرسەت بەرمىگەنىدى .

## ئىككىنچى باب

رومىش ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئۆزىگە بىر قىز تېپىپ ھەتتا توي كۈنىنىمۇ بېكىتىپ قويغانلىقىنى بىلدى . بروجموخانىنىڭ ياش چاغلىرىدا بىر مەزگىل ئىشى ئىلگىرى كەلمىگەنىدى . ھېلىمۇ ياخشى ، شۇ كۈنلەردە ئۇ باللىق چاغلىرىدىكى دوستى — ئادۋوكات يىشانىنىڭ ياردىمىدە ھال ـ ئوقىتىنى ئوڭشىۋالدى . يىشانىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە خېلى ئۇزۇن مەزگىل بولدى . ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ نۇرغۇن قەرزدىن بۆلەك ھېچنېمە قالدۇرمىغانلىقىنى بىلىشتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ تۇل خوتۇنى بىلەن بالىسى — بىر تالالا قىزى موھتاجلىقتا قالدى . بۇ قىز ھازىر بويىغا يەتكەن بولۇپ ، بروجموخانىنىڭ رومىشقا تاللىغان لايىقى شۇ قىز ئىدى . رومىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان بەزى ئاغىنىلىرى قىزنى كۆرۈمسىز دېيىشىپ ، بۇ تويغا قارشى چىقىشۇدى ، بروجموخان ئۇلارغا : «بۇ نېمە دېگىنىڭلار ، سىرتقى گۈزەللىكىگە قاراپ پەقەت بىرەر گۈل ياكى كېپىنەككىلا باھا بەرگىلى بولىدۇ ، ئادەمگە مۇنداق باھا بېرىش مۇمكىن ئەمەس . كەلگۈسىدە بۇ قىزمۇ ئانىسىغا ئوخشاش ۋاپادار ئايال بولۇپ چىقسا ، رومىشنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگىنى شۇ ئەمەسمۇ» دەپ جاۋاب بەردى .

رومىش باشقىلاردىن ئۆزىنىڭ پات ئارىدا تويى بولىدىغانلىقىنى

ئاڭلاپ ناھايىتى ئازابلاندى . ئۇ كۈن بويى ئۆيەر ـ بۇيەردە يۈرۈپ بۇ تويدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىدى ، لېكىن ئۇنىڭلۇك بىرەر چارە تاپالمىدى . ئاخىر ئۇ يۈرەكلىك ھالدا دادىسىغا :

— دادا ، راستىنى ئېيتسام ، بۇ قىز بىلەن توي قىلالمايمەن ، مەن باشقا بىرسى بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغان ، — دېدى .

— مۇنداق دېگىن ! رەسمىي پۈتۈشكەنمىدىڭلار ؟

— ياق ، تېخى پۈتۈشمىگەن ، بىراق...

— ئۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا كىشى قويغانمىدىڭ ؟ ئىككىڭلار دېيىشكەنمىدىڭلار ؟

— مەن تېخى ئۇ قىزغا رەسمىي ئېغىز ئاچمىغان ، لېكىن...

— تېخى ئېغىز ئاچمىغان ؟ ئۇنداقتا ، بۇرۇن ئېغىز ئاچمىغان بولساڭ ، ئەمدى جىملا تۇرۇۋالساڭ بولىدى .

رومىش سەل تۇرۇۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قورالىنى ئىشقا سالدى :

— مەن باشقا بىرسى بىلەن توي قىلسام ، ئۇ قىزغا يۈز كېلەلمەي قالىمەن .

— مەن ساڭا لايىق كۆرگەن بۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلساڭ ، — دېدى بروجموخان ، — ئۇ چاغدا تېخىمۇ يۈز كېلەلمەي-دىغان ئىش قىلغان بولىسەن .

ئەمدى رومىشقا سۆزلىگۈدەك ئورۇن قالمىدى . ئۇنىڭ بىر-دىنبىر ئۈمىدى ، مۇشۇ توينىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان قانداقتۇر بىر تاسادىپىيلىقتىلا قالدى . مۇنەججىمنىڭ ئېيتىشىچە ، بەلگىلەنگەن كۈننى قولدىن بېرىپ قويسا ، پۈتۈن بىر يىل ئىچىدە بۇنداق خەيرلىك كۈن بولماسمىش . رومىش بىر ئامال قىلىپ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇشۇ كۈندىن ئۆتۈۋالسىلا ، توينى بىر يىل كېچىكتۈرۈشكە بولىدىكەنغۇ ، دېگەن ئويغا كەلدى .

كېلىن ناھايىتى يىراقتا بولۇپ ، ئۇ يەرگە پەقەت سۇ يولى

ئارقىلىقلا بارغىلى بولاتتى ، ئەڭ يېقىن يول بىلەن ماڭغاندىمۇ ، چوڭ - كىچىك دەريالارنى كېزىپ بېرىشقا ئۈچ - تۆت كۈن ۋاقىت كېتەتتى . بروجموخان تاسادىپىي ئەھۋاللار ئۈچۈن ناھايىتى كەڭرى ۋاقىت ئاجراتتى ، مەرىكە كۈنىدىن تولۇق بىر ھەپتە بۇرۇن خەير-لىك كۈننى بېكىتتى -دە ، ئۆز ئادەملىرى بىلەن يولغا چىقتى . سەپەر ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى ، ئۇلار ئۈچ كۈنگە قالمايلا شى-مولگخاتقا يېتىپ كەلدى . تويغا تېخى تۆت كۈن بار ئىدى . بوۋاي-نىڭ بالدۇر بېرىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكىدە مۇنداقمۇ بىر سەۋەب بار ئىدى : كېلىننىڭ ئانىسى ناھايىتى ئېغىر تۇرمۇشتا بولۇپ ، بروجموخان ئۇنى ئۆز يېنىغا كۆچۈرۈپ كېلىشنى بۇرۇنلا ئويلىغا-نىدى . ئۇنى يېنىغا ئەپكېلىۋالسا ، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى راھەتتە ئۆتكۈزەتتى ، بروجموخانمۇ مەرھۇم دوستىنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرالىغان بولاتتى . لېكىن ، ئۇلار رەسمىي قۇدىلاشمىغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ ھەقتە سۆز ئېچىش بىئەپ بولغانىدى ، مانا ئەمدى توي بولماقچى ، ئۇ ئاخىر كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋىدى ، دەرھاللا قۇدىسى-نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتى . بۇ ئايالنىڭ پەقەت مۇشۇ بىرلا قىزى بار ئىدى . ئانىسىز كۈيئوغلىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا ئانا بولۇپ يۈرۈش ، ئەلۋەتتە خۇشاللىنارلىق ئىش - دە ! ئۇ گەپنى كەسكىنلا قويىدى :

— باشقىلار سۆز - چۆچەك قىلىشسا قىلىشىۋەرسۇن ، مەن قىزىم بىلەن كۈيئوغلۇمنىڭ يېنىدا تۇرىمەن .

بروجموخان تويىنىڭ ئالدىدىكى بىر نەچچە كۈندىن پايدىلى-نىپ ، ئۇنىڭ ئازغىنا تەئەللۇقاتلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشىغا قاراش-تى . ئەسلىدە ، بروجموخان ئۇنى توي بىلەن بىللە كۆچۈرۈپ كەت-مەكچى بولۇپ ، ئۇنىڭ يولدا يالغۇزلۇق تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئايال تۇغقانلىرىدىن ئىككى - ئۈچىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى .

توي بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلدى . لېكىن ، رومىش مۇ-قەددەس سۇرىنى ئوقۇشتىن باش تارتتى . «خەيرلىك يۈز ئېچىش

مۇراسىمى »[1] دا كۆزنى يۇمۇۋالدى ، كۇن بويى چىرايىنى ئاچمى-
دى ، باشقىلار كۇلكە - چاقچاق بىلەن ھۇجرا ئويۇنى قىلىشۋاتقاندا ،
ئۇندىمەي تۇرۇۋالدى ، كىچىچە قىزغا كەينىنى قىلىپ يېتىپ ، تاڭ
سۈزۈلۈشى بىلەنلا ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى .

مۇراسىم ئاياغلىشىپ ، تويغا كەلگەنلەر قايتماقچى بولۇشتى .
ئايال تۇغقانلار بىر كېمىگە ، يېشى چوڭراق ئەرلەر بىر كېمىگە ،
يىگىت بىلەن ياش ئەر مېھمانلار يەنە بىر كېمىگە ، سازەندىلەر
ئاخىرقى كېمىگە ئولتۇرۇشتى . سازەندىلەر ھەر خىل كۈيلەرنى
چالاتتى ، چوڭ نەغمىلەردىن پارچىلەرنى ئورۇنداپ كىشىلەرنىڭ
كۆڭلىنى ئاچاتتى .

ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتتى ، ئاسماندا ئالىقانچىمۇ بۇلۇت
كۆرۈنمەيتتى ، ئۇپۇق سىزىقىنى قويۇق كۆكۈچ مانان قاپلىغانىدى ،
دەريا بويىدىكى دەل - دەرەخلەر غەلىتىلا تۇسكە كىرىپ قالغان
بولۇپ ، يوپۇرماقلار مىدىرلاپمۇ قويمايتتى . كېمىچىلەر چىلىق -
چىلىق تەرگە چۆمۈشتى . كۇن ئولتۇراي دېگەندە ، كېمىچى
بىروجموخانغا :

— ئەپەندى ، كېمىمىزنى مۇشۇ يەردە توختاتساق ، ئالدىمىزدا
خېلى ئۇزۇنغىچە توختايدىغان يەر يوق ، — دېدى .

— بۇ يەردە توختىساق بولمايدۇ ، — دېدى بىروجموخان ، —
بۇگۇن كېچە ئايدىڭ بولىدۇ ، بالوگخانقا بېرىپ دەم ئالايلى ، مەن
سىلەرنى ئوبدان رازى قىلىمەن .

كېمىچىلەر ئامالسىز ئىلگىرىلىدى . دەريانىڭ بىر ياقىسىدا
ۋىلىلداپ ياتقان قۇملۇق ، يەنە بىر ياقىسىدا ئېگىز - پەس تۆپىلىك-
لەر سوزۇلۇپ ياتاتتى .كۆكۈچ مانان ئىچىدىن چىقىپ قىزغۇچ
كۆرۈنۈۋاتقان ئاي خۇددى مەست كىشىنىڭ سىغار كۆزىگە ئوخشايت-
تى . ئاسمان بۇلۇتسىز ، تىنىق ئىدى . كۇتۇلمىگەندە ئاڭلانغان
گۇلدۇرمامىدەك بوغۇق گۇلدۇرلەش جاھاننىڭ جىمجىتلىقىنى بۇ-

[1] توي قىلغان يىگىتنىڭ تۇنجى يۈز كۆرۈشۈش مۇراسىمى .

زوٗپ تاشلىدى . كېيىدىكىلەر كەينىگە بوٗرۇلۇپ قاراپلا ، بىر موٗنچە قوٗم ـ توٗپراق ، شاخ ـ شوٗمبا ، يىلتىز ـ قوۋزاقلارنى ئوٗچوٗرتوٗپ كېلىۋاتقان قارا قوٗيۇننىڭ غايەت زور سوٗپوٗرگىدەك يوپوٗرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆروٗپ قېلىشتى .

چوٗقان ـ سوٗرەن كۆتوٗرۇلدى :

— هولوٗقماڭلار ! هولوٗقماڭلار ! تېز هەيدە ! تېز بول ! ئاھ ، خوٗدا ! قوٗتوٗلدوٗروٗڭلار !

كېيىنكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلگوٗدەك ئادەموٗ قالمىدى .

بوٗ تەلۋە قوٗيۇن كىشىلەرگە مەلوٗملوٗق خوٗيى بويىچە ، ئۆزىنىڭ ئەجەل ياغدوٗرىدىغان تار يولىدا ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ئوٗ كېيىملەرنى ، ئۆز يولىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىپ كۆزدىن يوقاتتى ، ھەش ـ پەش دېگوٗچە ھېلىقى بەختسىز كېيە كارۋىنىدىن ئەسەرموٗ قالمىدى .

## ئوٗچىنچى باب

كەچكى توٗمان تارقالدى ، ئاينىڭ كوٗموٗش شولىسى كەڭ قوٗملوٗقنى ئاپئاق كېپەن رەڭگىگە كىرگوٗزگەنىدى . دەريا ئايدىڭدا بىرەر كېيە ، ھەتتا دولقوٗن مەۋجىموٗ كۆروٗنمەيتتى ، دەريا ۋە ئوٗنىڭ ساھىلىنى جىمجىتلىق قاپلىغان ، بوٗ جىمجىتلىق ئاغىرىق ئازابىدا قاتتىق قىينالغان كېسەل ئادەمنىڭ ئەجەل تىرىنقىدا جان بەرگەندىن كېيىنكى مەڭگوٗلوٗك تىنچلىقىنى ئەسلىتەتتى .

رومىش هوشىغا كەلگەندە ، ئۆزىنى بىر قوٗملوٗقتا كۆردى ، دەسلەپتە ئوٗ بايا بولغان ئىشلارنى ئەسلىيەلمىدى ، كېيىن كېچە يوٗز بەرگەن دەھشەتلىك پاجىئە كاللىسىدا قورقوٗنچلوٗق چوٗشتەك ئەكس ئەتكەندە ، ئورنىدىن دەس توٗروٗپ كەتتى ، ئوٗنىڭ كاللىسىدا بىرىنچى بولوٗپ دادىسى ۋە باشقا ئاغىنىلىرىنىڭ زادى قانداق بولغانلىقىنى بىلىش ئىستىكى قوزغالدى . ئوٗ تۆت ئەتراپىغا قارىدى ، بىرەر

ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى؛ دەريا ياقىلاپ بىر هازاغىچە مېڭىپ باقتى، لېكىن هېچنېمىنى ئۇچرىتالمىدى. ئاقۇچ قۇملۇق گانگ دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان پادما دەرياسىنىڭ ئىككى كىچىك ئېقىنى ئوتتۇرىسىدا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقان بوۋاقتەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. رومىش ئارالنىڭ بۇ يېقىنى كېزىپ چىقىپ، يەنە بىر تەرەپكە ئۆتمەكچى بولغاندا، يىراقتىن قىزىل كۆڭلەككە ئوخشايدىغان غۇۋا بىر نەرسە كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى، ئۇ يەردە قىپقىزىل تويلۇق لىباسلارغا ئورانغان بىر قىز خۇددى هايات بىلەن خوشلاشقاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى.

رومىش سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغانلارنى قۇتقۇزىدىغان ئامالارنى بىلەتتى، تىنىق كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قىزنىڭ قوللىرىنى ئاۋۋال باش تەرەپكە، ئاندىن ئاياغقا هەرىكەتلەندۈرۈپ، كۈچ بىلەن بېسىشقا باشلىدى. خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن قىزنىڭ تىنىقى كېلىپ كۆزلىرى ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى.

رومىش شۇنچىلىك چارچىدىكى، بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ گەپ قىلغۇدەك هالىمۇ قالمىدى. تولۇق ئەسلىگە كېلەلمىگەن قىزنىڭ ئاران ئېچىلىۋاتقان كۆزلىرى يەنە هالسىز يۇمۇلدى. رومىش ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ، نەپىسىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى سەزدى ۋە ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قاراپ قالدى. ئۇلار بىرىنچى قېتىملىق هەقىقىي يۈز كۆرۈشۈشنىڭ قورۇقلۇق بىلەن سۇ ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئىنس - جىنسىز جايدا، هايات بىلەن مامات ئارىلىقىدا بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەنىدى.

سوشىلانى چىرايلىق ئەمەس دەپ كىم ئېيتقان بولغىيتتى؟ ئاي سۈتتەك يورۇقىنى پايانسىز زېمىنغا سەپمەكتە، ياز ئاسمىنىنىڭ يېشىل گۈمبىزىگىمۇ كۆز يەتمەيدۇ، لېكىن تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسى رومىشنىڭ نەزىرىدە ئۇيقۇدىكى قىزنىڭ نازۇك قەددى - قامىتىنى جۇلالاندۇرىدىغان رەڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلدى. «نەغمە - ناۋالىق تويى ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىماي ئەجەبمۇ ياخشى قىپتىكەنمەن، — دەپ ئويلىدى رومىش، — بولمىسا ئۇنى ھازىرقىدەك كۆز بىلەن كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمايتتىم. تەييار پۇتۇكلۇك سۇردىلەرنى تويدا ئوقۇپ ئۇنى ئەمرىمگە ئالغىنىمدىن، ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئەمرىمگە ئالغىنىم كۆپ ئارتۇق ئەمەسمۇ!؟ نىكاھ سۈرىسىنى ئوقۇش ھەق نىكاھلىق ئىكەنلىكىمىزنى باشقىلارغا تونۇتۇش ئۈچۈنلا، ھالبۇكى، ئۇنىڭغا مەن ھازىرقىدەك ئېرىشكىنىمدە، ئۇ شەپقەتلىك تەڭرىنىڭ ماڭا ئالاھىدە شاپائەت قىلغان قىممەتلىك سوۋغىسى قاتارىدا بولىدىغۇ!؟»

قىز ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى، پۇرلىشىپ كەتكەن كۆڭلەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ پەرەنجىسىنى يۈزىگە ياپتى.

— كېچىدىكى باشقا ئادەملەرنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى رومىش.

ئۇ گەپ قىلماي بېشىنى چايقىدى.

— سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىڭىز، مەن ئۇلارنى ئىزدەپ باقسام قانداق؟ — دېدى رومىش. قىز جاۋاب بەرمىدى، لېكىن ئۇنىڭ ۋايىم دەھشىتىدە سىقىلىۋاتقان قىياپىتىدىن: «مېنى يالغۇز قالدۇرمىسىڭىز!» دەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

رومىش ئۇنىڭ ئۇنسىز ئىلتىجاسىنى چۈشەندى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى، ۋىلىلداپ تۇرغان دەشتى - قۇملۇقتا ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ دوستلىرىنى چاقىرىپ باقتى، ھەر قانچە ۋارقىرىسىمۇ ھېچقانداق جاۋاب چىقمىدى.

رومىش توۋلاشتىن نەتىجە چىقىرالماي ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. قىز قوللىرى بىلەن يۈزىنى ياپقىنىچە يىغىسىنى بېسىشقا ئۇرۇناتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆكسۈشلىرىدىن كۆكسى دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم چۈشۈپ تۇراتتى. رومىش شۇ تاپتا قورۇق تەسەللىدىن

ھېچنېمە چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇ-رۇپ چاچلىرىنى مۇلايىم سىلاشقا باشلىدى . قىز ئەمدى كۆز يېشى-نى توختىتالمىدى ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى قايغۇ - ئەلەم سۆزسىز نالىگە ئايلىنىپ ئۆكسۈپ چىقىشقا باشلىدى . خەير-خاھلىق ياشلىرى رومىشنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تۆكۈلدى .

ئۇلار يۇخادىن چىققۇدەك يىغلىشىۋاتقاندا ئاي يوشۇرۇندى . بۇ دەشتى ماكان تۇن قاراڭغۇسىدا ئۇلارغا خۇددى قورقۇنچلۇق چۇشتە زاھىر بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . زۇلمەت ئىلكىگە چۆمگەن ئاقۇچ قۇملۇق تېخىمۇ تىلسىملىق بىلىنەتتى ، تۇرۇپ - تۇرۇپ جىمىرلا-ۋاتقان دولقۇنلار يۇلتۇزلارنىڭ سۇس نۇرىدا تولغىنىپ ياتقان زور يىلاننىڭ قارامتۇل ، پارقىراق قاسراقلىرىدەك كۆرۈنەتتى .

رومىش قىزنىڭ ۋەھىمىدىن مۇزلاپ كەتكەن نازۇك قوللىرى-دىن تۇتۇپ يېنىغا تارتتى . قىز قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمىدى ، قورقۇنچ ئۇنى ھەر قانداق تارتىنىشتىن مەھرۇم قالدۇرغانىدى ، بۇ چەكسىز قاراڭغۇلۇقتا ، يالقۇنلۇق يۈرىكى دۈپۈلدەپ تۇرغان رومىشنىڭ كۆكرىكى ئۇنىڭ ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان پاناھگاھى . بۇ خىجىل بولۇپ ئولتۇرىدىغان پەيت ئەمەس ، ئۇ دەرھاللا رومىش-نىڭ قۇچىقىدىن ئورۇن ئالدى .

تاڭ يۇلتۇزلىرى ئۆچۈشكە باشلىدى . شەرقتىن سۇبھى كۆتۈ-رۈلۈپ ئانچە ھايال ئۆتمەيلا ، گىرىمسەن كۆرۈنۈۋاتقان دەريا ساھى-لى قىزىللىققا چۆمكەلدى . رومىش قۇم ئۈستىدە ئۇخلاپ قالدى ، ياش كېلىنمۇ بېشىنى ئۇنىڭ بىلىكىگە قويغان ھالدا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى . سەھەر قۇياشىنىڭ مۇلايىم ئاپتىپى كۆزلەرنى غىدىقلىغىلى تۇرغان چاغدا ، ئۇلار چۆچۈپ ئويغىنىشتى - دە ، ئەتراپقا قاراپ بىر ھازا تېڭىرقاپ قالدى ، ئاندىن ئۆزلىرى ئولتۇرغان كېمىنىڭ خەتەرگە يولۇققانلىقىنى ، ئۆزلىرىنىڭ ھازىر ئۆيدە ئەمەسلىكىنى بىردىنلا ئەسكە ئېلىشتى .

# تۆتىنچى باب

ھايال ئۆتمەي دەريادا بېلىقچىلارنىڭ ئاق يەلكەنلىك كېمىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . رومىش كېمىدىن بىرنى چاقىرىپ ، بېلىق-چىلارنىڭ ياردىمىدە ئۆزلىرى تەرەپكە ئاپىرىدىغان بىر قېيىقنى ياللىۋالدى ، ئاندىن بەختسىز ھەمراھلىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىشنى ساقچىلارغا تاپشۇرۇپ يولغا چىقتى .

كېمە يېزا يېنىدىكى پرېستانغا كەلگەندە ، رومىش ساقچىلار-دىن دادىسى ، قېينانىسى ۋە باشقا بىر نەچچە تۇغقانلىرىنىڭ جەسىتى تېپىلغانلىقىنى ، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قۇتۇلۇپ قالغان بىر نەچچە كېمىچىلەردىن باشقىلارنىڭ دېرىكى يوقلۇقىنى بىلدى .

رومىشنىڭ ئۆيدە قالغان چوڭ ئانىسى نەۋرىسى بىلەن كېلىنى-نى ھازا بىلەن قارشى ئالدى . تويغا كەتكەن باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىمۇ شۇ تاپتا يىغا - زار ئىچىدە ئىدى . نە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان مەرىكىچىلەر ، نە نەغمە - ناۋا ، نە چىلىلىۋېلىشلاردىن ئەسەر يوق ئىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، كىشىلەر كېلىنگە نەزەر - كۆزىنىمۇ سالمىدى .

رومىش دەپنە قىلىش ئىشلىرى ئاياغلاشقىچە بىلەن ئايالىنى ئېلىپ يۇرتتىن كەتمەكچى ئىدى ، لېكىن مېڭىشتىن بۇرۇن دادى-سىدىن قالغان مىراسلارنى بىر ياقلىق قىلىۋېتىشى بولمايتتى ، بۇ قېتىمقى قازايىۋ قەدەر تۇپەيلىدىن تۇل قالغان ئايال تۇغقانلىرى ئۇنىڭدىن تاۋاپ قىلىپ كېلىشكە رۇخسەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى . بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشقىمۇ ئۇ ئىگە بولمىسا بولمايتتى .

ئۇ مۇسىبەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ ئۆيدىكى جۈپتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى . كېلىن ھەرگىز باشقىلارنىڭ سۆزلەپ يۈرگىنىدەك ئەمەس ، تېخى گۆدەكلا بالا ئىدى — راستىنى ئېيتقان-دا ، يېزىدىكى ئاياللار ئۇنى ، ئولتۇرۇپ قالغان قىز ، دەپ زاڭلىق قىلىشاتتى — بىراق مۇھەببەت مەسىلىسىگە دۇچ كېلىش بىلەنلا ،

بۇ ياش باكالاۋر ئىلگىرى ئۆگەنگەن بىلىملىرى ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەي مۇشكۇل ھالغا چۈشۈپ قالدى . تەمكىن ئەقلىنىڭ ھۆك-مى بويىچە بولغاندا ، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان ھەم قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەس ئىشلار ئىدى . بىراق ، ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى ، ئۇنىڭ بىلىملىرى بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا قىلچە ياردەم بېرەلمىگەن تۇرۇقلۇقمۇ ، ئۇ يەنىلا بۇ قىزدا ئۆزىنى جەلپ قىلىپ تۇرغان ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچنىڭ بارلى-قىنى سەزدى ۋە ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەتكە تولغان كاللىسى ئۇ كۈچنىڭ ئالدىدا ئاجىز كەلدى .

بۇ قىز ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا كەلگۈسىدىكى ۋاپادار ئايالىغا ئايلاندى ، ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرى ئالدىدا ، بۇ قىز تۇرۇپ ياش ئايالى سۈپىتىدە ، تۇرۇپ ئۆمۈرلۈك قەدىناسى قىياپىتىدە ، تۇرۇپ بالىلىرىنىڭ مېھرىبان ئانىسى كۆرۈنۈشىدە نامايان بولاتتى . رەس-سام ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئەڭ مۇكەممەل كۆرۈنۈشلەرنى ، شائىر ئۆز خىيالىدىكى ئەڭ گۈزەل شېئىرىي پىكىرلەرنى ئۆز قەلبىدە ئاسراپ ساقلايدۇ ھەمدە ئۇلارغا چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتىنى سىڭدۈرىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش ، رومىشمۇ بۇ قىزنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى . ئۇنى ئۆزىنىڭ ھە-قىقىي شادلىقىنىڭ نامايەندىسى ، ئۆز ئۆيىگە بەخت - سائادەت ۋە مەمۇرچىلىق بېغىشلايدىغان پەرىشتە ، دەپ ھېسابلىدى .

## بەشىنچى باب

دادىسىنىڭ نەزىر - چىرىغى ، خانىملارنىڭ تاۋاپ قىلىش ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا رومىشنىڭ ئۈچ ئايدەك ۋاقتى كەتتى . بەزى قوشنىلار بۇ ياش كېلىن بىلەن سەل يېقىنلاشقىلى تۇردى . كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رومىش بىلەن ئىككىسىنى باغلاپ تۇرغان مۇھەببەت رىشتىسى بارغانسېرى چىڭىشقا باشلىدى .

بۇ ياش ئەر - خوتۇن گۈگۈم چۈشۈشى بىلەنلا ئۆگزىگە

چىقىۋېلىپ ، ئاستىغا پاخال سېلىپ ئولتۇرۇپ پايانسىز ئاسماننى تاماشا قىلىشقا ئامراق ئىدى . رومىش ئۇنىڭغا دائىملا چاقچاق قىلاتتى ، بەزىدە ئۇنىڭ كەينىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ كۆزلىرىنى ئېتىۋالاتتى ـ دە ، بېشىنى قۇچىقىغا تارتىپ ئويناتتى ؛ بەزىدە ئۇ تاماق يېمەي ئۇخلاپ قالغان بولسا ، رومىش ئۇنى قەستەن كايىتىش ئۈچۈن ۋارقىراپ ئويغىتىۋېتەتتى . بىر كۈنى كەچقۇرۇن ، رومىش ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ :

— سوشىلا ، بۇگۈن چېچىڭىزنى مۇنداق تارىشىڭىز ماڭا ياق-مىدى ، — دېدى .

قىز دەرھال ئۆزىنى رۇسلىۋالدى ـ دە :

— ئېيتىڭچۇ ، سىلەر نېمىشقا مېنى سوشىلا دەيسىلەر ؟ — دېدى . بۇ گەپنى چۈشىنەلمىگەن رومىش ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى . قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئىسمىمنى ئۆزگەرتكە-نىڭلار بىلەن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتەلمەيسىلەر . كىچىكىمدىن تار-تىپ شور پېشانىمەن ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدىمۇ ماڭا ياخشى كۈن يوق .

رومىشنىڭ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ چىرايىمۇ ئۆڭۈپ كەت-تى . ئۇ بۇ يەردە جەزمەن ئېغىر بىر سەۋەنلىكنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ئۇشتۇمتۇت سېزىپ قالدى .

— سىز نېمىشقا ئۆمۈرلۈك شور پېشانىمەن دەيسىز ؟

— مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا دادام تۇگەپ كېتىپتىكەن ، مەن تېخى ئالتە ئايلىق بولماي تۇرۇپ ئاپاممۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . تاغام-نىڭ ئۆيىدىكى كۈنلىرىم ئازاب بىلەن ئۆتتى ، كېيىن مەن سىزنىڭ قەيەردىندۇر بىر يەردىن يېزىمىزغا كېلىپ مېنى ياقتۇرۇپ قالغان-لىقىڭىزنى ئاڭلاپ قالدىم . ئىككى كۈندىن كېيىن بىز توي قىل-دۇق ، كېيىنكى ئىشلار بولسا ئۆزىڭىزگە مەلۇم .

گاڭگىراپ قالغان رومىش ياستۇققا ئۆزىنى ئوڭدا تاشلىۋەت-تى . شۇ ئارىدا ئاي چىقتى ، لېكىن ئۇ ئۆز نۇرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ باشقا ئەھۋاللارنى سوراشقا پېتىنالمى-

دى ، پەقەت بايام ئاڭلىغان گەپلىرىنىڭ يالغان چىقىشىنى ، خىيا-
لىي چۈشتەك يوقىلىشىنى ، كاللىسىدىن چىقىپ كېتىشىنىلا تى-
لەيتتى . ئاستا يەلپۈپ ئۆتكەن ئىسسىق جەنۇب شامىلى ھېلىلا قارا
بېسىپ ئويغانغان كىشىنىڭ ئېغىر تىنىشىنى ئەسلىتەتتى . ئايدىڭ-
دا ، تېخى ئۇخلىمىغان كاككۇكنىڭ بىر خىل يېقىمسىز سايراشلى-
رى ، يېقىنلا جايدىكى پرېستاندا توختىغان كېمىچىلەرنىڭ ناخشىلى-
رى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . رومىش قىزنىڭ بۇ يەردىلىكىنى پۈتۈنلەي
ئۇنتۇپ قالغانىدى . بۇنى سەزگەن قىز ئۇنى ئاستا نوقۇپ تۇرۇپ :
— ئۇيقۇڭىز كەلدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— ياق ، — رومىش شۇ سۆز بىلەن يەنە جىمىپ كەتتى .
ھايال ئۆتمەي ، قىز تىنچ ئۇيقۇغا كەتتى . رومىش ئورنىدىن دەس
تۇردى ۋە جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا كۆز سالدى ، لېكىن ئۇنىڭ
پېشانىسىدە تەقدىر ئىلاھى پۈتۈپ قويغان پاجىئەنىڭ ئىزناسى كۆ-
رۈنمەيتتى . بۇ ئوماق رۇخسارغا شۇنچە سۇرلۇك تەقدىر قانداقمۇ
يوشۇرۇنغاندۇ ـ ھە !

## ئالتىنچى باب

بۇ قىزنىڭ ئۆز ئايالى ئەمەسلىكى رومىشقا مەلۇم بولدى ،
لېكىن ئۇنىڭ زادى كىمنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئوڭايغا
توختىمايتتى . بىر كۈنى ئۇ قىزنى ئەتەي گەپكە سالدى :
— تويدا مېنى تۇنجى كۆرگىنىڭىزدە قانداق ئويلاپ قال-
غانتىڭىز ؟
— مەن سىزگە قارىمىغان ، — دەپ جاۋاب بەردى قىز ، —
مەن تويدا بېشىمنى سېلىپلا ئولتۇردۇم .
— سىز مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانمۇ ؟
— مەن سىز توغرىسىدىكى پاراڭنى تويىمىزدىن ئاران بىر
كۈن بۇرۇنلا ئاڭلىغان ؛ مېنى قاچان ئۆيدىن چىقاركىن ، دەپ
ھامامىنىڭ كۆزى تۆت بولۇپ كەتكەن ، شۇڭا ئىسمىڭىزنىمۇ ئېي-

تىپ بەرگىنى يوق .

— سىزنى ساۋاتلىق دەپ ئاڭلىغانىدىم ، قېنى ، ئىسمىڭىزنى يېزىپ بېقىڭا ، قانداق يازىسىزكىن ، — دېدى رومىش ئۇنىڭغا قەغەز ـ قەلەم سۇنۇپ تۇرۇپ .

— ئىسمىمنىمۇ يازالماتتىم ! — دېدى ئۇ قېيىدىغاندەك ئا-ھاڭدا ، — ھېلىمۇ ئىسمىمنى يېزىشنىڭ ئوڭايلىقى ، — ئۇ سۆزلە-ۋېتىپ «شرېموتې كومولا دەبې» دېگەن خەتلەرنى يوغان ـ يوغان قىلىپ يازدى .

— ئەمدى تاغىڭىزنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېقىڭچۇ ، — دېدى رومىش . كومولا «شرېجوكتو تارېنچورون چوتتوپاد ھايىيا» دەپ يازدى ـ دە ، ئۇنىڭدىن :

— خاتا يېزىپ قويمىغاندىمەن ؟ — دەپ سورىدى .

— خاتا ئەمەس ، — دېدى رومىش ، — ئەمدى يېزاڭلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېقىڭچۇ .

ئۇ «خوباتپوكور» دەپ يازدى .

رومىش مۇشۇنداق ئاماللار بىلەن بۇ قىزنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇ-شىغا ئائىت بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى ، لېكىن بۇ نەرسىلەر ئۇ يەتمەكچى بولغان مەقسەتتىن يەنىلا يىراق ئىدى .

رومىش بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش لازىملىقى ھەققىدە قاتتىق ئويلاندى : ئۇنىڭ ئېرى سۇغا غەرق بولغان بولۇشى مۇم-كىن ، ئۇنىڭ قېيناتىلىرىنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپقان تەقدىر-دىمۇ ، ئۇلار كومولانى قوبۇل قىلارمۇ ، ھەر ھالدا بۇ بىر گەپ ، ئۇنى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ بەرسىچۇ ، ئۇ چاغدا بۇ ئانچە ئادىللىق بولماس . بىر قىزنىڭ شۇنچە كۈنلەردىن بۇيان ياتۋاش بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە خوتۇن بولۇپ يۈرگىنىنى بىلگەن يۇرت ـ جامائەت ئۇنىڭغا قانداق قارىماقچى ؟ ئۇ قەيەرگىمۇ باش تىقالايدۇ ؟ ئېرى ھايات قالغانمۇ دەيلى ، كومولانى ئەمرىگە ئېلىشنى ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرەرمۇ ؟ قىسقىسى ، رومىش بۇ چارىلەرنىڭ قايسىسىنى قوللاذ-مىسۇن ، ئاقىۋەت ئۇنى تۇۋۇى يوق بىر دېڭىزغا تاشلىۋېتىپ ، قانداق

قىلساڭ قىل دەپ قاراپ ئولتۇرۇشتىن باشقا نەرسە بولمايتتى . رومىشقا ئۇنى ئۆز خوتۇنۇم ئەمەس ، دەپ ئولتۇرۇپ ئۆز يېنىدا ساقلاۋېرىشقىمۇ بولمايتتى ، باشقىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايتتى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن راستتىن ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش كەچۈرۈشكىمۇ بولمايتتى . رومىش ئۇنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆمۈرلۈك جورىسى دەپ قاراپ ، سۆيگۈنىڭ رەڭدار بويىقى بىلەن ئۇنىڭ غايىۋانە ، يارقىن سۈرىتىنى ياراتقانىدى ، مانا ئەمدى بۇ ئوماق سۈرەتنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا مەجبۇر بولدى .

ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ يەردە تۇرۇشقا ئورۇن قالمىدى . ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن كالكۇتتىغا كەتكىنىدە ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلماسلىقى ، بەلكىم ئۇ يەردە بىرەر چارە تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ كومولانى ئېلىپ كالكۇتتىغا كەلدى - دە ، بۇرۇن ئولتۇرغان كوچىغا خېلى يىراق بىر يەردىن بىر نەچچە ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالدى .

يېڭى تۇرمۇش كومولانى قاتتىق ھاياجانغا سالدى . ئۇ كالكۇتتىغا بارغان كۈنى يېڭى ئۆيگە كىرىش بىلەنلا دېرىزە تۈۋىگە كېلىۋالدى . سىرتتا ئايىغى ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقان يولۇچىلار ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايتتى . ئۇ ئەتراپقا تويماي قارايتتى . ئۇلار يالللىۋالغان ئايال خىزمەتكار بۇ شەھەر بىلەن تونۇشلۇق بولغاچقا ، قىزدىكى ھەيرانلىقنى كاللىسىدا سەل دەردى بارمۇ نېمە ، دەپ قالدى .

— توۋا ! نېمىگە شۇنچىۋالا قاراپ كەتتىڭىز ؟ ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى . يۈيۈنۈۋالامسىز - قانداق ؟ — دېدى ئۇ سەل ئاچچىقى كەلگەندەك قىلىپ .

ئۆيدە يېتىپ ئىشلەيدىغان خىزمەتكار تېپىلمىغاچقا ، ئۇلار كۈندۈزى كېلىپ ، ئاخشىمى كېتىدىغان بۇ ئايالنى يالللىۋالغانىدى .

«مەن ئەمدى كومولا بىلەن بىرگە يېتىۋەرسەم بولمايدۇ ، — دەپ ئويلىدى رومىش ، — لېكىن ئۇ بۇ ناتونۇش جايدا كېچىنى قانداقمۇ يالغۇز ئۆتكۈزەر ؟ »

كەچكى تاماقتىن كېيىن خىزمەتكار كەتتى . رومىش كومولاغا ياتىدىغان ئورۇن كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— سىز يېتىپ تۇرۇڭ ، مەن بىر ئاز كىتاب كۆرۈپ ياتىمەن ، — دېدى .

ئۇ بىر كىتابنى ئېچىپ ئوقۇۋاتقان قىياپەتتە ئولتۇرۇۋالدى . كومولاغا هاردۇق يېتىپ تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى .

بىرىنچى كېچە مۇشۇنداق ئۆتتى . ئىككىنچى كېچىدىمۇ رومىش ئۇنى يالغۇز قالدۇرماقچى بولدى . هاۋا ناهايىتى تىنچىق ئىدى . رومىش پېشايۋانغا ئورۇن سالدى ، لېكىن دەرمەھەل ياتماي يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭچە قالايمىقان خىياللارغا چۆمدى ، يېرىم كېچىدىن كېيىن ئاخىر ئۇخلاپ قالدى .

تاڭ سەھەر سائەت ئىككى - ئۈچلەردە ، ئۇ بېشىدا بىرسىنىڭ ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغانلىقىنى چالا - پۇچۇق سەزدى ۋە ئۇيقۇچىلىقتا ئۇنى ئالدىغا تارتىپ پىچىرلىدى :

— بولدى ئۇخلاڭ ، سوشىلا ، مېنى يەلپۈمەڭ .

كومولا قاراڭغۇدا يالغۇز يېتىشتىن قورقۇپ ، رومىشنىڭ قويىنىغا كىردى - دە ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى .

رومىش سەھەردە ئويغىنىپ چۆچۈپ كەتتى . كومولا بىلىكىنى ئۇنىڭ بويىنىغا سالغان هالدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى . رومىشنى ئۆزىنىڭ دەپ ئىشەنچ باغلىغان كومولا ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان دەرىجىدە بەخىرامان ياتاتتى . شېرىن ئۇخلاۋاتقان قىزغا قاراپ ئىختىيارسىز رومىشنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى . ئۆزىگە شۇنچە ئەقىدە باغلاپ ، بويىنىغا ھەشقىپېچەكتەك چىرمىشىپ ياتقان بۇ قىزنىڭ قوللىرىنى ئۇ قانداقمۇ تاش يۈرەكلىك بىلەن ئېلىۋېتەلىسۇن ؟ ! ئۇنىڭ تۈنۈگۈن يېرىم كېچىدە ئاستا يېنىغا كېلىپ ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغانلىقى بىردىنلا رومىشنىڭ ئېسىگە كەچتى .

ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، قىزنىڭ قوللىرىنى ئاستا ئاجرات-

تى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

بىر مۇنچە ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ئۇ كومولانى يېتىپ ئوقۇيدىغان بىر مەكتەپكە كىرگۈزۇپ قويسا، ئاندىن بۇ مەسىلىنى ۋاقتىنچە ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۇنىڭدىن توغرىدىن ـ توغرا سورىدى:

— كومولا، ئوقۇشنى خالامسىز؟

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ رومىشقا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن: «بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟» دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.

رومىش ئوقۇشنىڭ پايدىسى، كىتابتا قىزىق نەرسىلەرنىڭ بارلىقى، ۋەھاكازالار توغرىسىدا بىر مۇنچە گەپ ساتتى. ئەمەلىيەتتە، مۇنچىۋالا زورۇقۇپ كېتىش ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى كومولانىڭ جاۋابى قىسقىلا بولدى:

— ماقۇل، ئەمىسە ئۆزىڭىز ئوقۇتۇڭ.

— سىز مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىڭىز كېرەك، — دېدى رومىش.

— مەكتەپكە كىرىپ! — كومولا تۇۋلاپ سالدى، — تۆگىدەك تۇرۇپ مەكتەپكە كىرەمدىمەن!

كومولانىڭ ئۆزىنى چوڭ ئادەمدەك تۇتۇپ سۆزلىشى رومىشنى كۇلدۇرۇۋەتتى.

— سىزدىن خېلى چوڭ قىزلارمۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، — دېدى رومىش.

كومولاغا سۆزلەشكە ئورۇن قالمىدى. بىر كۈنى، ئۇ رومىش بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە باردى. بۇ خېلى چوڭ مەكتەپ بولۇپ، بۇ يەردە كومولادىن چوڭراق، كىچىكرەك قىزلارمۇ نۇرغۇن ئىدى.

رومىش كومولانى مەكتەپ مۇدىرىغا تاپشۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، كومولامۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا قوزغالدى.

— نەگە بارىسىز؟ — دېدى رومىش، — سىز بۇ يەردە قېلىشىڭىز كېرەك.

— سىز قالامسىز؟ — كومولانىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.
— مەن قالسام بولمايدۇ، — دېدى رومىش.
— ئەمىسە مەنمۇ قالالمايمەن، — دېدى كومولا ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، — مېنى ئېلىپ كېتىڭ!
— يوقىلاڭ گەپ قىلماڭ، كومولا، — رومىش سۆزلەۋېتىپ قولىنى ئۇنىڭ قولىدىن بوشىتىۋالدى.
كومولا بۇ كايىشنى ئاڭلاپ ئۆڭى ئۆچكەن هالدا تۇرۇپلا قالدى. رومىش كۆڭلى غەش بولغان هالدا ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ قانچە ئېتتىك ماڭسىمۇ، يالغۇز قالغان ئۇ ئوماق قىزنىڭ ئەنسىز چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

## يەتتىنچى باب

رومىش ئادۋوكاتلىق كەسپىنى كالكۇتتىنىڭ ئالىيۇر سوتىدا رەسمىي باشلىماقچى بولدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ خىزمەتتىن سەل رايى يانغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭدا ئادۋوكاتلىقنى كۆڭۈل قويۇپ قىلغۇدەك، يېڭى ئىشقا كىرىشكەن ئادۋوكاتقا ئۇچرايدىغان هەر خىل توسالغۇلارنى يەڭگۈدەك ئىرادە قالمىغانىدى. بۇ كۇنلەردە ئۇ گولادېكىي كۆۋرۈكى ياكى ئۇنىۋېرسىتېت مەيدانى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالدى. غەربىي شىمالغا سەپەر قىلىش نىيىتىگە كېلىپ تۇرغان كۇنلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىز ئونىودا ئەپەندىدىن ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. خەتتە، مۇنداق دېيىلگەن:

*گېرتتىن ئوقۇۋشىمىزچە، ئىمتىهانلاردىن ئۆتۈپسىز، ئەمما بۇ خۇسۇستا ئۆزىڭىزدىن خەت - خەۋەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇق. خەت يېزىشمىغىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى. قەدىناسلىرىڭىزنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يېقىنقى ئەهۋاللىرىڭىزدىن هەم كالكۇتتىغا*

*قاچان كېلىدىغانلىقىڭىزدىن ۋاقىپلاندۇرارسىز .*

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئونىودا ئەپەندى كۆيئوغۇل-لۇققا مولجاللىغان ھېلىقى يىگىت ئەنگلىيىدىن ھىندىستانغا قايتىپ كېلىپ ئادۋوكاتلىقنى باشلىغان ۋە بىر دۆلەتمەن قىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەندى .

ئاردا بىر مۇنچە ئىشلار ئۆتتى . ئەمدى خىمنولىنى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كونا دوستلۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى كېرەكمۇ - يوق ، رومىش بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيتتى . ئەمدى قانداقلا بولسۇن ، كومولا بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىنى بىرەر ئادەمگە ئاشكارىلىغىلى بولمايتتى ، ئاشكارا قىلىنغاندا ، بۇ بەختسىز قىز كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ناۋادا ئۇ خىمنولىنى بىلەن كونا دوستلۇقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بولسا ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا تولۇق چۈشەندۈرمەي بولمايتتى .

نېمىلا دېگەنبىلەن ، ئونىودا ئەپەندىگە خەت يېزىشنى كېچىكتۈرۈش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولاتتى . شۇڭا ، ئۇ جاۋاب خەت يازدى :

*بېرىپ سىزنى يوقلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرەرسىز . كەلگەندىن بۇيان بەزى ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ ۋاقىت ئاجرىتالماي قالدىم .*

ئۇ خەتكە ئۆزىنىڭ يېڭى ئادرېسىنى يازمىدى .

خەتنى ئەۋەتىۋېتىپ ئىككىنچى كۈنى ، ئۇ ئادۋوكاتلىق شىلەپىسىنى كىيدى - دە ، تۈنجى قېتىم ئالىپۇر سوتىغا باردى .

بىر كۈنى ، ئۇ سوتتىن چىقىپ ئىزۋوشنى ئەمدىلا چاقىراي دەپ تۇرۇشىغا ، تونۇشلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى :

— دادا ، بۇ رومىش ئەپەندىغۇ !

— توختا ، ئىزۋوشچى ، توختا ! — بىر ئەر كىشىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن كېيىن ، ئىزۋوش رومىشنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . بۇ ئوننودا ئەپەندى بىلەن قىزىنىڭ ئالىپۇر ھايۋاناتلار باغچىسىدىن كېلىۋاتقان ۋاقتى بولۇپ ، ئۇلار ئويلىمىغان يەردە رومىش بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى .

رومىش ئىزۋوش ئىچىدە ئولتۇرغان خىمنولىنىنى — ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىنى ، ئالاھىدە پاسون چىقىرىپ كىيىۋالغان كىيىملىرى ۋە رومىشقا تونۇشلۇق چاچ ئۆرۈملىرىنى ، پۇت - قوللىرىنىڭ بېغىشىغا سېلىۋالغان يارىشىملىق ئالتۇن بىلەزۈكلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا ، ھاياجانغا چۆمۈپ گەپ قىلالماي قالدى .

— ۋۇي ، بۇ راست رومىش ئىكەن ئەمەسمۇ ! — ئوننودا ئەپەندى توۋلىۋەتتى ، — كوچىدا ئۇچرىشىپ قالغىنىڭىزنى قاراڭ ، بۇ ئوبدان بولدى . خەت يازمايدىغان بوپقالدىڭىز ، يازسىڭىزمۇ ئادرېسىڭىزنى مەلۇم قىلغۇڭىز كەلمەيدۇ . ھازىر نەگە مېڭىشىڭىز ؟ ئالدىراش ئىشىڭىز يوقتۇ ؟

— يوق ، ھازىر سوتتىن چىقىشىم ، — دېدى رومىش .

— ئەمىسە ، يۈرۈڭ ، بىزنىڭكىگە بېرىپ چاي ئىچىمىز .

رومىشنىڭ كۆڭلى بۆلەكچە بولدى . ئارتۇق ئىككىلىنىشكە ئورۇن يوق ئىدى . ئۇ ئىزۋوشقا چىقىپ ، ئوڭايسىزلانغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن خىمنولىنىدىن ئۇنى - بۇنى سوراپ ئولتۇردى .

— سىز ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ نېمىشقا بىزگە خەۋەر قىلمىدىڭىز ؟ — خىمنولىنى رومىشنىڭ سوئاللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ سورىدى .

رومىش بىر ھازاغىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ، ئاندىن :

— سىزنىڭ ئۆتكەنلىكىڭىزنى مەنمۇ گېزىتتىن كۆردۈم ، — دەپ قويدى .

— ياخشىغۇ ! ھەر ھالدا بىزنى ئۇنتۇپ قالماپسىز - دە ، خۇش بولساق بولغۇدەك ، — خىمنولىنى قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى .

— ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىسىز ؟ — دەپ سورىدى ئوننودا

ئەپەندى .

— دورجىپاردا .

— ۋۆي ، ھېلىقى كولوتولادىكى ئۆيىڭىزمۇ ئوبدان ئىدىغۇ ؟ — دېدى ئونىودا ئەپەندى .

خىمنولىنى بۇ گەپكە رومىش قانداق جاۋاب بېرەركىن ، دەپ ئۇنىڭغا تىكىلدى . رومىش خىمنولىنىنىڭ جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىر خىل رەنجىش ئالامىتىنى سەزدى .

— شۇنداق ، مەن يەنە شۇ يەرگە بېرىپ تۇرايمىكىن دەيمەن ، — دېدى ئۇ مۇجمەللا جاۋاب بېرىپ ، ئۇنىڭ باشقا جايدا تۇرغانلىقىنى زور جىنايەت ، دەپ ھېسابلىغان خىمنولىنىنىڭ ئۇنى كۆزلىرى بىلەن سوتلاۋاتقانلىقىنى رومىش چۈشىنىپ تۇراتتى . بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەزسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئاقلىغۇدەك سۆز تاپالمايتتى . ھېلىمۇ ياخشى ، سوئال - سوراقلار ۋاقتىنچە توختىدى . خىمنولىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، پەرۋاسىز ھالدا ئىز-ۋوشتىن سىرتقا قاراشقا باشلىدى .

ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىمجىتلىقتىن يۈرىكى سىقىلغان رومىش ئۆزلۈكىدىن چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى :

— مېنىڭ بىر تۇغقىنىم خىدوي تەرەپتە تۇرىدۇ ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقا قۇلايراق بولامدىكىن دەپ دورجىپاردا ئولتۇرغانىدىم .

بۇ سۆز پۈتۈنلەي يالغان بولمىسىمۇ ، لېكىن ئاڭلىغان ئادەمگە كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى ، چۈنكى كولوتولا بىلەن خىدوي ئوتتۇرىسىدىكى شۇنچىلىك ئارىلىق ئۇنىڭ ھېلىقى شىرەم تۇغقىنىنى ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم يوقلاپ قويۇشقا ھېچقانچە توسقۇنلۇق قىلالمايتتى .

خىمنولىنى تېخىچە كۆزىنى سىرتتىن ئالماي ئولتۇراتتى . بىچارە رومىش قىينىلىپ يۈرۈپ ئاران بىر نەچچە ئېغىز گەپ تېپىپ ئۇنىڭدىن سورىدى :

— جوگىندىرودىن خەۋەر بارمۇ ؟

جاۋابنى ئونۇدا ئەپەندى بەردى :
— قانۇن ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي شىمالغا ھاۋا يەپ كېلىش ئۈچۈن كەتتى .
ئۇلار ئىزۋوشتىن چۈشتى . تونۇش ئۆي ، تونۇش جاھازلارنى كۆرۈپ رومىشىنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز سېلىپ كەتتى . ئۇ ئىغىر ئۇھ تارتتى ، ئۇنىڭ ئاھىغا خۇشاللىق ۋە پۇشايمان چىرمىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۇنچىقماي ئولتۇردى .
— ئىشلار كۆپ بولۇپ كېتىپ ئائىلىڭىزدە ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن ، — ئونۇدا ئەپەندى تۇيۇقسىز سوراپ قالدى .
— دادام قازا تېپىپ...
— ۋاي ، شۇنداق بولدىمۇ ؟ ۋاي خۇدايىم ! قانداق تۈگەپ كەتتى ؟
— ئۇ پادىمادىن كېمىدە كېلىۋاتقانىكەن ، يېرىم يولغا كەلگەندە تۇيۇقسىز بوران چىقىپ كېمە ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ ، دادام سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ .
تۇيۇقسىز چىققان بوران قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ ئاسمان يۈزد-نى ئاچقاندەك ، بۇ بەختسىز قىسمەتنىڭ ئېلان قىلىنىشى رومىش بىلەن خىمنولىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى كۆتۈرۈپ تاشلىدى .
«رومىش ئەپەندىگە ئەجەبمۇ قىيىتمەن ، — خىمنولىنى خى-جىلچىلىق ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئويغا چۆمدى ، — دادىسىنىڭ مۇسىبىتى ۋە پەرىشانلىقلاردىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئەلۋەتتە ئارامىدا بولمايدۇ - دە . ئۇ ھازىرمۇ ئازاب ئىچىدىدۇ . بىز تېخى ئۇنىڭدىن ھال - كويىڭىز قانداق ؟ بىز قىلىشىپ بېرىدىغان ئىشلىرىڭىز بارمۇ ؟ دەپ سورىماقتا يوق ، ئۆزىمىزچە ئاغرىنىپ يۈرۈپتۇق» ئۇنىڭدا دادىسىدىن ئايرىلغان بۇ يىگىتكە قارىتا چەكسىز خەيرخاھ-لىق قوزغالدى .
رومىشىنىڭ ئىشتىيىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي ، خىمنول-نى ئۇنى ھەدەپ تاماققا زورلايتتى . ئۇ :

— سالامەتلىكىڭىز تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ . ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ ، — دېدى ۋە ئونىودا ئەپەندىگە بۇرۇلۇپ ، — دادا ، رومىش ئەپەندى كەچكى تاماقنى يەپ كەتسۇن ، جۇمۇ ، — دېدى .

— ھە ، ئەلۋەتتە ! — دېدى بوۋاي .

شۇ ئەسنادا ئوكخوي كەلدى . ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ئونىودا ئەپەندىنىڭ داستىخىنى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغۇدەك بىرەرسى بولمىغانىدى . رومىشنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئەرۋاھى ئۇركۇگەن ئوكخوي ئۆزىنى خۇشال بولغان قىياپەتكە سېلىپ :

— ۋاي ، نېمە بولغىنى ، رومىش ئەپەندى كېلىپ قاپتىغۇ ! مەن تېخى سىزنى بىزلەرنى ئۇنتۇپ قالدى ، دەپ يۈرۈپتىكەنمەن ، — دېدى .

رومىش سەل كۈلۈمسىرەپ قويدى . ئوكخوي كەينىدىنلا :

— ئۆتكەندە دادىڭىزنىڭ سىزنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، سىزنى ئۆيلەپ قويمىغۇچىلىك قويۇپ بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلىغانىدىم . قانداق ، ئۇ دەردىسە ئىشلاردىن قۇتۇلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى .

خىمنولىنى ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇۋىدى ، ئوكخوي ئاغزىنى يۇمۇشقا مەجبۇر بولدى .

— رومىشنىڭ دادىسى تۈگەپ كېتىپتۇ ، ئوكخوي ، — دېدى ئونىودا ئەپەندى .

رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن رومىش چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بېشىنى تۆۋەن سالدى ، خىمنولىنى ئوكخوينىڭ ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى قوزغاپ قويغانلىقىدىن رەنجىپ ، دەررۇ پاراڭنى بۆلۈۋەتتى :

— مەن تېخى سىزگە يېڭى چۈشكەن سۈرەتلىرىمنى كۆرسەتمەپتىمەن - ھە ، رومىش ئەپەندى ، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ، بىر ئالبومنى كۆتۈرۈپ كەلدى - دە ، رومىشنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ سۈرەتلەرنى چۈشەندۈرگىلى تۇردى ۋە شۇ ئارىلىقتا بوش

ئاۋاز بىلەن :
— ئۇ يەردىكى يېڭى ئۆيىڭىزدە يالغۇز تۇرۇۋاتىسىزغۇ دەي-
مەن ، رومىش ئەپەندى ؟ — دەپ سورىۋالدى .
— شۇنداق ، — دېدى رومىش ، — يالغۇز تۇرۇۋاتىمەن .
— ئۇنداق بولسا ، يېنىمىزدىكى بۇرۇنقى جايىڭىزغا تېزراق
كۆچۈپ كېلىۋېلىڭ .
— بولىدۇ ، كېلەر دۈشەنبە قانداقلا بولمىسۇن ، چوقۇم كۆ-
چۈپ كېلىمەن .
— مەن باكالاۋر ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىمتىھانغا تەييارلى-
نىۋاتىمەن ئەمەسمۇ ، شۇڭا بەزىدە سىزدىن پەلسەپە دەرسىدىن
ياردەم سورىشىم مۇمكىن ، — ئۇ ئۇستىلىق بىلەن يۇقىرىدىكى
سۆزىگە ئىزاھات بېرىۋالدى .
رومىش ئۆزىگە پايدىلىق بۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەندە ، ئەلۋەتتە
خۇشال بولىدۇ - دە .

## سەككىزىنچى باب

ئۇزۇن ئۆتمەي ، رومىش بۇرۇنقى ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى ،
ئۇنىڭ بىلەن خېمنولىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىق شامالالر
سۈرۈپ تاشلىغان قارا بۇلۇتلاردەك تارقاپ كەتتى . مۇشۇ ئۆينىڭ
ئوغلىدەك بولۇپ قالغان رومىش ئۆيدىكى چاقچاقلارغا قوشۇلاتتى ،
ھېچقانداق ئولتۇرۇش ئۇنىڭسىز بولمايتتى .
ئۇزۇن مۇددەت باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىشتىن بەكمۇ ئاجىزلاپ
كەتكەن خېمنولىنى يۈز دېسە ئۈچۈپ كېتىدىغاندەك ئورۇقلاپ
كەتكەنىدى ، ئۇ كەم سۆز ئىدى ، دوستلىرى ئۇنى خاپا قىلىپ
قويماسلىق ئۈچۈن ھەتتا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشتىنمۇ ئۆزلىرىنى
تارتاتتى .
ئەمدى بولسا ، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ
تەقى - تۇرقى ، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرۇ-

دىغان ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولغان، زەپىران چىرايىنى ئانار قىزىل-لىقى قاپلىغانىدى. سۆز قىلغاندا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچ-قۇنلىرى چاقنايتتى. ئىلگىرى ئۇ ياسىنىشقا ئارتۇقچە ئېتىبار بېرىپ كېتىش ئورۇنسىزلىقلا ئەمەس، بەلكى گۇناھ، دەپ قارايت-تى، ئەمدى بولسا ئەھۋال باشقىچە، لېكىن ئۇ ئۆز سىرىنى بىرەر-سى بىلەن ئورتاقلىششنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىمگە ئېيتمايتتى.

كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە رومىش ئىلگىرى خىمنو-لىنىدىن قىلىشمىغۇدەك دەرىجىدە جىددىي ۋە قاتمال بولۇپ، بىر خىل ئېغىر مەسئۇلىيەتچانلىق ئۇنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قاماللاپ تۇراتتى. گەرچە ئاسمان سەييارىلىرى ئۆز ئوربىتاسىدا ئەركىن ئايلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاسترونومنىڭ رەسەتخانىسى بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسۋابلىرى ئۆز ئورنىدا قوزغالماي تۇرغىنى-دەك، كىشىلىك تۇرمۇش كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى ئايلاندۇرۇپ كۈندە مىڭ خىل ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، كىتابلار دېڭىزىغا شۇڭ-غۇپ، پەلسەپىۋى پىكىرلەر قايىنىمىدا ئۈزۈپ يۈرگەن رومىش بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمايتتى. ئەمدىلىكتە، زادىلا كۆرۈلۈپ باق-مىغان بىر خىل خۇشخۇي سېزىم ئۇنىڭ غۇۋا كۆڭلىنى يورۇتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ چاقچاقلىرىغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرالمىسىمۇ، ھەر ھالدا، ئۆزىنىڭ سەمىمىي كۈلكىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۇرىدىغان بوپقالدى؛ چاچلىرىغا ماي دىدارىنى يولاتمىسىمۇ، ئىشقىلىپ، كى-يىنىشلىرىگە بۇرۇنقىدەك ئېتىبارسىز قارىمايدىغان بولدى؛ ئوي - پىكىر، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغىچە ئىلگىرىكىدىن كۆپ جانلىق ۋە تېتىكلىشىپ قالدى.

## توققۇزىنچى باب

شائىرلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئاشىق - مەشۇقلارغا مۇناسىپ دەپ قارىلىدىغان مۇھىت كالكۇتتا دېگەن بۇ جايدا ھەيران قالغۇدەك

دەرىجىدە يېتەرسىز ئىدى . لالە ـ رەيھانلار بەرق ئۇرغان چىمەنزارلار ، ئاسمان بىلەن بويى تالىشىپ ئۆسكەن سەرۋى ـ سۇۋادانلار ، چاڭ كەلتۈرۈپ سايرايدىغان قوڭۇر بويۇن كاككۇكلار بۇ يەردە كىشىلەر ئارمان قىلىپ يۈرىدىغان نەرسىلەر ھېسابلانسىمۇ ، لېكىن مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تەڭرىسى بۇنىڭلىق بىلەن تەبئىي جەلپكارلىقتىن خالىي بۇ زامانىۋى شەھەردىن قېچىپ چىقىپ كەتكىنى يوق .

سۆيگۈ تەڭرىسى ، تەڭرىلەر ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكى ، ئەڭ نەۋقىران ھېسابلانغان بۇ مەنىۋى ساھىبە ئىشق ئوقياسىنى بەتلىگەن ھالدا ، ئېغىر ترامۋايلارنىڭ ئاستىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، قىزىل سەللىلىك ساقچىلاردىن قېچىپ ، قىم ـ قىم ئادەملەر ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا كېزىپ يۈرىدۇ . ئۇ ئۇنداق قىلمىسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كىم قوغلايدۇ دەيسىز ! ؟

رومىشىنىڭ كولوتولادىن ئىجارىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ قارشىسىدا بىر موزدۇزخانا ، يېنىدا بولسا ماي ، تۇز ساتىدىغان بىر دۇكان بار . لېكىن ، خىمنولىنى بىلەن ئىككىسىنىڭ تازا ئۇلغىيىۋاتقان ئىشقى ـ مۇھەببىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ جاينىڭ رومانتىك ھېسسىياتلارنى بەخش ئېتىدىغان ھەر قانداق ئارامگاھتىن قېلىشقۇچىلىقى يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان جايى نىلۇپەرلەر بىلەن قاپلانغان كۆل بويى ئەمەس ، بەلكى ئونۇودا ئەپەندىنىڭ چاي دېغى بار كونا داستىخان سېلىنغان ئۇستىلىنىڭ ئالدى بولسىمۇ ، بۇ رومىشىنىڭ كۆڭلىگە باشقىچە تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى . قەدىمكى رىۋايەتلەردە ، دەشتكە چىقىپ كەتكەن ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىنىڭ كېيىكنى مۇلايىم ئەركىلىتىدىغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش ، رومىش خىمنولىنىنىڭ ئەركە مۇشۇكىنى ھېلىقى كېيىكتىنمۇ ئەزىزلەپ سىلايتتى . ئاسلان ئەسنەپ ـ كېرىلىپ پۇتىنى يۇزىگە سۈركىگەن چاغلىرىدا ، ئىشقى ئوتى يېلىنجاپ يېنىۋاتقان بۇ يىگىت ئۇنى بارلىق جان ـ جانىۋارلار ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقى ھېسابلايتتى .

بۇرۇن خىمنولىنى بىر دوستىدىن كەشتە تىكىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى، كېيىنكى چاغلاردا ئىمتىھان بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنى تاشلاپ قويىدى. رومىش كەشتە تىكىشنى قىلچە زۆرۈرىيىتى ھەم ئۆگەنگۈچىلىكى يوق ئىش، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بىلەن خىمنولىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ھەۋەس ئەدەبىيات جەھەتتىلا بولۇپ، كەشتە تىكىش ئۈستىدە سۆز بولۇنغاندا رومىش يىراق تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

— يېقىندىن بۇيان كەشتە تىكىشكە ئەجەبلا بېرىلىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — ئۇ ناخۇش ئاھاڭدا سورايتتى، — بۇ بىكارچى ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى.

خىمنولىنى بۇ سۆزلەرگە پىسەنتسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ كەشتىسىنى تىكىۋېرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ كىنايە قىلىپ:

— دۇنيادىكى خېلى ـ خېلى ئىشلار رومىش ئەپەندىگە ياقمايدۇ. ئۇنىڭغا ئاللىقانداق پەيلاسوپ، شائىر بولسىلا بولىدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن، لازىملىق ئىشلاردىن بىزار بولۇپ يۈرسەك، چوڭ ئىشلارنى قانداقمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالارمىز!؟ —دېدى.

بۇ سۆزدىن غۇزۇرىدە ئاچچىقى كەلگەن رومىش ئۇنىڭ بىلەن تالاشماقچى ئىدى، لېكىن خىمنولىنى توسۇۋالدى:

— رومىش ئەپەندى ئاڭلىغانلا گەپكە جاۋاب قايتۇرىمەن دەپ ئۆزىڭىزنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلىسىز؟ ئۇنىڭسىزمۇ دۇنيادا مەنىسىز پاراڭلار ئازمىدى؟ — ئۇ شۇ سۆزلەرنى ئېيتتى ـ دە، ئىنچىشىپ كەشتىسىنىڭ تىكىشىنى ساناپ، ئاندىن يەنە كۆڭۈل قويۇپ يىڭنە سانجىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئەتىگىنى، رومىش ئۆز كابىنېتىغا كىرگەندە ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان خاتىرىگە كۆزى چۈشتى. بۇ خاتىرە تاۋارغا ئورالغان بولۇپ، تاۋارنىڭ بىر چېتىگە «ر» ھەرپى، يەنە بىر چېتىگە زەر يىپلار بىلەن نىلۇپەر گۈلى كەشتىلەنگەنىدى. بۇ كىمنىڭ سوۋغىتى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىكى بېشارەتنى چۈشىنـ

نىپ ، رومىشنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى . ئۇ ئاياللار-
نىڭ قول ئىشىنى ياراتمايدىغان ئىلگىرىكى روھىي ھالىتىنى بىراقلا
يوقىتىپ ، ئايالالرنىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلغۇچى
سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىش نىيىتىگە كەلدى . ئەگەر خاتىرىنى يۈرە-
كىگە بېسىپ تۇرغان مۇشۇ ھالىتىدە ئوكخوي كېلىپ قالسا ، ئۇ
شۇئان ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھىنى تونۇغان
بولاتتى .

ئۇ خاتىرىدىن بىر ۋاراق قەغەز ئالدى ـ دە ، يېزىشقا
باشلىدى .

*مەن شائىر بولغىنىمدا سىزگە قەسىدەمنى تارتۇق قىل-*
*غان بولار ئىدىم ، لېكىن مەن شائىر ئەمەسمەن ، سىزگە*
*قايتۇرغۇدەك بىرەر سوۋغاممۇ يوق . مەندە ساخاۋەت قىلىش*
*قۇدرىتى بولمىغىنى بىلەن قوبۇل قىلىش قابىلىيىتى تۇرۇپ-*
*تۇ . بۇ كۈتۈلمىگەن سوۋغىنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك قەدىر-*
*لىك ئىكەنلىكىنى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللا بىلەن*
*ئۆزۈملا بىلىمەن . سوۋغات جىسمى بار ، كۆرگىلى بولىدىغان*
*نەرسە ، لېكىن مېنىڭ مىننەتدارچىلىقىمنىڭ جىسمى يوق ،*
*مەن ئۇنى پەقەت خېتىم ئارقىلىقلا يوللىيالايمەن .*
*سىزدىن مەڭگۈ مىننەتدار رومىش .*

خىمنولىنى بۇ خەتنى تېزلا تاپشۇرۇۋالدى . كېيىن ئىككىسىد-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ توغرىلىق زادى گەپ ـ سۆز بولمىدى .

يامغۇر پەسلى باشلاندى . يامغۇر ئاساسەن يېزىلارغا مەنپەئەت-
لىك ، ئۇنىڭ شەھەرلەرگە نىسبەتەن خۇدانىڭ رەھمىتى بولۇپ
تۇيۇلۇشى ناتايىن ، يامغۇر يېغىۋەرسە ، شەھەردىكى كىشىلەرگە
ھۆلچىلىكتىن مۇداپىئەلىنىشكە توغرا كېلىدۇ ، شۇڭا ئۆيلەرنىڭ
دېرىزىلىرى تاقىلىپ ، ئۆگزىلىرىگە بىر نېمىلەر يېپىلىدۇ ؛ يولۇ-
چىلار كۆنلۈكلىرىنى ئېچىشىپ ، شوپۇرلار تراموايلارنىڭ يامغۇر-

لۇقلىرىنى يىپىپ قويۇشىدۇ، شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە يامغۇرغا چىلىنىپ، كىيىم - كېچەكلىرى پاتقاق بولۇپ كېتىدۇ؛ تاغ - دەريا، دەل - دەرەخ، ئېتىز - داللار بولسا تارسىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرلارنى خۇددى قەدىناس دوستلىرىنى كۆرگەندەك خۇشال ئالقىشلايدۇ. يامغۇرلار تەبىئەت قوينىغا تۆكۈل-گەن چاغدىلا، بىز ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغۋارلىقىنى كۆرەلەيمىز، ئەنە شۇ چاغدىلا پۈتكۈل ئەتراپ شادلىققا چۆمۈپ، ئاسمان بىلەن زېمىن تەڭ كۈلىدۇ.

ياش ئاشىق - مەشۇقلار خۇددى تاغلاردەك قەيسەر كېلىدۇ. ئۇزۇنغىچە توختىماي شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئۇنىڭدا ئەپەندى-نىڭ مەيدە ئاغرىقىنى كۈچەيتىپ قويغان بولسىمۇ، خىمنولىنى بىلەن رومىشنىڭ پەيزىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەندى. رو-مىش يامغۇر ياغقاندا سوتقا بارالماي قالاتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يامغۇر تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى. خىمنولىنى بىئارام بولغان ھالدا:

— رومىش ئەپەندى، يامغۇردا ئۆيىڭىزگە قانداقمۇ چىقىپ كېتەرسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ قانچىلىك ئىشتى، — دېدى رومىش تەرسالىق بىلەن، — بىر ئامالىنى چىقىۋالىمەن - دە!

— يامغۇردا ئۆزىڭىزگە سوغ تەگكۈزۈۋالسىز، ياخشىسى، بىز بىلەن غىزالىنىڭ.

رومىش ئۆزىنى ئۇنچىۋالا نازۇك ھېسابلىمايتتى. ئۇرۇق - توغقان، يار - بۇرادەرلىرىمۇ ئۇنى ئۇڭاي زۇكامداپ قالىدۇ دەپ قارىمايتتى. شۇنداقتىمۇ، يامغۇر ياغقان كۈنلەردە، ئۇ ئۆيۈم تۆت ماڭدام يەردىغۇ، دەپ يامغۇرغا قارىماي چىقىپ كەتسە، خىمنولىنى ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزگەندەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، را-يىشلىق بىلەن ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە كىرەتتى. ھاۋا تازىمۇ بۇزۇلغان كۈنلەردە خىمنولىنى رومىشنى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ بەزىدە ناشتىلىقىغا سەي قورۇتۇپ بەرسە، بەزىدە كەچلىكىگە ئې-

سىل تاماقلار ئەتكۈزۈپ بېرەتتى . ئۇ رومىشىنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىشىدىن ئەنسىرىگىنى بىلەن ، ئۇنىڭ ئاشقازىنىنى بۇزۇۋېلىشىدىن غەم قىلىپمۇ قويمايتتى .

بۇ بىر جۈپ ياش مۇھەببەت دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئەركىن بېلىقتەك كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى . رومىش كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا زادىلا ئويلىمايتتى . لېكىن ، ئونۇدا ئەپەندى بۇ ئىشنى ئويلىمىسا بولمايدۇ ـ دە ! ئەمدى رومىشىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بۇ خۇسۇستا چاقچاق ئارىلاش گەپ قىلىشىۋېرىدىغان بولۇپ قالدى . رومىشىنىڭ كىتابىي بىلىملىرى كۆپ بولغىنى بىلەن تۇرمۇش توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، هازىر ئۇنىڭ كۆڭلىنى هاياجانغا سېلىۋاتقان سېزىم ئۇنىڭ تۇرمۇش كۆز قارىشىنى تېخىمۇ تۇمانلاشتۇرۇۋەتتى . ئونۇدا ئەپەندى پات ـ پات ئۇنىڭ چىرايىغا تەلمۈرەتتى ، ئەمما ئۇنىڭدىن هېچبىر سادا چىقمايتتى .

## ئونىنچى باب

ئوكخوينىڭ ئاۋازى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ ، لېكىن ئىسكىرىپكا بىلەن ناخشا ئېيتقاندا ، يوق يەردىن قۇسۇر چىقىرىدىغانلارلا بولمىسا ، باشقا هەر قانداق ئادەم ئۇنىڭغا بارىكاللا ئوقۇماي تۇرالمايتتى . ئونۇدا ئەپەندى مۇزىكىنى ئانچە ياقتۇرمايتتى ، ئەمما مۇزىكىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىغا ئىقرار بولمايتتى . شۇڭا ئۇ ، مۇزىكا هېرىسمەنلىرى خۇمارىدىن چىققاندۇ ، ئەمدى توختىتىش كېرەك ، دەپ ئويلىغان چاغلىرىدا گەپنى باشقىچە قوياتتى . بەزىلەر ئوكخوينى يەنە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى دەيلۇق ، شۇ چاغدا ئونۇدا ئەپەندى :

— سىلەر بەكمۇ ئۆزۈڭلارنى سورىمايدىكەنسىلەر ، بۇ بىچارە بالىنىڭ بىلىدىغىنى شۇنچىلىك ، ئۇنى نېمىشقىمۇ بۇنچىۋالا قىينايدىغانسىلەر ؟ — دەيتتى .

— ھېچقىسى يوق ، ئۇنىڭدا ئەپەندى ، — دەيتتى ئوكخوي پەرۋاسىز ھالدا ، — غەم قىلماڭ ، راستىنى ئېيتقاندا ، كىم ـ كىمنى قىيناۋاتقانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ ، شۇنداقمۇ ؟
بۇ چاغدا ، ئۇنى ناخشا ئېيتىشقا تەكلىپ قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا جاۋابەن :
— سىز ئالدى بىلەن بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ ، ئاندىن بىز بۇ ھەقتە بىر نېمە دەيلى ! — دەيتتى .
بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا قاتتىق بۇرۇلۇپ ، كەچقۇرۇن-غىچە توختىماي يامغۇر ياغدى . ئوكخوي يامغۇردا ئۆيىگە كېتەلمەي قالدى . خىمنولىنى ئۇنى ناخشىغا تەكلىپ قىلدى ـ دە ، ئۆزى فىسگارمونىيە (بىز بىنگالدا كۆرۈپ تۇرىدىغان كىچىك فىسگارمو-نىيە )نى تەڭكەش قىلىشقا باشلىدى .
ئوكخوي ئىسكىرىپكىسىنى سازلاپ ، ھىندى خەلق ناخشىلىرى-دىن بىرنى ئېيتىشقا باشلىدى :

كېچىلەردە يارنى ئويلاپ
ئۇيقۇدىن بىدارىمەن .
سالامىمنى يەتكۈزەمسەن
ئەي سابا ! يارىمغا سەن ؟ !

بۇ يەردىكىلەرگە بۇ ناخشا ئانچە تونۇشلۇق ئەمەس ئىدى ، بىراق ناخشىدىكى سۆزلەرنى چۈشەنمەسلىكنىڭ كارايىتى چاغلىق ، چۈنكى ناخشىدىكى ئازغىنا بېشارەت ھاياجان ئىلكىدىكى كۆڭۈللەر-گە ئاجايىپ زور كۈچ بېغىشلايدۇ . ناخشىنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ناھايىتى روشەن : بۇلۇتلار كۆز يېشىنى تۆكمەكتە ، يىراقتىن تا-ۋۇسنىڭ پەريادى ئاڭلانماقتا ، ئاشىق يىگىت يار ۋەسلىنى سېغىنىپ نىدا قىلماقتا...
ئوكخوي ئېيتقىلى بولمايۋاتقان كۆڭۈل سىرىنى بۇ خەلق ناخشىسى ئارقىلىق ئىزھارلىماقچى ئىدى ، لېكىن بۇ ناخشا سورۇن-

دىكى باشقا ئىككى ئادەمنىڭ قەلب ھېسسىياتلىرىنى ئۇرغۇتىۋەت-تى . ئۇلار ناخشىنىڭ يېقىملىق لىرىكىسىغا چۆمدى ، شۇ تاپتا گويا ئۇلارغا ھەممىنى نەرسە ئالىيجانابلىشىپ ، پاكلىشىپ كېتىۋاتقان-دەك ، پۈتكۈل دۇنيا ئاقۇچ تۇمان ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەندەك بىلى-نەتتى . كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بارلىق يالقۇنلۇق سېزىملەر مۇشۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەم بولغاندەك ، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قەلبىدە شادىيانىلىق بىلەن قايغۇ - ھەسرەت ، ۋىسال شادلىقى بىلەن ھىجران ئازابى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى .

يامغۇر توختىماي ياغماقتا ، ئوكخويمۇ تىنماي ناخشا ئېيتماق-تا . خىمنولىنى : «توختىماڭ ، ئوكخوي ئەپەندى ، يەنە بىرنى ئېيى-تىپ بېرىڭ» دەپلا قويسا ، ئۇ تارتىنىشىپ ئولتۇرمايلا يېڭىسىنى ئېيتىۋېرەتتى . بەزىدە ناخشا چېقىلغان چاقماقلار يېرىپ ئۆتكەن قارا بۇلۇتلارنى ئەسلەتسىمۇ ، لېكىن ئاشىق يۈرەك تېخىچە پىنھاى-لىقىنى ساقلايتتى .

ئوكخوي خېلى كەچتە چىقىپ كەتتى . رومىش خوشلىشىدىغان چاغدا گويا ناخشىنىڭ پەيزىدىن مەست بولۇپ كەتكەندەك ، خۇمار-لىق كۆزلىرى بىلەن خىمنولىنىغا تىكىلدى ، خىمنولىنىمۇ شەيدا كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى ، چۈنكى ناخشا ئۆزىنىڭ مەپتۇن قىلارلىق كارامىتى بىلەن ئۇنىمۇ سىمابتەك ئېرىتىۋەتكەنىدى .

ئازلا ۋاقىت توختىغان يامغۇر رومىش ئۆيگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا يەنە قويۇۋەتتى . ئۇ كېچىچە تۇرۇك ئۇخلىيالمىدى ، خىمنو-لىنىمۇ تالادىكى يامغۇرنىڭ غۇۋا ئاڭلىنىۋاتقان شارىلداشلىرىغا قۇ-لاق سېلىپ ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى .

كېچىلەردە يارنى ئويلاپ
ئۇيقۇدىن بىدارىمەن .
سالامىمنى يەتكۈزەمسەن
ئەي سابا ! يارىمغا سەن ؟ !

دېگەن ناخشا ئۇنىڭ قەلبىدە ھېلىھەم تەكرارلىناتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، رومىش خىيالغا كەتتى: «ئەتتەڭ! ناخشا ئېيتالىغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە، قولغا كەلتۈرگەن ھەر قانداق مۇۋەپپەقىيىتىمنىمۇ شۇنىڭغا تېگىشىشنى خالايتتىم». لېكىن، ئۇ ھەر قانچە ئۆگەنسىمۇ ئۆزىنىڭ بەرىبىر ناخشىچى بولالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھېچبولمىغاندا، بىرەر ساز ئۆگەنسىچۇ!؟ ھېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ: بىر كۈنى ئۇ ئونودا ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە ئىسكىرىپكىنى قولىغا ئېلىپ كامالچىنى تارىغا شۇنداق سۈركىۋىدى، قويۇۋېرىڭ، مۇزىكا تەڭرىسى ئۇنى شۇنچىلىك ئۆگەيلىدىكى، ناۋادا ئۇنىڭغا ئۆمۈرۋايەت ئىسكىرىپكا بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ھۆكۈم قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ شەپقەتسىز جازا بولمىغان بولاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىسكىرىپكا ئۆگىنىش نىيىتىدىن يېنىپ فىسگارمونىيىدىن بىرنى سېتىۋالدى ۋە ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ ئاستا ئۆگىنىشكە باشلىدى. فىسگارمونىيىنىڭ ئىسكىرىپكىدىن ئوڭايراق ئىكەنلىكى ئۇزۇن ئۆتمەي مەلۇم بولدى.

ئەتىسى ئۇ ئونودا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كىرىشى بىلەنلا خىمنولىنى:

— ئۆيىڭىزدە كېچىچە بىرسى فىسگارمونىيە چېلىپ چىقتىدىغۇ، — دەپ قالدى.

رومىش ئىشىك - دېرىزىلەرنى تاقاپ قويسام بۇ سىرىمنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. كۈتمىگەن يەردە، ماۋۇ ئۇزۇن قۇلاقلارنىڭ ئاڭلاپ قالغىنىنى قارىمامدىغان! رومىش ۋىلدە قىزىرىپ، ئۆزىنىڭ فىسگارمونىيە ئۆگەنمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

— سىز ئىشىك - تۈڭلۈكنى دۇملىۋېلىپ يالغۇز بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئۆگىنىۋالىمەن، دەپ بىكار ئۇرۇندىسىز، — دېدى خىمنولىنى، — بىزنىڭكىدە ئۆگەنسىڭىز ياخشى بولمامتى، مەن چېلىشنى بىر ئاز بىلىمەن، سىزگىمۇ ياردىمىم تېگىپ قالار.

— قولۇم بەك گال ، جاپا تارتىپ قالىسىز ، — دېدى رومىش .

— مەيلى ، — دېدى خىمنولىنى ، — بىلگەنلىرىمنى سىزگە بار ئىمكانىيىتىم بىلەن ئۆگىتىپ قوياي .

رومىشنىڭ دېگىنى ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسپاتلاندى ، ئۇ بەكمۇ كەمتەرلىك قىلىپ كەتمىگەنىكەن . خىمنولىنىدەك بىر مۇ- ئەللىم ئۇنىڭ قولىغا قويۇپ تۇرسىمۇ ، ئۇ مۇزىكا بابىدا بىرەر ئېنىق ئۇقۇمنى بىلەلمىدى . سىلەر سۇ ئۇزۇشنى بىلمەيدىغان ئا- دەمنىڭ كۆلگە چۈشۈپ كەتكەندە پۇت - قولىنى ھەريان ئۇرۇپ تېپىرلاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرگەن بولغىيتتىڭلار ، ئۇنىڭ فىس- گارمونىيىدىكى قول ئۇرۇشىمۇ مۇشۇنىڭدىن ئانچە قېلىشمايتتى . بىراق ، بۇ سۇ تىزغىمۇ كەلمەيدىغان سۇ ئىدى . ئۇ قايسى بارماقتا فىسگارمونىيىنىڭ قايسى تىلىنى باسىدىغانلىقىنى ئايرىيالمايتتى . ئۇ پەدىلەرنى خاتا باساتتى ، ئەمما بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى . ئۇنىڭغا توغرا ۋە خاتا ئاھاڭلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر ئىدى . ئۇ مۇزىكىنىڭ بارلىق چېلىش قائىدىلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى بۇزاتتى . خىمنو- لىنى ئۇنىڭغا : «ۋۇي ، نېمىلەرنى چېلىۋاتىسىز ، پۇتۇنلەي خاتاغۇ» دەپ قويسا ، ئۇ ئالمان - تالمان قايتىدىن چالاتتى - دە ، يېڭى خاتالىق ئارقىلىق كونا خاتالىقنى تۈزەتمەكچى بولاتتى . نېمىلا دې- گەنبىلەن ، بىزنىڭ بۇ جىددىي مۇئامىلىلىك هارماس رومىشمىز ئۆز نىيىتىدىن ئوڭايلىقچە يانىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى . ئېغىر چاقلىرى ئاستىدا يانجىلىۋاتقان نەرسىلەر بىلەن كارى يوق ئاستا كېتىۋاتقان يول چىڭداش ماشىنىسىغا ئوخشاش ، رومىشنىڭ ئېغىر قوللىرى بۇ نەس باسقان فىسگارمونىيىنىڭ تىللىرى ئۈستىدە قەت- ئىي ھالدا پەرۋاسىز ھەرىكەتلىنەتتى .

خىمنولىنى ئۇنىڭ قالايمىقان چېلىشلىرىدىن قاقاقلاپ كۈل- گەندە ، ئۇمۇ قوشۇلۇپ كۈلەتتى . ئۇنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشتى- كى بۇ ئاجايىپ سەباتى خىمنولىنىغا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى .

مۇھەببەت خاتالىق ، تالاش ـ تارتىش ۋە ئىشەنچسىزلىك ئىچىدىمۇ كىشىگە لەززەت بېغىشلىيالايدۇ . ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالىسىنىڭ تاپتاڭلاپ مېڭىشلىرىنى كۆرۈپ زوق ـ شوقى بىلەن كۈلگەن ئانىغا ئوخشاش ، خىمنولىنى رومىشنىڭ مۇزىكىدىكى ئىشەنچسىزلىكىغا ھەدەپ كۈلەتتى .

— ماقۇل ، ئۇچىيىڭىز ئۇزۇلگۇدەك كۈلۈۋېلىڭ ، سىز ئۆ ـ گەنگەندە پەقەت خاتا چالمىغان بولغىيتتىڭىز ، — دەپ قوياتتى رومىش .

— مەنمۇ خاتا چېلىپ قويىدىغان ، — دەيتتى خىمـ ـنولىنى ، — لېكىن راستىمنى ئېيتسام ، رومىش ئەپەندى ، مېنىڭ ئۇ چاغدىكى خاتالىرىمنى سىزنىڭكىگە زادى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ .

رومىش يېڭىلگەنلىكىگە ھەرگىز تەن بەرمەي قاقاقلاپ كۈلۈپ قوياتتى ـ دە ، يەنە باشتىن چېلىشقا كىرىشەتتى . باشتا ئېيتقىنىـ ـمىزدەك ، ئونىودا ئەپەندى مۇزىكا چۈشەنمەيتتى ، شۇنداقتىمۇ بەزىدە ئۆزىنى جىددىي قىياپەتكە سېلىپ بىر ئاز قۇلاق سالاتتى ـ دە ، ئاندىن باھا بېرىپ قوياتتى :

— نېمىلا دېمەڭلار ، رومىش خېلى يېتىشىپ قاپتۇ .

— ھە ، ئاھاڭنى قايدۇرۇپ چالىدىغان سازەندە بوپقالدى ، — دەيتتى خىمنولىنى .

— ياق ! ياق ! ئۇ دەسلەپتىكىگە قارىغاندا كۆپ ئىلگىرىلىدى . مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولسا خېلى ئوبدان مۇزىكانت بوپقالىدۇ . بۇ نەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ بىر يولى بار ، ئۇ بولسىمۇ ئۆز ـ مەي مەشىق قىلىش ، پەدە بېسىشنى ئۆگىنىۋالسىلا ، باشقا ئىشلار دېگەن ھېچگەپ ئەمەس .

بۇ سۆزگە پالان دېگىلى بولمايتتى ، بوۋاينىڭ سۆزى قانۇن بولۇپ ، باشقىلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئېھتىرام بىلەن قۇلاق سېلىشقا تېگىشلىك ئىدى .

## ئون بىرىنچى باب

بېنگالىللىقلارنىڭ پۈجا بايرىمى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ مىلاد بايرىمىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، خىزمەتلەر ئون نەچچە كۈنلەپ توختاپ، سىرتتىكى كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ جەم بولۇشىدۇ.

بايرام مەزگىلىدە پويىز بېلىتىنىڭ باھاسى ئومۇمەن چۈشۈرۈلەتتى. ئوننودا ئەپەندى بىلەن خىمنولىنى ھەر يىلى دېگۈدەك كۈزنىڭ مۇشۇ مەزگىلىدە جوببولپۇرغا ھاۋا يەپ كېلىش ئۈچۈن باراتتى. ئۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە ئوننودا ئەپەندىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى بار ئىدى، ئۇلار بارغاندا شۇ يەرگە چۈشەتتى. ئوننودا ئەپەندى ھەر يىلى بىر قېتىم سەپەرگە چىقىپ تۇرسام، مەيدە ئاغرىقىمغا خېلى پايدىسى بولىدىكەن، دەپ ئويلايتتى.

سېنتەبىرنىڭ باشلىرى، پۈجا بايرىمىغا بىر نەچچە كۈن قالغاندا، ئوننودا ئەپەندى ئالدىراش سەپەر تەرەددۇتىنى كۆرۈشكە باشلىدى. خىمنولىنى كەتسە فىسگارمونىيە ئۆگىنىشنى بىر مەزگىل توختىتىپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا رومىش ئازلا قالغان بۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ مەشىق قىلىشقا كىرىشتى. بىر كۈنى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، خىمنولىنى:

— رومىش ئەپەندى، سىزمۇ بىرىپ ھاۋا يەڭگۈشلەپ كەلسىڭىز دەيمەن، كالكۇتتىدىن بىردەم بولسىمۇ ئايرىلىش سىز ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق. دادا، سىزچە قانداق؟ — دېدى.

ئوننودا ئەپەندى بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆردى. رومىشقا ئېغىر مۇسىبەت كەلگەن، سەپەر ئۇنىڭ ھەسرەتلىرىنى يېنىكلىتىشى مۇمكىن ئىدى.

— ئەلۋەتتە، ياخشى بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — بىرىپ بىر نەچچە كۈن مېڭىنى دەم ئالدۇرۇپ كەلگەندىن ياخشى ئىش يوق. ئۆزىڭىز بىلىسىز، رومىش ئەپەندى، مەن مۇنداق بىر ئىشقا دىققەت قىلدىم: مەيلى شىمالغا ياكى قانداقلا بىر جايغا بارماڭ، دەسلەپكى

بىر نەچچە كۈن ئادەمگە بەكمۇ پايدىلىق ئىكەن. يېڭى بارغاندا ئىشتىھايىڭىز ئېچىلىپ، يېگەنلا نەرسىڭىز لەززەتلىك تېتىيدىكەن، لېكىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھەممە نەرسە كونا قېلىپقا چۈشىدىكەن، قانداقتۇر بىر نېمە ئىچىڭىزنى سىققاندەك بولۇپ زېرىكىشكە باشلايدىكەنسىز، يېگەنلا نەرسىڭىز...

— رومىش ئەپەندى، سىز نورمۇد دەرياسىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى خىمنولىنى ئۇنىڭدىن.

— ياق، ئۇياقلارغا بېرىپ باقمىغان.

— ئۇنداق بولسا، سىز چوقۇم بېرىپ كۆرۈپ كەلسىڭىز بولىدىكەن، شۇنداققۇ، ھە، دادا؟

— ماڭا قاراڭ، رومىش، بىز بىلەن بىللە بارسىڭىز نېمە بولغۇدەك؟ ھاۋا يەپ كېلىسىز، يەنە تېخى مەرمەر تاغنىمۇ كۆرۈۋالىسىز، — دېدى ئۇننودا ئەپەندى.

رومىش ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئۇنۇملۇك دەپ ھېسابلانغان بۇ دورىنى ئىشلىتىشتىن باش تارتمايتتى، ئەلۋەتتە.

شۇ كۈنى، ئۇ ئۆزىنى خوددى بۇلۇت ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلىپ ئىشىكنى تاقىدى - دە، ھاياجىنىنى بېسىش ئۈچۈن فىسگارمونىيە چالغىلى تۇردى، لېكىن ئۇنىڭ ھېسسىيات ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان كۆڭلى پەدە - مەدە دېگەنلەرنى تەرك قىلغانىدى. مۇزىكا ساداسى بىلەن قالايمىقان ئاۋازلارنىڭ ئېلىشمىقانچىلىقى ئىچىدە، ئۇنىڭ بارماقلىرى فىسگارمونىيىنىڭ تىللىرى ئۈستىدە ئەسەبىيلەرچە ئوينايتتى. دەسلەپتە ئۇ خىمنولىنىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بەكمۇ ھەسرەت چەككەنىدى، ئەمدىلىكتە ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللىقى قايناپ، مىڭ جاپادا ئۆگەنگەن ئازغىنا مۇزىكا بىلىمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

تۇيۇقسىز ئىشىك قېقىلىپ مۇزىكا توختاپ قالدى. تالادىن بىرسىنىڭ:

— خۇدا ھەققى، توختىتىڭ، رومىش ئەپەندى، نېمىلەرنى

قىلىۋاتىسىز؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان رومىش خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئىشىكنى ئاچتى. ئوكخوي ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ سۆزلەپ كەتتى:
— رومىش ئەپەندى، سىز ئۆز مەيلىڭىزچە مۇشۇنداق ئوغرىلىقچە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ يۈرىسىز، باشقىلارنىڭ سىزنى ئۆز سوتىڭىزغا سۆرەشتۈرۈپ ئاپىرىشىدىن قورقامسىز؟
— گۇناھىمنى تونۇيمەن، — دېدى رومىش كۈلۈپ تۇرۇپ.
— كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز ئېيتىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، رومىش ئەپەندى.
رومىش ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولىدىغىنىنى بىلمىگەچكە، ئۇنچىقماي ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى.
— سىز بىلىدىغانسىز، مەن خىمنولىنىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايمەن، — دېدى ئوكخوي.
رومىش ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەي داۋامىنى كۈتتى.
— مەن ئۇنىڭدا ئەپەندىنىڭ دوستى بولغانلىقىم ئۈچۈن سىزدىن سوراپ بېقىشقا ھوقۇقلۇقمەن، سىز خىمنولىنى ھەققىدە زادى قانداق ئويلاۋاتىسىز؟
رومىش بىرەرسىگە قاتتىق تېگىشنى خالىمايتتى، خالىسىمۇ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇڭا، ئوكخوينىڭ ئېيتقان سۆزلىرى رومىشنىڭ زىتىغا تەگكەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇپ:
— مېنى ئۇنىڭغا قارىتا يامان ئويدا، دېگەن خىيالنى كەلتۈرگۈدەك بىرەر ئىش قىلىپ قويغان ئوخشىمامدىمەن؟ — دېدى.
— ماڭا قارىغاندا، سىز ھىندىزىم ئەقىدىسىگە مۇناسىپ ئائىلىدىنسىز، دادىڭىز ھايات چېغىدا شۇ دىنىنىڭ مۇخلىسى ئىدى، سىزنى بىرەر براھمان بىلەن توي قىلىپ قالمىسۇن، دەپ يېزىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ ئۆيلەپ قويماقچى بولغان. بۇلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم بار، — دېدى ئوكخوي. دېمىسىمۇ، ئۇ بىلەتتى، مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئۇنىڭدا ئەپەندىگە ئانچە ـ مۇنچە پۇرىتىپ قويغانمۇ مۇشۇ ئىدى.

رومىش ئۇنىڭغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىيالمىدى .
— ئەجەبا ، سىز ئەمدى ، دادام ئۆلدى ، نېمە قىلسام قىلىمەن دەپ ئويلامسىز ؟ ئۇنىڭ ئارزۇسى بىلەنمۇ...
— ماڭىمۇ سۆز بېرىڭ ، ئوكخوي ئەپەندى ، — رومىش ئار- تۇقچە تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ، — باشقا ئىشلاردا نەسىھەت قىلغۇدەك سۆزلىرىڭىز بولسا ، سىز ئېيتىڭ ، مەن ئاڭ- لاي ، لېكىن دادام ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سىز بىلەن ئالاقىسىز .
— بولىدۇ ، — دېدى ئوكخوي ، — بىز بۇنى قويۇپ تۇرايلى ، لېكىن مەن شۇنى ئېنىقلىۋېلىشىم كېرەككى ، سىز خىمنولىنىغا ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەلدىڭىزمۇ ، قانداق ؟ سىزنىڭ هازىرقى شارا- ئىتىڭىز بۇنىڭغا يار بېرەمدۇ ؟
ئوكخوينىڭ كىشىنى تەتۈر قىينايدىغان بۇ مۇئامىلىسى مۇلا- يىم مىجەزلىك رومىشنىڭ سەۋر قاچىسىنى تاشتۇرۇۋەتتى .
— ماڭا قاراڭ ، ئوكخوي ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ، — سىز بەلكىم ئونىودا ئەپەندىنىڭ دوستىدۇرسىز ، لېكىن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ، سىز ماڭا بۇنچىلا سۆزلەپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يېقىن ئەمەس ، ياخشىسى مۇشۇ گەپلەرنى قىلمىسىڭىز .
— مەن سىز بىلەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا سۆزلەشمىگەن بولسام ، بۇ مەسىلىمۇ مەۋجۇت بولمايتتى . سىزمۇ ئاقىۋىتى بىلەن هېسابلىشىپ ئولتۇرماي ، ئۆز ئارزۇيىڭىز بويىچە تۇرمۇشتىن خا- لىغانچە بەهرىمەن بولاتتىڭىز . بۇنىڭغا ئەلۋەتتە سۆز كەتمەيتتى . لېكىن ، جەمئىيەت سىزگە ئوخشاش كېيىنلىكىنى ئويلىماي كۆزگە چېلىقىپ قالغان كېپىكنى قوغلاپ چىقىپ كېتىدىغانلارنىڭ شىكار- گاهى ئەمەس . بەلكىم سىزنىڭ كارامەت مۇددىئالىرىڭىز باردۇ ، ئۆزىڭىز توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەرگە قۇلاق سالغۇڭىز كەل- مەيدىغاندۇ ،لېكىن بىلىپ قويۇڭكى ، سىز خىمنولىنىدەك مەرتە- ۋىلىك قىزنى خالىغانچە كولدۇرلىتىپ يۈرىدىكەنسىز ، بۇنىڭ چو- قۇم سورىقى بولىدۇ . بەزىلەر سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىشنى

خالايدۇ ، ناۋادا غەربنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈش بولسا ، ئۇ ھالدا ، سىزنىڭ قىلىۋاتقىنىڭىز ئۆزىڭىزگە ناھايىتى توغرا.

— نەسىھىتىڭىزگە كۆپ رەھمەت، مەن پات ئارىدا ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى قارار قىلىمەن ۋە مەڭگۈ شۇ قارارىم بويىچە ئىش قىلىمەن ، بۇنىڭدىن سىز غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككىمىز يەنە سۆزلىشىپ ئولتۇرمايلى .

— مەن سىزدىن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن تولىمۇ خۇرسەنمەن ، رومىش ئەپەندى . سىزنىڭ قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ ، شۇ بويىچە ئىش قىلماقچى بولغىنىڭىز مەن ئۈچۈن زور تەسەللى . سىز بالدۇرراق بىر نىيەتكە كېلىشىڭىز كېرەك ئىدى . مەيلى قانداقلا بولسۇن ، ئەمدى سىز بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەشمەيمەن . مۇزىكا ئۆگىنىشىڭىزگە كاشىلا قىلغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرەرسىز ، مۇزىكىڭىزنى چېلىۋېرىڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە ھەرگىز كاشىلا بولمايمەن ، — ئوكخوي سۆزىنى تۈگىتىپلا ئالدىراش چىقىپ كەتتى .

رومىشنىڭ مۇزىكىدىن پەيزى قاچتى .

ئۇ بېشىنى ئىككى قولىغا قويۇپ كارىۋاتتا ياتتى . ۋاقىت ـ سائەتلەر قوغلىشىپ ئۆتمەكتە . سائەت بەشكە جاڭ ئۇرۇۋىدى ، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ زادى نېمە قارارغا كەلگەنلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ ھازىرقى جىددىي ئىشى ، دەرھال قوشنا ئۆيگە چىقىپ بىر ـ ئىككى پىيالە چاي ئىچىش ، بۇنىڭغا قىل سىغمايتتى .

— تاۋىڭىز يوقمۇ ، رومىش ئەپەندى ، — خىمنولىنى رومىشنى كۆرۈپلا سورىدى .

— تاۋىم جايىدا ، — دېدى رومىش .

— ئۆتنىڭىز سۇيۇلۇپ تاماق ھەزىم قىلىشىڭىز ناچارلاپ قالغان ئوخشايدۇ ، — دېدى ئۇنۇدا ئەپەندى سۆز قىستۇرۇپ ، — مېنىڭ دورامدىن بىرەر تال يەپ كۆرۈپ بېقىڭ...

خىنولىنى كۆلۈپ تۇرۇپ سۆزنى ئاڭلاپ كەتتى :
— قويۇڭا دادا ! سىز دوستلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىگىلا مۇشۇ دورىنى بېرىۋېرىدىكەنسىز ، مەن مۇشۇ كەمگىچە بۇ دورىڭىزنىڭ بىرەر ئادەمگە پايدا قىلىپ باققىنىنى كۆرمىدىم .
— ئىشقىلىپ ، زىيىنىغۇ يوقتۇ ! ئۆز تەجرىبەمدىن قارىغاندا ، مەن يېگەن دورىلارنىڭ ئەڭ شىپالىقى مۇشۇ ، — دېدى ئوننودا ئەپەندى .
— سىزغۇ بىر يېڭى دورا يېسىڭىز ، دەسلەپ بىر نەچچە كۈنگىچە جاھاندىكى شىپايى كارامەت قىلىۋالىسىز .
— سىلەرغۇ مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەيسىلەر ، قېنى ئوكخويىدىن سوراپ بېقىڭلارچۇ ، مېنىڭ دورام ئۇنىڭغا شىپا بولدىمۇ - يوق ؟
ئوكخويىنىڭ گۇۋاھچىلىققا چاقىرىلىپ قېلىنىشىدىن ئەنسىرىگەن خىنولىنى سۆزنى توختاتتى . لېكىن ، دەل شۇ چاغدا گۇۋاھچى ئۆز ئايىغى بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە ئوننودا ئەپەندىنى كۆرۈپلا :
— ھېلىقى دورىڭىزدىن يەنە بىر تال بەرسىڭىز ، ئۇ ماڭا بەك پايدا قىلدى ، بۈگۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى ئوبدان ھېس قىلىۋاتىمەن ، — دېدى .
ئوننودا ئەپەندى قىزىغا غالىبانە نەزەر تاشلىدى .

## ئون ئىككىنچى باب

ئوننودا ئەپەندىنىڭ مېھماندوستلۇقى ئوكخويىنىڭ دورىنى ئىچىپ بولۇپلا كېتىشىگە يول قويمىدى . ئوكخويىنىڭمۇ ئالدىراپ كەتكۈسى يوق ئىدى . ئۇ مەنىسىتمىگەن ھالدا رومىشقا پات - پات كۆز قىرىنى تاشلاپ قوياتتى . رومىش تولىمۇ سەزگۈرلەردىن بولمىسىمۇ ، ئوكخويىدىكى بۇ مەنىستىمەسلىكنى سېزىپ قالدى ۋە ناھايىتى بىئارام بولدى .

خىمنولىنى جوببولپورغا بېرىشقا ئۇزۇندىن بۇيان ئىنتىزار ئىدى، ماڭىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالاي دېدى. ئۇ بۇ قېتىم رومىش كەلگەندە دەم ئېلىشنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە بىرەر پىلان تۈزۈۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇلار بوش ۋاقىتلىرىدا ئوقۇش ئۈچۈن بىر قىسىم كىتابلارنى تاللاپ قويۇش مەسلىھىتىنىمۇ قىلىشقان، شۇڭا بۈگۈن رومىشنىڭ بالدۇرراق كېلىشىنى كېلىشكەنىدى. ئەگەر ئۇ بالدۇر كەلمىگىنىدە، چاي ۋاقتىدا ئوكخوي ياكى باشقا كۈتۈلمىگەن مېھمانلار كېلىپ قېلىپ ئۇلارغا كاشىلا بولۇشى، ئۇلارنى ئارامخۇدا مۇڭداشقىلى قويماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

كۈتۈلمىگەندە، رومىش بۈگۈن ئادەتتىكىدىنمۇ كەچرەك كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ ئويچان كۆرۈنەتتى. خىمنولىنىنىڭ پەيزى ئۇچتى، ئۇ قولاي پۇرسەتنى تېپىپ پەس ئاۋازدا سورىدى:

— بەكلا كېچىكتىڭىزغۇ؟

رومىشنىڭ كۆڭلى بىر يەردە ئەمەستەك تۇراتتى، ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ:

— شۇنداق، كەچ قالدىم، — دەپلا قويدى.

ھالبۇكى، خىمنولىنى ئاللىبۇرۇن تەييارلىقنى تەق قىلىپ، چۈش قىيىلىش بىلەنلا چاچلىرىنى تاراپ كىيىم-كېچەكلىرىنى يۆتكىگەن ۋە پات-پات سائەتكە قاراپ ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرگەن، رومىشنىڭ سائىتى ئارقىدا قالغان بولسا كېرەك، ئۇ چوقۇم ھازىرلا كېلىدۇ، دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ئولتۇرغانىدى. ئەمدى قارىغۇدەك بولسا ئەھۋال باشقىچە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆڭۈل تەشۋىشىنى باسماقچى بولۇپ قولىغا يىڭنە ئىشىنى ئېلىپ دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئەلەم قىلىغىنى، رومىش كىرگەندە ئۇنىڭ چىرايىدىن پەرۋاسىزلىق چىقىپ تۇراتتى، گويا بالدۇر كېلىش ھەققىدە سۆز بەرگەنلىكىنى تامامەن ئەستىن چىقارغاندەك ھەتتا بىرەر چۈشەنچە بېرىپ قويۇشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

بۇگۇنكى چاي خىمنولىنى ئۇچۇن چىدىغۇسىز ئازاب بولدى. ئاخىر چاي داستىخىنى يىغىشتۇرۇلدى، خىمنولىنى رومىشنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۇچۇن تام تەرەپتىكى ئۇستەل ئۇستىگە قويۇلغان كىتابلارنى ئىلىپ مىڭىۋىدى، رومىش گاراڭلىقتىن ئويغاندى ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بىرىپ:

— نەگە ئاپىرىسىز، بىز يولغا بىر قىسمىنى تاللىۋالماقچى ئەمەسمىدۇق؟ — دىدى.

خىمنولىنىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئاران توختىتىۋىلىپ، تىترەك ئاۋازدا:

— كىرىكى يوق، ئەمدى بۇ كەمدە تاللىغىلى بولمايدۇ، — دىدى ـ دە، ئالدىراپ بالىخانا ئۆيگە چىقىپ كىتابلارنى پولغىلا تاشلىۋەتتى.

بۇ ئىش رومىشنىڭ ھەسرىتىگە تۆپىلەپ ھەسرەت قوشتى.

— رومىش ئەپەندى، بۇگۇن كەيپىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەستەك كۆرۈنىدىغۇ؟ — دىدى ئوكخوي. ئۇنىڭ چىچىكى چاي بولۇپ كەتكەنىدى.

رومىش غودۇڭشىپ قويدى، نىمە دىگەنلىكىنى ھىچكىم ئۇقالمىدى. لىكىن، رومىشنىڭ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى توغرىسىدا ئىيتقان سۆزىنى ئونودا ئەپەندى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىۋالغانىدى.

— مەن بايام ئۇنى كۆرۈپلا شۇنداق دىگەن ئەمەسمىدىم، — دىدى ئۇ.

— رومىش ئەپەندىگە ئوخشاش ئادەملەر، — دىدى ئوكخوي زاڭلىق قىلغان تەلەپپۇزدا، — سالامەتلىكىنى ئاسراشنى چاكىنا ئىش دەپ قارايدۇ. ئۇلار كۇن بويى مەنىۋى دۇنيادا ياشايدۇ، شۇڭا مەيدە ئاغرىقى بولۇپ قالسىمۇ، دوختۇرغا بارسام سالاھىيىتىمگە لايىق ئىش بولماسمىكىن، دەپ ئويلىشىدۇ.

ئونودا ئەپەندى ساغلام ئاشقازانىنىڭ دانا ئادەم ئۇچۇنمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا مۇھىملىقى توغرىسىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ چۇشەندۇ-

رۇشكە باشلىدى. رومىشقا بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىز-غىرمۇ گەپ قىلالماي ئازابلىنىپ ئولتۇرماقتىن ئۆزگە ئامال قال-مىغانىدى.

— سىزگە مەسلىھەت، رومىش ئەپەندى، — دېدى ئوك-خوي، — ئونىودا ئەپەندىنىڭ دورىسىدىن بىرەر تال يەپ، بالدۇر-راق ئۇخلىۋېلىڭ.

— ئونىودا ئەپەندىگە ئېيتىدىغان ئازراق گېپىم بار ئىدى، — دېدى رومىش، — خالىيراق چاغنى كۈتۈپ ئولتۇ-رۇپتىمەن.

ئوكخوي ئورۇندۇقتىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— تووا! ئىچىمدىكىنى تاپ دېگۈچە، بالدۇرراق ئېيتسىڭىز بولمامدۇ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆي ئىگىسى بىلەن خوشلى-شىپ چىقىپ كەتتى.

رومىش يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي سۆز باشلىدى:

— ئونىودا ئەپەندى، سىزنىڭ مېنى ئۆز كۆرۈپ ئۆيىڭىزنىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىپ بەرگەنلىكىڭىزدىن مەن ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك ھېس قىلىمەن، يۈرىكىمدىكى مىننەتدارلىقىمنى ئىپادى-لەشكە ئاجىزمەن.

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، — دېدى ئونىودا ئەپەندى، — سىز بىزنىڭ جوگىندىرونىڭ دوستى، شۇنداق ئىكەن، سىزنى ئۇنىڭ قېرىندىشى قاتارىدا كۆرۈشىمىز تۇرغان گەپتە.

رومىش خۇددى مەيدانغا چۈشۈپ قېلىپ ئۇسسۇلنى قانداق ئويناشنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ قالغان ئادەمدەك تۇرۇپلا قالدى.

ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئونىودا ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمەلىيەتتە بارغۇ، رومىش، سىزدەك يىگىتنىڭ ئۆيىمىز-گە ئۆز ئوغلىمىزدەك كىرىپ - چىقىپ يۈرگىنى ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلساق بولىدۇ.

بۇ گەپمۇ رومىشنى سۆزگە تارتالمىدى.

— ئۆزىڭىزگە مەلۇم، — ئۇنىڭدا ئەپەندى يەنە ئۆزى سۆزلەپ كەتتى، — خەقلەر سىز بىلەن خىمىنولىنىنىڭ ئىشى توغرىسىدا سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرىدۇ. ئۇلار، قىز بالا بويىغا يەتكەندە ئۆزىنىڭ باردى - كەلدىسىگە دىققەت قىلىشى لازىم دېيىشىدۇ، مەن ئۇلارغا، رومىشقا مۇتلەق ئىشىنىمەن، ئۇنىڭدەك ئادەم ھەرگىز بىزنى يەرگە قاراتمايدۇ، دەپ قويدۇم.

— ئۇنىڭدا ئەپەندى، سىز مېنى ياخشى بىلىسىز، ناۋادا سىز مېنى خىمىنولىنىغا لايىق كۆرسىڭىز...

— بولدى، ئەمدى سۆزلىمەڭ، راستىمنى ئېيتسام، مېنىڭ خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق ئويۇم بار ئىدى. سىز دادىڭىزنىڭ قارىسىنى تۇتۇۋاتالىدىڭىز ئۇچۇن بۇ ھەقتە سۆز ئېچىشقا مۇمكىن بولمىدى. ئەمدى ئوغلۇم، يەنە كەينىگە سۈرۈشكە ئاساسىمىز يوق. قۇرۇق پاراڭمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. بالدۇرراق ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغىنىمىز ياخشى، قانداق دېدىم؟

— مېنىڭ ئويۇممۇ سىزنىڭكىگە تامامەن ئوخشاش. لېكىن، ئالدى بىلەن قىزىڭىزنىڭ پىكرىنى ئۇقۇپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئوغۇ شۇنداق، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ماڭا ئايان - دە. ئىشقىلىپ، بىز ئەتىگەنلىكتە يەنە بىر سۆزلىشەيلى، شۇ چاغدا ئاخىرقى قارارغا كەلگىلى بولىدۇ.

— مەن بەكمۇ ئۆزۈن ئولتۇرۇپ كەتتىمغۇ دەيمەن، ئۇيقۇڭىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويدۇم، ئەمدى چىقاي.

— سەل تەخىر قىلىڭ، سىزچە تويىنى جويبولپورغا مېڭىشتىن ئاۋۋال قىلىۋەتسەك قانداق؟

— ۋاقىت زىق كېلىپ قالارمىكىن!؟

— شۇنداق، بارى - يوقى ئون كۈنلا قالدى. تويىنى يەكشەنبىدە قىلساڭلار، سەپەر تەييارلىقىغا يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن قالىدۇ. سىزمۇ بىلىسىز، رومىش، مەن سىزنى قەستەن ئالدىرىتىۋاتقىنىم يوق. لېكىن، ئۆز سالامەتلىكىمنىمۇ ئويلىمىسام بولمايدۇ - دە.

رومىش تامامەن قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭدا ئەپەندى بەرگەن دورىنى

ئىچىۋېتىپ ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى .

## ئون ئۈچىنچى باب

كومولانىڭ مەكتىپى بايرامدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئوقۇ-غۇچىلارنى تەتىلگە قويۇپ بېرەتتى ، تەتىلدە كومولانىڭ مەكتەپتە قالىدىغانلىقى ھەققىدە رومىش مۇدىر خانىم بىلەن كېلىشىپ قويدى .

ئونونودا ئەپەندى بىلەن سۆزلەشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ، ئۇ ئور-نىدىن سەھەر تۇرۇپ ، كالكۇتتىدىكى ئەڭ چوڭ ، ئازادە ھېسابلىنىد-دىغان جاي — مايدون مەيدانى ئەتراپىدىكى ئادەم شالاڭ كوچىلاردا ئايلىنىشقا باشلىدى . «تويدىن ئىلگىرى كومولا توغرىسىدىكى ئىش-لارنى خىمنولىنىغا ئوچۇق ئېيتىشىم ، كومولاغىمۇ ھەقىقىي ئەھ-ۋالنى چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك ، — دەيتتى رومىش ئۆز - ئۆزىگە ، — مۇشۇنداق قىلغاندا ، بارلىق ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلان-غىلى بولىدۇ ، كومولا چوقۇم خىمنولىنى بىلەن چىقىشىپ كېتىدۇ ، ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بىلەن بىرگە ياشاشقا رازى بولىدۇ . لېكىن ، ئۇرۇق - تۇغقان ، تونۇش - بىلىشلەر بىلەن بىر يەردە تۇرىۋەرسە ، بەزىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولماس . بولدى ، ئۇ چاغدا خاجارىباگقا كۆچۈپ كېتىپ شۇ يەردە ئادۋوكاتلىق قىلىمەن» .

رومىش كوچا سەيلىسىدىن قايتىپ ئونونودا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە پەلەمپەينىڭ يېنىدا خىمنولىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قال-دى . ئادەتتە مۇنداق ئۇچرىشىشلار ئۇلارنىڭ ئوبدان مۇڭدىشىۋال-دىغان پۇرسەتلىرى ئىدى . بۇ قېتىم ، قىزنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرد-دىغان چىرايىغا تاڭ شەپىقىدەك ۋىللىدە قىزىللىق يۈگۈردى - دە ، كۆزنى يەردىن ئالماي ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى .

رومىش ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ فىسگارمونىيىنى خىمنولىنى ئۆگىتىپ قويغان بىر كۈيگە بولۇشىچە چالغىلى تۇردى . لېكىن ،

كۆن بويى بىرلا كۆيگە چېلىۋېرىشكە بولمايدۇ ـ دە، بىر ئازدىن كېيىن ئۇ شېئىرلار توپلىمىدىن بىرنى ئېلىپ ۋاراقلىدى، لېكىن ھەر قانداق شېئىردا ئىپادىلەنگەن يالقۇنلۇق ھېسسىياتنى ئۇنىڭ ئىشقى ـ پىراقىغا سىڭدۈرۈپ بولمايتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن خىمنولىنىمۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويـ غاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ چۈشكە يېقىن ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ھۇجرىسىغا بېكىنىۋالدى ـ دە، كەشتىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ خاتىرجەم چىرايىدىن بەخت نۇرلىرى پارلايتتى، تۇرمۇشتا بىر ماكانلىق بولۇش خۇشاللىقى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى.

چاي ۋاقتى بولار ـ بولمايلا، رومىش فىسگارمونىيىسى بىلەن كىتابىنى تاشلاپ قويۇپ ئۇنىودا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە چىقتى. ئادەتتە خىمنولىنى بۇ يەردە ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى، لېكىن بۈگۈن نە بۇ ئۆيدە، نە ئىچكىرىدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى. خىمنولىنى ئۆيىدىن چىقمىدى. ئۇنىودا ئەپەندى ئۆز سائىتىدە چىقىپ ئۇستەلگە كەلـ دى. رومىش پات ـ پات ئىشىككە قارايتتى.

تالادىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئۇ ئوكخوي ئىدى. ئۇ رومىش بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

— رومىش ئەپەندى، مەن ھېلى سىزنى ئىزدەپ ئۆيىڭىزگە كىرىۋىدىم، — رومىش بۇ سۆزدىن سەل خۇدۇكلەندى. ئوكخوي قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ، — قورقماڭ، رومىش ئەپەندى، مەن سىزنى ياخشى كۆڭۈل بىلەن ئىزدەپ كىرگەن. دوستلىرىڭىز خۇش خەۋەـ رىڭىزنى ئاڭلىسا، ئەلۋەتتە، مۇبارەكلەپ كېلىدىغۇ، مەنمۇ شۇ مەقسەتتە كىرگەن، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنىودا ئەپەندى خىمنولىنىنىڭ تېخىچە چىقمىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى ـ دە، ئۇنى چاقىردى، بىر نەچچە رەت چاقىرىۋىدى، جاۋاب بولمىدى، ئاخىر بولماي ئۆزى يۇقىرىغا چىقتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، خىمنولىنى؟ تېخىچە كەشتە تىكىپ ئولتۇرامسەن؟ چايمۇ تەييار بولدى، رومىش، ئوكخويلارنىڭ كەلـ

كىنىگىمۇ نەۋاخ .
— چېيىمىنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ چىقىپ بەرسىڭىز ، دادا ، — دېدى خىمنولىنى قىزىرىپ تۇرۇپ ، — مەن ماۋۇ ئىشنى تۇگىتىۋەتمىسەم بولمايدۇ .
— كونا مىجەزىڭ قوزغىلىپتۇ - دە ، خىمنو . بىر ئىشقا كىرىشسەڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىسەن ، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىساڭ ئەتىگەندىن - كەچكىچە كىتابتىن باش كۆتۈرمەيسەن ، ئەمدى پۇتۇن ئەس - يادىڭ بىلەن كەشتىگە بېرىلىپ ، ھەممە ئىشتىن قول ئۈزمەكچىمۇ؟ بولمايدۇ ، مەن ساڭا يول قويمايمەن . يۈر ، مەن بىلەن بىرگە چۈشۈپ چايغا ئولتۇرمىساڭ بولمايدۇ ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا خىمنولىنىنى سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ چۈشتى . خىمنولىنى ئۆيگە كىرىش بىلەن ھېچنېمىگە قارىماي پەتنۇسنىڭ ئالدىغا بېرىۋېلىپ ، خۇددى چاي قۇيۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ مېھمانلار بىلەن سالاملىشىشقا چولىسى تەگمەيۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى .
— بۇ نېمە قىلىغىنىڭ خىمنولىنى ، — دېدى ئۇنىڭدا ئەپەندى ، — نېمىشقا چىنەمگە قەنت سالدىڭ ، مېنىڭ قەنت چاي ئىچمەيدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ؟
ئوكخوي پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ :
— بۈگۈن ئۇنىڭ سېخىيلىقى تۇتۇپ كەتكەن گەپ ، ئۆزىنىڭ تاتلىقنى ھەممە ئادەمگە تېتىتىپ باققۇسى كەلگەندۇ ، — دېدى .
بۇ چاقچاققا رومىش چىدىيالمىدى . «خىمنولىنى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنلا ئوكخوينى دوستلارنىڭ تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىش كېرەك» دېگەن خىيال دەررۇلا ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەچتى .
ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە مۇشۇلار ئۇستەل ئەتراپىدا چۆرىدىشىپ ئولتۇراتتى . ئوكخوي تۇيۇقسىز :
— رومىش ئەپەندى ، سىز ئىسمىڭىزنى يۆتكىۋەتسىڭىز بولغۇدەك ، — دېدى .
ئوكخوينىڭ ئۆزىچە چاقچاق دەپ ئېيتقان بۇ سۆزى رومىشنىڭ زىتىغا تەگدى .

— نېمىشقا يۈتكۈۋېتىدىكەنمەن؟

— بۇنىڭغا قاراڭ ، — دېدى ئوكخوي بىر پارچە گېزىتنى ئېچىپ ، — رومىش دەيدىغان بىر ئوقۇغۇچى باشقا بىر ئوقۇغۇچىنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئىمتىھان بەرگۈزۈپتىكەن ، نەتىجىسىگە ئوبدان بوپتۇ ، لېكىن ئاخىر پاش بولۇپ قاپتۇ .

خىمنولىنى رومىشنىڭ گەپكە چاققان ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە ، ئوكخوي ھەر قېتىم زەھەر گەپ قىلغاندا ، ئۆزلۈكىدىن رومىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرىپ قوياتتى . خىمنولىنىغا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان پۇرسەت كەلدى . ئۇ غەزىپىنى زورغا بېسىپ تۇرۇپ زاڭلىق ئارىلاش سۆزلىدى :

— ئۇنداق بولسا ، شۇ تاپتا تۇرمىلەردىمۇ بىر مۇنچە ئوكخويلار ياتىدىغاندۇ ! ؟

— ھە دەپ ئاڭلاپ باقماسىلەر ، — دەپ ۋارقىرىدى ئوكخوي ، — ياخشى كۆڭلۈم بىلەن مەسلىھەت بەرسەم ، سىلەر تېخى ئاغرىنىسىلەر ، ئەمىسە ، بۇ گەپنى سىلەرگە تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بېرەي : كىچىك سىڭلىم شورۇتىنىڭ قىزلار گىمنازىيىسىدە ئوقۇيدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭلار بارغۇ؟ ئۇ ئاخشام كېلىپ : «سىز بىلەمسىز ، سىلەرنىڭ ھېلىقى رومىشىڭلارنىڭ خانىمى بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ» دېۋىدى ، مەن : «ۋوي ئەخمەق ، جاھاندا رومىش ئاتلىق بىرلىمىدى» دېسەم ، ئۇ : «نېمىلا دېمەڭ ، ئۇ ئايالىنىڭ ئىززىتىنى قىلمايدىكەن ، ھەممە قىزلار دېگۈدەك بايرام ئوينىغىلى ئۆيلىرىگە قايتىشتى ، لېكىن ئۇ ئايالنى يەنىلا مەكتەپتە قالدۇرماقچى . بىچارە ، تولا يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلغىلى تاس قېلىشۋاتىدۇ» دېدى . مەن ئۆزۈمچە ، بۇ بولماپتۇ ، باشقىلارمۇ شورۇتقا ئوخشاش كەلسە ـ كەلمەس ئويلاپ يۈرۈشى مۇمكىنغۇ ، دېگەن ئويغا كېلىپ ، بۇ مەسلىھەتنى بېرىشىم .

ئونودا ئەپەندى قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى :

— ئېلىشىپ قاپسىز ، ئوكخوي ! باشقا بىر رومىش ئۆز خوتۇنىنى مەكتەپكە تاشلاپ قويۇپ يىغلاتسا ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ

رومىش ئىسمىنى ئۆزگەرتەمدۇ؟
شۇ ئەسنادا، رومىشنىڭ چىرايى كۆكىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا ماڭدى.
— نېمە بولدى، رومىش ئەپەندى، نەگە بارىسىز؟ خاپا قىلىپ قويدۇمۇ نېمە؟ سىزنى دەۋاتقىنىم يوققۇ، ئاخىر، — ئۇ سۆزلىگىنىچە رومىشنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى.
— نېمە قىلغىلى تۇردى بۇلار، — دېدى ئونىودا ئەپەندى. خىمنولىنىنىڭ يىغلاپ تاشلايدىغانلىقى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەچمىگەندى، — ساڭا نېمە بولدى، خىمنو، نېمىشقا يىغلايسەن؟
— ئوكخوي ئەپەندى بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۇ نېمىشقا ئۆيىمىزگە كېلىپ بىزنىڭ مېھمىنىمىزنى ھاقارەت قىلىدۇ؟
— ئوكخوي چاقچاق قىلدىغۇ، چىڭىغا ئېلىپ كېتىدىغان نەرى بار؟
— بۇنداق چاقچاقنى مەن كۆتۈرمەيمەن، — خىمنولىنى شۇنداق دەپلا ئۇستىگە چىقىپ كەتتى.
رومىش كالكۇتتىغا كەلگەندىن بۇيان، كومولانىڭ ئېرىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن بارمىغان يېرى قالمىدى. ئۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئاخىر خوباتپوكورنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، كومولانىڭ تاغىسى تارىنىچورونغا بىر پارچە خەت يازدى.
يۇقىرىدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، رومىش ئۇ ئادەمدىن جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋالدى. تارىنىچورون خېتىدە ھېلىقى بەختسىز ھادىسىدىن كېيىن جىيەن كۈيئوغلى نولىناكخانىڭ ئازراقمۇ خەۋىرىنى ئالالمىغانلىقىنى، ئۇ دوختۇرلۇق قىلىدىغان رانگپۇرغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى دەپ بېرەلمىگەنلىكىنى، نولىناكخانىڭ يۇرتىنىڭ نەدىلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى يازغانىدى.
رومىش كومولانىڭ ئېرىنىڭ ھايات قالمىغانلىقىغا ئەمدى تو-

لۇق ئىشەندى .

ئۇ ھېلىقى خەتكە قوشۇپ يەنە بىر مۇنچە خەت تاپشۇرۇۋالدى . بەزى تونۇشلار ئۇنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تەبرىك خەتلىرىنى ئەۋەتىشكەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەتلىرىدە ، زىياپەت بەرمەمسەن ، دېگەن بولسا ، بەزىلىرى بۇ توينى مۇشۇ چاغقىچە ئۈزلىرىدىن يوشۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئەيىبلەشكەنىدى . ئۇ بۇ خەتلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرغاندا ، ئوننودا ئەپەندىنىڭ خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا خەت ئېلىپ كىردى . كونۋېرتنىڭ ئۈستىدىكى پوچېركىنى كۆرۈپ ، رومىشنىڭ يۈرىكى سىيلىپ كەتتى . بۇ ، خىمنولىننىڭ خېتى ئىدى . «ئوكخوينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، — دەپ ئويلىدى رومىش ، — ئۇ مەندىن گۇمانلانماي قالمايدۇ . ھازىر ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن مۇشۇ خەتنى يازغان» . ئۇ كونۋېرتنى ئاچتى ، خەت ناھايىتى ئاددىي يېزىلغانىدى :

*ئوكخوي ئەپەندى تۇنۇگۈن سىزگە ھەققەتەن ئەدەپسىزلىك قىلدى . سىز بۈگۈن ئەتىگەن نېمىشقا كىرمىدىڭىز ؟ مەن سىزنى كۈتتۈم ، ئوكخوي ئەپەندىنىڭ ھېلىقى گەپلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ نېمە قىلىسىز ؟ ئۇنىڭ ئالجىشلىرىغا قۇلاق سېلىپمۇ قويمايدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن چوقۇم بالدۇرراق كىرىڭ . مەنمۇ يىغىنە ئىشى قىلمايمەن .*

رومىش قىسقىغىنا يېزىلغان بۇ خەتتىن ، ئەپۇچان ، رەھىمدىل قەلب ئىگىسىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىنى سېزىپ ، ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلدى . مەسىلە ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىدى : تۈنۈگۈن كەچتىن تارتىپ خىمنولىنى بىر ئامال قىلىپ رومىشنىڭ ئازار يېگەن كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشكە ئالدىرىغان ، بۇ ئىش تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭغا ئارام بەرمىگەن . ئەتىگەن رومىش كىرمىگەندىن كېيىن ئۇ

ئۆزىنى تۇتالمىغان ـ دە ، بۇ خەتنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن كۆڭۈل سورىغان .

رومىش ئۆز ئەھۋالىنى خىمنولىنىغا دەرھال ، ئوچۇق چۈشەندۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ ، ئاخشامقى ۋەقە ئۇنى تەڭلىككە سېلىپ قويدى . چۈنكى ، رومىش بۇنداق قىلسا ئۆزىنى خۇددى قولغا چۈشۈپ قالغاندا ئالدىراپ گۇناھىنى ئاقلاشقا چۈشۈپ كەتكەن جىنايەتچىدەك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ، بەلكى ئوكخويىنىمۇ غەلىبە قازانغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قوياتتى . ئۇنىڭ ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان بۇ ئاقىۋەتنى ئويلىغۇسى كەلمىدى .

«ئوكخوي كومولانىڭ ئېرىنى چوقۇم باشقا بىر رومىش دەپ ئويلاپ قالغان ، بولمىسا ، ئۇ بۇنچىلىك ئىشنى تاپقاندا سۆزلەپ كوچىنى بېشىغا كىيمەسمىدى . ئانچە ـ مۇنچە يوپۇتۇپ گەپ قىلىپ قويۇپ ، قالغىنىنى ئىچىگە سېلىپ يۈرىدىغان ئىش نەدە» رومىش ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى ھازىر ئەمەس كېيىنچىرەك قىلىش قارارىغا كەلدى .

شۇ ئەسنادا ، ئۇنىڭغا پوچتاليون يەنە بىر پارچە خەت ئەپكىلىپ بەردى . رومىش خەتنى ئاچتى ، بۇ قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرىدىن كەلگەن خەت ئىدى . بۇ خەتتە كومولا تەتىلدە مەكتەپتە قېلىشقا ئۇنىمايۋاتقاچقا ، مەكتەپ مەمۇرىيىتى ئۇنى ئەپقالمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى . ئوقۇغۇچىلار شەنبە كۈنى تەتىلگە قويۇپ بېرىلەتتى ، دېمەك ، رومىش ئۇنى شۇ كۈنى ئەپكېلىۋېلىشى كېرەك ئىدى .

ئۇ يەكشەنبە توي قىلماقچى ،كومولا بولسا شەنبە كەلمەكچى .

— رومىش ئەپەندى ، سىز مېنى ئەپۇ قىلمىسىڭىز بولمايدۇ ! — تازا باش قېتىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ئوكخوي ئۆيگە ئۇسۇپ كىردى ، — ئانچىكىم قىلىپ قويغان چاقچىقىمغا مۇنچىۋالا ئاچچىقلىنىدىغىنىڭىزنى بىلگەن بولسام ، ھەرگىز ئۇنداق چاقچاق قىلمايتتىم . چاقچاققا راست گەپ ئارىلىشىپ قالسا كىشىنىڭ

ئاچچىقى كېلىدىغان، لېكىن ئۇقالمىدىم، مېنىڭ ئىپتقانلىرىم پۈتۈنلەي يوق گەپلەر ئۇرسا نېماذچىلا ئاچچىقلىنىپ كېتىسىلەركىن ـ تاڭ. ئونىودا ئەپەندى مېنى كۆرۈپلا تىللاپ كەتتى، خىمنولىنى قاراپمۇ قويمىدى. مەن بۇگۈن ئۇلارنى يوقلاپ كىرىۋىدىم، ئۇ مېنى كۆرۈپلا چىقىپ كەتتى. سىلەر ماڭا نېمانچە ئۆچلۈك قىلىدىغانسىلەر؟

— مەن هازىر سىز بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشەلمەيمەن. كەچۇرۈڭ، قىلىدىغان بىر مۇنچە ئىشلىرىم تۇرۇپتۇ.

— تويغا تەييارلىق دەڭا! بەلكىم سازەندىلەر ئالدىنئالا ئازراق پۇل تەلەپ قىلىدىغاندۇ. ۋاقتىڭىزنى ئېلىشمىنى خالىمايۋاتقان بولسىڭىز كېرەك، بولىدۇ، مەن سىزنى ئاۋارە قىلماي، خەير ـ خوش.

ئوكخوي چىقىپ كەتتى، ئارقىدىنلا رومىش ئونىودا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە چىقتى. خىمنولىنى ئۇنى چوقۇم كىرىدۇ، دەپ ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ يىپ ـ يىڭنىسىنى ياغلىقا ئوراپ ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قويۇپ، يېنىغا فىسگارمونىيىنى ئەپكېلىۋالغاندى. شۇبھىسىزكى، ئۇ ئادەتتە چېلىنىۋاتقان كۈينى، بولۇپمۇ قەلب كۈينى تىڭشاشقا ئىنتىزار ئىدى.

رومىش ئۆيگە كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

— دادىڭىز قەيەردە؟ — رومىشنىڭ بۇ سوئالى ئۇنىڭدىكى تەبەسسۇمنى يوقلا قىلىۋەتتى.

— ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا. ئىشىڭىز بارمىدى؟ بىر ئازدىن كېيىن چايغا چۈشىدۇ.

— هازىر كۆرۈشمىسەم بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىشىم بار ئىدى، — دېدى رومىش.

— ئەمىسە ھۇجرىسىغا كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقىڭ.

رومىش ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى.

«مۇھىم ئىش !» ئەلۋەتتە ھەر قانداق ئىشنى بىر ياققا قايرىپ قويىدىغان گەپتە. ھەتتا مۇھەببەتمۇ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرسا بولۇۋېرىدۇ! كۆزنىڭ بوگۇنكى ئوچۇق كۈنىدە شادلىق خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئىشىكى يېپىلغانلىقىنى كۆرۈپ خىمنولىنى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويىدى، ئاندىن فىسگارمونىيىنىڭ قېشىدىن ئۇستەل قېشىغا يۆتكىلىپ كەشتە تىكىشكە تۇتۇندى. ئۇنىڭ بىر يىڭنىسى كەشتىگە سانجىلىۋاتقىنى بىلەن، يۈرىكىگە كۆرۈنمەس يىڭنىدىن مىڭى سانجىلىۋاتاتتى. رومىنىڭ مۇھىم ئىشى ھازىرچە تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، مۇھەببەت پىغان بىلەن تەلمۈرمەكتە ئىدى.

## ئون تۆتىنچى باب

روميش ئوننودا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كىردى. بوۋاي يۈزىگە بىر پارچە گېزىتنى ياپقان ھالدا ئورۇندۇقتا مۈگدەپ ئولتۇرغانىدى. روميش يۆتىلىپ قويۇۋىدى، ئۇ دەرھال ئويغاندى ۋە گېزىتنى ئېچىپ، شەھەردە تارقىلىۋاتقان خولېرا كېسىلىنىڭ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاياتىغا زامىن بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

روميش ئۆزىنىڭ بۈيان كېلىشتىكى مەقسىتىنى توغرىدىن توغرىلا قويىدى:

— مەن سىزدىن توينى بىر نەچچە كۈن كېچىكتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىمەن، مېنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشىم چىقىپ قالدى.

بۇ ئۇشتۇمتۇت خەۋەر ئوننودا ئەپەندىنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان خولېرا، ئۆلۈم دېگەندەك ئىشلارنى يوقلا قىلىۋەتتى. ئۇ رومىشقا قادىلىپ تۇرۇپ:

— نېمە دەۋاتىسىز؟ روميش، باغاقلار تارقىتىلىپ بولغانغۇ، — دېدى.

— توي كېلەركى يەكشەنبىگە كېچىكتۈرۈلدى، دەپ بوگۈنلا

خەت بىلەن خەۋەر قىلىۋەتسەك بولىدۇ.
— سىزگە گەپ ئۇقتۇرماق تەس ئوخشايدۇ، رومىش! بىلەمسىز، بۇ سىزنىڭ خالىسىڭىز چاقىرىپ، خالىسىڭىز كىچىكتۈرىدىغان سوت ئىشىڭىز ئەمەس. دەۋاتقان مۇھىم ئىشىڭىز زادى قانداق ئىش؟
— ئۇ ئىنتايىن جىددىي ئىش، دەرھال بېرىپ ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى رومىش.
ئونونودا ئەپەندى بوران غۇلاتقان توغراقتەك ئورۇندۇققا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.
— كىچىكتۇرۇشكە بولمايدۇ، — دېدى ئونونودا ئەپەندى، — ماۋۇ خىيالنى، ماۋۇ قالتىس ئەقىلنى! بولىدۇ، نېمە قىلغۇڭىز كەلسە شۇنداق قىلىۋېرىڭ. لېكىن، بىز باغاق يازغان مېھمانلارغا ئۆزىڭىز بېرىپ چۈشەندۈرۈشىڭىز كېرەك. مەندىن سورايدىغانلار چىقىپ قالسا مەن ئۇلارغا: بۇ ئىشنى مەن بىلمەيمەن. ئۆزىنىڭ ئىشى بولغاندىن كېيىن، كۆيئوغلىمىز كۆڭلىدە بىر نېمىنى ئويلىغاندۇ، ئۇ قاچان توي قىلىشنى مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىغاندا ئۆزى بىر نېمە دەر، دەيمەن.
رومىش بېشىنى يەردىن ئالماي تۇرىۋەردى.
— بۇ گەپنى خىمنولىنىغا ئېيتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئونونودا ئەپەندى.
— ياق، ئۇ تېخى بىلمەيدۇ.
— سىز دەرھال ئۇنىڭغا ئېيتىشىڭىز كېرەك. بۇ سىزنىڭ تويىڭىز، شۇنداقلا ئۇنىڭمۇ تويى.
— ئالدى بىلەن سىزگە ئېيتاي دەپتىمەن.
— خىمنو! خىمنو! — دەپ چاقىردى ئونونودا ئەپەندى. خىمنولىنى كىردى.
— نېمە دەيسىز، دادا؟ — دېدى ئۇ.
— رومىش ناھايىتى جىددىي بىر ئىشىم چىقىپ قالدى، ھازىر توي قىلىشقا چولام تەگمەيدۇ، دەيدۇ.

خىمنولىنىنىڭ رەڭگى شۇ زامان ئۆزگەردى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ رومىشقا قارىدى، رومىشنىڭ چىرايى نەق مەيداندا تۇتۇلغان قاتىلنىڭ چىرايىدىن بەتتەر ئۆڭۈپ كەتكەنىدى.

ئۇ بۇ خەۋەرنىڭ خىمنولىنغا مۇنداق يالىڭاچ ئوقتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. بۇ ئىشنىڭ مۇنداق قوپال ئېلان قىلىنىشى خىمنولىنىنىڭ كۆڭلىگە قانچىلىك ئېغىر تېگىدىغانلىقىنى رومىش چۈشىنەتتى. لېكىن، ئاتقان ئوق يانمايدۇ. بۇ ئوقنىڭ خىمنولىنىنىڭ يۈرىكىنى قانچىلىك جاراھەتلەندۈرگەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

بۇ قورقۇنچلۇق ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشقا ئەمدى ئامال قالمىدى، قارارنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. توي كېچىكتۈرۈلۈشى، ئاڭغىچە رومىش مۇھىم ئىشنى پۈتتۈرۈۋېلىشى، ئەمما بۇ ئىشنىڭ زادى قانداق ئىشلىقىنى ئېيتماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولسا، ئۇ قانداق باھانە كۆرسىتىشى كېرەك؟

— بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، — دېدى ئۇنىودا ئەپەندى خىمنولىنغا قاراپ، — قانداق قىلىش ھەققىدە ئۆزۈڭلار بىر قارارغا كېلىڭلار.

— مەن نېمە دېيىشىم مۇمكىن، دادا، — خىمنولىنى بېشىنى كۆتۈرۈپ رومىشقا لەپپىدە بىر قارىدى ـ دە، ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتنى پاللىدە يورۇتۇپ تاغ كەينىگە مۆكۈنگەن قۇياشنىڭ نۇرىنى ئەسلىتەتتى.

ئۇنىودا ئەپەندى گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن، قاتتىق ئويلىنىشتا ئىدى. رومىش بىر پەس جىم ئولتۇرۇپ قالدى، ئاندىن تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئازادە مېھمانخانىغا چىقتى، خىمنولىنى دېرىزە ئالدىدا تالاغا قاراپ تۇراتتى. چىرايىدىن بولغۇسى بايرام خۇشاللىقىنىڭ شوخ تەبەسسۇمى جىلۋە قىلىپ تۇرغان كىشىلەر چوڭ ـ كىچىك كوچىلاردا سەلدەك ئاقماقتا ئىدى.

رومىش دەرھاللا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشقا پېتىنالمىدى، خىم-

نولىنىنىڭ قېتىپ تۇرغان ھالىتىدىن كۆز ئۈزەلمىگەن ھالدا بو-
سۇغىدا تۇرۇپ قالدى . ئۇلۇغ ئىچقۇيتىلگەن دېرىزىدىن تەبىئىي
ھاسىل بولغان رامكىدا ئىللىق كۆز ئاپتىپى يورۇتۇپ تۇرغان بۇ
سىيما رومىشنىڭ قەلب قەسرىگە مەڭگۈلۈك نەقىشلەندى ؛ ئۇنىڭ
نازاكەتلىك قەددى - قامىتى ، چىرايلىق ئۆرۈۋالغان چاچلىرى ،
ئۇششاق چاچلىرى يېپىپ تۇرغان گەجگىسى ، بوينىدا يالتىراپ
تۇرغان زەر مىدالىئونى ، سول يەلكىسىنى قىيسايتىشىدىن چىراي-
لىق پۇرۇمى چىققان كۆڭلىكى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى رومىش-
نىڭ دەردلىك كۆڭلىگە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزناسىنى سالدى .
ئۇ ئاستا يېقىنلاشتى . قىز ئاشىقىغا پەرۋامۇ قىلماي كوچىغا
مەيۈس قاراپ تۇراتتى . رومىش تىترىگەن ئاۋازى بىلەن جىملىقنى
بۇزۇپ :
— مەن سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنىمەن ، — دېدى .
بۇ سۆزدىن ئۇرغۇپ تۇرغان بىر خىل ھەسرەتنى سەزگەن
خىمنولىنى ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى .
— ماڭا ئىشىنىڭ ! — دېدى رومىش ، — سىز ماڭا مەڭگۈ
ئىشىنىشكە ۋەدە بېرىڭ ، خۇدا تۇرۇپتۇ ، مەن سىزنىڭ ئىشەنچى-
ڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن ، — ئۇنىڭ خىمنولىنىغا مۇنداق
سۆزلىشى تېخى بىرىنچى قېتىم ئىدى . رومىش سۆزىنى داۋاملاش-
تۇرالمىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى .
ئىچى ئاغرىغان خىمنولىنى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئۇنسىز
تىكىلدى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى سىمابتەك ئىرىپ كەتكەنىدى ،
غۇبارسىز كۆز ياشلىرى مەرۋايىتتەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى . بۇ بىر
جۈپ ئاشىق - مەشۇق دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ سۆزسىز كۆز يېقى-
شىش بىلەن بىر - بىرىنى چۈشىنىشتى ؛ ئۇلارنىڭ قەلبىنى بەخت-
نىڭ بىر خىل يېقىملىق سېزىمى چۇلغىغان ، بۇ سېزىم بەخش
ئەتكەن شادىيانىلىق ئۇلارغا بېھىش ھۇزۇرىنى ئاتا قىلغانىدى .
رومىش يەلكىسىدىن ئېغىر تۇگمەن تېشىنى ئېلىۋەتكەندەك
چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ ، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى :

— تويىنى بىر ھەپتە كەيىنگە سۇرسەك دېگىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز ؟

خىمنولىنى بېشىنى چايقىدى ، ئۇ بىلىشنىمۇ خالىمايتتى .

— تويىمىز بولغاندىن كېيىن ، مەن سىزگە چوقۇم بىرنى قويماي ئېيتىپ بېرىمەن ، — دېدى رومىش . تويىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ قىز ۋىللىدە قىزاردى .

تېخى چۈشتىلا ، خىمنولىنى ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ رومىش-نىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ، ئۇ كەلسە كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ ئولتۇ-رىمىز ، كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىمىزنى ئوبدان مەسلىھەتلىشىۋا-لىمىز ، دېگەندەك تاتلىق خىياللار بىلەن بەختىيار كېلەچەك كۆنلە-رىنىڭ غايىۋانە سۈرىتىنى نەچچە خىل سىزىپ ئولتۇرغانىدى . بىر ئازدىن كېيىنلا بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ يىگىۋاشتىن ئەھدە قىلىپ كېتىشلىرىنى ، كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇشۇپ ئۈندىمەي تۇرۇپ كې-تىشلىرىنى ئۇ ئەسلا ئويلىمىغان ، كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ چەكسىز كۆڭۈل ئازادىلىكى ھەم ئۆزئارا ئىشەنچ بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى ئۇ تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى .

— سىز دەرھال دادامنىڭ قېشىغا چىقىڭ ، — دېدى خىمنو-لىنى ، — ئۇ چوقۇم زەردىگۈش بولۇپ ئولتۇرىدۇ .

رومىش خۇشال چىقىپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ يولىدا سۇر-لۇك خەنجەرلەر تەڭلىنىپ تۇرسىمۇ ، ئۇ كۆكرىكىنى خەنجەرلەرگە تۇتۇپ كېتىۋەرگەن بولاتتى .

## ئون بەشىنچى باب

رومىش ھۇجرىغا كىرگەندە ، ئونودا ئەپەندى ئۇنىڭغا خاتىر-جەمسىزلىك بىلەن قارىدى .

— مېھمانلارنىڭ تىزىملىكىنى بەرسىڭىز ، — دېدى رو-مىش ، — مەن تويىنىڭ كەيىنگە سۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا بۇگۈنلا خەت يېزىۋەتسەم .

— سىلەر تويىنى كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلىپ بولغان ئوخشى-مامسىلەر؟

— شۇنداق، باشقا ئامال يوق.

— ئۇنداق بولسا، ئوغلۇم، قۇلاق سېلىڭ، — دېدى ئۇننودا ئەپەندى، — شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئەمدى مېنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارىم يوق. ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭلار قىلىڭلار، مەن باشقىلارغا كۆلكە بولۇشنى خالىمايمەن. ئۆمۈردە بىر بولىدىغان توي ئىشىنى سىلەر كىچىك بالىنىڭ ئويۇنىدەك كۆرۈۋاتىسىلەر، مەن بۇ ساقىلىم بىلەن سىلەرگە قوشۇلۇپ يۈرسەم بولماس. مېھمانلارنىڭ تىزىملىكى مەيەردە، ئېلىڭ. مەن تويغا بىر مۇنچە چىقىم قىلدىم، بۇ پۇللار بىكارغا كېتىدىغان بولدى، ئەمدى مېنىڭ بۇنداق بۇزۇپ - چېچىۋەرگۈدەك كۆپ پۇلۇم يوق.

رومىش بارلىق چىقىم قىلىنغان ۋە تويغا كېتىدىغان خىراجەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇننودا ئەپەندى سوراپ قالدى.

— رومىش، تويدىن كېيىن باشقا بىر جايغا بېرىپ ئىشلەشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز كالكۇتتىدا تۇرماقچى ئەمەسقۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، شىمالغا بېرىپ بىرەر مۇۋاپىقراق جاي تاپايمىكىن دەيمەن.

— شىمالغا؟ بۇنى ئوبدان ئويلاپسىز. ئېتوۋيا خېلى تۈزۈك جاي، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئاشقازىنى ناچار كىشىلەرگە تازا ياقىدۇ. مەن ئۇ يەردە بىر ئاي تۇرغان، ئىشتىيىم ئۆيدىكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشىلىنىپ كەتكەن. سىزگە مەلۇم، ئوغلۇم، ئۇ مېنىڭ يالغۇز قىزىم، بىز بىرگە تۇرمىساق ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايمىز. مېنىڭ ھاۋاسى ياخشىراق بىر جاينى تاللىسىڭىز دېيىشىمىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

ئونىودا ئەپەندى رومىشنىڭ ئۆزىنى ئەيىبكار ھېسابلاپ تۇرۇۋ-شىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىگە ئەپكەلمەكچى ئىدى، لېكىن رومىش مۇشۇ تۇرقىدا ئونىودا ئەپەندى ئېتوپيا توگول، چېراپۇند جېدى ياكى گارونى ياكى يىل بويى بۇلۇت - تۇتەكلەر قاپلاپ تۇرىدىغان تاغلىق رايونلارغا بار دېسىمۇ رازىلىق بېرىشكە تەييار ئىدى.

— بولىدۇ، مەن ئېتوپىيا ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىگە قاتنى-شاي، — دېدى ئۇ ۋە تويىنىڭ كىچىككەنلىكى توغرىسىدا مېھمانلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىش ئۇچۇن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ كېتىشى بىلەنلا ئوكخوي كىردى، ئونىودا ئەپەندى رومىش-نىڭ تويىنى بىر ھەپتە كېچىكتۈرگەنلىكىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى.

— راستمۇ؟ بۇ قانداق بولغىنى؟ توي ئۆگۈنلۈككە بولماقچى ئىدىغۇ؟ — دېدى ئوكخوي.

— ئۇ ئۇنداق قىلمىسا بولاتتى. باشقا ئادەم بولسا ئۇنداق قىلمايتتى، لېكىن ھازىرقى سىلەردەك ياش باللار نېمە ئىشنى قىلمايدۇ دەيسىز.

ئوكخوي ئۆزىنى ناھايىتى جىددىي قىياپەتكە سېلىپ، نېمىدۇر بىر نېمىگە قاتتىق باش قاتۇراتتى. ناھايەت ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— سىز خىنولىنىغا تازا ئوبدان لايىق تاپتىم دەپ ئولتۇرى-سىز، بۇنداق چاغدا، ئۇنىڭ بىرەر كەمچىل يەرلىرى بارمۇ - يوق دېگەن نەرسە كاللىڭىزغا كىرىپ چىقمايدۇ. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلماقچى بولىدىكەن، كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ يى-پىدىن - يىڭنىسىگىچە ئېنىقلىماي بولمايدۇ. ئۇ كىشى ئەۋلىيا بولغان تەقدىردىمۇ، ئوبدانراق ئويلىنىپ باقمىساق بولماس.

— رومىشتەك يىگىتلەردىنمۇ گۇمانلىنىپ ئولتۇرساق، بۇ جاھاندا ئىشەنچلىك ئادەم قالماس، — دېدى ئونىودا ئەپەندى.

— ئۇ تويىنى نېمە ئۇچۇن كېچىكتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتىمۇ؟

— ياق، ئۇ ھېچنېمە دېمىدى، — ئونىودا ئەپەندى بېشىنى قاشلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سورىسام، ناھايىتى

مۇھىم بىر ئىشىم چىقىپ قالدىلا ، دېدى .
ئوكخوي سوغۇق كۇلۇپ قويدى .
— قىزىڭىزغىمۇ سەۋەبىنى ئېيتقاندۇ ؟
— ئۇنىڭغا ئېيتقاندۇ دەيمەن ، — دېدى ئونۇدا ئەپەندى .
— ھازىر ئۇنى چاقىرىپ سوراپ باقساق بولمامدۇ ؟
— بولىدۇ .
ئونۇدا ئەپەندى خىنولىنىنى چاقىردى . ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئوكخوينى كۆردى - دە ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ دادىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى .
— رومىش تويىنى نېمىشقا كېچىكتۈرگەنلىكىنى ساڭا ئېيتتى-مۇ ؟ — دەپ سورىدى ئونۇدا ئەپەندى ئۇنىڭدىن .
— ياق ، — خىنولىنى بېشىنى چايقىدى .
— سوراپ باقمىدىڭمۇ ؟ — دېدى ئونۇدا ئەپەندى .
— سورىمىدىم .
— ماۋۇ ئىشنى قاراڭ ! ۋاي خۇدايىم بەرگەنلەرەي ! ئۇ سې-نىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ، مېنىڭ ھازىر توي قىلىشقا ۋاقتىم يوق ، دېسە ، سەن ، بوپتۇ ئەمىسە ، كېيىنرەك قىلارمىز ، دەپ جاۋاب بېرىپ ، شۇنىڭ بىلەن گەپنى تۈگىتىپسىلەر - دە .
ئوكخوي خىنولىنىنىڭ قېشىغا كەلدى .
— راستىنى ئېيتقاندا ، — دېدى ئۇ ، — ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتقۇسى كەلمىسە ، باشقا بىر ئادەمگە ئۇنى سوراپ ئولتۇرۇش تەسكە توختايدۇ . ئەگەر كىشىگە ئېيتقىلى بولىدىغان ئىش بولسا ، رومىش ئەپەندىمۇ ئاللىقاچان ئېيتقان بولار ئىدى .
خىنولىنىنىڭ چىرايى ئۆڭدى .
— بۇ ھەقتە ئۇچىنچى بىرسىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئەمەسمەن . ئۆزۈم ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ھازىرقى ھالىتىمدىن زارلى-نىدىغان ھېچ نەرسە يوق ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا چىقىپ كەتتى .
ئوكخوي ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدى ، لېكىن ئۇ زورغا كۇلۇمسىرەپ :

— جاھاننىڭ ئىشى مۇشۇنداق — سەن دوستۇڭغا ياخشى كۆڭلۈك بىلەن ياردەم قىلساڭ، ئۇ ساڭا تاپا ـ تەنە بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇكى، ھەقىقىي دوستلۇققا ئېرىشمەك تەس ئىكەن. مەن سىلەرگە ئۆزۈمنى دوست تۇتقانلىقىم ئۈچۈن، رومىشقا بولغان گۇمانىمنى ئېيتىشقا ھەققىم بار دەپ ھېسابلايمەن، بۇنىڭلىق بىلەن سىلەر ماڭا ئۆچ بولۇپ قالساڭلارمۇ، تىللىساڭلارمۇ مەيلى. سىزنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراش ئالدىدا تۇرغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئارىلاشمىسام كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ، مېنىڭ ئاجىزلىقىممۇ مۇشۇ يەردە، مەن بۇنى ئىقرار قىلىشتىن باش تارتمايمەن. ھەر ھالدا، جوگىنىدىرو ئەتە قايتىپ كېلىدىكەن، ئەگەر ئۇ بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن سىڭلىسىنىڭ كەلگۈسىدىن غەم قىلمايدىغان بولسا، بولىدى،مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىر ئېغىز گەپ قىلمايمەن.

ئونىودا ئەپەندى ئوكخويىدىن رومىشنىڭ نېمە ئۈچۈن تويىنى كېچىكتۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىۋالىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلىدى. لېكىن، ھەر قانداق سىرنىڭ ئېچىلىشى بىر مۇنچە غۇلغۇلىغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىنغۇ! ھالبۇكى، بوۋاي ئەزەلدىنلا جېدەلدىن قاچىدىغان ئادەم ئىدى.

— سىز بەك گۇمانخور ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ مېھمىنىنى گەپگە سېلىپ باقماقچى بولۇپ، — ھېچقانداق پاكىتىڭىز يوق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا...

ئوكخوي ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالايتتى، لېكىن ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىنىۋاتقان تاپا ـ تەنىگە چىدالماي قالدى.

— ئاڭلاپ قويۇڭ، ئونىودا ئەپەندى، — دېدى ئۇ چېچىلىپ، — سىز مېنى ھەر قانداق گەپكە يامان غەرەز ئارىلاشتۇرماي قويمايدۇ، دەپ قارايسىز! گېپىڭىزنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا، مەن سىزنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىڭىزغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، گۇناھسىز بىر ئادەمگە قارا چاپلىغان ئوخشايمەن. مېنىڭ خېنىملارغا پەلسەپە سۆزلىگۈدەك ئىدىرىكىممۇ يوق، مەن ئۆزۈمنى ئۇلار بىلەن شېئىرىيەت بابىدا سۆزلىشەلەيمەن دەپمۇ ئېيتالمايمەن. مەن بىر ئاددىي

ئادەمەن . ۋەھالەنكى ، مەن بۇگۇنگىچە ئۆزىڭىزگە ، ئائىلىڭىزدى-
كىلەرگە كۆيۈنۈپ ۋە سىلەرنى ھۆرمەتلەپ كەلدىم . مېنىڭ مەغ-
رۇرلىنىدىغان جايىم شۇكى ، مەن سىزدىن ھېچقانداق ئىشنى سىر
ساقلىمىدىم . مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گادايلىقىمنى يوشۇرۇپ ئول-
تۇرماي سىزدىن پۇل تىلىشىم مۇمكىنكى ، لېكىن ھەرگىزمۇ
ئۆيىڭىزگە كىرىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزگە سوغۇق قول ئۇزارت-
مايمەن . بۇ گەپلىرىمنىڭ تېگى ـ تەكتىگە سىز ئەتە يېتىسىز .

# ئون ئالتىنچى باب

بارلىق خەتلەر يوللىنىپ بولغۇچە كېچە بىر يەرگە باردى .
رومىش كارىۋاتقا سوزۇلدى ، لېكىن ئۇنىڭ زادى ئۇيقۇسى كەلمە-
دى . بىرى ئېنىق ، بىرى تۇتۇق بولغان ئىككى خىل خىيال خۇددى
قوشۇلۇش ئالدىدا تۇرغان گانگ ، يامۇنا دەريالىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭ
كاللىسىدا كەزمەكتە ئىدى ، خىيال دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېتى-
شى ئۇنىڭغا زادى ئاراملىق بەرمىدى . ئۇ ئۇيان ئېغىناپ ، بۇيان
ئېغىناپ ئاخىر يوتقاننى قايرىپ تۇرۇپ كەتتى .
ئۇ دېرىزە ئالدىغا بېرىپ تالاغا كۆز تىكتى : خالتا كوچا ، بىر
ياقتىكى ئۆيلەرنى قاراڭغۇ سايە قاپلىغان بولۇپ ، يەنە بىر ياقتىكى-
لىرى سۇتتەك ئايدىڭدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . رومىش جىمجىت خىيال
ئىلكىدە ئىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى خۇسۇمەت ،ئېلى-
شىش بىلەن تولغان ، قارارى يوق تىرىكچىلىك دۇنياسىدىن ھەممە
نېمىسى مەڭگۈلۈك ، تىنچ ، ئۆزگەرمەيدىغان ، يىراق ، پايانسىز
ئالەمگە كۆتۈرۈلگەنىدى .
ئۇ خىيال كۆزلىرى ئارقىلىق ھايات بىلەن مامات ، مېھنەت
بىلەن ئارام ، ئەلمىساق بىلەن ئاخىرەتنىڭ غايىۋانە مۇزىكا ساداسى
ئىچىدە پەردە ئارقىسىدا جىمجىت تۇرغان چەكسىزلىك ئالىمىدىن
چىقىپ ، چەكلىك كىشىلىك دۇنياسىنىڭ سەھنىسىدىن ئورۇن
ئېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ؛ ئىشقى مۇھەببەتنىڭ يۇلتۇزلۇق
ئالەمنىڭ ئاستىدا ئەر بىلەن ئايالنىڭ سۇرىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋات-

قانلىقىنى كۆردى .
رومىش ئاستا بالكونغا چىقىپ ئۇنىڭدا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كۆز سالدى . ئەتراپتا كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزىدىغان ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى . ئاي يورۇقى بىلەن قارا كۆلەڭگىلەر بۇ ئۆيىنىڭ تېمى ، لەمپە ئاستى ، ئىشىك - دېرىزىلىرى ، شۇنىڭدەك قوپال يېپىلغان ئۆگزىسىگە ئاجايىپ بىر زىننەت بېغىشلىغانىدى . بۇ قۇدرەت ئىلاھىنىڭ كارامىتىگە قاراڭ ! مۇشۇنداق بىر قايناق شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇ بىر ئاددىيغىنا ئۆيدە قىز ئوقۇغۇچىنىڭ سۇرىتىدىكى بىر پەرىزات ئولتۇراتتى .
بۇ پايتەختتە رومىشقا ئوخشاش سان - ساناقسىز كىشىلەر — ئادۋوكاتلار ، ستۇدېنتلار ، چەت ئەللىكلەر ، يەرلىكلەر تولۇپ ياتسا ، نېمىشقا باشقىلار مۇيەسسەر بولالمىغان خۇدانىڭ شەپقىتى بىر ئۇنىڭغا ياغىدۇ ؟ نېمىشقىمۇ باشقا بىرسى ئەمەس ، بەلكى مۇشۇ رومىش بۇ قىز بىلەن ئىللىق كۆز ئايتىپىغا چۆمگەن دېرىزە ئالدىدا يانمۇيان تۇرۇپ ، غايىۋانە كۆزلىرى بىلەن پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ بىر خىل تىلسىملىق ، پايانى يوق شادلىق دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلىنغاندۇ ؟ بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ! بۇ مۆجىزە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيانى ئۆزگەرتىۋەتتى .
ئۇ يېرىم كېچىگىچە بالكوندا ئايلىنىپ يۈردى . ئاي ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى ، زېمىن قاراڭغۇلۇققا چۆمدى . پەقەت ئاسمان بوشلۇقىدا ئاينىڭ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان چاغدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئازغىنا يورۇقىلا قالدى .
رومىشنىڭ ھارغىن تېنى تۈننىڭ سوغۇقىدا شۈركۈنۈپ كەتتى ، ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بىر خىل ۋەھىمە ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاماللىۋالدى . ئەتە ئۇ تىرىكچىلىك قايىنىمىدا ئېلىشىشى كېرەك ئىدى . پەرىشانلىقلار سامانىڭ نۇرلۇق چېھرىگە بىر تالمۇ قورۇق سالالمىغان ؛ جىمجىت ئايدىڭ ھەر قانداق شاۋقۇن - سۈرەننىڭ دەخلى - تەرۇزىغا ئۇچرىمىغان ؛ تۈن قوينى سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى . پۈتكۈل ئالەم بوشلۇقى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ

مەڭگۈلۈك ھەرىكەتتە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەبەدىي خاتىرە-جەملىكنىڭ تىنچ قۇچىقىدا ياتاتتى، ئەمما ئىنسانلار دۇنياسىدىكى شاۋقۇن - سۈرەنلەر مەڭگۇ تىنچىمايتتى؛ خەيرلىك — ئوڭۇشلۇقلار، مۇشكۇل - قىيىنچىلىقلار كىشىلىك تۇرمۇشنى ئازچىلىق كۆپچىلىككە دەككە بېرىدىغان، باش - ئايىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان كۆرەشنىڭ قاينىمىغا ئىلىپ كىرگەنىدى.

بىر ياقتا چەكسىز ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىكى، بىر ياقتا ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەڭگۈلۈك كۆرىشى! بۇ ئىككىسى قانداقمۇ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقاندۇ؟ بۇنىڭسىزمۇ رومىنىڭ باش قەھرىمانلىقى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى، لېكىن ئۇنىڭ تىنچلىق تاپمىغان كاللىسى بۇ مۇشكۇلاتنى ھەل قىلىش ئىستىكىگە بەند قىلىنغانىدى.

ئۇ ئۆز قويىندا سان - ساناقسىز مەۋجۇداتلارنى تەربىيەت قىلغان پايانى يوق ئالەمنىڭ تىنچ قۇچىقىدا سۆيگۈ سىيماسىنى كۆرگەنىدى، مانا ئەمدى ئۇ داۋالغۇپ تۇرغان تىنىمسىز كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رېئال دۇنيادىكى مۇھەببەتنى كۆردى. قېنى، بۇلارنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

## ئون يەتتىنچى باب

ئەتىسى جوگىندىرو شىمالدىن ئەتىگەنلىك پويىزدا قايتىپ كەلدى، بۇ شەنبە كۈنى ئىدى، يەكشەنبە خىمنولىنىنىڭ تويى بولاتتى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، بولغۇسى تويدىن نام - ئەسەر كۆرۈنمەيتتى، بالكونغا سامىرسىن يوپۇرماقلىرى بىلەن قورشالغان پانۇسمۇ ئېسىلمىغانىدى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئەتراپتىكى كۆرۈمسىز، ئاددىي ئۆيلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھېچقانداق ئالامەت يوق ئىدى.

ئۇ، ئۆيدە بىرەرسى ئاغرىپ قالغان بولمىسۇن يەنە، دېگەن ئەنسىز خىيال بىلەن ئالدىراپ ئۆيگە كىردى، لېكىن ئۆيدە بۇنداق

ھادىسە يۈز بەرمىگەندەك كۆرۈنەتتى : ئۈستەلدە ئۈنىڭغا ئاتاپ تەي-يارلانغان داستىخان سىلىقلىق ، ئونىودا ئەپەندىنىڭ ئالدىغا يېرىم ئىستاكان چاي قويۇلغان ، بوۋاي گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى .
— خىمنولىنى تىنچلىقمۇ ؟ — جوگىندىرو ئىشىكتىن كىرىپ-لا سورىدى .
— تىنچلىق ، — دېدى ئونىودا ئەپەندى .
— توي ئىشى قانداق بولدى ؟
— كېيىنكى يەكشەنبىگە سۈرۈلدى .
— نېمىشقا سۈرۈلدى ؟
— بۇنى ئۆزۈڭنىڭ ئاغىنەڭدىن سورا . رومىش بىزگە پەقەت ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشىم چىقىپ قالدى ، تويىنى بۇ يەكشەنبە قىلالمايمەن دېگەنلا گەپنى قىلدى .
جوگىندىرو دادىسىنىڭ بوشاڭلىقىدىن ئاغرىندى .
— يائاللا دادا ، مەن ئۆيدە بولمايلا قالسام ، ھەممە ئىش-نى چەلـەڭگۈش قىلىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرىدىكەنسىلەر ، — دېدى ئۇ ، — ئۇنىڭ نېمە مۇھىم ئىشى بولاتتى ؟ يا ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ يوق ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى جوڭقۇرالايدى-غۇ . خىزمىتىدىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالدى دېگەندىمۇ ، ئۇنى سىلەرگە ئېيتمىغۇدەك نېمىسى بار ؟ سىلەر نېمىشقا ئۇنىڭ دېگىنى-گە قاراپ ئولتۇرىسىلەر ؟
— ئۇ بىر يەرگە قېچىپ كەتمىدىغۇ ، ئۆزۈڭ بېرىپ سوراپ باقامسەن .
جوگىندىرو ئالدىراپ بىر ئىستاكان چاينى ئىچىپلا ماڭدى .
— توختا ، جوگىن ، — ئونىودا ئەپەندى ئۇنىڭ كەينىدىن توۋلىدى ، — نېمىگە مۇنچىۋالا ئالدىرايسەن ؟ سەن تېخى بىر نېمە يېمىدىڭغۇ .
بۇ سۆزلەر جوگىندىروغا ئاڭلانمايتتى . ئۇ ياندىكى ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئاچتى - دە ، تاراقلاپ بالىخانىغا چىقىپ كەتتى . «رو-مىش ! رومىش ! » ئۇ ياتاق ئۆي ، مېھمانخانا ، بالكون

ۋە ئاستىنقى قەۋەتلەرنى بىرنى قويماي ئاربلاپ چىقتى ، لېكىن رومىش ھېچ يەردە يوق ئىدى . ئۇ بىر ھازادىن كېيىن رومىشنىڭ خىزمەتكارىنى ئۇچراتتى ، ئۇنىڭدىن خوجايىنىنى سورىۋىدى ، ئۇ :

— ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— قاچان قايتىپ كېلىدۇ ؟

خىزمەتكار رومىشنىڭ سەپەر كىيىملىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ، ئۇنىڭغا تۆت - بەش كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغان ، دەپ ئېيتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . ئۇنىڭ زادى قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ئۇمۇ بىلمەيتتى .

جوگىندىرو دادىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كىرىپ ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇردى .

— قانداق ؟ بىرەر نەتىجە چىقىرالىدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئونىودا ئەپەندى .

— نېمە نەتىجە چىقىراتتىم ؟ — ئۇ ئاچچىقى بىلەن سۆزلىدى ، — بۇ كىشى ئەتە - ئۆگۈنلا قىزىڭنى ئالىمەن دەپ ئولتۇرسۇن ، سەن ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى بىلەن كارىڭ بولماي يۈرىۋەر ، ھېلىمۇ ئۇنىڭ سەن بىلەن ئارا تام ئولتۇرغىنى !

— ئۇ ئاخشاملا بار ئىدىغۇ ؟ — دېدى ئونىودا ئەپەندى .

— ئۇنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكىنى سەنمۇ بىلمەيسەن ، — جوگىندىرو كايىپ كەتتى ، — خىزمەتكارىمۇ بىلمەيدىكەن . بۇ يەردە جەزمەن بىر ئويۇن بار . بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدىغىلى بولسۇن ، دادا ، ئەجەب بۇ ئىشلارنى يېنىڭغىمۇ ئېلىپ قويمايسەنغۇ ؟

قويۇپ بەرسە ئۇنىڭ گەپلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى ، ئونىودا ئەپەندى بىر ئامال قىلىپ ئۆزىنى ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .

— ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى مەن راستىنلا بىلمەيمەن ، — ئۇ ئۆزىنى جىددىي قىياپەتكە سېلىپ سۆزلىدى .

دېمىسىمۇ ، تۈنۈگۈن كەچتە رومىش ئونىودا ئەپەندى بىلەن ئاسانلا كېلىشىۋالغان ، لېكىن ئىش كۆرمىگەن بۇ يىگىت ئەھۋالدا

ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن . ئۇ مۇھىم ئىشىم بار دەپ قويغاندىن كېيىن گەپ چۈشىنىشلىك بولدى ، دەپ ئويلىغان ۋە بەرگەن ئىزاھاتىم ماڭا ئۆزۈم خالىغانچە ھەرىكەت قىلىش ئەر- كىنلىكى بېرىدۇ ، دەپ ئىشىنىپ ، ئۆزىنىڭ دەرھال بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشىغا كەتكەنىدى .

— خىمنولىنى نەگە كەتتى ؟ — دېدى جوگىندىرو .

— ئۇ بۈگۈن ئەتىگەنلا چېيىنى ئىچىپ ئۈستىگە چىقىپ كەتكەن ، — دېدى ئۇنىڭ ئانىسى .

— بىچارە قىز ، — دېدى جوگىندىرو ئاۋازىنى كۆ- تۈرۈپ ، — رومىشنىڭ غەيرىي ئىشلىرىدىن نومۇسى كېلىپ ماڭا كۆرۈنگۈسى كەلمەيۋاتقاندۇ ئۇنىڭ ، — ئۇ نومۇس ۋە ئازاب ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقان سىڭلىسىنى بەزلەپ قويۇش ئۈچۈن يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى . خىمنولىنى يوغان مېھمانخانىدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى . ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ، دەرھال كىتاب ئوقۇۋاتقان بولۇپ ئول- تۇرۇۋالدى . جوگىندىرو ئۆيگە كىردى . خىمنولىنى كىتابنى قو- يۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن خۇشال - خۇرام سالاملاشتى :

— ۋۇي ، قاچان قايتىپ كەلدىڭ ؟ روھىڭ چۈشكۈن كۆرۈنى- دىغۇ ؟

— نېمىشقىمۇ ئۇنداق بولمىسۇن ؟ — جوگىندىرو بىر ئورۇن- دۇقنى تارتىپ ئولتۇرۇپ چىڭ - چىڭ سۆزلىدى ، — خىمنو ، ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتىم ، ئىشقىلىپ ، ئانچە غەم قىلىپ كەت- مە ، بۇ ئىشلار مېنىڭ ئۆيدە يوقلۇقۇمدىن بولغان . بۇ ئىشنى ئوڭشاشقا ئامالىم بار ! خىمنو ، مەن سەندىن سوراپ باقايچۇ ، رومىش ھېلىقى ئىشنىڭ سەۋەبىنى ساڭا ئېيتتىمۇ ، قانداق ؟

خىمنولىنى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى . ئۇكخوي بىلەن جوگىندىرونىڭ بۇنداق گۇمانخورلۇقى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەت- تى . شۇڭا ، ئۇ ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ، رومىش ئېيتمىدى دەپ ئىقرار قىلغۇسى كەلمىدى ، يەنە بىر تەرەپتىن يالغان سۆزلەشنىمۇ خالى- مىدى .

— ئۇ ئىپتىماقچى ئىدى ، مەن ئاڭلاشنى توغرا تاپمىدىم ، — دېدى ئۇ .

«تامامەن قۇرۇق كۆرەڭلىك ، — دەپ ئويلىدى جوگىندىرو ، — تازا مىجەزىگە لايىق گەپ قىلدى - دە» .

— بەس ، بولدى ، سەنمۇ قورقمىغىن . مەن بۈگۈن چوقۇم ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئالىمەن ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ .

— مەن ھېچنىمىدىن قورقۇۋاتقىنىم يوققۇ ، — دېدى خىمنو- لىنى تېزىغا قويۇۋالغان كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ ، — يەنە كېلىپ ، مەن سېنىڭ ئۇنىڭدىن مەجبۇرىي سوراشتە قىلىشىڭنىمۇ خالىمايمەن .

«يەنە شۇ قۇرۇق كۆرەڭلىك !» دەپ ئويلىدى جوگىندىرو .

— بولدى ، بۇنىڭدىن سەن ئەندىشە قىلما ، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى .

خىمنولىنىمۇ ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ كەتتى .

— ماڭا قارا ، مەن سېنىڭ بۇ گەپنى ئۇنىڭغا قىلىشىڭغا قوشۇلمايمەن . سىلەر قانداق ئويلىساڭلارمۇ مەيلى ، ئەمما مەن ئۇنىڭدىن گۇمان قىلمايمەن .

بۇ سۆز جوگىندىروغا كۆرەڭلىكتىن چىقىۋاتقان سۆز ئەمەس- تەك تۇيۇلۇپ ، كۆڭلىدە سىڭلىسىغا مۇھەببەت ۋە خەيرخاھلىق قوزغالدى - دە ، كۆلۈمسىرىگىنىچە ئىختىيارسىز ئويغا چۆمدى : «بۇ ئوقۇغۇچى خېنىملار جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر . بۇلار كىتابتىن كۆپ نەرسە بىلگىنى بىلەن ، بىرەر گۇمانىي ئىشقا دۇچ كەلگەندە خۇددى دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان بوۋاقتەكلا بولۇپ قالىدۇ !» جوگىندىرو سىڭلىسىنىڭ ساددا ئىشەنچىسى بىلەن رو- مىشىنىڭ ئالدامچىلىقىنى سېلىشتۇرۇپ ، تۇرۇپلا رومىشقا غەزىپى كەلدى - دە ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىمىغۇچە توختىماسلىققا بەل باغلىدى . ئۇ مېڭىشقا يەنە تەمشىلىۋىدى ، خىمنولىنى كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى .

— بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن زادى سۆزلەشمەيمەن دەپ

ۋەدە بەرگىن ، — دېدى ئۇ .
— ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار .
— ۋاقتى كەلگەندە دەيدىغان ئىش يوق . ئالدى بىلەن ماڭا ۋەدە بېرىپ ، ئاندىن چىقىسەن . مەن ساڭا ئىپتسام ، سەن ئەندىشە قىلىپ كەتكۈدەك ھېچ ئىش يوق . خۇش بولۇپ قالاي ، مۇشۇنىڭغا بولسىمۇ ماقۇل دېگىن .

خىمنولىنىنىڭ بۇ قەتئىيلىكى جوگىندىرونى ، رومىش ئۇنىڭ-غا سەۋەب كۆرسىتىپ خېلى بىر نېمىلەرنى دېگەن بولسا كېرەك ، دېگەن ئويغا كەلتۈردى . لېكىن ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست بولۇ-شىمۇ ناتايىنغۇ . بىر تالاي يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئۇنى ئالداش ئانچە قىيىن ئىشمۇ ئەمەس .

— ماڭا قارا ، خىمنو ، — دېدى ئۇ ، — بۇ يەردە بىرسىگە ئىشەنمەيۋاتقان گەپ يوق . ياتلىق بولىدىغان قىزغا ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى ئىگە بولمىسا بولمايدۇ . ئۇ ساڭا بەلكىم بىر نېمە دەپ چۈشەندۇرگەندۇ ، سەن بۇنى ئېيتىشنى خالىمايۋاتىسەن . ئۇ يالغۇز ساڭىلا چۈشەندۈرسە بولمايدۇ ، يەنە بىزمۇ بار . راست گەپنى ئېيتقاندا ، خىمنو ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىنى ساڭا قارىغاندا بىزنىڭ ئاڭلىغىنىمىز ياخشى . سىلەر توي قىلىپ بولغان-دىن كېيىن ، بىزنىڭ ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ھۆرت - پۆرت دەيدىغانغا ھەققىمىز يوق ، — جوگىندىرو سۆزىنى تۈگىتىپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى .

مۇھەببەت ئۆزىنى يات كۆزلەردىن يوشۇرۇپ تۇرغان چىملىدى-قىدىن ئايرىلىپ قالدى ! رومىش بىلەن خىمنولىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا ، ئۇلارغا باشقا بىر دۇنيا يارىتىپ بەرگەنگە قەدەر كۇنسايىن چوڭقۇرلىشىپ بېرىشى كېرەك ئىدى ، ئەمما ھازىر بۇ مۇناسىۋەت ئويلىمىغان يەردىن بۇنىڭغا قىلچە خەير-خاھلىقى بولمىغانلارنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى .

بۇ بوراننىڭ ھۇجۇمى بىلەن خىمنولىنىنىڭ تىنچ كۆڭۈل ئازادىلىكى بۇزۇلدى . ئۇنىڭ تونۇش - بىلىشلىرىنىمۇ ئىزدىگۈسى

كەلمەيدىغان بولدى . جوگىندىرو كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا يېنىپ كىرىپ كەچكىچە خالىي ئولتۇردى .

جوگىندىرو چىقىپلا ئوكخوي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئوكخوي ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا :

— ئوھوي ، جوگىن ! ھەر نېمە بولسا كەپسەن . ھېلىقى ئىشتىن خەۋەر تاپتىڭمۇ ؟ سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن ؟ — دېدى .

— بۇ ئىشنى مەن خېلى كۆپ ئويلىدىم . ئەمدى بۇ ھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ پال سېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن . ھازىر ئۇستەل ئەتراپىدا چۆرىدەپ باشقىلارنىڭ پسىخولوگىيىسىنى سۆزلەپ ئولتۇرىدىغان پەيت ئەمەس .

— مەن بۇ ئىشلارغا ئانچە قىلىپ كەتمەيمەن . ساڭا مەلۇم ، مەن پسىخولوگىيە ، پەلسەپە ۋە شېئىرىيەت دېگەن نەرسىلەرگىمۇ شۇنداق . مەن ئەمەلىيەتچىل ئادەم ، مېنىڭ سەن بىلەن قىلىشىدىغان سۆزۈممۇ مۇشۇ خۇسۇستا بولىدۇ .

— ناھايىتى ياخشى ، مەنمۇ ئەمەلىي پاراڭ سالايلى دېمەكچى ، — ئالدىراڭغۇ جوگىندىرو سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — سەن ماڭا رومېشنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى دەپ بېرەلەمسەن ؟

— دەپ بېرەلەيمەن .

— نەگە كەتتى ؟

— ھازىر دېمەيمەن ، — دېدى ئوكخوي ، — بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە مەن سېنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن .

— سەن نېمىشقا ھازىر دېمەيسەن ؟ بۇ زادى قانداق گەپ ؟ — جوگىندىرو قايناپ كەتتى ، — سىلەر نېمانداق بولۇپ قالدىڭلار ؟ سىرتتا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كەلگۈچە بىر - بىرىڭلاردىن ئۆتە سىرلىق بولۇپ كېتىپسىلەرغۇ . بولدى ، ئوكخوي ، تولا گەپ ئايلاندۇرماي تېزراق دېگىن ، بۇرادەر !

— بۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ خېلى خۇش بولۇپ قالدىم . مەن كۆڭلۈمدە نېمە بولسا دەۋېتىدىغان بولغاچقا ، ئاسانلا كىشىلەرنى

ئۆزۈمگە ئۈچ قىلىۋالىمەن. سىڭلىڭنىڭ مېنى كۆرەرگە كۆزى قالمىدى؛ داداڭ مېنى كۆرسىلا گۇمانخور دەپ ئەيىبلەيدۇ؛ روـمىش ئەپەندىنىڭمۇ مەن بىلەن تازا خۇشى يوق. ئەمدى پەقەت سەنلا قالدىڭ. لېكىن، مەن سەندىن خەۋپسىرەيمەن، سەن بىر ئىشلارنى ئىنچىكىلەپ ئويلاپ كەتمەيسەن، مىجەزىڭ قارامىراق. جۇغىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، مەن بىر ئاجىز بىچارە، ساڭا تەڭ كېلەلمەيمەن!

— گېپىمنى ئاڭلا، ئوكخوي، مەن مۇنداق گەپ يورغىلىتىشـنى خالىمايمەن، كۆڭلۈڭدىكى گەپنى ئوچۇق ئېيت، نېمىشقا تىـلىڭنى چاينايسەن؟ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيت! تېز بول!

— ماقۇل، ئەمىسە ساڭا باشتىن سۆزلەپ بېرەي. بۇ يەردە سەن ئاڭلىمىغان نۇرغۇن يېڭى گەپلەر بار، — دېدى ئوكخوي.

## ئون سەككىزىنچى باب

رومىشنىڭ دورجىپاردىن ئىجارىگە ئالغان ئۆيىنىڭ قەرەلى تېخى توشمىغانىدى، يا ئۇ بۇ ئۆينى بىرەرسىنىڭ ئولتۇرۇپ تۇرۇـشىغا بەرمىدى. بۇنداق بولۇشى، ئۇنىڭ يېنى خېلى توم ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كومولا مەكتەپتىن قايتىپ كەلسە، ئولتۇرىدىغانغا ئۆي كېرەك ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى بۇ يەرگە كېلىپ ئۆيلەرنى بىر قۇر تازىلاپ، يوتقان - كۆرپىلەرنى تولۇقلاپ ھەم ئۆزۈندىن بۇيان قۇرۇق تۇرغان ئىشكاپنى يېمەكلىكلەر بىلەن توشـقۇزدى.

تەييارلىق ئىشلىرى تۈگىدى، كومولانىڭ كېلىشىگە يەنە بىر نەچچە سائەت ۋاقىت بار ئىدى. رومىش ئۆزۈن ئورۇندۇقتا سوزۇـلۇپ كەلگۈسى تۇرمۇشى ئۈستىدە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئېتويياغا بېرىپ باقمىغان، لېكىن غەربىي شىمالدىكى جايلارنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆيىنىڭ خىيالىي كۆرۈنۈشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرـمىكى ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى: مانا، شەھەر چېتىدىكى بىر

قەۋەتلىك ئۆي، ئۆينىڭ ئالدىدا ئىككى چېتىگە قاتار دەرەخلەر تىكىلگەن چوڭ يول، يولنىڭ نېرى يېقىدا كەڭ كەتكەن ئېتىزلىق، ئېتىز بېشىدىكى قۇدۇق ۋە دېھقانلار ئۇچار قۇش، مال-ۋارانلارنىڭ زىرائەتكە كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قارانچۇق بولۇپ ئولتۇرىدىغان ساتما؛ ئەنە، ياۋاش ئۆكۈز كۈن بويى قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ ئېتىزلارنى سۇغارماقتا، چىغىرىقلار تىنىمسىز غىچىرلىماقتا، پەيتونلار چوڭ يولدا چاڭ توزىتىپ بىرە-بىرە ئۆتمەكتە، ئاتلىرىنىڭ بويىندىكى قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلاشلىرى تونۇردەك قىزىپ كەتكەن كەڭرى دالىلارنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزماقتا... ئۇ خىمنولىنىنى سالقىنلىتىش ئۈچۈن ئىشىك-دېرىزىلىرى دۈملىۋېتىلگەن بايىقى ئۆيدە ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ يالغۇز زېرىكىپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بەكمۇ بىئارام بولدى. كومولاسىز خىمنولىنىنى ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق مۇھىتتا قويۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

رومىش توي قىلىشتىن ئىلگىرى كومولاغا بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمەسلىك قارارىغا كەلدى. تويدىن كېيىن خىمنولىنى بىر مۆردتىنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىدۇ، كومولانىڭ غەمخورچىسى سۈپىتىدە ئاستا، مۇلايىملىق بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ-دە، ئۇنى چىگىشلىشىپ كەتكەن قىسمەت باغلىقىدىن ئازاد قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆز يۇرتىدىن يىراققا كەتكەن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئايرىلغان كومولا قىلچە ئازابلانماي، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خاتىرجەم ھالدا ئۇلارنىڭ بۇ كىچىك ئائىلىسىدە ياشاپ قالىدۇ.

چىڭقى چۈش مەزگىلى، كوچىلار جىمجىت، ئىشچىلار ئىشلىرىغا مېڭىشقان، بىكارچىلار چۈشلۈك ئۇيقۇغا كىرىشكەندى، يېقىنلىشىپ قالغان قىشنىڭ سوغۇقى ئىسسىقنى ھەيۋىسىدىن چۈشۈرگەندەك تۇراتتى. ھاۋا خۇددى بۈگۈن-ئەتىنىڭ ئىچىدە بولىدىغان بايرامنىڭ شادلىقىدىن بىر خىل يېقىملىق بولۇپ قالغاندەك سېزىلەتتى. بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ پەيزىنى بۇزالىغىنى يوق، ئۇ يەنىلا

بەختىيار كەلگۈسىنىڭ گۈزەل سۈرىتىگە ئۆز تەسەۋۋۇرىنىڭ رەڭ-دار بوياقلىرىنى سىخىلىق بىلەن بەرمەكتە ئىدى.

ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. مەكتەپ ماشىنىسى كومولانى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەنىدى. رومىشنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. كومولانى قانداق كۈتۈ-ۋېلىش كېرەك؟ ئەمدى ئىككىسى نېمە توغرىلىق سۆزلىشىپ ئول-تۇرار؟ كومولانىڭ مۇئامىلىسى قانداق بولار؟ — بۇ سوئاللار ئۇنى شۇنچىلىك تىنچسىزلاندۇرۇۋەتتىكى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى. رومىشنىڭ ئىككى خىزمەتكارى بىنانىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇلار كومولانىڭ چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭدى ۋە ئۆيگە كىرىپ چامادانىنى بالكونغا قويدى. ئۇلارنىڭ كەي-نىدە كېلىۋاتقان كومولا بوسۇغا ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى.

— كىرىڭ، كومولا، — دېدى رومىش. كومولا بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئاخىر كىردى. رومىشنىڭ ئۇنى، نېمە بول-ساڭ بولىمسەن، دەپ تەتىلدە مەكتەپتە قالدۇرۇپ قويماقچى بول-غانلىقى ئۇنى قانچە قېتىملاپ يىغلاتمىدى دەيسىز. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىدە قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇزۇن ۋاقىت كۆرۈشمىگەن-لىكتىن، ئۇنىڭدا بىر خىل ياتسىراش پەيدا بولۇپ قالغانىدى. كومولا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن رومىشقا قاراپمۇ قويماي، تالاغا تىكىلىپ تۇرۇۋالدى.

رومىش كومولانىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران بول-دى. گويا ئۇنىڭ ئالدىدا پۈتۈنلەي ناتونۇش بىرسى تۇرغاندەك قىلاتتى. بۇ بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، رومىشقا خۇددى بىر يۇمران مايسا تېزلا بوي تارتىپ ۋايىغا يېتىپ قالغاندەك بىلىندى. بۇ يېزا قىزىنىڭ تولغان قامىتىدىكى ھېلىقى قاۋۇللۇق ئالامەتلىرى يوقالغان، بىر خىل بالىلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىمۇ بىر ئاز تارتىلىپ قالغان-دى. تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن رەڭگىرويىدىن ئاجايىپ بىر خۇلق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى؛ يۈزىدىكى نۇر يېغىپ تۇرىدىغان

قىزىللىقىنىڭ ئورنىنى بىر خىل سىرلىق ئىگىلىگەندى ، يورۇش - تورۇش ، ئۆزىنى توتۇشلىرىدىن چوڭ سوپەتلىك ، نازا-كەتلىك چىقىپ تۇراتتى .

ئۇ بىشىنى سەل قىيسايتقان ھالدا ، ئوچۇق تۇرغان دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . كۆزىنىڭ كەچكى ئاپتىپى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى . ئۇ يالاڭئاياغ ئىدى ، قىزىل لىنتا چىگىۋالغان ئۇزۇن چاچلىرى بىلىگە چۈشۈپ تۇراتتى .زاراڭزا چىچەكنىڭ رەڭگىدىكى يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆڭلىكى ئۇنىڭ نازۇك جىسمىغا يارىشىپ كەلگەندى .

رومىش ئۇنىڭغا ئۇندىمەي تىكىلىپ تۇراتتى .

كومولانىڭ گۈزەللىكىگە قارىتا ئۇ بىر نەچچە ئاي ئاۋۋالقى غۇۋا ئەسلىمىسى بىلەنلا قالغانىدى ، ھازىر كومولاغا بۇ يېڭى زىبا-لىقلار ئۇستىلەپ قوشۇلۇپتۇ . چەكسىز ھەيرانلىق ئىچىدە قالغان رومىش بۇ گۈزەل رۇخسارنىڭ جازىبىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى .

— ئولتۇرۇڭ ، كومولا ، — دېدى رومىش . كومولا ئۇندىمەي ئولتۇردى .

— ئوقۇشلار قانداق ؟

— ياخشى ، — ئۇ سوغۇقلا جاۋاب قايتۇردى .

رومىشنىڭ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا ، ئۇشتۇمتۇت ئېسىگە بىر ئىش كىچىپ :

— سىز چوقۇم بىر نېمە يېمىدىڭىزغۇ دەيمەن . سىزگە تاماق تەييارلىتىپ قويغان ، ئەپكىرگۈزۈپ بېرەيمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بولدى ، رەھمەت سىزگە ، — دېدى كومولا ، — مەن مېكتەپتىن بۇرۇن تاماق يەۋالغان .

— سىز ھېچنېمىلا يېمەمسىز ؟ — دەپ سورىدى رو-مىش ، — تاتلىق - تۈرۈم بىلەن خۇشىڭىز بولمىسا ، مېۋە يەڭ ، ئالما ، ئانار ، ئامۇت دېگەننىڭ ھەممىسى بار .

كومولا بېشىنى چايقىدى .

رومىش ئۇنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم قارىدى . ئۇ بېشىنى

سەل ئېغىشتۇرۇپ ئىنگلىزچە دەرسلىكتىكى سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى . خۇددى سېھىرلىك ھاسىنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان باي-لىقلارنى تېپىپ چىققىنىغا ئوخشاش ، كومولانىڭ گۈزەل رۇخسارى-مۇ بارلىق پىنھان گۈزەللىكلەرنى يورۇققا چىقارغاندەك تۇراتتى : يېقىملىق قۇياش نۇرىغا ئۇشتۇمتۇت جان كىرىپ قالغاندەك ، كۆز مەنزىرىسىمۇ ئۇشتۇمتۇت مۆئەييەن بىر مەۋجۇداتقا ئايلىنىپ قال-غاندەك بولدى . بۇ قىز ، بارلىق سەييارىلەرنى ئۆز ئوربېتىسى ئىچىدە چەكلەپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشاش ، ئاسمان ، ھاۋا ، نۇر ۋە قېشىدىكى پۈتكۈل نەرسىلەرنى ئۆز ئەتراپىدا ھەرىكەتكە سېلىپ قويۇپ ، بىر چەتتە گەپ قىلماي ، خىرامان سۈرەت كۆرۈپ ئولتۇ-راتتى .

رومىش ئالمان ـ تالمان چىقىپ بىر پەتنۇسقا دۆۋىلەپ ئالما ، ئامۇت ۋە ئانار ئېلىپ چىقتى .

— كومولا ، سىز ھېچنېمە يېمەيدىغاندەك تۇرىسىز ، — دېدى ئۇ ، — مېنىڭ قورسىقىم بەكلا ئاچ ، ئەمدى مەن چىدىمايدىغاندەك تۇرىمەن .

كومولا كۈلۈمسىرەپ قويدى . بۇ كۈلۈمسىرەش پاللىدە چىق-قان ئاپتاپتەك ئىككى ئوتتۇرىدىكى سالقىن تۇماننى سۈرۈپ تاشلى-دى . رومىش بىر تال قەلەمتىراچنى ئېلىپ ئالما ئاقلاشقا كىرىش-تى ، لېكىن ئۇنىڭ قولى ھېچقانداق ئىشقا قولاشمايتتى . ئۇنىڭ ئالما يېيىشكە تاقىلداپ كېتىۋاتقانلىقى ، قولىنىڭ قولاشماي كەت-كەنلىكى كومولاغا بەكلا قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى .

ئۇنىڭ ئېچىلىپ كۈلگىنىنى ئاڭلاپ ، رومىش خۇشال بولدى .

— ئالما ئاقلىيالمايدىكەنسىز دەپ كۈلۈۋاتىسىزغۇ دەيمەن ، — دېدى ئۇ ، — قېنى سىز ئاقلاپ بېقىڭا ، قانداق ئاقلايدىكەنسىزكىن ؟

— مېۋە ئاقلايدىغان پىچاق تېپىپ بەرسىڭىز ئاقلايمەن ، — دېدى كومولا ، — بۇ كىچىككىنە قەلەمتىراچىڭىز بىلەن نېمە

قىلغىلى بولىدۇ ؟

— ئۇنداق پىچاقنى بۇ يەردە يوقمىكىن دەمسىز ، — دېدى رومىش ۋە خىزمەتكارنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن پىچاق بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى .

— بار ، ئەپەندى ، ئاخشام بىز ئاشخانىغا لازىملىق ھەممە نەرسىنى ئەپكېلىپ قويغان ، — دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكار .

— پاكىز سۇرتۇۋېتىپ ئەپكەلگىن ، — دەپ بۇيرۇدى رومىش .

پىچاق ئېلىپ كېلىندى . كومولا ئايىغىنى يېشىۋېتىپ ئولتۇردى ۋە ھەش ـ پەش دېگۇچە ھېلىقى ئالمىنى ئاقلاپ بولدى ، ئاندىن ئۇنى بىر نەچچە پارچىغا بۆلدى . رومىش ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ، پەتنۇستىكى كېسىپ قويۇلغان ئالمىلارنى ئاغزىغا سېلىۋەردى .

— سىزمۇ يەڭ ، — دېدى رومىش .

— ياق ، رەھمەت ، — دېدى كومولا .

— ئەمىسە ، مەنمۇ يېمەيمەن .

كومولا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى ـ دە :

— ئۇنداق بولسا ، سىز يەڭ ، سىز يەپ بولغاندىن كېيىن مەن يەي ، — دېدى .

— لېكىن ، يالغان سۆزلىسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ ، سىز مېنى ئالداۋاتمايدىغانسىز ؟

— ياق ، مەن ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايمەن ، — دېدى كومولا بېشىنى ھەدەپ چايقاپ .

رومىش بۇ گەپتىن قانائەت ھاسىل قىلدى ـ دە ، پەتنۇستىن بىر كېسىم ئالمىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ قېتىپلا قالدى .

جوگىندىرو بىلەن ئوكخوي ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى .

ئالدى بىلەن ئوكخوي ئېغىز ئاچتى :

— كەچۈرۈڭ ، رومىش ئەپەندى ، بىز سىزنى يالغۇزمىكىن دەپ ئويلاپتۇق . جوگىن ، بىز ئۇقتۇرۇپ قويماي كىرىپ يامان قىپتۇق ، پەستە كۈتۈپ تۇرايلى .

چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن كومولانىڭ قولىدىكى پىچاق يەرگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى . ھېلىقى ئىككىسى يولنى توسۇپ تۇراتتى ، جوگىندىرو بىر يانغا سەل سۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا يول بەردى ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى كومولاغا مىختەك قادالغانىدى . كومولا ھولۇققان ھالدا ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

## ئون توققۇزىنچى باب

— رومىش ، بۇ قىز كىم بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى جوگىندىرو .

— تۇغقىنىم بولىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى رومىش .

— قانداق تۇغقىنىڭ ؟ — جوگىندىرو يەنە سورىدى ، — ئۇ سىلەرنىڭ ئەۋلادىڭلارغا ئوخشىمايدىغۇ ، ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى باشقىچە مۇناسىۋەتقۇ دەيمەن . سەن ماڭا ھەممە تۇغقانلىرىڭنى دەپ بەرگەن ، لېكىن بۇنداق تۇغقىنىڭنىڭ بارلىقىنى ئېيتمىغان .

— بۇنداق دېمە ، جوگىن ، — ئوكخوي سۆز ئارىلىدى ، — بەزى ئىشلارنى ئۆز ئاغىنىسىدىن سىر قىلىپ ساقلايدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ .

— رومىش ، — دېدى جوگىندىرو ، — بۇ راستتىنلا شۇنچىلىك مۇھىم سىرمۇ ؟

رومىشنىڭ چىرايى دەرھال قىزاردى .

— شۇنداق ، بۇ بىر سىر ، — دېدى ئۇ ، — مەن سەن بىلەن بۇ قىز توغرىسىدا سۆزلىشىشنى خالىمايمەن .

— ئەپسۇسكى ، — دېدى جوگىندىرو ، — مەن سەن بىلەن دەل مۇشۇ قىز توغرىسىدا سۆزلىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن . ئەگەر

سەن خىمنولىنى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشمىگەن بولساڭ، ماڭىمۇ سېنىڭ نەسەبىڭنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇش زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. تى، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ مەخپىيىتىڭنى ساقلاپ يۈرۈۋېرەتتىڭ.

— ھازىر پەقەت ساڭا شۇنداقلا دېيەلىشىم مۇمكىن، — دېدى رومىش، — دۇنيادا مېنىڭ ھەر قانداق ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم خىمنولىنى بىلەن ھەق نىكاھلىق بولۇشۇمغا كاشىلا بولالمايدۇ.

— سەن ئۇچۇن شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن خىمنولىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي بۇنداق بولمايدۇ. مەن ھازىر سەندىن بىر گەپنى سورىۋالاي: سەن زادى ئۇ قىز بىلەن تونۇشقانمۇ، قانداق؟ سەن ئۇنى نېمىشقا بۇ يەردە يوشۇرۇن ساقلايسەن؟ — دېدى جوگىندىرو.

— بۇنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەم بايام دېگەن سىرنى ساڭا ئېچىپ بەرگەن بولىمەن، مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنگىن، ھازىرچە مۇشۇ گەپنى سورىماي تۇرساڭ، بولامدۇ؟

— بۇ قىزنىڭ ئىسمى كومولامۇ؟ — دېدى جوگىندىرو.

— ھەئە.

— سەن ئۇنى مېنىڭ ئايالىم دەپ باشقىلارغا دېگەنمىدىڭ؟

— دېگەن.

— شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە ماڭا ئىشەنگىن دەۋاتامسەن؟ ئۆز ۋاقتىدا بىر مۇنچە ئادەمگە بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم دەپ بولۇپ، ئەمدى ئەمەس دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىسەن. سەممىيلىك جەھەتتە سېنى ياخشى ئۇلگە دېگىلى بولمىغۇدەك، — دېدى جوگىندىرو.

— بۇ گېپىڭچە، بىز ئۇنىۋېرسىتېتلاردا سۆزلەپ قالساق، ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى سەممىيلىكنىڭ مىسالى سۈپىتىدە نەقىل كەلتۈرسەك بولمايدىكەن ـ دە. ھەي، ئەزىز بۇرادەر، نېمىلا دېگەنبىلەن رېئال تۇرمۇشتا، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئۇچۇن ئوخشىمىغان كىشىلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان ئىككى خىل گەپ قىلىش زۆرۈرىيىتى بولۇپ قېلىشىمۇ ئېھتىمال. بۇ ئىككى خىل گەپنىڭ بىر-

سى ئەلۋەتتە، راست. شۇ بويىچە بولغاندا، رومىش ئەپەندىنىڭ بايام ساڭا ئېيتقىنى راست گەپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى ئوكخوي.

— بۇ خۇسۇستا مەن سىلەرگە يەنە ھېچنېمە دېمەكچى ئەمەسمەن. پەقەت شۇنى ئېيتالايمەنكى، مەن خىمنولىنى بىلەن توي قىلىشتا ۋىجدانىمغا خىلاپ ھېچقانداق ئىش قىلغىنىم يوق. كومولانىڭ ئىشىنى سىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشنى رەت قىلالايدىغان تولۇق ئاساسىم بار. سىلەر مېنىڭدىن قانچە گۇمانلانساڭلارمۇ، مەن بۇ ئىشنى ئېيتسام توغرا بولمايدۇ، بۇ مېنىڭ بەختىم ۋە ئابرۇيۇمغا تاقىشىدىغان ئىش بولغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن جەزمەن ھەممىنى دەپ بەرگەن بولاتتىم. لېكىن، مەن ھازىر ئۇنداق قىلسام باشقا بىرسىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىمەن، شۇڭا تەلىپىڭلارنى رەت قىلىشقا مەجبۇرمەن.

— سەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خىمنولىنىغا ئېيتقانمۇ؟ — دەپ سورىدى جوگىندىرو.

— ياق، تويدىن كېيىن جەزمەن ھەممىنى ئېيتىمەن. ئەگەر ئۇ خالىسا ھازىر ئېيتساممۇ بولىدۇ.

— ئۇنداقتا، ھازىر كومولادىن بىر نەچچە مەسىلىنى سوراپ باقسام بولامدۇ، — دېدى جوگىندىرو.

— ھەرگىز بولمايدۇ! — دېدى رومىش، — مېنى گۇناھكار ھېسابلىساڭ، ماڭا توقۇيدىغان توقۇمىڭنى توقۇۋەر. كومولا پۈتۈنلەي گۇناھسىز، ئۇنى چاقىرىپ سوراق قىلىشىڭغا يول قويمايمەن.

— ئەمدى بىرەرسىدىن سوراپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن قالمىدى. ھەممە ئىش ماڭا ئايان، سېنىڭ سۆزلىرىڭمۇ بۇنى يېتەرلىك دەلىللىدى. ساڭا شۇنى ئوچۇق ئېيتىپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىزنىڭ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا يولايدىغان بولساڭ، مەندىن رەنجىمىگىن، — دېدى جوگىندىرو.

رومىشنىڭ چىرايى دەرھال ئۆزگەردى، لېكىن ئۇ جاۋاب قايتۇرمىدى. جوگىندىرو سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن يەنە بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي ، مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن ، خىمنولىنى بىلەن خەت يېزىشىدىشىڭغا ، باردى ـ كەلدى قىلىشىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ . ناۋادا سەن ئۇنىڭغا بىرەر پارچە خەت يازىدىكەنسەن ، ئۇ چاغدا سىرىڭنى خەلقئالەمگە ئېچىۋېتىمەن . مەندە دەلىل ـ ئىسپات يېتەرلىك ، ئەگەر بىرەرسى بۇ توينى نېمىشقا قىلمايدىغان بولۇپ قالدىڭلار ، دەپ سوراپ قالسا ، مەن قوشۇلمىدىم ، دەپلا جاۋاب بېرىمەن . مەن ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېيتماقچى ئەمەسمەن . ئەگەر سەن ھوشۇڭنى تاپمايدىغان بولساڭ ، ئۇ چاغدا چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن ! ۋىجدانسىزلىقىڭغا مۇنچىلىك كەڭ قورساقلىق قىلىۋاتقىنىمغا بەلكىم ئەجەبلىنىۋاتقانسەن . سەن ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ قالما ، بۇ ئىش سىڭلىمغا تاقىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سەن ئوڭايلا قۇتۇلۇپ قالدىڭ . ئاخىرىدا ساڭا شۇنى دەپ قوياي ، بۇنىڭدىن كېيىن گەپ ـ سۆزلىرىڭدە ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭدە ، بۇرۇن خىمنولىنى بىلەن يۈرگەنلىكىڭنى بىلدۈرمەيسەن . مەن ھازىر سەندىن ۋەدە ئېلىۋالماقچى ئەمەسمەن ، بۇنىڭ ماڭا لازىمى يوق . سېنىڭ بۇ ئالدامچىلىقلىرىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە سەندىن بىرەر ئېغىز راست گەپ چىقىپ قالارمىكىن دەيدىغان تەمەيىممۇ يوق . ئەگەر سەندە ئازراق بولسىمۇ نومۇس دېگەن نەرسە قېپقالغان بولسا ، كىشىلەر ئالدىدا يۈزۈم چۈشمىسۇن دېسەڭ ، ھەر ھالدا سەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشۇمغا سەل قارىمىغىن .

— بولدى قىل ، جوگىن ، بولدى قىل ! رومىش ئەپەندىنى مۇنچىۋالامۇ تەڭلىككە سالامسەن؟ سەن يېرىم كۈن سۆزلىگۈچە ئۇنىڭ بىر ئېغىز ئۇندىمەي تۇرغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ ! ياخشىسى ، بىز كېتەيلى . كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ ، رومىش ئەپەندى ، ئەمىسە بىز ماڭدۇق ، — دېدى ئوكخوي .

جوگىندىرو بىلەن ئوكخوي چىقىپ كەتتى . رومىش خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى . ئۇنىڭ ئېسەنگىرەشتىن ئەسەبىيلەشكەن نېرۋىلىرى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى . ئۇ تالاغا چىقىپ مېڭىـ

سىنى بىر ئاز سەگىتىپ ، ئاندىن قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلانماقچى بولدى ، بىراق كومولا ئىسىگە كەچتى ، ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇشقا بولمايتتى .

ئۇ ياندىكى ئۆيگە كىردى . قىز دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ قويۇپ كوچىغا قاراپ ئولتۇراتتى . ئۇ رومىشنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا دېرىزىنى ياپتى ـ دە ، كەينىگە بۇرۇلدى . رومىش پولغىلا ئولتۇردى .

— ئۇلار كىم ؟ — دەپ سورىدى كومولا ، — ئۇلار بۈگۈن ئەتىگەن بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىپتىكەن .

— مەكتەپكە باردى دەمسىز ، راستمۇ ؟

— راست ! — دېدى كومولا ، — ئۇلار سىز بىلەن نېمىلەرنى دېيىشتى ؟

— ئۇلار ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى سورىدى .

كومولاغا قېيىنانىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ياش كېلىن قانداق سورۇندا ھايا قىلىش لازىملىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاش نېسىپ بولمىغانىدى ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇ ئۇياتچان بولغاچقا ، رومىشنىڭ بۇ سۆزىدىن ۋىللىدە قىزاردى . رومىش سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— مەن ئۇلارغا بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق دېدىم .

بۇ چاقچاق كومولاغا تېتىقسىز تۇيۇلدى ، ئۇ ئاچچىقلىنىپ تەتۈر قارىۋالدى .

— قويۇڭا ، مۇشۇمۇ گەپمۇ !

رومىش ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىش ـ ئېيتماسلىق ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى .

دەل شۇ پەيتتە ، كومولا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ :

— قاراڭ ، ئالمىڭىزنى قاغا ئېلىپ قاچتى ! — دەپلا ئالدىراش سىرتقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى ۋە قاغىنى قوغلىۋېتىپ مېۋىنى پەتنۇسى بىلەن ئېلىپ كىردى ، — سىز يەنە يەمسىز ؟ — پەتنۇسنى

ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ سورىدى .

رومىشنىڭ ھېچنېمە يىگۈسى يوق ئىدى ، لېكىن كومولانىڭ كۆيۈنۈشىدىن ئىختىيارسىز تەسىرلەندى .

— سىزمۇ بىر ئاز يېمەمسىز ؟ — دېدى ئۇ .

— ئالدى بىلەن سىز يەڭ ، — دېدى كومولا . ئۇ ئاياللار ئىنتائەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىنى ساقلاپ ، ئالمىنى «ئېرى» يېمىگۈچە يېمەي ئولتۇردى . بۇ ئەسلىدە كىچىك بىر ئىش ئىدى ، بۇ گۆدەك قىزنىڭ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، رومىش يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى . ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ نېرۋىسى جىددىيلىشىپ بىر يەرگە بارغانىدى . ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى . ئۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى ـ دە ، مېۋە يېيىشكە باشلىدى .

— كومولا ، بىز بۇگۈن كەچتە يۇرتىمىزغا قايتىشىمىز كې-رەك ، — دېدى ئۇ كومولاغا .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كومولانىڭ چىرايى تۇتۇلدى .

— مەن ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىمايمەن ، — دېدى ئۇ .

— ئەمىسە ، مەكتەپتە تۇرۇشنى خالامسىز ؟

— ياق ، ئەمدى ھەرگىز مەكتەپكە ئەۋەتىدىغان گەپنى قىل-ماڭ ، قىزلار سىز توغرىلىق تولا گەپ سوراپ بىشىمنى ئايلاندۇرۇ-ۋېتىدىكەن .

— سىز ئۇلارغا نېمە دېدىڭىز ؟ — دېدى رومىش .

— مەن ئۇلارغا ھېچنېمە دېمىدىم . ئۇلار نېمىشقا تەتىلدە سىزنى مەكتەپتە قالدۇرۇپ قويىدۇ ، دەپ سوراۋەردى . مەن··· — كومولا سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى . بۇ ئىش يادىغا كەچىلا ، ئۇنىڭ يۈرەك يارىسى قوزغىلاتتى .

— مېنىڭ ھېچنېمىڭىز ئەمەسلىكىمنى نېمىشقا ئۇلارغا دېمە-دىڭىز ؟

كومولا ئەمدى چىدىمىدى ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ :

— يوق گەپنى قىلماڭ ! — دېدى .

«ئاھ ، خۇدا ، مەن ئەمدى قانداق قىلارمەن» دېدى رومىش ئۆز كۆڭلىدە . ئۇنىڭ ئېغىزدىن چىقىرالمايۋاتقان سۆزلىرى خۇددى ئىچىدە قىمىلداۋاتقان قۇرتتەك ئۇنى ئازابلايتتى . نۇرغۇنلىغان چىگىش سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ ئىچى ـ تېشىنى قاتۇرۇۋەتتى : شۇ تاپتا جوگىندىرو خىمنولىنىغا نېمىلەرنى دەۋاتقاندۇ ؟ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىمنولىنى نېمە ئويلاۋاتقاندۇ ؟ بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇ خىمنولىنىغا قايسى يوسۇندا چۈشەندۈرەر ؟ ئۇزۇن مۇددەت خىمنولىنىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشنىڭ ئازابىغا ئۇ قانداقمۇ چىدار ؟ ئۇنىڭ ئېسەنگىرەپ كەتكەن كاللىسى بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا ئاجىز ئىدى .

ئۇنىڭغا شۇ نەرسە مەلۇملۇقكى ، ھازىر كالكۇتتىدىكى دوست ـ دۈشمەنلىرىنىڭ ئاغزىدا پەقەت مۇشۇ گەپلا ئىدى . ئۇ كومولانى ئايالىم بولىدۇ ، دەپ باشقىلارغىمۇ ئېيتقان ، بۇ خاتالىق ھازىر يامراۋاتقان پىتنە ـ ئىغۋالارنىڭ ئازغىنا قۇدرىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ . ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئارتۇق بىر كۈن تۇرۇشىمۇ بولمايتتى .

ئۇنىڭدىكى بۇ پەرىشانلىق كومولانىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويدى .

— زادى نېمە ئىش سىزنى بۇنچە پەرىشان قىلىۋاتىدۇ ؟ — دېدى ئۇ ، — كەتمىسەك بولمايدۇ ،دېسىڭىز ، بوپتۇ ، سىز بىلەن بىللە كېتەي .

قىزنىڭ ئۆز ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ ئۆزىگە مۇنچىلىك ئىتائەت قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، رومىشنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئازابلاندى . زادى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇ بۇ گەپكە جاۋاب بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ كومولاغا تىكىلگىنىچە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . كومولا بۇ ئەھۋالغا جىددىي مۇئامىلە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

— ماڭا قاراڭ ، مېنىڭ تەتىلدە مەكتەپتە قېلىشقا ئۇنىمىغانلىقىم سىزنى دىققەت قىلىپ قويمىغاندۇ ؟ خۇش بولاي ، راستىنى

ئېيتىڭ !

— راستىمنى ئېيتسام ، — دېدى رومىش ، — مەن سىزنىڭ بىرەر ئىشىڭىزغا ئەمەس ، ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا دىققەت بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن .

رومىش قالايمىقان ئوي ـ خىياللارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن زورغا قۇتۇلۇپ ، پۈتۈن زېھنىنى كومولا بىلەن بولغان پاراڭغا قاراتتى .

— ئەمدى مەن سىزدىن سوراپ باقاي ، كومولا ، — دېدى ئۇ ئەلتەكلىك بىلەن ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەكتەپتە نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز ؟

كومولا دەرھاللا ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملەر توغرىلىق گەپ باشلاپ كەتتى . ئۇ رومىشنى تازا ھەيـران قالـدۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ ، ئۆزىنىڭ يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى . رومىش دەرھال بۇ مەسىلىگە گۇمانىي كۆز قارىشىنى قويدى . كومولا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ :

— ھوي ، بىزنىڭ كىتابتا شۇنداق دېگەن تۇرسا ، بىز ئۇ كىتابنى پۈتۈنلەي ئوقۇپ بولدۇق ، — دېدى .

— مۇنداقمۇ ئىش بار دەڭ ! — رومىش ھەيران قالغان قىياپەتتە ئۇنى گەپكە سالدى ، — كىتابتا راست شۇنداق دېگەنمۇ ؟ ئۇ كىتابىڭلار قانچىلىك يوغان ؟

بۇ گەپتىن كومولانىڭ ئاچچىقى كەلدى .

— ئۇ كىتاب ئانچە چوڭ ئەمەس ، لېكىن رەسمىي مەتبەئەدە باسقان ، يەنە كېلىپ تېخى رەسىملىرىمۇ بار !

روشەنكى ، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت ئىدى ، رومىش تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى .

كومولا ئۆگەنگەن ئاز ـ تولا نەرسىلىرنى تەپسىلىي دەپ بولغاندىن كېيىن ، قىز ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ، مەكتەپ ھاياتىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى . رومىشنىڭ يەنە دىققىتى چېچىلدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ پاراڭغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغاندەك ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ : «ھە ـ ھە» دەپ

قوياتتى ، بەزىدە چالا ـ بۇلا قۇلىقىغا كىرىپ قالغان بىرەر ـ يېرىم ئېغىز سۆز بويىچىلا ئورۇنسىز سوئاللارنى تاشلاپ قوياتتى . كومولا ئاخىر بولالماي ۋارقىرىۋەتتى :

— سىزگە مېنىڭ گېپىم خۇشياقماي قالدى ! — ئۇ ئاچچىقـ لىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— هوي ، هوي ، كومولا ، — دېدى رومىش ئالدىراپ ـ تېنەپ ، — خاپا بولماڭ ، بۇگۇن ، ئىشقىلىپ ، نېمە بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن .

— مىجەزىڭىز يوقـمۇ ؟ نەردىڭىز ئاغرىۋاتـدۇ ؟ — كومولا ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ سوراشقا باشلىدى .

— مىجەزىم يوقمۇ ئەمەس ، بىر يېرىممۇ ئاغرىمايدۇ ، لېكىن بۇگۇن تۇرۇپلا باشقىچە بولۇپ قېلىۋاتىمەن . قېنى سۆزلەۋېرىڭ .

— جۇغراپىيە دەرسلىكىمىزدىكى رەسىملەرنى كۆرۈپ باقامـ سىز ؟ — كومولا ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆگەنگەن نەرسىلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچماقچى بولدى . رومىش ناهايىتى قىزىققان قىياپەتتە ئۇنى دەرهال ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى . كومولا شۇ زامان كىتابنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېچىپ قويدى .

— سىز هازىر كۆرۈپ ئولتۇرغان بۇ ئىككى شار ، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى كومولا ، — ئەمەلىيەتتە بىر . سىزمۇ بىلىسىز ، ئادەم يۇملاق نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بىرلا ۋاقىتتا كۆرەلمەيدۇ .

رومىش چوڭقۇر ئويلانغان قىياپەتتە :

— تۇز نەرسىمۇ شۇنداق ، — دېدى .

كومولا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— شۇڭا ، بۇنىڭدا شەرقىي يېرىم شار بىلەن غەربىي يېرىم شارنى ئىككى رەسىم قىلىپ سىزىشقا توغرا كەلگەن .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار تەتىلنىڭ بىرىنچى كېچىسىنى مۇشۇنـ داق ئۆتكۈزۈشتى .

# يىگىرمىنچى باب

ئونۇودا ئەپەندى جوگىندىرو بىرەر خۇشخەۋەر ئېلىپ كېلىپ ، بارلىق ئۇقۇشماسلىقلارنى يوق قىلىۋەتسىكەن ، دەپ چىن كۆڭلىدىن تىلەپ ئولتۇراتتى . جوگىندىرو بىلەن ئوكخوي ئۆيگە كىرىشىگە ، ئۇ ناھايىتى جىددىيلەشكەن ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى .

— قولاق سال ، دادا ، — دېدى جوگىندىرو ، — رومىش شۇنچىلىك قىلىپ كەتكۇچە قاراپ تۇرغىنىڭغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ . مۇشۇنداق بولىدىغىنىنى بىلگەن بولسام ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى ساڭا تونۇشتۇرمايدىكەنمەن .

— خىمنولىنى رومىش بىلەن توي قىلىپ قالسا ، سەن چوقۇم رازى بولىسەن ، دەپ ئۆزۈڭ سۆزلەپ يۈرەتتىڭ . ناۋادا سەن توسقان بولساڭ ، ئۇ چاغدا مەن...

— بۇ ئىشنى توسۇشنى مەن ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان ، لېكىن...

— لېكىن - پېكىنىڭنى قوي ! يا بۇ توينى قىلىش كېرەك ، ياكى دەرھال توختىتىش كېرەك ، ئۈچىنچى يول يوق ، — دېدى ئونۇودا ئەپەندى .

— لېكىن ، — دېدى جوگىندىرو ، — بۇ ئىش مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتى...

شۇ ئەسنادا ئوكخوي كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزگە ئارىلاشتى :

— بەزى ئىشلار باشقا ئادەملەر ئارىلاشمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلىۋېرىدۇ . ئۇ خۇددى پۈۋلىگەن شارغا ئوخشاش ئاستا - ئاستا يوغىناپ پارتلاش دەرىجىسىگە قاراپ يېقىنلايدۇ . نېمىلا دېگەنبىلەن ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىش بەرىبىر ئورنىغا كەلمەيدۇ . ئەڭ ياخشىسى ، بىز ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلىنايلى .

— سىلەر زادى رومىشنى كۆردۈڭلارمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئونئودا ئەپەندى تاقەتسىزلىنىپ .

— كۆرمىدىمىكىن دەمسەن ، كۆردۇق ، ئۆز ئۆيىدە راھەتلە-نىپ ئولتۇرۇپتۇ ، تېخى ئۇنىڭ خانىمى بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق .

ئونئودا ئەپەندى قېتىپ تۇرۇپلا قالدى .

— خانىمى بىلەن كۆرۈشتۇق ؟ — ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئوغلىنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى .

— شۇنداق ، رومىشنىڭ خانىمى بىلەن كۆرۈشتۇق ، — دېدى جوگىندىرو .

— ئۇقالمايۋاتىمەن ، قايسى رومىشنىڭ خانىمى ؟

— بىزنىڭ ھېلىقى رومىشنىڭچۇ ! — دېدى جوگىندىرو ، — ئۇ ئۆتكەن قېتىم ئۆيىگە توي قىلغىلى بارغانىكەن .

— دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئىشمۇ ۋۇجۇدقا چىقمىغاندۇ ؟

— ئۇ دادىسى ئۆلۈشتىن بۇرۇن توي قىلغان ، — دېدى جوگىندىرو .

ئونئودا ئەپەندى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بېشىنى قاشلاپ ئول-تۇرۇپ قالدى ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن :

— ئۇنداق بولسا ، ئۇ بىزنىڭ خىمنولىنى بىلەن توي قىلسا بولمايدۇ ، — دېدى .

— شۇڭا ، بىز...

— نېمىلا دېمە ، پاكىت ھامان پاكىت : توينىڭ ھەننىۋا تەي-يارلىقى پۈتۈپ قالغان ، توي بۇ يەكشەنبە بولمايدۇ ، كېيىنكى يەكشەنبىگە سۈرۈلدى ، دەپ ھەممە ئادەمگە خەۋەر يېزىۋەتتۇق . ئەمدى يەنە ، توي بولمايدىغان بولدى دەپ خەت يازامدۇق ؟

— ئەمدى كېچىكتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق . كىچىككىنە ئۆز-گەرتىش كىرگۈزسەكلا ، بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز شۇ پېتى كېتىۋېرىدۇ ، — دېدى جوگىندىرو .

— قانداق ئۆزگەرتىش ؟ — دېدى ئونئودا ئەپەندى قىزىققان ھالدا .

— بۇ ناھايىتى ئاسان ئىش : رومىشنىڭ ئورنىغا باشقا بىر يىگىت تاپىمىز ـ دە ، كېلەر يەكشەنبە ئەسلىدىكى پىلانىمىز بويىچە توينى ئۆتكۈزىۋېرىمىز . بۇنداق قىلمىساق ، كېيىن خەقنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرەلمەيمىز ، — جوگىندىرو سۆزلەپ كېلىپ ئوكخويغا لەپپىدە قاراپ قويدى .

ئوكخوي خىجىل بولغان قىياپەتتە يەرگە قارىۋالدى .

— مۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەدىن يىگىت تاپىسەن ؟ — دېدى ئونىودا ئەپەندى .

— ئۇنىڭدىن غەم قىلما ، — دېدى جوگىندىرو .

— بۇنىڭغا خىمنولىنىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىڭ كېرەك ـ دە .

— رومىشنىڭ بۇ ئىشىدىن ئاڭلىسا ئۇ سۆزسىز قوشۇلىدۇ ، — دېدى جوگىندىرو .

— بوپتۇ ، ئۆزۈڭ ماقۇل تاپقىنىڭنى قىلىۋەر . نېمىلا دېگەن بىلەن ، بۇ ناھايىتى بەختسىز ئەھۋال بولدى . رومىش قول ئىلكىدە بار ، ئۆزىمۇ زېرەك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ياخشى تەربىيە كۆرگەن بالا ئىدى . تويدىن كېيىن ئۇنىڭ ئېتوپىياغا بېرىپ ئادۋوكاتلىق قىلىشى توغرىسىدا تېخى تۈنۈگۈنلا كېلىشكەنىدۇق . بىر كېچىدىلا شۇنچە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان ! — دېدى ئونىودا ئەپەندى .

— بەس ، دادا ، — دېدى جوگىندىرو ، — بۇ ئىشقا ئۆزۈڭنى ئۇپرىتىپ كەتمە . رومىش خالىسا ئېتوپىياغا بېرىپ ئادۋوكاتلىقىنى قىلىۋەرسۇن ، مەن خىمنولىنىنى چاقىرىپ چۈشەي . ئەمدى بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ .

ئۇ چىقىپ كېتىپ ، بىر ئازدىن كېيىن خىمنولىنىنى باشلاپ كىردى . ئوكخوي ئۆزىنى بۇلۇڭدىكى كىتاب جازىسىنىڭ دالدىسىغا ئالدى .

— ئولتۇرغىن ، خىمنو ! — دېدى جوگىندىرو ، — سەن بىلەن سۆزلىشىدىغان ئازراق پارىڭىمىز بار .

خىمنولىنى ئۇندىمەستىن ئورۇنـدۇققا كېـلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.
— رومىشنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن بىرەر گۇمانلىق ئەھۋالنى سەزگەنمىدىڭ؟ — دەپ سۆز باشلىدى جوگىندىرو. ئۇ بۇ خەۋەرنى سىڭلىسىغا ئاستا، سىلغايتىپ ئېيتماقچى بولدى.
خىمنولىنى بېشىنى چايقىدى.
— ئۇ توينى بىر ھەپتە كېچىكتۈرگەن، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە، ئۇ نېمىشقا بۇنى ئوچۇق ئېيتمايدۇ؟
— ئۆزى بىلىدىغان بىر سەۋەبى باردۇ، — خىمنولىنى يەرگە قاراپ جاۋاب بەردى.
— ئېيتقىنىڭ توغرا، ئۇ ھەقىقەتەن سەۋەبىنى ئۆزى بىلىدۇ. ئەمما، بۇ ئىش ئادەمنى ئويغا سالامدۇ؟
خىمنولىنى ئۇنداق ئەمەس دېگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقاپ قويدى.
جوگىندىرو ئۆيدىكىلەرنىڭ رومىشقا شۇ قەدەر قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ـ دە، سۆز ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرمايلا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەۋەتتى:
— ئۆتكەندە رومىشنىڭ دادىسى بىلەن بىللە ئۆيىگە كەتكەنلىكى ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ كېتىپ خېلى ئۇزۇنغىچە بىز ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي، ئەجەب ئىش قىلدىغۇ، دەپ ھەيران بولدۇق. ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭ، بۇرۇن ئۇ بىز بىلەن بىر تام ئۆيدە ئولتۇراتتى، كۇنگە نەچچە ۋاخ ئۆيىمىزگە كىرىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ كالكۇتتىغا كەلگەندە، بىزدىن يىراق بىر جايغا ئورۇنلىشىپ ئۆيىمىزگە بىر قېتىممۇ باش تىقمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، دادام بىلەن ئىككىڭلار ئۇنىڭغا يەنە ئىشەندىڭلار، ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەك مۇشۇ جايغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىڭلار. مەن ئۆيدە بولغان بولسام، بۇ ئىشلار يۈز بەرمىگەن بولاتتى.
خىمنولىنى بىر ئېغىزمۇ ئۈنچىقمىدى.
— سىلەر زادى، ئۇ نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ، تېگى ـ

تەكتىنى بىر بىلىپ باقايلى، دېگەننى خىيالىڭلارغا كەلتۈرۈپ باقتىڭلارمۇ؟ — دېدى جوگىندىرو، — سىلەر ئۆنىڭ ھەرىكىتىدىن بىرەر غەلىتىلىك ھېس قىلمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر ئۆنىڭغا ئارتۇقچە ئىشىنىپ كەتتىڭلار.

خىمنولىنى ئۆندىمەي تۇرىۋەردى.

— ئەمدى مېنىڭ كەلگەن خۇلاسەم: سەن تۇغما شۇنداق. ئادەم بالىسىدىن گۇمانلىنىشنى بىلمەيسەن. ھازىر ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىمگە ئىشەنگىن، مەن قىزلار مەكتىپىگە بېرىپ رومىشىنىڭ خوتۇنىنىڭ شۇ يەردە يېتىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىپ كەلدىم. رومىش خوتۇننى تەتىلدە ئەپكەتمەسلىككە مەكتەپ بىلەن كېلىشىپ قويغانىكەن. ئىككى ـ ئۈچ كۈن بۇرۇن، ئۇ تۇيۇقسىز، مۇدىر خانىمنىڭ كومولانى يەنە رومىشىنىڭ خانىمنى تەتىلدە مەكتەپتە قالدۇرالمايدىغانلىقى توغرىسىدا يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئۆنىڭ بېشىغا كالتەك بولۇپ تەگكەن گەپ. مەكتەپ بۇگۈن تەتىل بولغانىكەن، كومولانى دورجىپاردىكى ئۆيىگە ماشىنا بىلەن ئەپكېلىپ قويۇپتۇ. مەن ئۆيىگە كىرسەم، كومولا ئاقلانغان ئالمىنى پارچىلاپ ئولتۇرۇپتۇ. رومىش بولسا ئۆنىڭ ئالدىدا ئول-تۇرۇپ ئۇ كېسىپ بەرگەن ئالمىنى ئاغزىغا سالغىلى تۇرۇپتۇ. مەن رومىشتىن، بۇ نېمە ئىش، دەپ سورىسام، ئۇ بۇ ھەقتە سۆزلىشىشنى رەت قىلدى. ئۇ كومولا مېنىڭ ئايالىم ئەمەس دېگەنلا بولسا، بىز ئۆنىڭغا ئىشىنەتتۇق ـ دە، گۇمانىمىزمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ ئۆنى يا خوتۇنۇم ياكى ئەمەس دېمىدى. خوش، ئەمدى سەن مۇشۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۆنىڭغا ئىشەنمەكچىمۇ؟

جوگىندىرو جاۋاب كۈتۈپ سىڭلىسىنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. خىمنولىنىنىڭ چىرايى دەھشەت ئۆزگەرگەنىدى، ئۇ دېۋاننىڭ تۇت-قۇچىنى مەھكەم سىقىملىۋالغانىدى، ئانچە ئۆتمەيلا ئالدىغا يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى.

ئۇنىڭدا ئەپەندى دەھشەتكە چۈشتى، قىزىنىڭ بېشىنى يۆلەپ

تۇرۇپ تىۋلايتتى :

— نېمە بولۇۋاتىسەن ، ئەزىزىم ، نېمە بولۇۋاتىسەن ؟ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمە ، ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ .

جوگىندىرو دادىسىنى بىر ياققا ئىتتىرىپ ، خىمنولىنىنى دەرھال دىۋانغا ياتقۇزدى ، ئارقىدىن بىر چىنە سوغوق سۇ ئەپكېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە پۈركۈدى . ئوكخوي ئۇنى ھەدەپ يەلپۈگىلى تۇردى .

خىمنولىنى تېزلا كۆزىنى ئاچتى ، ساراسىمە ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ـ دە ، بىردىنلا دادىسىغا بۇرۇلۇپ :

— دادا ، خۇش بولاي ، ئوكخوينى كەتكۈزۈۋەتسىڭىز ، — دېدى .

ئوكخوي دەرھال يەلپۈگۈچنى قويۇپ دالانغا چىقىپ كەتتى .

ئۇنىڭدا ئەپەندى دىۋانغا كېلىپ خىمنولىنىغا يېقىن ئولتۇردى ، قىزىنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلىدى ، ئاھ ئۇرغان ھالدا :

— ئەزىزىم ! بىچارە ئەزىزىم ، — دەيتتى .

ئۇشتۇمتۇت ، خىمنولىنىنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى . ئۇ ئۆپ-كىسىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ تىزىغا يۈزىنى قويدى .

— ئۆزۈڭنى قىيىنىما ، قىزىم ، قىيىنىما ، — ئۇنىڭدا ئەپەندى-نىڭ ئاۋازى بوغۇلدى ، — مەن رومىشنى ئوبدان چۈشىنىمەن ، ئۇ بىزنى ئالدىمايدۇ . جوگىندىرو چوقۇم خاتالاشتى .

جوگىندىرو تاقەت قىلالمىدى .

— قورۇق ئارزۇ ـ تىلەكلەر بىلەن ئۇنى ئالدىمىغىن ، دادا ، — دېدى ئۇ ، — ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئولتۇرغىنىڭ بىلەن ، كېيىن بەربىر زىيان ئۇنىڭغا بولىدۇ . بۇ بىر پۇرسەت ، ئۇ ئوبدانراق ئويلىنىۋالسۇن .

خىمنولىنى دادىسىنىڭ تىزىدىن بېشىنى كۆتۈردى ـ دە روسلىنىپ ئولتۇرۇپ ، جوگىندىروغا :

— ساڭا راست گەپنى ئېيتاي ، ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتمىغۇچە مەن بەربىر ئىشەنمەيمەن ، — دېدى ۋە سۆزىنى تۈگىتىپ سەنتۇرۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ يىقىلاي دېۋىدى ، ئۇنىڭدا ئەپەندى : «ۋاي !» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى

يۆلىۋالدى .

خىمنولىنى دادىسىغا تايىنىپ ھۇجرىسىغا كىردى .

— مېنى بىر ئاز يالغۇز قويسىڭىز ، دادا ، بەلكىم سەل ئۇخلىۋالارمەن ، — ئۇ كارىۋاتقا بېرىپ ياتتى .

— خورىنى چاقىراي ، سېنى يەلپۈپ ئولتۇرسۇنمۇ ؟

— كېرىكى يوق ، رەھمەت سىزگە . بولسا بىر ئاز يالغۇز ئولتۇرۇۋالسام .

ئۇنىڭدا ئەپەندى ياندىكى ئۆيگە چىقتى . ئۇ ئۇچ ياشلىق قىزىنى قالدۇرۇپ بۇ جاھاندىن خوشلاشقان ئايالىنى ئەسلەپ ، ئۇنىڭ كۆيۈمچانلىقىنى ، تاقەتچانلىقىنى ، خۇشخۇيلۇقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . تالاي يىللاردىن بۇيان ، ئۇ ئۆز قىزىغا ئانىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ كەلدى .ئەمدى ئۇ چوڭ بولدى ، يەنە كېلىپ ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك چوڭ بولدى .ئۇنىڭ غېمىنى يەپ دادىسىنىڭ يۈرىكىمۇ ئېزىلدى . شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى قاناتلىنىپ ، قىزى بىلەن ئۆزىنى ئايرىپ تۇرغان مۇشۇ تامدىن ھالقىپ ئۆتتى ؛ ئۇ ئەلەم ئوتىدا يۈرىكى كاۋاپ بولۇۋاتقان قىزىنىڭ ئالدىدا غايىۋانە خىتاب قىلاتتى : «جېنىم قىزىم ، خۇدا ساڭا كەلگەن مۇشكۈللۈك-نى ئاسان قىلسۇن ، ئۆمرۈڭ بويى ساڭا بەخت يار بولسۇن ، خۇدايى تائالادىن تىلەي ، مەن ئاناڭ رەھمىتىنىڭ قېشىغا كەتكۈچە ، ماڭا سېنىڭ سائادەتلىك كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىڭنى ، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن كىشىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ئوبدان تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلسۇن !» ئۇ نەملەشكەن كۆزلىرىنى چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتتى .

ئەزەلدىن ئاياللارنى ئەقلى قىسقا دەپ قاراپ كەلگەن جوگىنىدىرو بۇگۈنكى ئىشلارنى كۆرۈپ ، ئۆز پىكىرىنىڭ توغرىلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندى . «خوتۇن خەق دېگەن ئالدىدا مانا مەن دەپ تۇرغان پاكىتلارغىمۇ ئىشەنمەي تۇرسا ، بۇخەققە ئەمدى نېمە چارە ؟ ئۆز بەختىگە ئالاقىدار بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ، بۇ خەق ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ . ھەتتا ، ئىككى كەرە ئىككى تۆت بولىدۇ ، دېسىمۇ ئۇنىمايدۇ . ئەقىل دانىشمىنى ئۇلارغا قارا دېگەن قارا ، دەپ تۇرسىمۇ ،

لېكىن ئۇلار ھېسسىيات ھاكىمى — مۇھەببەتنىڭ ، بۇ قارا ئەمەس ئاپئاق ، دېگىنىگە ماقۇل بولۇپ ، بىچارە ئەقىل دانىشمەنىنى دەر-ھال بىر چەتكە چۆرۈۋېتىدۇ . شۇنچىۋالا كۆپ خوتۇن خەق بىلەن ھېلىمۇ مۇشۇ جاھاننىڭ ئىشى يۈرۈشىدىكەن ! » جوگىندىرونىڭ ئويلىغانلىرى بۇنىڭغا ئەقلى يەتمەيتتى .

ئۇ ئوكخويغا قول ئىشارىسى قىلدى ، ئوكخوي يېنىچە دەسسەپ ئۆيگە كىردى .

— ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇردۇڭ ، ئەمدى قانداق قىلساق بولار ؟ — دېدى جوگىندىرو .

— ئاغىنە ، مېنى نېمىشقا بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرۇۋالىسەن ؟ بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار . خېلى كۈنلەردىن بېرى ، مەن بۇ ھەقتە ئارتۇق گەپ قىلماي كېلىۋاتاتتىم ، ئەمدى مېنىمۇ بۇ ئىشقا سۆرەپ كىردىڭ . بۇ ئىشنىڭ ئورۇنسىز بولۇپ قالدى .

— بۇ گەپنى قوي ، كۆڭلۈڭگە كەلگەن يەر بولسا كېيىن دەۋالارسەن . ھازىر ، راستىنىلا مېنىڭ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ . رو-مىشقا ئېيتىپ بۇ گەپلەرنى خىمنولىنىغا ئۆز ئاغزى بىلەن دېگۈ-زۈش كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە چارە بار دەيسەن ؟

— ئەقلىڭدىن ئاداشتىڭمۇ ؟ سەن قانداق قىلىپ بىر ئادەمنىڭ ئۆز خاتالىقىنى…

— ئەگەر بىز ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يازغۇزۇپ خىمنولىنىغا ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرگۈزگەن بولساق كاتتا ئىش بولۇپ كېتەتتى . بۇنىڭغا سەن بولىمساڭ بولمايدۇ ، دەرھال مۇشۇنىڭ پېيىگە چۈشكىن .

— قېنى ، ئامال قىلىپ باقاي ، — دېدى ئوكخوي .

## يىگىرمە بىرىنچى باب

رومىش شۇ كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا كومولانى ئېلىپ شالدوخو ۋوگزالىغا يولغا چىقتى . ئۇ پەيتوننى كولوتولانىڭ تار كوچىلىرىدىن ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ مېڭىشنى بۇيرۇدى . ئۆزىگە

تونۇشلۇق ئۆيگە كەلگەندە، بىشىنى ئىتتىك دىرىزىدىن چىقىرىپ بىر قارىۋالدى. ھەممە نەرسە ئاۋۋالقىدەك، ھىچقانداق ئۆزگىرىش كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ چوڭقۇر تىندى، مۇگدەپ ئولتۇرغان كومولا چۆچۈپ ئويغىنىپ نىمە بولغانلىقىنى سورىدى.

— ھىچنىمە بولمىدىم، — دىدى رومىش ۋە رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ ۋوگزالغا يىتىپ بارغۇچە قىمىرلىمىدى. كومولا ئۆزىنى بۇلۇڭغا تاشلاپ تىزلا ئۇيقۇغا كەتتى. رومىش بىردىنلا ئۇنىڭدىن يىرگەنگەندەك بولدى.

ئۇلار ۋوگزالغا ۋاقتىدا يىتىپ كىلىشتى. رومىش ئالدىنئالا ئىلىپ قويغان ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكى بىر ئۆيگە جايلاشتى. رومىش تۆۋەنكى كارىۋاتنى كومولاغا راسلاپ بىرىپ، چىراغنى سەل پەسلىتىپ قويدى، ئاندىن دىرىزىنى يىپىۋىتىپ:

— ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭىز ئۆتۈپ كەتتى، چاپسان ئۇخلاڭ، — دىدى.

— تالانى بىر ئاز كۆرۈپ ئولتۇرايچۇ؟ پويىز ماڭغاندا ياتارمەن، — كومولا رومىشنىڭ رازىلىقىنى ئىلىپ، چۇمبىلىنى يۇزىگە چۇشۇرۇۋالدى - دە، دىرىزىدىنىڭ ئالدىغا سۇرۇلۇپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇردى. رومىشمۇ ئوتتۇرىدىكى كارىۋاتقا كىلىپ پەرىشانلىق بىلەن تالاغا قاراپ ئولتۇردى. پويىز قوزغالدى. شۇ ئەسنادا بىرسى ۋوگزالغا يۇگۇرۇپ كىردى، ئۇ تونۇشتەكلا كۆرۈنەتتى.

بىر ئازدىن كىيىن كومولا پىخىلداپ كۇلۇۋەتتى. رومىش دىرىزىدىن بىشىنى چىقىرىپ قارىدى. بايامقى كىشى قوزغالغان پويىزغا ھەدەپ ئىسىلاتتى، ۋوگزال خادىمى ئۇنى توسۇيتتى. ئۇ ئاخىر پويىزغا چىقىۋالدى، لىكىن ئۇنىڭ شارپىسى ۋوگزال خادىمىنىڭ قولىدا قالغانىدى. بۇ كىچىككەن يولۇچى شارپىسىنى ئالماقچى بولۇپ دىرىزىدىن بىشىنى شۇنداق چىقىرىۋىدى، رومىش ئۇنى تونۇپ قالدى، بۇ ئوكخوي ئىدى.

كومولا بولسا بۇ كۆرۈنۈشكە قىزىقىپ كۆلۈپ توختىمايتتى .

— هازىر سائەت ئون بىرىم بولدى ، پويىزمۇ ماڭدى ، ئەمدى چاققان ئۇخلاڭ ، — دېدى رومىش .

قىز ئىتائەتمەنلىك بىلەن كارىۋاتقا بېرىپ ياتتى ، كۆزى ئۇيقۇغا كەتكۈچە پات - پات كۈلۈپ قوياتتى .

بۇ رومىش ئۈچۈن كۈلكىلىك ئىش ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭغا مەلۇم ، ئوكخوينىڭ ئۆيى يېزىدا ئەمەس ، ئۇلار نەچچە ئەۋلادتىن تارتىپ كالكۇتتىدا تۇرۇۋاتقان خەق . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۇ بۇ پويىزغا چىقىۋېلىش ئۈچۈن نېمىشقا بۇنداق كۈچەيدۇ؟ ئۇ چوقۇم رومىش بىلەن كومولانىڭ پېيىگە چۈشكەن ، بۇنى باشقىچە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس .

ئوكخوينىڭ يېزىغا بېرىپ ئۇنى - بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە ، رومىش چۈشىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى . ئوكخوي ئۇ يەرگە بارسا سۆز - چۆچەكنىڭ كۆپىيىشىدە گەپ يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، چىرايلىق پاراڭمۇ چىقمايدۇ . بۇ ئىش ھەممە يەرگە يېيىلىپ ، ناھايىتى سەتچىلىك بولىدۇ .

يېزىسىدا قانداق پىتنە - ئىغۋالارنىڭ چىقىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ تامامەن كۆزى يەتتى . كالكۇتتىدەك شەھەرلەردە ئادەم ئۈچۈن ئامال دېگەن تېپىلىدۇ ، خۇددى سۇنىڭ قەرىگە چۆككەن بىلىقتەك ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان بىر يەرنى تاپسىلا كۇپايە . لېكىن ، يېزا دېگەن دوپپامدەكلا بىر جاي ، كىچىككىنە بىر ئىش بولسا مانا مەن دەپلا چىقىپ قالىدىغان گەپ . بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى رومىشنى ۋەھىمە بېسىشقا باشلىدى .

پويىز باراكتۇر بېكىتىگە كەلگەندە ، رومىش بېشىنى چىقىرىپ سىرتقا قارىدى ، ئوكخوي چۈشمىدى . ناخوتنداغا كەلگەندە پويىزدىن چۈشكەنلەر كۆپ بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوكخوي كۆرۈنمەيتتى . پويىز بوگۇلاغا يېتىپ كەلدى ، ئۇ يەنە بېشىنى چىقىرىپ قارىۋىدى ، ئۈمىدى يەنە يوققا چىقتى . قارىغاندا ئوكخوي يولدا چۈشۈپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

رومىش ئىنتايىن چارچىغان بولسىمۇ، يىرىم كېچىدە ئاران ئۇخلىيالىدى، ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭ، پويىز ئاخىرقى بېكەت گوييالوندوغا يېتىپ باردى. كېمىگە ئولتۇرۇپ شەرقىي بېنگالغا بارىدىغان يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە پويىزدىن چۈشەتتى. رومىش پويىزدىن چۈشۈۋېتىپ ئوكخويىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ باش - كۆزىنى شارپا بىلەن ئورىۋالغان، قول سومكىسى كۆتۈرگەن ھالدا دەريا بويىدىكى پاراخوتقا قاراپ ئالدىراپ ئۆتۈپ كەتتى. رومىشنىڭ يېزىسىغا بارىدىغان پاراخوت يەنە بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ماڭاتتى. پرىستانغا توختىتىلغان يەنە بىر پاراخوت ئۇزۇك - ئۇزۇك سىگنال بېرىپ قوزغىلىشقا تەمشىلىۋاتاتتى.

— بۇ پاراخوت قەيەرگە بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى رومىش.

— غەربكە، — دېگەن قىسقىلا جاۋاب ئاڭلاندى.

— نەگە بېرىپ توختايدۇ؟

— يولدا چاتاق چىقمىسىلا بىنارسقىچە بارىدۇ.

رومىش پاراخوتقا چىقىپ كومولانى بىر كايوتىغا[1] ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن ئالدىراپ قىرغاققا چۈشۈپ يولدا يەيدىغانغا گۈرۈچ، پۇرچاق، سۈت ۋە نانان سېتىۋالدى. بۇ چاغدا، ئوكخويمۇ ھېچكىمدىن قېلىشمايدىغان چاققانلىق بىلەن يەنە بىر پاراخوتقا چىقىۋېلىپ، قىرغاقتا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر جايغا بېكىنىۋالغانىدى. بۇ پاراخوت ھازىرچە ماڭمىغاچقا، يولۇچىلار ئۇنىڭغا چىقىشقا ئانچە ئالدىراشمايتتى. ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىرغاقتا بىر نېمە يەپ ئولتۇراتتى، بەزىلىرى سۇغا چۆمۈلۈۋاتاتتى، بەزىلىرى قازان ئېسىپ تاماق پىشۇرۇۋاتاتتى.

ئوكخوي، رومىش چوقۇم كومولانى ئېلىپ يېقىن ئەتراپتىكى ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كەتتى، دەپ ئويلىدى. گوييالوندونىڭ يولى ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بولمىغاچقا، پاراخوتتا ئولتۇرۇپ تۇرۇشنى ئىشەنچلىك ھېسابلىدى. ناھايەت، پاراخوت گۈدۈكى چېلىندى،

---

[1] كايوتا — پاراخوت ياتاقخانىسى.

لېكىن رومىشنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . يولۇچىلار تاختاي كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ پاراخوتقا چىقىشقا باشلىدى . گۇدۇك توختىماي ياڭرايتتى ، ئارقىدا قالغان يولۇچىلار ئالدىراش يۈگۈرەيتتى . پاراخوتقا چىقىۋاتقانلار ياكى چىققانلارنىڭ ئارىسىدا بولسۇن ، رومىش كۆرۈنمەيتتى .

ھەممە ئادەم پاراخوتقا چىقىپ بولدى ، كۆۋرۈك ئېلىۋېتىلدى . پاراخوت باشلىقى يۇرۇشكە بۇيرۇق بەردى ، شۇ ئەسنادا ئوكخوي توۋلىدى :

— ۋاي ، مەن چۈشۈپ قالىمەن !

پاراخوت خادىملىرى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى . بەختكە يارىشا ، پاراخوت قىرغاقتىن يىراقلاشمىغانىدى . ئۇ بىر سەكرەپلا قىرغاققا چىقىۋالدى .

ئۇ قىرغاقتىمۇ رومىشنى ئۇچرىتالمىدى . كالكۇتتىغا بارىدىغان ئەتىگەنلىك پويىز بايىراق ماڭغانىدى . «مەن پويىزغا ئېسىلىپ يۈرگەندە رومىش كۆرۈپ قالغان ، مېنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن كەلمىگەنلىكىمنى پەملىگەن ـ دە ، يۇرتىغا بېرىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ ، پويىزغا ئولتۇرۇپ كالكۇتتىغا قايتىپ كەتكەن» دەپ ئويلىدى ئوكخوي . كالكۇتتىدەك چوڭ شەھەردە بىر ئادەمنىڭ دېرىكىنى ئالماق ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى .

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

ئوكخوي گوييالوندودا بىر كۈن كەچكىچە قورۇق يۈگۈرۈپ يۈردى ، قاراڭغۇ چۈشكەندە كالكۇتتىغا بارىدىغان پوچتا ۋاگونىغا ئارانلا چىقىۋالدى . ئەتىسى ئەتىگەنلىكى پويىزدىن چۈشۈپلا رومىشنىڭ دورجىپاردىكى ئۆيىگە باردى ، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى . ئەتراپتىكىلەردىن سورىۋىدى ، ئۇلارنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى .

ئاندىن كېيىن ئۇ كولوتولاغا باردى . بۇ يەردىمۇ ئۇلار يوق

بولۇپ چىقتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ دەرھال قوشنا ئۆيگە يەنى ئۇنىڭدا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى ۋە ئىشىكتىن كىرىپلا جوگىندىروغا :
— ئۇلار قېچىپ كەتتى ! مەن ئۇلارنى يوقىتىپ قويدۇم ، — دېدى .
— قانداق قىلىپ ؟ — دەپ سورىدى جوگىندىرو ھەيرانلىق بىلەن .
ئوكخوي ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى . جوگىندىرو ئوكخوينىڭ رومىشنى كۆرۈپلا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۆز گۇمانىنىڭ توغرىلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندى .
— بۇ پاكىت تېخى مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ . ھازىر خىمنولىنىلا ئەمەس ، ھەتتا دادامۇ بۇ گەپنى رومىشنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىمىغۇچە ئىشەنمەيمىز دەپ يۈرىدۇ . ئىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ناۋادا رومىش كېلىپ : «مەن ھازىرچە سىلەرگە بۇ ئىشنى ئېيتالمايمەن» دېسىمۇ ، دادام چوقۇم قىلچە گۇمانلىنىپ ئولتۇرماي خىمنولىنىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېرىدۇ . بۇنداق ئادەملەرگە نېمە ئامال بار ! دادام خىمنولىنىنىڭ قايغۇسىغا چىدىمايدۇ . مۇبادا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ : «رومىشنىڭ خوتۇنى بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا تەگكىنىم ـ تەگكەن» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالسا ، مېنىڭچە دادام ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەيدۇ . شۇڭا ، بىز قانداق قىلىپ بولمىسۇن ، رومىشنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەتكۈزۈشىمىز كېرەك ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى ، ھەرگىز نائۇمىد بولمايلى . ئەسلىي بۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم قىلماقچى ئىدىم ، لېكىن نەدىن باشلاشنى بىلەلمىدىم . ئۇنى كۆرسەم مۇشتلىشىپ قالىدىغاندەكلا قىلىپ تۇرىمەن . ئەمدى سەن يۈيۈنۈپ چىقىپ بىر ئاز چاي ئىچىۋالغىن .
ئوكخوي يۈيۈنۈپ بولۇپ چايغا ئولتۇردى . ئۇنىڭ كاللىسىنى تېخىچە ھېلىقى ئىش چۇلغىۋالغانىدى . شۇ ئەسنادا ، قىزنىڭ قولتۇقلاپ كىرگەن ئۇنىڭدا ئەپەندى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى . خىمنولىنى ئوكخوينى كۆرۈپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى .
— خىمنو تازا قاملاشمىغىلى تۇردى ، — دېدى جوگىندىرو

قاتتىق چىچىلغان ھالدا، — دادا، سەن ئەمدى ئۇنىڭ بۇنداق ئەدەپسىز قىلىقلىرىغا ھە دەۋەرمىگىن. بىز بىللە ئولتۇ-رۇشقا مەجبۇرلىنىشىڭ كېرەك، — ئارقىدىن ئۇ توۋلىدى، — خىمنو! خىمنو!

خىمنولىنى بالىخانىدىكى ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

— جوگىن، سەن مېنى ناھايىتى تەس كۇنگە چۇشۇرۇپ قويدۇڭ. ئۇنىڭغا مەن توغرىلىق سۆز ئاچمىساڭ ئوبدان بولاتتى. ئىشنى ۋاقىت ئوڭلايدۇ، سەن ئۇنىڭغا زورلۇق قىلىۋەرسەڭ، ئوڭشىغىلى بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، — دېدى ئوكخوي.

ئوكخوي چاي ئىچىپ بولۇپ خوشلاشتى. بۇ يىگىتنىڭ تاقىتى-گە گەپ كەتمەيتتى. ئامەت ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەندە، ئۇ قارىسىغا ئۇرۇنۇش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتۈشلا كېرەك، دەپ قارايتتى ـ دە، ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق قان بولۇۋالاتتى. ئاھانەتكە ئۇچرىغاندا ئاچچىقلانغانلىقىنى چىرايىغا چى-قارمايتتى ھەم خاپا بولۇپ كېتىپ قالمايتتى. ئۇنىڭ يۈزى شۇ دەرىجىدە قېلىن ئىدىكى، ئۇ باشقىلارنىڭ ھەر قانداق ئىزا ـ ئاھانەتلىرى ۋە سوغۇق مۇئامىلىلىرىنى قايتىلىغىمۇ ئېلىپ قوي-مايتتى. بۇرادەرلەر سىلكىپ ـ دۆشكەلىسىمۇ چىرايىنى ئۆزگەر-تىپ قويمايتتى.

ئوكخوي كېتىشى بىلەنلا، ئونودا ئەپەندى قىزىنى چاي ئى-چىشكە چاقىرىپ چۇشتى. خىمنولىنىنىڭ بۇرۇنقى چىرايى قالمى-غان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ جوگىندىرونىڭ چى-رايىغا قارىغۇسى كەلمەي، بېشىنى سال ـغىنىچە ئۆيـگە كىـردى. ئاكىسىنىڭ روھىش بىلەن ئىككىسىگە قاتتىق ئاچچىقى بارلىقىنى، ھەمدە ئۆزلىرىگە شەپقەتسىز قاراشتا ئىكەنلىكىنى خىمنولىنى چۇ-شىنەتتى. شۇڭا، ئۇ ئاكىسىنىڭ نەزىـرىدىن ئۆزىـنى قاچۇرۇپ ئولتۇردى.

خىمنولىنىنىڭ روھىشقا بولغان ئەقىدىسىگە يار ـ يۆلەك

بولغان مۇھەببەت ئەقىل خىتابىنىڭ ئالدىدا ئاجىز كەلدى . ئىككى كۈن ئاۋۋال خىمنولىنى جوگىنىدىرونىڭ يېنىدىن غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتكەندە ، ئۆزىنىڭ رومىشقا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاكىسىغا بىلدۈرگەنىدى ، ئەمما كۈن بويى كىرىپىك قاقماي يالغۇز ئولتۇرۇپ چىققان ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇنىڭ ئىشەنچىسى بارا ـ بارا ئاجىزلاشتى .

راستىنى ئېيتقاندا ، رومىشنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىغا شەكلەنمەي دېسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنى ئىشەندۈرگۈدەك ئاساسقا ئىگە ئەمەس ئىدى . خىمنولىنى گۇمان لەشكەرلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئەقىدە قورغىنىغا بېسىپ كىرىشكە يول قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشتى ، ئەپسۇسكى ، ئۇلار قورغان قاپقىسىغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى . ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ، پايدىسىز پاكىتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتقان بۇ ئەقىدىنى ، ئۇ خەتەر سايىسى چۈشكەن بوۋىقىنى مەيدىسىگە چىڭ بېسىپ قوغداۋاتقان ئانىغا ئوخشاش مۇھاپىزەت قىلاتتى . لېكىن... ئاھ ، خۇدا ! ئۇنىڭغا مۇشۇ ئىشلارغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك قۇدرەت ئاتا قىلارسەنمۇ ؟

ئونودا ئەپەندى بۇ كېچىنى خىمنولىنىنىڭ ھۇجرىسى قېشىدىكى ئۆيدە ئۆتكۈزدى . ئۇ قىزىنىڭ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كىردى . ئۇنىڭ تىنچسىزلىق بىلەن سورىغان سوئالىغا خىمنولىنى :

— شۇ چاغقىچە نېمىشقا ئۇخلىمايسىز ، دادا ، كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ . مەن ھازىر ئۇخلاپ قالىمەن ، — دەپ جاۋاب بېرەتتى .

تاڭ يورۇشى بىلەن ئۇ ئۆگزىگە چىقتى . رومىشنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق ئىدى . شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرى تاملارنى ، ئۆگزىلەرنى يورۇتتى . لېكىن ، بۇ كۈن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مەنىسىز ، كۆڭۈلسىز ، زېرىكەرلىك تۇيۇلدى . ئۇ بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇرۇپ ئىككى قولى بىلەن يۈزلىرىنى ياپقىنىچە ئەلەملىك يىغا سالدى . بۇگۈن ئۇنىڭ سۆيگەن كىشىسى كېلىپ ئۇنى

يوقلىمايتتى ، ھەتتا بايرام كېچىسىدىمۇ ئۇنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىد يوق ئىدى . ئۇ بۇرۇن ، رومىش ئۆز قېشىمدا ، يېنىمدىكى ئۆيدە ، دەپ ئۆزىنى ئاۋۇندۇراتتى ، ئەمدى بۇ قۇرۇق تەسەللىمۇ يوقۇقا چىقتى .

— خىمنو ! خىمنو ! — دادىسىنىڭ بۇ چاقىرىشى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى . ئۇ قايغۇ - ھەسرەتنىڭ چىرايىغا سالغان ئىزناسى — ياش يۇقىلىرىنى دەرھال سۈرتىۋېتىپ :

— مەن مەيەردە ، دادا ، — دېدى .

— بۈگۈن ۋاقچە تۇرۇپ قاپتىمەن ، — ئونىودا ئەپەندى سۆزلەۋېتىپ ئۆگىزىگە چىقىتى - دە ، قىزىنىڭ مۇرىسىلىرىنى ئاستا سىلىدى .

قىزىنىڭ غېمى ئۇنى كېچىچە ئازابلاپ چىقتى . ئۇ تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالغانىدى . ئاز ئۆتمەي ، يۈزىگە چۈشكەن ئاپتاپ ئۇنى ئويغىتىۋەتتى . ئۇ يۈزىنى نېرى - بېرى يۆيۈپلا قىزىنى ئىزدەپ ھۇجرىسىدىن تاپالمىدى . قىزىنىڭ بۇ قېتىممۇ ئۆتكەنكىگە ئوخشاش جىمغۇرلىشىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغاندا ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېڭى ئازاب ئېزىشكە باشلىدى .

— يۈر ، چاي ئىچىمىز ، قىزىم ، — دېدى ئۇ .

خىمنولىنى جوگىندىرو بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇشنى خالىمايتتى . لېكىن ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق غەيرىي نورمال ئەھۋال دادىسىنى رەنجىتىپ قويۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ دائىم دادىسىغا چاي قۇيۇپ بېرىپ كۆنۈپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئازراق بولسىمۇ دادىسىغا ھۆرمەت كۆرسىتىدىغان بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمىدى .

ئۇلار مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ئۆي ئىچىدىن جوگىندىرو بىلەن بىرسىنىڭ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى . «رومىش كەلدىمۇ نېمە ، بولمىسا بۇنچە ئەتىگەن كىم كېلەتتى» ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىشقا باشلىدى . ئۇ تىترىگەن ھالدا ئىشىكتىن كىرىپ قارىۋىدى ، ئوكخوي ئىكەن . ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى .

بۇرۇلۇپلا تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى . دادىسى ئۇنى يەنە ئىلىپ كىردى . ئۇ دادىسىنىڭ قىشىغا يىقىن كىلىۋىلىپ ، باش كۆتۈرمەي ھەدەپ دادىسىغا چاي راسلاش بىلەن بولدى .

ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا جوگىندىرونىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى . «رومىش شۇنچە يۈزسىزلىك قىلسۇنۇ ، خىمنو ئۇنىڭغا يەنە قايغۇ. رۇپ ئولتۇرسۇن ، بۇنىڭغا ئەمدى نىمە دەۋەتسەم بولار . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، دادامنىڭمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ دەرد چىكىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان ، خىمنومۇ دادامنى ئوبدان قالقان قىلىۋالدى ، ئۇنىڭغا ھىچكىممۇ چىقىلالمايدۇ ، — دەپ ئويلايتتى جوگىندىرو ، — ھەممىمىزلا گۇناھكار بولۇپ قالغان ئوخشايمىز ! بىز ئۇنىڭغا كۆ. يۈنۈپ بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ يۈرىمىز ، ئۇنىڭ ھەقىقىي بەختى ئۈچۈن قىلمىغىنىمىز قالمىدى . ئۇنىڭ تىخى تۈزۈكرەك رەھمەت - ھەشقاللىسىمۇ يوق ، ئەمدى كىلىپ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغان بولۇپ قالغىنىمىزنى قارىمامدىغان . دادام بۇ ئەھۋاللارغا قانداق مۇقابىل تۇرۇشنى پەقەت بىلمەيدۇ ، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندىن كىيىن ، يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئولتۇرماي غاچ - غاچ بىر ياقلىق قىلىۋىتىش كىرەك ئىدى . ئۇ خىمنونىڭ يۈرىكى زىدە بولمىسۇن دەپ ، بۇ ھەقىقىي يىرگىنچلىك ئەھۋالنى ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن يوشۇرۇۋاتىدۇ » .

— دادا ، ئىشنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكىنىدىن خەۋىرىڭ بار. مۇ ؟ — دەپ سورىدى جوگىندىرو .

— يوق ، نىمە بوپتۇ ؟ — دىدى دادىسى ئالدىراپ .

— ئالدىنقى كۈنى ئاخشام ، رومىش خوتۇننى ئىلىپ گوييا. لوندوغا بارىدىغان پويىز بىلەن يۇرتىغا قايتماقچىكەن ، ئوكخويىنىڭ. مۇ شۇ پويىزغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ ، پىلاننى دەرھال ئۆز. گەرتىپتۇ - دە ، كالكۇتتاغا قايتىپ كەپتۇ .

خىمنولىنىڭ قولى تىترەپ چاينى پىيالىگە ئەمەس ، داستى. خانغا قۇيۇۋەتتى . ئۇ ئورۇندۇقنى تارتىپ ئىتتىك ئولتۇرۇۋالدى .

جوگىندىرو كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدى .

— ئۇ نېمىشقا قاچىدىكىن ـ تاڭ . ئۇنىڭ ھەننىۋا ئىشلىرى ئوكخويغا ئايدىڭ تۇرسا ، قىلغان ـ ئەتكەن پەسكەشلىكلىرى يەتمە-گەندەك ، ئوغرىغا ئوخشاش قېچىپ يۈرگىنى نېمىسى . مېنىڭچە ، ئۇ ئىت ـ ئېشەكنىڭ كۈنىگە قالدى . بۇنىڭغا خىمنونىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن ، ئەمما مەن ، ئۆزىنىڭ قىلغىنى ئۆزىگە ئايان بولغاچقا مۇشۇنداق قېچىپ يۈرىدۇ ، دەپ قارايمەن .

خىمنولىنىنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— رەھمەت ساڭا . بۇ ئىسپاتلىرىڭنى ماڭا دەپ بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ ، — دېدى ئاكىسىغا ، — سەن ئۇنىڭ ئۇستىدىن قانداق ھۆكۈم چىقارساڭ چىقىرىۋەر ، مەن ئۇنىڭغا ھازىر بىر نېمە دېيەل-مەيمەن .

— ئەجەبا ، سەن بىلەن توي قىلىمەن دەپ تۇرغان ئادەم بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولامدۇ؟ — دېدى جوگىندىرو .

— مەن تويىنى ئېغىزغا ئالمىدىم . تويىنى بىكار قىلامسەن ـ قىلمامسەن ، بۇ سېنىڭ ئىشىڭ . لېكىن ، مېنى پىك-رىمدىن قايتۇرىمەن دەپ ئارتۇقچە ئۇرۇنما .

ئاچچىق يىغا ئۇنى سۆزلەتكۈزمىدى . ئۇننودا ئەپەندى ئورنى-دىن تۇرۇپ ، كۆز ياشلىرى سەل بولۇپ ئېقىۋاتقان قىزنى باغرىغا باستى .

— يۈر قىزىم ، ئۇستىگە چىقىپ كېتەيلى ، — دېيەلىدى ئۇ .

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

رومىش بىلەن كومولا ئولتۇرغان پاراخوت دەل ۋاقتىدا گويىا-لوندودىن ئايرىلدى . بىرىنچى ، ئىككىنچى قەۋەتلەردە باشقا يولۇ-چىلار بولمىغانلىقتىن ، رومىش يەنە بىر كاپىتىنىنى ئىگىلەپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى جايلاشتۇردى .

تاڭ يورۇدى ، كومولا ئازراق سۈت ئىچىۋالغاندىن كېيىن ،

كايوتىنىڭ ئىشىكىدىن تالاغا قاراپ يېڭىدىن ـ يېڭى مەنزىرىلەرگە زوقلىنىپ ئولتۇردى .

— كومولا ، بىزنىڭ هازىر نەگە كېتىۋاتقىنىمىزنى بىلەمسىز ؟ — دەپ سورىدى رومىش .

— يۇرتىمىزغا ، — دېدى كومولا .

— سىز يۇرتىمىزغا قايتىشنى خالىمىۋىدىڭىز ، بارمايدىغان بولدۇق .

— مېنىڭ سەۋەبىم بىلەنلا پىكىرىڭىزدىن ياندىڭىزمۇ ؟

— شۇنداق ، سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن .

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز ؟ — دېدى كومولا ئاغزىنى ئۈمەچەيتىپ تۇرۇپ ، — ئانچىكىم دەپ قويغان سۆزۈمنى راست قىلدۇبىلىشىڭىزنىڭ ئورنى يوققۇ . سىز ئوڭايلا خاپا بولىدىكەنسىز .

رومىش كۈلۈپ قويدى .

— مەن قىلچە خاپا بولمىدىم . يۇرتۇمغا قايتىشنى خالىمىغان ئۆزۈم .

— ئەمىسە ، هازىر نەگە كېتىۋاتىمىز ؟ — دەپ سورىدى كومولا .

— غەربكە .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا كومولانىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

«غەرب» سۆزىنى ئاڭلىغاندا ، ئۆيدىن ئايرىلىپ يىراق سەپەرگە چىقىپ باقمىغان قىزنىڭ كاللىسىغا نەقەدەر ئاجايىپ پىكىرلەر ، غارايىپ مەنزىرىلەر كەچمەيدۇ دەيسىز . ئۇ يەردە مۇقەددەس بوزرۇكگاهلار ، كىشىگە جان بېغىشلايدىغان ساپ هاۋا ، يېڭى جاي ، يېڭى مەنزىرىلەر ، قەدىمىي خاقانلاردىن قالغان سەلتەنەتلىك ئوردا ـ قەسىرلەر ، هەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلار باردۇ ، ئۇ يەردە هەر خىل كونا مەسىللەر ، باهادىرلار زامانىسىگە تالىق تۈرلۈك رىۋايەتلەر تۇرغۇندۇ…

— بىز قايسى جايلارغا بارىمىز ؟ — دېدى كومولا ئېيتقۇسىز خۇشاللىق بىلەن .

— تېخى بىر قارارغا كەلمىدىم . بىز مۇنگىر ، پاتنۇ ، داناپور ، بوكسار ، گاجىپور ، بىنارس دېگەن جايلاردىن ئۆتىمىز . مۇشۇ جايلاردىن بىرەرىنى تاللاپ چۈشەرمىز .

بۇ ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا تونۇشلۇق ، بەزىلىرىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان . لېكىن ، بۇ جايلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا ئۇ :

— نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ! — دەپ چاۋاك چېلىپ كەتتى .

— كۆڭۈللۈكلۈكى تېخى كەينىمىزدە ، — دېدى رومىش ، — هازىر قورساقنىڭ غېمىنى قىلايلى . سىز ماتروسلار ئاشخانىسىدا غىزالىنىشنى خالىمايسىزغۇ دەيمەن .

— ۋاي خۇدايىم ! خالامتىم ئەمىسە ! ؟ — كومولانىڭ قوشۇ- مىسى تۈرۈلۈپ كەتتى .

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟

— مەن ئۆزۈم ئېتىمەن ، — دېدى كومولا .

— سىز تاماق ئېتەلەمسىز ؟

كومولا كۈلۈۋەتتى .

— سىز مېنى نېمە كۆرىسىزكىن - تاڭ ؟ مەن تاماقنىمۇ ئېتەلمەسمەنمۇ ؟ مېنى كىچىك بالا كۆرىسىزغۇ دەيمەن . تاغامنىڭ ئۆيىدىكى ۋاقتىمدا ، پۈتۈن بىر ئۆيلۈكنىڭ ئاش - تامىقىنىڭ هۆددىسىدىن چىقاتتىم .

رومىش ئۆزرە قويۇشقا مەجبۇر بولدى .

— راست ، مەن بۇ گەپنى دېمىسەم بوپتىكەن . بىز دەرهال تاماققا قوپايلى ، بولامدۇ ؟ — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا قەيەردىندۇ بىر مەشنى تېپىپ كەلدى . پاراخوتتا كاياستخا[1] تائىپىسىگە مەنسۇپ بولغان ئومىش ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى . رومىش كومولانىڭ قازان بېشى ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىمۇ باشلاپ كەلدى ، ئۇنىڭ بىلەن بىنارسقا بارغۇچە خىراجىتىنى كۆتۈرىدىغان ، كۆڭلۈكىگە ئاز - تولا هەق تۆلەيدىغانغا كېلىشكەندى .

— كومولا ، ناشتىلىقىمىزغا نېمە يەيمىز ؟ — دېدى رومىش .

---

[1] كاياستخا تائىپىسى براهما تائىپىسىدىن كېيىنلا تۇرىدۇ .

— گورۇچ بىلەن پۇرچاقتىن باشقىنى ئالماپسىز، ئەمدى نېمە يېمەكچى ئىدىڭىز؟ بۇگۈن پۇرچاق ئېشى يەيلى.

كومولانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، رومىش يۇگۇرگىنىچە بېرىپ ماتروسلاردىن ئازراق دورا - دەرمەك سورىۋالدى.

— بۇ نەرسىنى ئەكەلگىنىڭىز بىلەن مەن نېمە قىلالاي - مەن، — رومىشنىڭ قازان بېشىدىن قىلچە خەۋىرى يوقلۇقىنى سەزگەن كومولا ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى، — ھاۋانچا بولمىسا قانداق سوققىلى بولىدۇ؟ كاللىڭىز تازا ئىشلىمەيدىكەن.

رومىش كايىشنى ئاڭلاپ بولۇپ غىڭ قىلماستىن ھېلىقى نەرسىنى ئالغىلى ماڭدى. ئۇنىڭ دېگىنىدىن بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ، بىر بولقا بىلەن بىر تاش تاۋاقنى ماتروسلاردىن سوراپ ئەپكەلدى. كومولا بۇنداق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ باقمىغان بولسا - مۇ، ئەپلەپ - سەپلەپ بىر نېمە قىلىشقا توغرا كەلدى. رومىش دورا - دەرمەكنى باشقا بىرسىگە سوقتۇرايلى دېدى. ئۇ قولاق سېلىپمۇ قويماي ئۆزى سوقۇپ چۈشۈپ كەتتى. ئەگرى - دوناي ساپلانغان بولقا، بىئەپ تاش تاۋاق كىشىگە كۈچ كەلتۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ كومولا ھەۋەس بىلەن سوقماقتا ئىدى. دورا - دەرمەك - لەر تاش تاۋاقتىن چاچراپ چىقىپ يەرنى بىر ئالدى، ئۇ بۇنىڭغا كۈلۈپ قويااتتى. قارىغانىسېرى رومىشنىڭ پەيزى تۇتتى بولغاي، ئۇمۇ يەڭنى تۇرۇپ دورا سوقۇشقا چۈشۈپ كەتتى.

دورا - دەرمەك سوقۇش ئويۇنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كومو - لا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى بېلىگە تۇگدى - دە، كايۇتىنىڭ بىر بۇلۇڭىنى توسۇپ، ئۇ يەرنى ئاشخانا قىلىۋالدى. ئۇلار كالكۇتتىدىن تاتلىق - پاتلىق قاچىلايدىغان بىر خۇمرا ئېلىۋالغانىدى. بۇ قازان قىلىشقا ئوبدانلا ياردى. ئۇ خورۇچلارنى ھېلىقىنىڭغا سې - لىپ بىر ئاز قايناتقاندىن كېيىن، رومىشنى يۇيۇنۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى، ئۇ كەلگۈچە تاماقنى پىشۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. رومىش ئۇنىڭ گېپى بويىچە يۇيۇنۇپ كەلگەندە، تاماق راستىنلا تەييار بولغانىدى. ئەمدىكى گەپ، تاماقنى نېمىگە ئۇسۇپ

ئىچىشتە قالدى .

رومىش دۈدۈقلاپ تۇرۇپ ، مۇسۇلمان ماتروسلاردىن بىرەر تاۋاق سوراپ كېلەي ، دېدى . ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنمۇ ھىندى دىنىغا مۇخالىپ كېلىدىغان مۇشۇنداق ئىشلارنى بىر نەچچە قېتىم قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئەمما ، بۇ كومولا ئۈچۈن بەكمۇ غەيرىي تۇيۇلۇپ كەتتى .

— ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات ، — دېدى ئۇ ، — لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ . مەن ئۇنداق قىلىشىڭىزغا يول قويمايمەن ، — ئۇ ھېلىقى خۇمرىنىڭ قاپقىقىنى ئېلىپ پاكىز سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن رومىشنىڭ ئالدىغا قويدى ، — بۇگۈنچە مۇشۇنى ئىشلىتىسىز ، ئامال بولغاندا ، تېخىمۇ ئوبدانراقىنى تاپارمىز .

رومىش سۇ ئەپكېلىپ پالوبىنىڭ بىر چېتىنى پاكىز يۇيۇپ تازىلاپ باداشقانىنى قۇردى . كومولانىڭ سۆزىگە كىرىپ ئۆز دىنىنىڭ يولىنى تۇتقانلىقىغا ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى .

ئۇ تاماقتىن ئىككى قوشۇق يەپلا مەمنۇنىيەت بىلەن تووۋلىۋەتتى :

— پاھ ، تامىقىڭىز قالتىس ئوخشاپتۇ ، جۇمۇ !

— تولا زاڭلىق قىلماڭ ! — ئۇنىڭ سۆزى كومولاغا باشقىچە تۇيۇلدى .

— چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق ، ھازىر يېگەندە ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز ، — ئۇ تاماقنى تېزلا يەپ تۈگىتىپ يەنە بىر ئاز يېمەكچى بولدى . بۇ قېتىم كومولا ئۇنىڭغا تېخىمۇ جىق ئۇسۇپ بەردى .

— نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ — دېدى رومىش ، — سىزگە تاماق قالمىدىغۇ ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ ، قازاندا تېخى جىق ، — ئۇ رومىشنىڭ تاماقنى مەززە قىلىپ يېگىنىگە خۇش بولۇپ كەتكەنىدى .

— سىز تاماقنى نېمىدە يەيسىز ؟ — دەپ سورىدى رومىش .

— ئەلۋەتتە مۇشۇ قاپقاقتا يەيمەن ـ دە ، — دېدى ئۇ خاتىرجەم

هالدا . ئۇ ، مەن ئۇنىڭ ئايالى بولغاندىن كېيىن ، ئۇ تاماق يېگەن قاچىنى ئىشلىتىشۈپرىمەن ، دەپ ئويلايتتى .

— بولمايدۇ ، بۇنىڭدا يېسىڭىز بولمايدۇ ، — دېدى رومىش ھولۇقۇپ .

— نېمىشقا بولمايدۇ ؟ — كومولا ئەجەبلىنىپ سورىدى .

— زادى بولمايدۇ .

— تازا بولىدۇ . قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن . ئومىش ، سەن نېمىدە يەيسەن ؟

— تۆۋەنكى كايوتىدىكى قەندەلچىدىن شالوۋور يوپۇرمىقىنى ئېلىپ شۇنىڭدا يەيمەن ، — دېدى ئومىش .

— ئەگەر چوقۇم مۇشۇ قاپقاقنى ئىشلەتمەكچى بولسىڭىز ، — دېدى رومىش ، — مەن ئاپىرىپ پاكىز يۇيۇپ كەلگەندىن كېيىن ئىشلىتىڭ .

— ھاجىتى يوق ، سىز ئۆزىڭىزچە ئىش تېپىپلا ئولتۇرىدىكەنسىز ! — بۇ ئۇنىڭ رومىشنىڭ يوق يەردىن ئىش چىقىرىدىغان قىلىقىغا بەرگەن باھاسى ئىدى .

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يەنە سۆزلەپ كەتتى :

— سىز ماڭا سىپارى[1] ئەپكېلىپ بەرمەيسىز ، سىز چاينايمەن دېگەندە مەن نەدىن تېپىپ بېرىمەن ؟

— تۆۋەندە بىرى سىپارى سېتىۋاتىدۇ ، — دېدى رومىش .

ئانچە قىممەتكە توختىمايدىغان بۇ تەلەپمۇ قانائەتلەندۈرۈلدى . رومىشنىڭ پىكرى چېچىلدى . «ئۇ تېخىچە بىز ئەر - خوتۇن دەپ ئويلايدىكەن ، ئۇنىڭ بۇ ئويىنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولار ؟ »

كومولا تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تاماق ئېتىپ ، بالا بېقىپ كۈن بويى ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ئۆگىنىپ قالغاچقا ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ، ئەقىل كۆرستىشىگە موھتاج ئەمەس ئىدى . ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئائىللىق مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى . ئۇنىڭ

---

[1] بىر خىل ئۆسۈملۈك . ھىندىستاندا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى زىرىگە قوشۇپ چاينايدۇ .

ئىشتىكى چاققانلىقى ، پىششىقلىقى ، خۇشاللىقى رومىشنىڭ مەستـ.
لىكىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن بەزى مۇشكۇل مەسىلىلەر
ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى : بۇ ئىككىسى بۇنىڭدىن
كېيىن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك؟ ئۇنى ئۆز يېنىدا
ئېلىپ يۈرگىنى ياخشىمۇ ياكى باشقا جايغا ئەۋەتىۋەتسۇنمۇ؟ بۇ
رومىش ئۈچۈن مۇشكۇل ئىش ئىدى . ئۇ هازىر كۈن بويى ئۇنىڭ
بىلەن بىرگە بولۇۋاتىدۇ .ئوتتۇرىدىكى پەردىشەپنى زادى قانداق
ساقلاپ قېلىش كېرەك؟ ئەگەر خىمنولىنى ئۇلار بىلەن بىرگە
بولغان بولسا ئىدى ، ئۇ چاغدا ئىش ناهايىتى ئوڭاي بولاتتى ، بىراق
بۇنداق بولۇشتىن پەقەتلا ئۈمىد يوق . رومىش كۆز ئالدىدىكى بۇ
مۇشكۇللۇكنى يەڭگۈدەك بىرەر ئامال تاپالمايتتى . ئاخىر ئۇ بىر
پىكىرگە كەلدى : ئەمدى ئۇنىڭدىن سىر ساقلاپ يۈرۈۋېرىشكە بولـ.
مايدۇ ، كومولانى ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىش كېرەك .

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

شۇ كۈنى سائەت ئىككى ـ ئۈچلەردە ، پاراخوت تېيىز يەرگە
پېتىپ قالدى . پاراخوتتىكىلەر ھەر قانچە تىرىشسىمۇ پاراخوتنى
قۇمدىن چىقىرالمىدى . سۇ قۇشلىرىنىڭ ئىزلىرى بىلەن تولۇپ
كەتكەن كەڭ قۇملۇق ساھىل دەريا تاشقىنىدىن مۇداپىئەلىنىش
ئۈچۈن ياسالغان ئېگىز توسمىغىچە سوزۇلغانىدى .

قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ، يېزا قىزلىرى دەريا بويىغا سۇ
ئېلىش ئۈچۈن ئىككى ـ ئۈچتىن كېلىشكە باشلىدى . ئۇلار ھەيرانـ.
لىق بىلەن پاراخوتقا قارىشاتتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە تارتىنچاقـلىرى
چۈمبەل تارتىۋالغان ، تۈرگۈنرەكلىرى چۈمبەللىرىنى قايرـ.
ۋەتكەنىدى .

بىر مۇنچە بەگۋاش باللار توسمىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ
قىيا ـ چىيا قىلىشىپ سەكرىشەتتى ، ئادەتتە بۇرنىنى ئاسمانغا
قىلىۋېلىپ كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن گۇرۇلدەپ

ئۆتۈپ كېتىدىغان بۇ بەھەيۋەت سۇ مەخلۇقىنىڭ ئەمدى بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا مەسخىرە ياغدۇراتتى .

قۇياش قۇملۇق تەرەپكە پاتتى . رومىش ۋادەكنىڭ قېشىدا تۇرۇپ كەچكى شەپەققە چۈمگەن غەرب ئاسمىنىغا كۆز تىكەتتى . كومولا كىچىك ئاشخانىسىدىن چىقىپ ، بۆلمىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلدى ـ دە ، رومىشنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن يېنىك يۆتىلىپ قويدى . ئۇ قارىمىغاندىن كېيىن ، قولىدىكى ئاچقۇچلارنى ئىشىككە ئۇرۇپ بوش شاراقشىتتى . بۇمۇ بولمىدى ، ئاچقۇچلارنى قاتتىق شاراقشىتىۋىدى ، رومىش كەينىگە بۇرۇلۇپ كومولانى كۆردى ـ دە ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— بۇ سىزنىڭ مېنى چاقىرىش ئۈچۈن قىلغان ئىشىڭىزغۇ دەيمەن ؟ — دېدى ئۇ .

— باشقا ئامال تاپالمىدىم .

— توۋا ، ئىسىم دېگەننى باشقىلار چاقىرىدۇ دەپ قويمىسا ، ئاتا ـ ئانام ماڭا ئىسىم قويۇپ نېمە قىلىدۇ ؟ مەندە ئىشىڭىز بولسا : «رومىش ئەپەندى !» دەپ چاقىرسىڭىز بولمامدىكەن ؟

كومولا بۇنىمۇ ئانچىكى چاقچاق ھېسابلىدى . ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئايال قانداقمۇ ئۆز ئېرىنى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرسۇن !؟ كومولانىڭ چىرايى شۇنچىلىك قىزاردىكى ، كەچكى شەپەقنىڭ قىزىللىقىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا خىجىل ئىدى .

— نېمىلەرنى دەۋاتقىنىڭىزنى چۈشەنمەيۋاتىمەن ، — ئۇ كۆزىنى رومىشتىن ئەپقېچىپ سۆزلىدى ، — ھە راست ، كەچكى تامىقىڭىز تەييار بولدى ، ناشتىنىمۇ تۈزۈكرەك قىلمىدىڭىز ، ھازىرلا بېرىپ تاماق يەڭ .

بۇ يەرنىڭ كەچكى ھاۋاسى رومىشنىڭ ئىشتىھاسىنى تازا ئاچقاندى ، بىراق شارائىت ھەر تەرەپلىمە قولايسىز بولغانلىقتىن كومولاغا ئاۋارىچىلىك سالماي دەپ ئويلىمىغەن ، لېكىن كومولا ئۇنىڭسىزمۇ تاماقنى ھازىرلاپ قويغانىدى . بۇ ئۇنىڭغا خۇشاللىق بېغىشلىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئاجايىپ مۇرەككەپ ھېسسىيات بەخش

ئەتتى . بۇ ، قورساقنىڭ ئاچلىقىغا بەرھەم بېرىلگەنلىكتىن كېلىپ چىققان ھېسسىياتلا ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى ، ئۇنىڭغا شادلىق ئاتا قىلغان تۇيغۇ ئىدى . بۇ يەردە بىر قىز ئۇنىڭ غېمىدە بولماقتا ، ئۇنىڭ ھۇزۇر تېپىشى ، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن كۆيۈپ پىشماقتا ! كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ پاكىتقا ئۇ كۆز يۇمالمايتتى ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ئۆزىنى قىيناۋاتقان مۇنۇ رېئاللىقنىمۇ پەرۋاسىز قارىيال-مايتتى : رومىش بەھرىمەن بولۇۋاتقان غەمخورلۇق ئەسلى ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئەمەس ، ئۇ بۇ غەمخورلۇقنى ئىنتايىن قەدىرلىسىمۇ ، لېكىن بۇ ، ئالدامچىلىقنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى .

رومىش بۆلمىگە كىرىۋېتىپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتۇۋەتتى ، چىرا-يىمۇ تۇتۇلدى . بۇ كومولانىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى .

— تاماققا رايىڭىز يوقتەك تۇرىدۇ ، — دېدى ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا ، — مەن تېخى سىزنى قورسىقى ئېچىپ كەتتى دەپ ئويلاپتى-مەن ، كۆڭلىڭىز بىلەن ھېسابلاشماي تاماققا زورلاپ ئەپكىرگەن بولسام ، رەنجىمەڭ .

رومىش دەرھال ئۆزىنى خۇشال قىياپەتكە سېلىپ :

— مېنى زورلاپ ئەپكىرگەن سىز ئەمەس ، بەلكى ماۋۇ ئېچىر-قاپ كەتكەن قارنىم . بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاچقۇچ شاراقشىتىپ چاقىرىپ بېقىڭا ، شۇ چاغدا داستىخاننىڭ ئۈستىگە ئاچ قالغان ساردەك يوپۇرۇلۇپ كەلمىگىنىمنى كۆرۈڭ . ھوي ، بۇ يەردە يەيدى-غان نەرسە يوققۇ ، — ئۇ ئەتراپقا قارىۋېتىپ ، — قورسىقىم ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بۇ نەرسىلەرنى سىڭدۈرەل-مەيمەن ، — دېدى . بۆلمە ئىچىدىكى كارىۋات قاتارلىق جاھازىلا-رنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ چاقچاق بىلەن ، — مەن بۇ نەرسىلەرنى يەپ چوڭ بولمىغان ـ دە .

كومولا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ، بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىنى سەل توختىتىۋېلىپ :

— گېپىڭىزنىڭ قىزىقلىقىنى ، بىر ئازمۇ تەخىر قىلالما-سىز ؟ تېخى بايىلا پىتىۋاتقان كۈنگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەت-

كەن ۋاقتىڭىزدا بىر نېمە يەيدىغاندەك كۆرۈنمىگەنىدىڭىز ، ئەمدى چاقىرىپ كىرسەم قورسىقىڭىز ئېچىپ كەتتىمۇ؟ توختاڭ ، سەل تەخىر قىلىڭ ، هازىر ئەپكېلىمەن .

— ياخشىسى ، تېزراق بولۇڭ . بولمىسا سىز كەلگۈچە ئورۇن - توشەكنى يەۋېتىپ قالسام مەندىن يامانلىماڭ .

بۇ تەكرارلانغان چاقچاق بولسىمۇ ، كومولا ئۇچۇن ناهايىتى يېڭى ، قىزىق تۇيۇلدى . ئۇ تاماق ئالغىلى چىقىپ كېتىۋېتىپمۇ هەدەپ كۈلەتتى . ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل كۈلكە ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى . ئۇ چىقىپ كېتىش بىلەنلا ، ئۆزىنى خۇشاللىققا سېلىۋالغان رومىشنىڭ كۆڭلىنى غەم - قايغۇ ، ئىزتىراپ ئىگىلىدى .

كومولا كۆپ كېچىكمەي ئۈستىگە شالۋۇر يوپۇرماقلىرى يېپىلغان قاچىنى ئېلىپ كىردى - دە ، كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن يەرنى سۈرتۈۋەتتى .

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى رومىش .

— هېچقىسى يوق ، بەربىر مەن هازىر كۆڭلەك يەڭگۈشلەيمەن؟ — دېدى ئۇ ۋە قاچىنىڭ ئۈستىدىكى يوپۇرماقلارنى ئېلىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوخشىغان قاتلىما بىلەن سەيلەرنى قويدى .

— ۋاي ، خۇدايىم ، — دەۋەتتى رومىش ، — بۇ قاتلىمىنى نەدىن تاپتىڭىز؟

كومولانىڭ هە دېگەندىلا بۇ سىرنى ئاشكارىلىغۇسى كەلمىدى .

— قېنى ، ئۆزىڭىز تېپىڭ ، — دېدى ئۇ ناهايىتى سىرلىق قىياپەتتە .

رومىش قاتلىمىنى يەۋېتىپ ، بۇ توغرىدا بىر - بىرىگە قولاشمىغان هەر خىل پەرەزلەرنى دەۋېرىپ كومولانىڭ تازا ئاچچىقىنى كەلتۈردى . ئاخىر ئۇ تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى :

— چوقۇم «مىڭ بىر كېچە» دىكى سېهىرلىك چىراغقا ئېرىشكەن هېلىقى ئالاهىددىن بۇ ئىسسىق قاتلىمىنى ئۆزىنىڭ جىنلىرى ئارقىلىق يەلۇجىستاندىن بىزگە ئەپكەلدۇرۇپ بەرگەن نېمە .

كومولا ئەمدى چىدىمىدى ، ئاغرىنغان هالدا بېشىنى

تولغىدى ـ دە ، رومىش مۇشۇنداق ئاغزىغا كەلگەنچە سۆزلەۋەرسە ، ئۆزىنىڭ بۇ سىرىنى ھەرگىز دېمەيدىغانلىقىنى بىلدۇردى .
— مەن تاپالمىدىم ، — دېدى رومىش ئۆتۈنگەن ھالدا ، — ئۆزىڭىز دەپ بەرسىڭىز ، بۇ دېگىنىڭىزدا قانداقلارچە قاتلىما پەيدا قىلغانلىقىڭىزغا ئەقلىم ھەيران . ئېمىلا دېگەنبىلەن ، قاتلىمىڭىزنىڭ مەززىلىكلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ ، — ئارقىدىن ئۇ ئېچىرقاپ كەتكەن نەپسىنىڭ بۇ سىرنى بىلىش قىزغىنلىقىدىن غالىب كەلگەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلىدى .
ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئىدى : پاراخوت قۇمغا پېتىپ قالغان چاغدا ، كومولا ئومىشنى يېقىن ئارىدىكى بىر يېزىغا ئەۋەتىپ ، ئۆزىنىڭ قورۇق يېمەكلىك سالىدىغان ساندۇقىغا ئاز ـ تولا بىر نېمە غەملىۋالغانىدى . ئۇ مەكتەپتىكى چاغدا رومىش پارچە خىراجەت ئۈچۈن بەرگەن پۇلدىن بىر نەچچە رۇپىيە ئاشۇرۇۋالغان بولۇپ ، ئومىشقا ئالدۇرغان ئۇن ـ مايلارنى شۇ پۇلغا سېتىۋالغانىدى . كومولا ئومىشتىن :
— سېنىڭ نېمە يېگۈڭ بار ؟ — دەپ سورىغانىدى ، ئومىش :
— مەن سىزگە ئېيتسام ، ئاپا ، يېزىدا بىر سۈت ساتقۇچىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئوبدان ئىرىمچىك كۆردۈم ، بۆلمىمىزدە نۇرغۇن بانان بارغۇ ، ئەگەر بىر تىيىنلىك گۈرۈچ ئۈنى سېتىپ ئەپكەلگەن بولسام ، ئوخشىتىپ بۇددىڭ تەييارلاپ يەيتتىم ، — دېدى .
كومولا بۇ بالىنىڭ تاتلىق يېمەكلىكلەرگە ئامراقلىقىغا ئېتىبار بەردى .
— يېنىڭدا يەنە پۇل بارمۇ ، ئومىش ، — دەپ سورىدى ئۇ .
— بىر تىيىنمۇ يوق ، ئاپا .
بۇ تولىمۇ مۇشكۇل ئىش بولدى ، چۈنكى كومولا رومىشنىڭ ئالدىغا بېرىپ پۇل سوراشنى خالىمايتتى . ئۇ تازا ئويلانغاندىن كېيىن :
— بولدى قىلايلى ، بۈگۈن بۇددىڭ يېيەلمىسەك ، مەيەردە قاتلىما بار ، بۇنى يەپ تۇرساڭمۇ بولىدۇ . ھازىرچە ماڭا خېمىر

چەيلىشىپ بەرگىن .

— ئىرىمچىكنى ئالالامدۇق ، ئاپا ؟

— ماڭا قارا ، ئومىش ، بىر ئازدىن كېيىن ئۇياق تاماقتا ئولتۇرغاندا ، بىر نېمە ئالىدىغانلىغا پۇل لازىم بولۇپ قالدى ، دېگىن .

رومىش تامىقىنىڭ يېرىمىنى تېخى يەپ بولمىغانىدى . ئومىش ئىتتىك يۈگۈرۈپ كەلدى - دە ، ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ قالدى . رومىش تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى ، ئۇ دۇدۇقلاپ شۇنداق دېدى :

— ھېلىقى... بازاردىن نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدىغانغا پۇل... ئاپام...

رومىش بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ ، تاماق يېسە پۇل تۆلىمەي بولمايدىغۇ ،ئۇنىڭ قولىدا غايىبتىن بىر نەرسە تەييار قىلىدىغان سېھىرلىك چىراغ بارمىدى - يا ، دەپ ئويلىدى .

— راست ، كومولا ، سىزدە نەدىمۇ پۇل بولسۇن ؟

كومولا ئىلگىرى ئۇنىڭدىن پۇل ئالمىغان گۇناھىنى جىملا بوينىغا ئالدى . تاماقتىن كېيىن رومىش ئۇنىڭغا ئىچىدە پۇل بار ھەميانىنى بېرىۋېتىپ :

— ھازىرچە ئۆزىڭىزنىڭ پۇلى بىلەن قىممەت باھا بۇيۇملىرىڭىزنى مۇشۇنىڭغا سېلىڭ ، — دېدى .

ئۇ ھازىرقى ئەھۋالدا ، يېمەك - ئىچمەك ، يېتىپ - قوپۇشنىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقىنى كومولانىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى . ئۇ يەنە ۋادەكىنىڭ قېشىغا باردى - دە ، قاراڭغۇلۇقتا چۆمكىلىۋاتقان كۆنپېتىش تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ كەتتى .

ئاخىر ، ئومىش گۇرۇچ ئۈنى ، ئىرىمچىك ۋە باناندىن بىر پارچە بۇددىك پىشۇردى - دە ، تازا مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى . كومولا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تۇرمۇشىغا ئائىت ئەھۋاللارنى سوراشقا باشلىدى .

ئومىش ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قالغان بالا بولۇپ، ئۆيگە سىغماي قېچىپ چىققان ۋە ھازىر بىنارستا تۇرۇۋاتقان ئانا جەمەت تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقانىدى.

— سىز مېنى يېنىڭىزدا بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە قوشۇلسىڭىز، مەن ئۆلسەممۇ باشقا جايغا بارمايمەن، — دېدى ئومىش سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا.

ئۇنىڭ سەبىيلەرچە «ئاپا» دېيىشلىرى كومولانىڭ چوڭقۇر يۈرەك قاتلاملىرىدىكى ئانىلىق سېزىمىنى ئويغاتقانىدى.

— بولىدۇ، ئومىش، سەن بىز بىلەن بىرگە بولغىن، — دېدى ئۇ رازىلىق بىلدۈرۈپ.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

دەريا ياقىسى بويلاپ ئۆسكەن چاتقاللار گۈگۈم ئاسمىنىنىڭ لالىرەڭ شەپىقى — قىزىل لىباسىنىڭ ئېتىكىگە تۇتۇلغان قارا جىيەكتەك كۆرۈنەتتى. قاراڭغۇ چۈشمەكتە، كۈن بويى ئوزۇقىنىڭ غېمىدە يۈرگەن ياۋا ئۆردەكلەر تىنچ كۆل بويىدا كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى، دەريادا بىرمۇ قېيىق قالمىغان، پەقەت سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېقىمغا قارشى تۇرۇپ قالغان بىرلا پاراخوت، جىمجىت ئېقىۋاتقان، زۇمرەتتەك سۇ ئايدىڭدا چۈشكەن ئالامەت زور قارا داغدەك كۆرۈنەتتى.

رومىش بىر چىغ ئورۇندۇقنى ھىلال ئاينىڭ سۇس نۇرلىرى چۈشۈپ تۇرغان پاراخوتنىڭ تۇمشۇقىغا ئەپكېلىپ ئولتۇردى. قاراڭغۇلۇق كەچكى شەپەقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئالتۇن شولىسىنى ئۆز قوينىغا ئالدى. سۇمبات ئاينىڭ مەھلىيالىق نۇرلىرى ئاستىدا بەرنا زېمىن ئېرىپ تۇتەككە ئايلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. رومىشنىڭ قەلبى «خىمنو!» دەپ نىدا قىلاتتى. بۇ ئوماق ئىسىم ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەسىر قىلىۋالغان، ئۇنىڭغا ئېيتقۇسىز لەززەت بېغىشلاۋاتقانىدى؛ بۇ ئىسىمنى تەكرارلىغاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا

ئايرىلغان مەشۇقىنىڭ گۈزەل سىيماسى نامايان بولاتتى ؛ ئۇنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى ھەسرەت تۇيەيلىدىن ياشلان-غان ھالدا تۇمان - تۇتەكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى .

ئۆتۈپ كەتكەن ئىككى يىللىق تۇرمۇش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى ، ئۇ تۇنجى قېتىم خىمنولىنى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن چاغلىرىنى ئەسلىدى . ئۇ چاغدا رومىش شۇ كۈنىنىڭ ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىغا شۇ قەدەر زور تەسىر كۆرسى-تىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمىدى - ھە ! بىر كۈنى ، جوگىنىدىرو تۇيۇقسىزلا ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى . ئۇ ئەزەلدىن يۈزى تۆۋەن بالا بولغاچقا ، خىمنولىنى ئۇنىڭغا چاي تۇتقاندا نېمە قىلارىنى بىلمەي مەڭدەپ قالدى . كېيىنچە ئۇيىلىدىغان ئىشلارمۇ بارا - بارا تۈگەپ ، ئۇ ئۆزىنى خىمنولىنىغا يېقىن تۇتىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ، رومىشتا مۇھەب-بەت لىرىكىسىغا قارىتا ھەۋەس ئۇلغايدى ، ئۇنىڭغا بارلىق مۇھەب-بەت قەسىدىلىرى پەقەت خىمنولىنى ئۈچۈنلا يېزىلغاندەك بىلىن-دى . ئۇ مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىپ باققانلىقىغا ئۆزىچە كېرىل-دى . ساۋاقداشلىرىنىڭ مۇھەببەت شېئىرلىرىنى پەقەت ئەدەبىيات ئىمتىھانى ئۈچۈنلا ئوقۇپ يۈرگىنىنى كۆرگەندە ، ئۇلارغا ئىچ ئاغ-رىتتى ، چۈنكى مۇھەب-بەت رومىش ئۈچۈن تۇرمۇش رېئاللى-قىغا ئايلانغانىدى .

ئەمدى مەلۇم بولدىكى ، ئۇ شۇ كۈنلەردە ئارانلا مۇھەببەتنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەنىكەن ، كومۇلانىڭ ئۈشتۈمتۇت ئوتتۇرىغا چىقى-شى بىلەن ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن سىرلىق تېپىشماققا ئايلاندى . ئۇ قارىمۇ قارشى ئىككى ئېقىننىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بول-غان غايەت زور دولقۇن ئىچىدە قالغاندىلا ، ئاندىن ئۇنىڭدا خىمنو-لىنىغا قارىتا چىن مۇھەببەت ئويغاندى ۋە بۇ ھەقىقىي جانلىق نەرسىگە ئايلاندى .

ئويلاپ شۇ يەرگە يەتكەندە ، ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قوللى-

رى بىلەن يۈزىنى ياپتى . ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ، ئۇنى مەڭگۈ قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان ، سېغىنىش ئىچىدە ئازابلىنىپ ئۆتىدىغان هايات ئىدى ، ئۇ هازىر گويا تورغا چۈشۈپ قېلىپ ئەركىنلىك ئۈچۈن مەڭگۈ تېپىرلايدىغان قۇشقا ئوخشاپ قالدى . ئەگەر ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قاتتىق بىر يۇلقۇنۇپ باقسا ، بۇ توردىن چىقىپ كېتەلمەسمۇ ؟

يىگىت ئۆز قارارىنىڭ ئىلهامى بىلەن بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى ، كومولانى كۆردى . كومولا چىغ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتقان هالدا ئۇنىڭ قېشىدا تۇراتتى . ئۇ رومىشنىڭ هەرىكىتىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى .

— كۆزىڭىز ئۇيقۇغا ئىلىنىپتىكەن ، ئۇيقۇڭىزنى بۇزۇۋېتىپ قالدىم ! — ئۇ ئىنتايىن خىجىل بولدى ۋە ئۇنى ئارامخۇدا ئۇخلىدۇالسۇن دەپ مېڭىۋىدى ، رومىش توختىتىۋالدى .

— هېچقىسى يوق ، كومولا ، مەن ئۇخلىمىغان ، مەيەرگە كېلىڭ ، سىزگە هېكايە ئېيتىپ بېرىمەن .

هېكايىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان كومولا خۇشال بولۇپ ، دەرهال ياندىكى ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ ئولتۇردى . رومىش پۈتۈن ئىشنى راستى بىلەن ئېيتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى ، لېكىن قىز تەييارلىقسىز تۇرغاندا گەپنى توغرىدىن ـ توغرا قويسا ، ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولۇپ قېلىشى مۇمكىنغۇ ، شۇڭا ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ هېكايە قىلىشقا باشلىدى :

— بۇرۇن راجپۇت دېگەن بىر قەبىلە بولغانىكەن ، بۇ قەبىلىدىكىلەر...

— بۇ قاچان بولغان ئىشكەن ، — دەپ سۆز ئارىلىدى كومولا ، — قەدىمكى زاماندىمۇ ؟

— هەئە ، قەدىمكى زاماندا ، ئۇ چاغدا سىز تېخى تۇغۇلمىغان !

— هەئە ، سىز تۇغۇلغان بولغىيتتىڭىز ، شۇڭا سىزنى ساقال بېسىپ كەتكەن ـ دە ! خوش ، داۋاملاشتۇرۇڭ .

— بۇ قەبىلىدىكىلەرنىڭ ئالاهىدە بىر ئادىتى بار ئىكەن ،

بىرەر يىگىت توي قىلماقچى بولسا، قىزنىڭ ئالدىغا ئۆزى بارماي قىلىچىنى ئەۋەتىپ بېرىدىكەن، قىزنى ئاشۇ قىلىچقا نىكاھلاپ، ئاندىن يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئەپكېلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن، رەسمىي توي قىلغان بولىدىكەن.

— توۋا، مۇنداقمۇ توي بولىدىكىنا!

— بۇ ئادەت ماڭىمۇ ياقمىدى، لېكىن بۇنىڭغا نېمە ئامال. بۇ ھېكايىمىزنىڭ بېشى، خوش، داۋامىنى ئاڭلاڭ، بۇ قەبىلىدىكىلەر قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توي قىلىشنى ھاقارەت ھېسابلايدىكەن. بۇ قەبىلىنىڭ بىر رادجا[1] سى بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى...

— ئۇ قايسى جاينىڭ رادجاسى ئىكەن، سىز تېخى دېمىدىڭىزغۇ.

— ئۇ مادورانىڭ رادجاسى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ...

— ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى دېمەمسىز، — دېدى كومولا، ئۇ ھەر قانداق نەرسىنى مۇجمەل ئەمەس، يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ئېيتىشنى تەلەپ قىلاتتى. رومىش بۇنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسا، ئوبدانراق تەييارلىق قىلىۋېلىپ سۆزلىگەن بولاتتى، ئەلۋەتتە. قىز ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقىلداپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، كىچىككىنە بىر يېرىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئۇنىمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى راندجىت سىنگخ ئىكەن، — ئۇ سەل مۇجمەلرەك جاۋاب بەردى.

— راندجىت سىنگخ، مادورانىڭ رادجاسى، — دەپ تەكرارلىدى كومولا، — خوش، داۋاملاشتۇرۇڭ.

— بىر كۈنى رادجانىڭ ئالدىغا بىر جاھانكەشتى ھاپىز كەپتۇ ـ دە، شۇ قەبىلىدىن چىققان باشقا بىر رادجانىڭ ئاجايىپ بىر گۈزەل مەلىكىسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇ قايسى ئەلنىڭ رادجاسى ئىكەن؟

— ئۇنى كانچانىڭ رادجاسى دەپ تۇرايلۇق.

---

[1] رادجا — مەنسەپ ئىسمى، قەبىلە باشلىقىغا يېقىن كېلىدۇ.

— نېمىشقا دەپ تۇرىدىكەنمىز ؟ ئۇ راست كانچانىڭ رادجاسى ئەمەسمۇ ؟

— ئەلۋەتتە راست ! سىزنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلگۈڭىز كېلىدىغاندۇ ؟ ئۇنىڭ ئىسمى ئامارسىنگخ ئىكەن .

— سىز تېخى ھېلىقى قىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىدىڭىز ، بايىقى گۈزەل مەلىكىچۇ ؟

— كەچۈرۈڭ ، بۇنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن . ئۇنىڭ ئىسمى... ئىسمى... ھە ، تاپتىم . ئۇنىڭ ئىسمى چاندرا ئىكەن...

— خاتىرىڭىز تازىمۇ ناچار ئىكەن جۇمۇ ، ھەتتا بىر چاغدا مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانتىڭىزغۇ ؟

— شۇنداق قىلىپ ، ھېلىقى ئاۋتخنىڭ رادجاسى ھاپىزدىن...

— ئەمدى بۇ نەدىكى ئاۋتخنىڭ رادجاسى ؟ بايام مادورانىڭ رادجاسى دېگەنتىڭىزغۇ !

— ئۇنى بىرلا ئەلنىڭ رادجاسى دەپ قارىسىڭىز بولمايدۇ ؛ ئۇ ئاۋتخنىڭ ، شۇنداقلا مادورانىڭ رادجاسى ـ دە .

— بۇ ئىككى ئەل قوشنا بولسا كېرەك ـ ھە ؟

— شۇنداق ، بۇ ئىككى ئەل بەكمۇ يېقىن ئىكەن .

ئۇ شۇ قېلىپتا سۆزلەۋەردى ، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان كومولا زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى بايقاپ قالغاندا ، ئۇ بىر ئاماللاپ باش ـ ئايغىنى قولاشتۇرۇپ كېتەتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇ تۆۋەندىكىچە ھېكايىنى توقۇپ چىقتى :

مادورانىڭ رادجاسى رادجىت سىنگخ ، قىزىڭىزنى بەرسىڭىز ، دەپ كانچا رادجاسىغا كىشى قويۇپتۇ . كانچا رادجاسى ئامار سىنگخ بۇنىڭغا دەرھال قوشۇلۇپتۇ .

راندجىت سىنگخنىڭ ئىنىسى ئىندرادجىت سىنگخ قوشۇن تارتىپ ، تۇغ ـ ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ ، كاناي ـ سوناي ، داقا ـ دۇمباقلارنى چالغان ھالدا ئامارسىنگخنىڭ ئېلىگە قىز كۆچۈرگىلى كەپتۇ ، كېلىپ ئوردا بېغىغا چۈشۈپتۇ . پۈتكۈل كانچا پايتەختىنى بۇ قۇتلۇق مەرىكىنىڭ تەنتەنىسى قاپلاپتۇ .

ئوردا مۇنەججىملىرى پال ئېچىشىپ توينىڭ خەيرلىك سائىتىنى بېكىتىپتۇ . ئۇلارنىڭ تاللىغان كۈنى ئاينىڭ ئىككىنچى يېرىمىنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى ، ۋاقتى يېرىم كېچە سائەت ئىككى ئىكەن . بۇ كۈنى كېچىسى ھەممە ئۆيلەرگە قىزىل چىراغلار ئېسىلىپ ، شەلپەرلەر تارتىلىپتۇ . مەلىكە چاندرانىڭ شەرىپىگە پۈتكۈل شەھەر يورۇتۇلۇۋېتىپتۇ .

لېكىن ، شۇ چاغقىچە مەلىكە ئۆزىگە جورا بولغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىكەن . مەلىكە دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقاندا ، دانىشمەن پاراماناندا كېلىپ قىزنىڭ دادىسىغا : «مەلىكە يۇلتۇزلارنىڭ خەيرسىز ئۇچراشقان چېغىدا تۇغۇلۇپ قالدى . كەلگۈسىدە ئۇ توي قىلغان چاغدا ، ئاتىلىرى ، ئۇنىڭغا ھەرگىز توي قىلىدىغان ئادىمىنىڭ ئىسمىنى ئالدىن ئېيتىپ قويمىسىلا» دېگەنىكەن .

خەيرلىك سائەت يېتىپ كەپتۇ ، مەلىكە قىلىچقا نىكاھلىنىپتۇ . ئىندرادجىت سىنىگخ قائىدە ـ رەسمىيەت بويىچە يىگىتكە ۋاكالىتەن مەلىكىگە سوۋغا تەقدىم قىپتۇ ۋە كەلگۈسىدىكى يەڭگىسىگە سالام بېرىپتۇ ، ئۇنىڭ ئاكىسىغا بولغان سادىقلىقى لاكشىمانىڭ راماغا بولغان ساداقەتلىكىدىن قېلىشمايدىكەن . شۇڭا ، ئۇ چۈمبەلگە ئورالغان بۇ تارتىنچاق ئالىيجاناپ مەلىكىگە باش كۆتۈرۈپ قارىماپتۇ ، كۆرگىنى پەقەت ئۇنىڭ قوڭغۇراق ھالقا سالغان ، لاك يېقىلغان نازۇك ئاياغلىرىلا بوپتۇ .

توينىڭ ئەتىسى ئىندرادجىت مەلىكىنى لەئەل ـ جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ ماڭماقچى بوپتۇ . كانچانىڭ رادجاسى قىزىنىڭ پېشكەل يۇلتۇزلار ئۇچرىشىپ قالغاندا تۇغۇلغانلىقىنى ئۇنتۇمىغانىكەن ، شۇڭا قىزىنى ئۇزىتىپ پاتىھە ئوقۇغاندىمۇ ۋەھىمىگە پېتىپتۇ . قىزىنى سۆيۈۋېتىپ كۆز ياشلىرى بىلەن يۇزلىرىنى يۇيۇپتۇ . شۇ چاغدا ، بارلىق ئىبادەتخانىلاردا تۇمەنلىگەن راھىبلار دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ مەلىكىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالا ـ قازانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى تىلەپتۇ .

كانچا مادورادىن ئىنتايىن يىراق بولۇپ ، ئالاھازەل بىر ئايلىق-تەك يول ئىكەن . ئەتىسى كەچتە ئۇلار ۋەتاسا دەرياسىنىڭ بويىغا چېدىر - بارگاھ تىكىپ ، كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى بوپ-تۇ ، شۇ ئەسنادا ، يېقىنلا بىر جايدىكى ئورمانلىقتىن ئوت يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ . ئىندرادجىت ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن نۆكەر ئەۋەتىپتۇ . ئۇ قايتىپ كېلىپ تۆۋەندىكىچە بايان قىپتۇ :

— ئى ئالىيلىرى ، بايىقى مەشئەللىكلەر بىز بىلەن بىر قەبى-لىلىك بولۇپ ، بىزگە ئوخشاش قىز كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلار ئى-كەن . ئۇلارمۇ قوراللىق نۆكەرلەر بىلەن قىزنى قوغداپ ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ . بۇ يوللار ناھايىتى ئەنسىز بولغانلىقتىن ، ئۇلار ئالىيلىرىدىن شاپائەتلىرىنى ئايىماي ئۇلارغا باشپاناھ بولۇپ مې-ڭىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىدۇ .

ئىندرادجىت :

— باشقىلار بىزدىن ياردەم تىلىگەنىكەن ، بىزنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار . بىز قوربىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنى قوغدايلى ، — دەپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئىككى قوشۇن قوشۇلۇپتۇ .

ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى يەنى شۇ ئاينىڭ ئايسىز كېچىلىرى-نىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى ، ئۇلار ئالدى تەرىپى ئېگىز تاغ ، كەينى قويۇق ئورمانزارلىق بىلەن قاپلانغان بىر جايغا قونالغۇغا چۈشۈپتۇ . ھېرىققان نۆكەرلەر چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ۋە يوپۇرماقلار-نىڭ شىلدىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

تۇيۇقسىز چىققان شاۋقۇن - سۈرەندىن ھەممەيلەن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ، باغلاقتىن بوشىتىۋېتىلگەن ئاتلار مادورالىقلارنىڭ چېدىر - بارگاھلىرىنى چەيلەپ ۋەيران قىلىپ يۈرگۈدەك . بەزى چېدىرلارغا ئوت كېتىپتۇ ، ئوت شولىسى ئايسىز ئاسماننى يورۇتۇپ قىزىل شەلپەردەك قىلىۋېتىپتۇ .

نۆكەرلەر قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، قالايمىقان جەڭ باشلىنىپتۇ . تۇن قاراڭغۇسىدا ،

كىمنىڭ ئۆز ، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتمەك تەس ئىكەن ، شۇڭا قارىسىغا جەڭ قىلماقتىن باشقا ئامال بولماپتۇ . قاراقچىلار پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ چېدىر - بارگاھلاردىكى نەرسە - كېرەكلەرنى ئولجا ئېلىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ .

جەڭدىن كېيىن قارىغۇدەك بولسا مەلىكە يوق ، ئۇ ئەسلىدە ساراسىمە ئىچىدە چېدىردىن يۈگۈرۈپ چىقسا بىر مۇنچە ئادەملەر قېچىۋاتقۇدەك ؛ بىرىنىڭ ئادەملەر بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىۋېرىپتۇ .

ئۇلار ئەسلىدە باشقا بىر توي تارتىپ كېتىۋاتقان قوشۇننىڭ ئادەملىرى ئىكەن . قاراقچىلار قالايمىقانچىلىقتا ئۇلار قوغداپ كېلىۋاتقان كېلىننى بۇلاپ كەتكەنىكەن ، لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىزلا مەلىكە چاندرانى شۇ قىز دەپ ئويلاپتۇ - دە ، ئۇنى ئېلىپ ناھايىتى تېزلىكتە ئۆز ئېلىگە يېتىپ بېرىپتۇ .

ئۇلارنىڭ ئېلى دېڭىز بويىدىكى كالىنكا دېگەن جايىنى ئىگىلىگەن لاجىبوتلارنىڭ كىچىك قەبىلىسى ئىكەن . مەلىكە ھەش - پەش دېگۈچە قەبىلە باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلۈپتۇ . بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى چېت سىنگخ بولۇپ ، ھېلىقى يوقالغان قىزنىڭ ئېرى مۇشۇ ئىكەن .

چېت سىنگخنىڭ ئانىسى قىزنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ئۆيگە باشلاپتۇ . ئۆينىڭ ئىچىدە قىستىلىشىپ تۇرۇپ كەتكەن تۇغقانلار قىزنى كۆرۈپ : «ئۆمرىمىزگە كېلىپ بۇنداق ساھىبجامالنى كۆرمەپتىكەنمىز !» دېيىشىپ كېتىپتۇ .

چېت سىنگخ بىر تەرەپتىن ئۆز تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكىگە خۇش بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن قىزنىڭ ھۆسنى - جامالىغا مەھلىيا بوپتۇ . ئەمدى مەلىكىگە كەلسەك ، ئۇ ۋاپادار ئايالنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى تولۇق چۈشىنىدىكەن ، چېت سىنگخنى ھەق نىكاھلىنىپ تەگكەن ئېرىم ، دەپ قارىغاچقا ، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ، ئۆمۈرۋايەت خىزمىتىدە بولۇشنى ئويلاپتۇ .

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى كۆر-

گەندە ئانچە ياتسىنمايدىغان بوپتۇ . بىر كۈنى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن مەلۇم بوپتۇكى ، چېت سىنگخ ئايالىم دەپ يۈرگەن قىز مەلىكە چاندرا ئىكەن .

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

— ئاخىرى قانداق بوپتۇ ؟ — دېدى كومولا بىتاقەت بولۇپ ، ئۇ دېمىنى ئىچىگە سېلىپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى .

— مېنىڭ بىلىدىغىنىم مۇشۇنچىلىك ، قالغىنىنى مەنمۇ بىلمەيمەن . سىز دەپ بېقىڭا ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار ؟

— ياق ، ياق ، بۇ قىلغىنىڭىز پەقەتلا بولمىدى ، ھېكايىنى تۈگەتمىسىڭىز بولمايدۇ ، — دېدى كومولا .

— يالغان ئېيتقان بولسام ئادەم بولماي كېتەي ، كومولا ، مەن راستىنى دەۋاتىمەن . بۇ ھېكايىنىڭ ئەمدى بىرىنچىسى نەشردىن چىقتى ، ئىككىنچىسى قاچان چىقىدۇ ، مەنمۇ بىلمەيمەن .

— ئىشقىلىپ ، سىز ياخشى ئادەم ئەمەسكەنسىز ، بەك ئەسكى ئىكەنسىز ! — دېدى كومولا قېيىدىغان ھالدا .

— سىز ماڭا ئەمەس ، ھېلىقى كىتابنى يازغان ئادەمگە خاپا بولسىڭىز بولىدۇ... سىزدىن بىرلا نەرسىنى سوراپ باقاي : چېت سىنگخ چاندرانى قانداق قىلىشى كېرەك ؟

كومولا سۇئاغا قاراپ ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى .

— قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم ، بۇنىڭغا ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇ ئاخىر جاۋاب بېرىپ .

رومىش سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— چېت سىنگخ ئەينەن ئەھۋالنى چاندراغا ئوچۇق قويۇشى كېرەكمۇ ؟

— قىزىق گەپ قىلىسىزغۇ ! ئۇ ئېيتمىسا ئىشلار قالايمىقانلىشىپ قورقۇنچلۇق ئەھۋال كېلىپ چىقمامدۇ ! ئەڭ ياخشىسى ، ھەقىقىي ئەھۋالنى قىزغا ئېيتقىنى تۈزۈك .

— ئەڭ ياخشىسى ، — رومىش ئىختىيارسىز ئۇنىڭ سۆزىدە-نى تەكىرارلىدى ۋە سەل تۇرۇۋېلىپ دېدى ، — لېكىن كومولا ، ناۋادا...

— ناۋادا نېمە؟

— ناۋادا مەن چېيت سىنىڭغ ، سىز چاندرا بولسىڭىز ،

— ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ ، مەن خالىمايمەن ، — دېدى كومولا .

— مەن بۇ گەپنى قىلىشىم كېرەك ، كومولا . ئەگەر راست شۇنداق بولساق ، مەن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ سىزچۇ؟

كومولا بۇ سوئالغا بىر ئېغىزمۇ ئۇندىمەستىن ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى ۋە بولمىنىڭ بوسۇغىسىدا سۇغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئومىشنىڭ قېشىغا كەلدى .

— ئومىش ، سەن جىننى كۆرگەنمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى كومولا ، — قانداق بولىدىكەن؟ دەپ باقە ، — كومولا ئورۇندۇقنى ئەپكېلىپ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى .

پاراخوتنىڭ تۇمشۇقىدا يالغۇز قالغان رومىش كومولانىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ ئۇنى قايتا چاقىرمىدى .

يېڭى چىققان ئاي بامبۇكزارلىقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى . پالوبىدىكى چىراغلار ئۆچۈرۈلۈپ ، ماتروسلار بىر ئاز بىر نېمە يەپ دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى . يۇقىرىقى بۆلمىلەردە يولۇچىلار يوق ئىدى . ئۈچىنچى قەۋەتتىكىلەر سۇ كېچىپ قىرغاققا چىقىشتى -دە ، كەچكى تاماققا تۇتۇندى . قويۇق ئورمان ئىچىدىن يېزا چىراغلىرىنىڭ چاقناشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئىتتىك ئېقىم لەنگەرگە زەرپ بىلەن ئۇرۇلاتتى . پاراخوت بۇ ئۇلۇغ دەريانىڭ ھەيۋەتلىك تىنىقى بىلەن يېنىك سىلكىنەتتى .

پۈتۈن ئالەم تۇن پەردىسى بىلەن قاپلانغان بۇ ئاجايىپ مەنزىرە ئىچىدە ، رومىش ۋىجدانىنىڭ ئۆزىگە قويۇۋاتقان مۇشكۇل سوئالىغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇراتتى . روشەنكى ، ئۇ كومولا بىلەن خىمنولىنى ئىككىسىنىڭ چوقۇم بىرسىگە تۇرۇشى كېرەك . مۇ-

رەسسەگە ئورۇن يوق ، ئىككىلا قىزنىڭ ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك ئايال بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . مەسئۇلىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ئېنىق . خىمنولىنى ئۇچۇن يول ئوچۇق ، ئۇ رومىشنى پۈتۈنلەي كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ ئۆزىگە خېرىدار بولۇپ يۈرگەن بىرەرسىگە تۇرمۇشلۇق بولسىلا بولىدۇ . ئەگەر ، رومىش كومولادىن ۋاز كەچسە ، بۇ ، باشپاناھسىز بىر قىزنى پايانسىز دېڭىزغا تاشلىۋەتكەنگە باراۋەر ئىش بولمامدۇ ! لېكىن — ئادەم دېگەن ئۆز كۆڭلىدىكىگە چوغ تارتىدىغان مەخلۇق — خىمنولىنىنىڭ باشقىچە يول تۇتۇپ ئۇنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى ، ئۇنىڭسىزمۇ ئوخشاش ياشاۋېرىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا ، رومىش ، بولدىلا دېگەن نىيەتكە كەلمىدى . ئەكسىچە ، بۇ خىيال ئۇنىڭ خىمنولىنىغا بولغان سېغىنىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى . خىمنولىنى ئۇنىڭ خىيالىغا ھەمراھ ئىدى ، رومىشنىڭ قېشىدا بولمىسىمۇ ، بەك يىراقتا ئەمەس ، خۇددى قول سۇنسا يېتىدىغان جايدا تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى .

ئۇ ئېغىر خىياللار بىلەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئەتتى . يىراقتىكى بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى ئاڭلاپ ، يېقىن يېزىلاردىكى ئىتلار ھاۋشىشقا باشلىدى . رومىش بېشىنى كۆتۈرۈپ ، كومولانىڭ قاراڭغۇدا ، ۋادەكنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— كومولا ، تېخى ئۇخلىمىدىڭىزمۇ ؟ بەك كەچ بولۇپ كەتتىغۇ ، — دېدى .

— سىز ئۇخلىمامسىز ؟

— هازىر بېرىپ ئۇخلايمەن ، ئورنۇمنى ئوك تەرەپتىكى بۆلمىگە راسلاپ قويدۇم . سىز ماڭا قارىماي يېتىۋېرىڭ .

كومولا ئۇندىمەيلا ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن بۆلمىگە كىرىپ كەتتى . ئۆزىنىڭ ھېلىلا جىنلار توغرىسىدا ھېكايە ئاڭلىغانلىقىنى ، يالغۇز قالسا سۇر باسىدىغانلىقىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى . ئۇنىڭ

خالار - خالىماس مىڭشىلىرىدىن يالغۇز يىتىشتىن قورقىۋاتقانلىقىنى سىزىپ، رومىشنىڭ ئىختىيارسىز يۈرىكى ئېچىشتى.

— قورقماڭ، كومولا، — دىدى ئۇ ئۇنلۇك سۆزلەپ، — مەن سىزنىڭ قېشىڭىزدىكى بۆلمىدە، ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ياتىمىز.

كومولا بېشىنى مەغرۇر سىلكىپ:

— نېمىدىن قورقاتتىم؟ — دىدى.

رومىش ئۆز بۆلمىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ يوتقانغا كىردى.

«ئۆلسەممۇ كومولانى تاشلىۋەتمەيمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — خوش، خىمنولىنى! مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، ئەمدى ئىككىلەنمەيمەن». رومىش قاراڭغۇدا جىمجىت سوزۇلۇپ ياتقىنى بىلەن، يۈرىكى خىمنولىنىدىن ئايرىلىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ، دەپ خىتاب قىلاتتى. ئۇ ئاخىر چىدىيالمىدى، كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ تالاغا چىقتى. ئۇ قاراڭغۇ ئاسمان گۈمبىزىگە قاراپ شۇنى شەكسىز ھېس قىلدىكى، ئۇ چەككەن ئەلەم، كۈلپەتلەر بۇ ئالەمگە مەڭگۈلۈك ئەمەس، مەڭگۈلۈك دېيىلسە، ئەنە ئاۋۇ چىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارنى دېسە بولىدۇ. ئۆزى بىلەن خىمنولىنى ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەزگىللىك بىچارە مۇھەببەتنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەزىم دەريا بۇنىڭدىن كېيىنكى تالاي - تالاي كۆز كېچىلىرىدىمۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئەكسى بىلەن چىمىرلاپ ئېقىۋېرىدۇ. بۇ يەردىكى قۇملۇقلاردىن، شامالدا ئىرغاڭلىشىۋاتقان قومۇشلۇقلاردىن، يېشىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغان، غەرق ئۇيقۇغا چۆككەن يېزىلاردىن ئايلىنىپ ئۆتىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ پاسىق جىسمى دەپنە گۈلخانىدا كۈلگە ئايلىنىپ، جىمى نەرسىنى قوينىدا ساقلاۋاتقان زېمىن ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ پەرىشان كۆڭلىمۇ مەڭگۈلۈك ئارام تاپىدۇ.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

كومولا تاغ يورۇمايلا ئويغاندى ، ئەتراپقا قاراپ باقسا ھېچكىم يوق ، كاللىسى سەل سەگىدىگەندىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇ كارىۋاتتىن ئېرىنىپ چۈشتى ، بۆلمىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ سىرتقا قارىدى . تىنچ ئېقىۋاتقان دەريا ئۇس-تىنى نېپىز تۇمان قاپلىغان ، قاراڭغۇلۇق ئاستا - ئاستا تارقىلى-ۋاتقان ، دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئورمانزارلىق تەرەپتىن تاڭ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ ھەيكەلدەك تىكىلىپ تۇرغان شۇ ئارىلىقتا ، كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان سۇ يۈزىدە ئاق يەلكەنلىك بېلىقچى كېمىلىرى پەيدا بولدى .

كومولا يۈرىكىنىڭ بىر خىل سىقىلىۋاتقانلىقىنىلا سېزەتتى ، لېكىن يۈرىكىنى نېمىنىڭ سىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئېزىتقۇ تۇمان قاپلىغان بۇ كۆز سەھىرى نېمە ئۈچۈن ئوچۇق چىراي ئاچمايدۇ ؟ ئۇنىڭ ئىچىگە تولۇپ كەتكەن ھەسرەت ، يۈرىكى-نى زەرداپ قىلىپ يۇم - يۇم يىغلىتىۋاتقان بۇ يىغان زادى نەدىن كەلدى ؟ ئۇ نېمىشقا بىردىنلا ئۆزىنىڭ مىسكىن ھالىتىنى ئېسىدىن چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالدى ؟ ئۇ تېخى بىر سوتكا بۇرۇنلا ، ئۆزى ۋە ئېرىنىڭ ئاتا - ئانىسىز يېتىملار ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ئىگە - چاقىسىز ، دوستسىز قالغانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇغا-نىدى . مانا ئەمدى ، ئۇنىڭغا غېرىبلىقنى ئۇشتۇمتۇت يەنە ھېس قىلدۇرۇپ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان نەرسە زادى نېمە ؟ ئەجەبا ، رومىشنىڭ ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇۋاتقانلىقى كۇپايە قىلمامدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ، ئۇ ئالەمنىڭ پايانسىزلىقى ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئويلاپ ، تۇرۇپلا شۇنچىلىك ئاھ ئۇرىدىغان بولۇپ قالدى ؟

ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئۆز خىياللىرى بىلەن چىرمىلىشىپ ، ئال-دىدىكى دەريانىڭ قۇياش نۇرىنىڭ ئالتۇن شولىسىغا چۆمگەنلىكىنى بايقىماي قالدى . ماتروسلار ئىشقا كىرىشتى ، ماتورلار گۇرۇلدەشكە

باشلىدى . ياكور زەنجىرلىرىنىڭ شاراقشىشلىرى ، ماشىنىلارنىڭ تاراقشىشلىرىدىن ئويغانغان يېزا بالىلىرى سايغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى .

بۇ ئاۋازلار رومىشنىمۇ چوڭقۇر خىيالدىن ئويغاتتى . ئۇ كومولاغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن دەرھال بۆلمە ئىشىكىگە ماڭدى . كومولا رومىشنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى . ئۇ يۈزىگە چۈمبەل تارتىۋالغان بولسىمۇ ، چىرايىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى .

— يۈزىڭىزنى يۇيۇۋالدىڭىزمۇ ، كومولا ؟ — دېدى رومىش .

بۇ سۆز ھېچقانداق يامان غەرەزدە ئېيتىلمىغان ، كىشىنى خاپا قىلىدىغان سۆزمۇ ئەمەس ئىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى ـ دە ، بېشىنى چايقاپ تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى .

— بىر ئازدىن كېيىن بۇ يەردە ئادەم كۆپىيىدۇ ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى رومىش ، — ھازىرلا كىرىپ يۇيۇنۇۋالغىنىڭىز تۈزۈك .

كومولا بىر ئېغىز جاۋاب قايتۇرماستىن ئورۇندۇقتىكى كىيىملىرىنى ئېلىپ ، رومىشنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ مۇنچىغا كىرىپ كەتتى .

رومىشنىڭ قاق سەھەردە ئۇنىڭغا يۇيۇنۇۋېلىڭ دېيىشى ، كومولا ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ھاجەتسىزلا ئەمەس ، بەلكى ئەدەپسىزلىك ئىدى . ئۇنىڭغا تامامەن چۈشىنىشلىك ، رومىش ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە باشتىن ـ ئاياغ بىر چەكنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ ، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ چەكتىن ھالقىپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ باققىنى يوق . ئۇنىڭغا قېينانىسىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ كېلىنىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا ئائىت نەسىھەتلىرىنى ، قانداق ۋاقىت ، قانداق سورۇندا چۈمبەل تارتىش لازىملىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا نېسىپ بولمىغان . لېكىن ، بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ نېمىشقىدۇر رومىشقا كۆرۈنۈشتىن ئۇيالدى .

كومولا مۇنچىدىن چىققاندا ، بىر مۇنچە ئىشلار ئۇنىڭغا قاراپ

تۇراتتى . ئۇ كۆڭلىكىگە تۇگۇپ قويغان ئاچقۇچنى ئېلىپ كىيىم چامادانىنى ئاچتى ۋە ئېچىشىغىلا تۇنۇگۇن رومىش بەرگەن ھەميانغا كۆزى چۈشتى . بۇ ھەميان تېخى تۇنۇگۇنلا ئۇنىڭغا چەكسىز خۇشال-لىق ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ھوقۇقلۇق ۋە مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە بولغاندەك ھېس قىلىپ ، ئۇنى ئەنگۈشتەر-دەك ئاۋايلاپ ساقلىغانىدى . ئەمدى بۈگۈن ئۇنىڭدىكى ھېلىقى خۇ-شاللىقتىن ئەسەر قالمىدى . بۇ ھەميان بەرىبىر رومىشنىڭ ، ھەر-گىزمۇ ئۇنىڭ ئەمەس . بۇ ئۇنىڭ بولمىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭدا ئۇنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلالايدىغان ھوقۇقمۇ بولمايدۇ . ئۇ ئەمدى بۇ ھەميانىنى سېلىق ئورنىدا چۈشىنىشكە مەجبۇر ئىدى .

— سىز نېمانداق جىمغۇرلىشىپ كەتتىڭىز ؟ — دېدى رومىش ئۆيگە كىرىۋېتىپ ، — ھەميانىنىڭ ئىچىدىن بىرەر كارامەت بايقىمى-غانسىز ؟

— مەڭ ، ھەميىنىڭىزنى ، — دېدى كومولا پۇل سېلىنغان ھەميانىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ .

— ئۇنى ماڭا بېرىپ نېمە قىلىسىز ؟

— سىزگە بىر نېمە لازىم بولغاندا دەرسىز ، سىزدىن پۇل ئېلىپ ئەپكېلىپ بېرەرمەن .

— سىزگە بەزىدە لازىم بولمامدۇ ؟

— ماڭا بىر تىيىنمۇ لازىم ئەمەس ، — كومولا بېشىنى يەڭگىل چايقاپ جاۋاب بەردى . رومىش كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— بۇنداق گەپ قىلىدىغانلار دۇنيادا كۆپ بولمىسا كېرەك ! بۇ نەرسىنى قىلچە قىممىتى يوق ، دەپ قارىغان ئادەم نېمىشقا ئۇدۇل كەلگەن بىرسىگە بىر ۋەتمەي يەنە ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ يۇرۇ-سىز ؟ — دېدى .

كومولا ئۇنچىقماستىن ھەميانىنى يەرگە قويۇپ قويدى .

— راست گېپىڭىزنى قىلىڭا ، كومولا ، — دېدى رومىش ، — ھېلىقى ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىپ بەرمىگىنىمگە خاپا بولۇۋاتامسىز ؟

— مەن خاپا بولمىدىم ، — كومولا سۆزلەۋېتىپ يەرگە قارىـ
ۋالدى .
— ئۇنداق بولسا بوپتۇ ، ھەمىياننى جايىغا سېلىپ قويۇڭ ،
شۇنداق قىلسىڭىز ، سۆزىڭىزگە راستكەن دەپ ئىشىنىمەن .
— ھېچ ئۇقالمىدىم ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى
بـار ؟ بۇ دېـگەن سىزنىـڭ مۈلـكىڭىز ، ئۆزىـڭىز ساقلىشىڭىز
كېرەك ـ دە .
— لېكىن ، بۇ مېنىڭ ئەمەستە ! كىشىگە سوۋغا قىلغان
نەرسىسىنى قايتۇرۇۋالغان كىشى ئۆلگەندە جىنغا ئايلىنىپ كېتىدـ
ـدۇ . سىزمۇ مېنىڭ جىنغا ئايلىنىپ كېتىشىمنى خالامسىز ؟
رومىشنىڭ راستتىنلا جىنغا ئايلىنىپ كەتكەن كۆرۈنۈشىنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە ، كومولاغا بۇ ناھايىتى كۈلكىلىك تۇيۇلـ
ـدى . ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى :
— ئەلۋەتتە ، خالىمايمەن ! سوۋغىتىنى قايتۇرۇۋالغان كىشى
جىنغا ئايلىنىپ كېتەمدىكەن ؟ مەن ھېچكىمدىن بۇنداق گەپ ئاڭلىـ
ـمىغان .
كومولانىڭ ئىختىيارسىز چىقىۋاتقان خۇشخۇي كۈلكە سادالىـ
ـرى ئىچىدە ، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى جېدىلى ئاياغلاشتى .
— بۇ گەپنىڭ راست ـ يالغىنىنى ئېنىقلاشنىڭ بىر ئامالى
بار ، — دېدى رومىش ، — سىز قايسىبىر كۈنى جىننى كۆرگەن
ۋاقتىڭىزدا ئالدىغا بېرىپ سورىۋالسىڭىز بولىدۇ .
كۈتمىگەندە ، بۇ سۆز كومولادا قىزىقىش قوزغىدى .
— راستـىڭىزنى ئېيـتىڭا ، سـىز راست جىنـنى كۆرگەنـ
ـمىدىڭىز ؟
— راست كۆرمىگەن ، لېكىن يالغان جىنلارنى جىق كۆرگەنـ
ـمەن . ھەر قانداق نەرسىنىڭ جىڭىنى ئوڭاي تاپقىلى بولمايدۇ .
— لېكىن ، ئومىش دەيدۇكى...
— ئومىش؟ ئومىش دېگەن كىم؟
— قويۇڭا سىزنى ! ھېلىقى بىز بىلەن تۇرۇۋاتقان ئومىشچۇ .

ئۇ جىننى كۆرۈپتىكەن .

— ھە ، مۇنداق دەڭ . ئەمىسە بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتەلمىگۇدەكمەن !

شۇ ئەسنادا ، ماتروسلار تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ پاراخوتنى قۇمدىن چىقاردى . پاراخوت تېخى بىر نەچچە قەدەم سىلجىمايلا ، بىر بالا بۇياققا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى . ئۇ بېشىدا سېۋەت ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ : «پاراخوتنى توختىتىڭلار !» دەپ توۋلىغىنىچە ھەدەپ يۈگۈرەيتتى . پاراخوت ھەيدىگۈچى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدى . ھېلىقى بالا تۇيۇقسىز رومىشنى كۆرۈپ قالدى - دە ، ئۇنىڭغا قاراپ : «ئەپەندى ! ئەپەندى !» دەپ توۋلاشقا باشلىدى .

— ئۇ مېنى بىلەت ساتقۇچىمىكىن دەپ قالدىغۇ دەيمەن ، — دېدى رومىش ۋە ئارقىدىن پاراخوتنى توختىتىشقا چامى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك قول ئىشارىلىرى قىلدى .

— ھوي ، بۇ ئومىش ! — دەپ توۋلىۋەتتى كومولا ، — بىز ئۇنى بۇ يەرگە تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ . سىز چوقۇم بىر ئامال قىلىپ ئۇنى پاراخوتقا چىقىرىۋېلىڭ .

— پاراخوتنى توختىتىڭلار دېگىنىم بىلەن ئۇلار بەرىبىر ئاڭلىمايدۇ ، — دېدى رومىش .

— بولۇڭ ، ئۇلارغا دەرھال پاراخوتنى توختاتقۇزۇڭ ، — دېدى كومولا ئازابلانغان ھالدا ، — دەرھال ئۇلارغا دەڭ ، پاراخوت تېخى قىرغاقتىن ئانچە يىراقلاشمىدى .

رومىشقا پاراخوت باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پاراخوتنى توختىتىپ تۇرۇش ھەققىدە ئىلتىماس قىلىشقا توغرا كەلدى . لېكىن ، ئۇ : «بۇنداق قىلىش قائىدىگە خىلاپ» دېگەن جاۋابقا ئىگە بولدى .

كومولا رومىشنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بارغانىدى ، ئۇمۇ پاراخوت باشلىقىغا يالۋۇرغىلى تۇردى .

— ئۇنى ھەرگىزمۇ بۇ يەرگە تاشلىۋەتمىسىڭىز ! ھەر قانداق ئىش بولسىمۇ ، پاراخوتنى بىر ئاز توختىتىپ تۇرسىڭىز ! ئاھ ،

بىچارە ئومىشىم !

رومىش پاراخوت باشلىقىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرىدىغان ئەڭ ئاد-دىي چارىنى ئىشقا سېلىشقا مەجبۇر بولدى . باشلىق سەل ئويلىنى-ۋېلىپ پاراخوتنى توختىتىشقا بۇيرۇق بەردى . بۇ كىچىك گۇناھكار پاراخوتقا چىقىشى بىلەن رومىش ئۇنىڭغا بىر مۇنچە كايىپ كەتتى . لېكىن ، ئومىش ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلىپمۇ قويماي سېۋەتنى-نى كومولانىڭ قېشىغا قويۇپ ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى .

— بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس ، — دېدى كومولا . ئۇنىڭ كۆڭلى تېخى جايىغا چۈشمىگەنىدى ، — ئەگەر پاراخوتنى توختى-تىشقا ئۇنىمىغان بولسا ، قانداق قىلاتتىڭ ؟

ئومىش ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ، سېۋەتنى كۆتۈرۈپ تۆكۈۋېدى ، ئىچىدىن بىر مۇنچە بانان ، پالەك ، كاۋا ، چەيزە دېگەندەك نېمىلەر تورۇكلاپ چۈشتى .

— بۇلارنى نەدىن ئالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى كومولا .

ئومىشنىڭ بەرگەن جاۋابىنى بۇلارنىڭ ئورنىدا بىرەر ساقچى ئاڭلىغان بولسا ھەرگىز قانائەتلەنمىگەن بولار ئىدى . ئۇنىڭ دېيى-شىچە ، ئۇ تۈنۈگۈن يېزا بازىرىغا ئىرىمچىك ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئالغىلى كېتىۋېتىپ ، يول بويىدىكى ئوتياشلىقلاردا ، ئۆگزىلەردە تۇرغان ھەر خىل ئوتياشلارنى كۆرۈپتىكەن . بۈگۈن سەھەر قارىسا پاراخوت تېخى قوزغىلىشقا تەييار بولمىغان ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوجا-يىنلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئولتۇرمايلا بېرىپ ئالدىغا ئۇچرىغان نەرسىنى ئېلىپ كېلىۋېرىپتۇ .

— نېمە دەۋاتىسەن ، نېمىشقا خەقنىڭ ئوتياشلىقىغا ئوغرىلىققا كىردىڭ ؟ — رومىش غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى .

— بۇ ئوغرىلىققا كىرمەيدىغۇ ، مەن ھەر بىر ئوتياشلىقتىن بىر ئازلا ئالدىم شۇ ، ھېچكىممۇ چوڭ زىيان تارتىپ كەتكىنى يوق .

— ئازراق نەرسىنى ئېلىۋالسا ئوغرىلىققا كىرمەمدىكەن ؟ ھوي ھارىمى ! كۆزۈمدىن يوقال ، ماۋۇ نەرسىلىرىڭنىمۇ كۆزۈمدىن

يوقات .

ئومىش پاناھلىق تىلىگەندەك قىياپەتتە كومولاغا قارىدى .

— ئاپا ، ماۋۇ پالەكنى گۆش بىلەن قورۇسا قالتىس پەيزى بولىدۇ ، ماۋۇ دېگەن پىدىگەن ، ماۋۇ...

— يوقـال ! — رومىش غـەزەپـپى تېـشىپ ۋارقىرىدى ،— پالەك ـ مالەكلىرىڭنى ئېلىپ دەرھال كۆزۈمدىن يوقال ، بولمىسا بۇ نەرسىلىرىڭ بىلەن قوشۇپ ئۆزۈڭنىمۇ دەرياغا تاشلايمەن .

ئومىش نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي كومولانىڭ كۆزلىرىگە تەل- مۈرەتتى . كومولا ھېلىقى نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى . ئومىش ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈۋاتـقانلىقىـنى سەزدى ـ دە ، ئوتـياشلارنى تېرىشتۇرۇپ سېۋەتـكە سېلىپ ، رايىشلـىق بىـلەن ماڭدى .

— بۇ قىلىقى پەقەت بولمىدى ، سىز ئۇنىڭغا يول قويىسىڭىز بولمايدۇ ، — رومىش سۆزىنى تۈگىتىپلا بۆلمىگە خەت يازغىلى كىرىپ كەتتى .

كومولا ئەتراپىقا قاراپ ئومىشنىڭ پاراخوتنىڭ كەينىدىكى ئىك- كىنچى قەۋەتتە ، ئۆزى ۋاقىتلىق ئاشخانا قىلىۋالغان جاينىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى .

ئىككىنچى قەۋەتتە يولۇچىلار يوق ئىدى . كومولا پەرەنجىسىنى يۈزىگە تارتىپ ئۇدۇل شۇ يەرگە باردى .

— ھېلىقى نەرسىلەرنى تاشلىۋەتتىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ .

— ياق ، يـاق ، مـەن ھەمـمىسىنى ئـاۋۇ ئۆيـگە ئەپكىرىپ قويدۇم .

— سەن بەك ھەددىڭدىن ئاشقىلى تۇردۇڭ ، بايىقى گەپنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟ — دېدى كومولا جىددىيقىياپەتتە ، — بۇنىڭدىن كې- يىن بۇنداق قىلغۇچى بولما . ئويلاپ باقە ، پاراخوتتىن قېپقالغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ ! — ئارقىدىن ئۇ ھېلىقى بۆلمىگە كىرىپ توۋلىدى ، — پىچاقنى ئەپكەل !

ئومىش پىچاقنى ئەپكىلىپ بەردى ، كومولا سەي توغراشقا

كىرىشتى .
— بۇ پالەككە سوققان قىچىنى سېپىۋېتىدىغان بولسا قالتىس ياخشى بولىدۇ ، — دېدى ئۇمىش .
— ئەمىسە قىچىنى سەن تەييارلا ، — دېدى كومولا .
ئۇ ئۇمىشنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىغا ھەرگىز يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك ، ئۆزىنى ناھايىتى جىددىي قىياپەتكە سېلىپ ئوتياش توغرايتتى .
ئاھ ! ئۇ قانداقمۇ بۇ باشپاناھسىز يېتىمنى كەچۈرمىسۇن ؟ بۇ ماكانسىز بالىنىڭ باشقىلاردىن ياردەم تىلەۋاتقان ئازابلىق كۆڭلىنىڭ ئالدىدا ، ئازراق ئوتياش ئوغرىلىغانلىقى قانچىلىك ئىش ئىدى ! ؟ بۇ بەڭۋاش ئۇنى خۇش قىلارمەنمىكىن دەپ ئوتياشلىقنى كىرىپ قويۇپ پاراخوتتىن قېپقېلىشقا تاس قالدىغۇ !
كومولانىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قارىتا بىر خىل خەيرخاھلىق قوزغالدى .
— ئۇمىش ، تۈنۈگۈنكى ئىرىمچىكتىن ئازراق ئېشىپ قالغان ، — دېدى ئۇ ، — بېرىپ يەۋالغىن . لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق ئىشنى قىلغۇچى بولما جۇمۇ .
— ئىرىمچىكنى تۈنۈگۈن نېمىشقا ئۆزىڭىز يەۋەتمىدىڭىز ، ئاپا ؟ — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا .
— مەن ئىرىمچىككە سەنچىلىك ئامراق ئەمەس . ماڭا قارا ، ھازىر ھەممە نەرسىمىز تەل بولدى ، پەقەت بىلىقىمىزلا يوق . قانداق قىلساق ، ئۇ جانابنىڭ تامىقىغا تۇشلۇق بېلىق تاپالارمىز ؟
— بېلىق تېپىشقا مېنىڭ ئامالىم بار ، لېكىن ، ئاپا ، بۇ قېتىم پۇل بولۇشى كېرەك .
كومولا ئەمدى ئۇنى تىللىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى .
— سەندەك قاپاق باشنى كۆرمەپتىكەنمەن ، ئۇمىش ، — دېدى ئۇ قەلەم قاشلىرىنى ھىمىرىپ ، — خۇددى مەن ساڭا باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى پۇل بەرمەي ئال ، دەپ ئۆگىتىپ قويغاندەك گەپ

قىلىسىنا !

ئۇمىش ئۇلۇشكۇنكى ئىشتىن ئۇنى رومىشتىن ئاسان پۇل ئالالمىسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. بۇ ئىش، بولۇپمۇ بۇنىڭدىن باشقا بەزى ئىشلار تۇپەيلىدىن، ئۇ ئەر خوجايىنىنى ياقتۇرماي قالدى. شۇڭا، ئۆزى بىلەن كومولانىڭلا قورسىقىنىڭ غېمىنى قىلىپ، رومىشنى پۈتۈنلەي قاتاردىن چىقىرىۋەتكەنىدى.

ئازراق ئوتياش جايلىماق تەس بولمىغىنى بىلەن، بېلىق ئۇنداق ئوڭايغا كەلمەيدۇ ــ دە. پۇل بولمىسا، ئازراق بېلىق، ئىرىمچىك بىلەن ئۆزىنىڭ بۇزرۇكۋارىنى خۇش قىلغىلى بولمايدىغان بۇ دۇنيا، كومولاغا ئەقىدە باغلاۋاتقان بۇ گۆدەك بالىنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ شەپقەتسىز، بەكمۇ ۋەھشىي بىلىنىدى.

— ئەگەر سىز ئۇ جانابتىن بەش ئاننا① ئالالىسىڭىز، — دېدى ئۇمىش ئەيىبداردەك بوينىنى قىسىپ، — مەن سىزگە يوغان كاراپ بېلىقىدىن بىرنى ئەپكېلىپ بېرەتتىم، ئاپا.

— بولمايدۇ، — دېدى كومولا كايىغان ئاھاڭدا، — ئەمدى سېنى پاراخوتتىن چۈشۈرمەيمەن، يەنە كېچىكىپ قالساڭ، ئۇلار ئەمدى پاراخوتنى توختىتىپ تۇرۇشقا ئۇنىمايدۇ.

— مەن قىرغاقتا چۈشمەيمەن، بۈگۈن ماتروسلار بىر مۇنچە بېلىق تۇتۇشتى. ئۇلار بىزگە بىرەر ــ يېرىمنى سېتىپ بېرىشكە چوقۇم ئۇنايدۇ.

كومولا دەررۇ ئۇنىڭغا بىر رۇپىيە ئەپكېلىپ بەردى.

— مە. ماۋۇنىڭغا ئالغىن، ئېشىپ قالغىنىنى قايتۇرۇپ كەل.

ھايال ئۆتمەي، ئۇمىش بىر تال بېلىق ئەپكەلدى، لېكىن پارچە پۇلنى قايتۇرمىدى.

— ئۇلار بىر رۇپىيە دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى، — دېدى ئۇ.

كومولا ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى پەملەپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

① ھىندىستاننىڭ پۇل بىرلىكى.

— بۇ قېتىم پاراخوت توختىغاندا ، بىز بىر نەچچە رۇپىيىنى پارچىلىۋالساق بولغۇدەك ، — دېدى .

— بولىدۇ ، چوقۇم شۇنداق قىلايلى ، — دېدى ئومىش جىددي قىياپەتتە ، — ئۇلارغا پۇتۇن بىر رۇپىيىنى تۇتقۇزۇپ قويساق ئارتۇقىنى قايتۇرۇۋالماق ناھايىتى تەسكە چۈشىدىكەن .

— پاھ ، قالتىس ئىشقۇ بۇ ! — بىر ئازدىن كېيىن رومىش تاماقنا ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئىختىيارسىز تۇۋلىۋەتتى ، — سىلەر بۇنى نەدىن تاپتىڭلار ؟ بۇ كاراپ بېلىقىنىڭ بېشىغۇ ؟ — ئۇ بېلىقىنىڭ بېشىنى قولىغا ئېلىپ ، — بۇ چوشۇمۇ ـ ئوڭۇمۇ ، كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتامدۇ ـ يا ؟ بۇ راستتىنلا كاراپ بېلىقىغۇ ! — دېدى .

بۇ بىر ۋاقلىق غىزا ھەقىقەتەن پەيزى بولغانىدى . رومىش تاماقنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن ئورۇندۇقتا سوزۇلدى . ئەمدى تاماق نۆۋىتى ئومىشقا كەلدى . ئۇ قورۇلغان بېلىقنى قالتىس ئىشتىھا بىلەن يېگىلى تۇردى . دەسلەپتە ئۇنىڭ يېيىشىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرغان كومولا كېيىنچە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى .

— ئەمدى يېمە ، ئومىش ، — دېدى ئۇ بىردىنلا تىنچسىزلانغان ئاھاڭدا ، — مەن ساڭا بىر ئاز ئېلىپ قويدۇم ، كەچكى تاماقىڭدا يەيسەن .

ئەزەلدىن خاپىلىق خالىمايدىغان كومولا ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ، ئەتىگەنكى كۆڭۈل غەشلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى . كەچ كىرىشكە باشلىدى ، غەرب تەرەپكە پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ شولىسى پاراخوت سايىۋەنىنىڭ ئاستىدىكى پالوبا ئۈستىگە چۈشتى . يالىلداپ تۇرغان كۆنىنىڭ كەچكى نۇرلىرى سىلكىنىۋاتقان پاراخوت ئۈستىدە ئوينايتتى ، ياپيېشىل كۆزلۈك زىرائەتلەر ئۆسكەن ئېتىزلىقلاردىكى چىغىر يوللاردا ، كەچكى تاھارەت ئۈچۈن سۇ ئالغان كوزىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يېزا ئاياللىرى كېتىپ باراتتى . كومولا چوش پېشىندىن تارتىپ سىپارى تەييارلاش ، يۇيۇنۇش ـ تارىنىش ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۆتكەش بىلەن ئاۋارە بولدى . قۇياش يېزا يېنىدىكى

بامبۇكزارلىقنىڭ كەينىگە مۆكۈنگەن چاغدىمۇ، ئۇ تېخى بىر كۆڭلۈك ئىشنى تۈگىتىپ، ئارامخۇدا ئولتۇرۇۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدى.

پاراخوت تۈنۈگۈنكىدەك، بەلگىلىك مۇساپىدىن كېيىن بىر پرىستانغا كېلىپ توختىدى. كومولا، چۈشتىكىدىن ئېشىپ قالغان تاماق كەچتە بىر ۋاخلىققا يېتىدۇ، غىزا قىلمىسامۇ بولار، دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، رومىش كېلىپ ئۆزىنىڭ بايام تاماقنى جىق يەۋالغاچقا كەچتە بىر نېمە يېگۈسى يوقلۇقىنى ئېيتتى.

— سىز راستتىنلا بىر نېمە يېمەمسىز؟ — دېدى كومولا سەل خاتىرجەمسىزلىنىپ، — قورۇغان بېلىقتىن ئازراق يېسىڭىز بولمامدۇ؟

— يېمەيمەن، بولدى رەھمەت، — ئۇ قىسقىلا جاۋاب بېرىپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، كومولا تائامنىڭ ھەممىسىنى ئومىشنىڭ قاچىسىغا تۆكۈپ بەردى.

— ئۆزىڭىزگىچۇ؟ — دېدى ئومىش.

— مەن كەچكى تاماقنى بايام يەۋالغان، — دېدى ئۇ. قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر كۆڭلۈك ئىشى ئاياغلاشتى.

ھىلال ئاي دەريا ساھىلىغا ئۆزىنىڭ كۈمۈش نۇرلىرىنى سەپمەكتە ئىدى. پرىستان ئەتراپىدا بىرمۇ يېزا كۆرۈنمەيتتى. سۇكۇنات قوينىغا چۆمگەن تۈن خۇددى ئاشىقىنىڭ يولىغا قاراپ، شاللىقلار بىلەن قاپلانغان يېشىل مەخمەلدەك پايانسىز دالىغا تەلمۈرۈۋاتقان جانانىنى ئەسلىتەتتى.

قىرغاقتىكى ئۈستى قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان بىر ئۆينىڭ ئىچىدە پاكىنەك، ئورۇق خىزمەتكار پەنەر تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ھېسابات قىلىۋاتاتتى. ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن ئىشىكتىن رومىش ئۇنى ئېنىق كۆرۈپ ئولتۇراتتى. «ئاھ، قۇدرەتلىك خۇدا، — دېدى ئۇ خورسىنىپ تۇرۇپ، — ماڭىمۇ مۇشۇ خىزمەتچىنىڭكىگە ئوخشاش، سىقىنچىلىق ئىچىدە تۇرسىمۇ بىر خىل ئۆتىدىغان تۇرمۇش-

نى نېسىپ قىلساڭچۇ! كۆن بويى ھېسابات بىلەن بولىدىغان، بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە خوجايىنىدىن تىل ئىشىتىپ بولۇپ ئاخشىمى يەنە ئۆيىگە كېتىدىغان، ئەتىسى قوپۇپ يەنە شۇ ئىشنى قىلىۋېرىدىغان تۇرمۇش بولسا، كىشىدە يەنە نېمە ئارمان؟»

ھايال ئۆتمەي ھېلىقى ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچتى.

بايامقى خىزمەتچى كېچىنىڭ سوغۇقى ئۆتۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، بويۇن ـ باشلىرىنى شارپا بىلەن ئوراپ ئۆيدىن چىقتى ـ دە، قاراڭغۇلۇق قوينىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

كومۇلانىڭ رومىشىنىڭ كەينىدىكى ۋەدەكنىڭ قېشىغا كەلگەنىگە خېلى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئۇ سەزمىدى. كومۇلا كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۇ مېنى چاقىرارمىكىن دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئىش ـ كۈشلەر تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ يەنىلا چاقىرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، كومۇلا ئاستا پالوبىغا چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

لېكىن، ئۇ رومىشنى كۆرۈپلا توختىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇياققا قاراپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەشكە رەۋىتى قالمىدى. رومىشنىڭ ئاي شولىسىدا ئېنىق كۆرۈنۈۋاتقان چىرايىدىن ئوي ـ خىياللىرىنىڭ قاناتلىنىپ تولىمۇ يىراق جايلارغا كېتىپ قالغانلىقى، ئۆز خىيالىدىن كومۇلاغا ئازراقمۇ ئورۇن قالدۇرمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. كومۇلاغا خىيال دەرياسىغا غەرق بولغان رومىش بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا، گويا بېشىدىن تاپىنىغىچە ئاي شولىسىدا تولۇغان پەرىجە كىيگەن زەبەردەس تۇن ئىلاھى قاراۋۇلى بارمىقىنى كالپۇكىغا تەگكۈزۈپ، گەپ قىلما، دەپ ئىشارەت قىلىۋاتقاندەك بىلىندى.

رومىش قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ بېشىنى ئۇستەلگە قويدى. كومۇلا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي ئاستىلا بۆلمىگە قاراپ ماڭدى.

قاراڭغۇ بۆلمە بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا تېنى جۇغۇلداپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ھېچبىر غەمخانىسىز

غېرىب ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . بۇ سېزىم ئۇنىڭ قەلبىدە تاشقىنلىماقتا ئىدى . سىلكىنىۋاتقان كىچىك بۆلمە قاراڭغۇدا خۇددى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان بەھەيۋەت مەخلۇققا ئوخشايتتى . ئۇ ئەمدى نەگىمۇ بارار ؟ ئۇنىڭغا باشقا بىر پاناھلىق نەدە ؟ ئۇنىڭغا بۇ ئالەمدە ، ماۋۇ مىنىڭ ئۆيۈمكەن ، دەپ ئارامخۇدا كۆزىنى يۇمۇپ ، بىچارە جېنىنى سىغدۇرغۇدەك بىرەر جاي يوق ئىدى .

ئۇ بۆلمىگە يەنە بىر قارىۋىدى ، تېنى ئەيمەندى ، بوسۇغىدىن كىرىشىگە رومىشنىڭ كۇنلۇكى تۆمۈر ساندۇققا تېگىپ كېتىپ ، تاراققىدە ئاۋاز چىقىپ كەتتى .

بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن رومىش ئورۇندۇقتىن دەس تۇ-رۇپ ئەتراپقا قارىدى .

— سىز ئىكەنسىز - دە ، كومولا ! — ئۇ كومولانىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنلۈك سۆزلىدى ، — سىزنى بايىلا ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپتىمەن . سەل خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنىسىز . قورقماڭ ، مەن ئەمدى تۇرمايمەن . ھازىرلا بېرىپ ئۇدۇلىڭىزدىكى ئۆيگە كىرىپ ياتىمەن . ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسى-دىكى ئىشىك يەنە ئوچۇق قالىدۇ .

— مەن ھەرگىز قورقمايمەن ، — دېدى كومولا مەغرۇر ھالدا . ئۇ دەرھال بۆلمىگە كىرىپ رومىش ئېچىپ قويغان ئىد-شىكىنى يېپىۋەتتى ، ئاندىن رومىلىنى ئېلىپ يۈزىنى پۈر-كىدى - دە ، بېرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ غېرىبانە قىسمىتىنى ، بۇ جاھاندا تىكەندەك يالغۇز قالغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق ئازابلاندى . ئۇنىڭ كۆڭلى ھەر قانچە قىلسىمۇ تىنچ-لانمىدى . ئۇ ئۆزىگە بىرەر ھىمات تاپمىسا ، قەددىنى رۇسلاپ ئۆز - ئۆزىگە ئىگە بولىدىغان بىرەر قۇدرەتكە ئىگە بولمىسا ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىغا بىر نېمە دېمەك ھەقىقەتەن تەس ئىدى .

ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە . رومىش ياندىكى ئۆيدە ئۇيقۇغا

كەتكەنىدى . كومولا ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۇخلىيالماي ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئاستا سىرتـقا چىقـتى ـ دە ، ۋادەكـىنىڭ قىشىغا بېـرىپ يىراق ـ يىراقلارغا كۆز تىكتى .

ئەتراپتا بىرەر جان ئىگىسىنىڭ نە قارىسى ، نە تىۋىشى يوق ئىدى . ئاي يوشۇرۇنماقتا ، ئىكىنىزارلىقتىكى چىغىر يوللارمۇ پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ قالدى . لېكىن ، كومولا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ يەنىلا شۇ ياققا تىكىلەتتى . «قانچىلىگەن ئاياللار كومزەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ مۇشۇ يوللاردىن ئۆتكەندۇ ! يەنە كېلىپ ، ھەر قايسىسى ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ ـ ھە ! » . ئۇ ئىختىيارسىز ئويغا چۆمدى . ئۆي توغرىسىدىكى خىيال ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاماللىۋالدى . بىرەر جايدا ئۇنىڭ ئۆز ئۆيى بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ! لېكىن ، ئۇ قەيەردە ؟

چېكىنگە كۆز يەتمەيدىغان يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلغان قىرغاق ، بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۇلاشقان بىپايان ئاسمان ، بىراق بۇ پايانى يوق زېمىن بىلەن چېكى يوق ئاسماننىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ! كومولاغا ئوخشاش تېرىقنىڭ دانىسىدەك ئايال ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بۇ چەكسىز ئالەم ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ ، ئۇنىڭغا كېرىكى پەقەت ئۆيلا .

كومولا ، ئۇشتۇمتۇت يېنىدا بىرسى بارلىقىنى تۇيۇپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى .

— قورقماڭ ، ئاپا ، بۇ مەن ، — ئومىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— خېلى بىر ۋاقىت بولۇپ قالدى ، نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ ؟

ئەمدى ئۇ كۆز ياشلىرىغا ئىگە بولالمىدى ، ياش مۆلۈلدەپ ئېقىشقا باشلىدى . كومولا ئۇنىڭدىن يېشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇۋالدى .

يامغۇر تامچىلىرى بىلەن كۆپچىگەن قارا بۇلۇت ئاسماندا نىشانسىز كېزىپ يۈرۈپ ، ئۆزىگە ئوخشاش پاناھسىز شامالغا يولۇققاندا تامچىلىرىنى ئاققۇزۇپ ئىچ ـ قارىنى بوشىتىۋالىدۇ . كومولا ھازىر شۇنىڭغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ ، بىر بىچارە ماكانسىزنىڭ

ئۆزىگە قىلغان ئازراق خەيرخاھلىقى ئالدىدا ئىسسىق كۆز ياشلىرى-
نى توختىتالماي قالدى . ئۇ سۆزلەي دەپ ھەر قانچە قىلسىمۇ ،
ئېسەدەش ئۇنى سۆزلەشتىن مەھرۇم قىلدى .

قاتتىق ئازابلانغان ئومىش بىرەر سۆز بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى
بەزلەشكە تىرىشاتتى . بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن ، ئۇ ئاخىر
دۇدۇقلاپ تۇرۇپ :

— سىزگە راستىمنى ئېيتسام ، ئاپا ، سىز ئەتىگەن ماڭا
بەرگەن بىر رۇپىيىدىن ئېشىپ قالغان يەتتە ئاننا يېنىمدا بار ، —
دېدى .

كومولا يىغىسىنى توختاتتى . بالىنىڭ سەبىيلەرچە قىلغان بۇ
گېپى ئۇنى بەكمۇ سۆيۈندۈرۈۋەتتى ، ئۇ ئىختىيارسىز كۇ-
لۈمسىرىدى .

— ئۇ پۇل سەندە تۇرۇپ تۇرسۇن ، — دېدى ئۇ ، — ئەمدى
تېز بېرىپ ئۇخلا .

ئاي ئورمانلىقنىڭ كەينىگە مۆكۈندى ، كومولا بېشىنى ياس-
تۇققا قويۇشىغا ئۇنىڭ ھارغىن كۆزلىرى يۇمۇلدى . ئەتىسى سە-
ھەردە قۇياش بارلىق ئىنسانلارغا ئورنىدىن تۇرۇش ئىشارىسىنى
قىلغاندا ئۇ تېخى غەرق ئۇيقۇدا ئىدى .

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگىنى كومولا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى ناھايىتى
ھالسىز سەزدى . ئۇنىڭغا قۇياش ئادەتتىكى نۇرانىلىكىنى يوقاتقان-
دەك ، دەريا سۇلىرى ئېرىنىپ ئېقىۋاتقاندەك ، قىرغاقتىكى
دەل - دەرەخلەرمۇ چارچىغان يولۇچىغا ئوخشاش بېشىنى سىلىپ
تۇرغاندەك تۇيۇلدى .

ئومىش ئونىڭغا قارىشىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەندە ، ئۇ ئەس-
نەك تۇتقان ھالدا :

— كەتكىن ، ئومىش ، بۈگۈن مېنى ئاۋارە قىلمىغىن ، —

دېدى .
لېكىن ، ئومىشنى ھەيدىۋەتمەك ئانچە ئوڭاي ئەمەس ئىدى .
— سىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىلى كەلمىدىم ، ئاپا ، دورا ـ دەرمەكلىرىڭىزنى سوقۇپ بېرەي دەۋاتىمەن .
كېيىن ، كومولانىڭ چىرايىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى رومىشمۇ بايقاپ قالدى .
— تاۋىڭىز يوقمۇ ؟ كومولا ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ، لېكىن ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىدى . كومولا ، بۇ ئەرزىمەس سوئال ئارتۇقچە ئەمەسمۇ ، دېگەندەك قىلىپ بېشىنى ئېغىر چايقاپ قويدى ـ دە ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .
رومىش كۆڭلەر مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسە ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدىغانلىقىنى ، ئەمدى كەينىگە تارتماي دەرھال تۇغۇشلۇق بىر ئامال قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى . ئەگەر بارلىق ئەھۋالنى خېمنولىنىغا مەلۇم قىلسا ، ئۇ زادى قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئوڭايلا يەكۈن چىقىرىشى مۇمكىنغۇ . رومىش ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ خېمنولىنىدىغا خەت يېزىشقا كىرىشتى .
ئۇ بىردەم يازغاندىن كېيىن يازغانلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋەتتى . شۇ ئەسنادا ناتونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى :
— ئىسمىشەرىپىڭىزنى سوراشقا بولامدىكىن ، ئەپەندى ؟
ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ، ئۇنىڭ ئالدىدا چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق سانجىغان ، ئايپاڭۋاش ، مويسىپىت بىر كىشى تۇراتتى .
پىكرى خەت بىلەن چۇلغىنىپ قالغان رومىش بىر ھازاغىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى .
— سىز براھمانغۇ دەيمەن ، — دېدى ھېلىقى ناتونۇش ئادەم ، — سالامەت تۇرغانسىز ، ئىسمىڭىزنىڭ رومىش ئەپەندى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن . سىزگە مەلۇم ، بىزنىڭ دۆلەتتە بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى سوراپ بىلمەك ، تونۇشۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولىدۇ .

دۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە تولىمۇ ئەدەپلىك ئىش . ئەپسۇسكى ، هازىر
بۇنداق ئەدەپ دائىم دىگۇدەك باشقىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىد-
ىغان بوپقالدى . ئىسمىڭىزنى سورىغانلىقىم ئۈچۈن رەنجىگەن بول-
سىڭىز ، بۇ هاقارىتىم ئۆزۈمگە هەسسىلەپ يانسۇن ! سىز سورايدى-
غانلا بولسىڭىز ، مەن ئۆزۈمنىڭ تۇرماق ، دادامنىڭ ئىسمىنىمۇ
ئېيتىپ بېرىشكە تەييارمەن ، هەتتا بوۋامنىڭكىنى سورى-
سىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ !

رومىش قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى .

— مەن سىز ئويلىغاندەك ، بىر ئىشتىن ئاسان رەنجىيدىغان
ئادەم ئەمەسمەن ! پەقەت ئۆز ئىسمىڭىزنى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ماڭا
شۇنىسى كۇپايە .

— مېنىڭ ئىسمىم ترويلوكيا چوكرو بورتى . دەريانىڭ يۇقى-
رىسىدىكىلەر مېنى «تاغا» دېيىشىدۇ . بەلكىم ئاز ـ تولا تارىخ
ئوقۇغان بولغىيتتىڭىز ؟ بىجاراتا «چوكرو بورتى خان» دەپ ئاتال-
غان ، بۇ ، هىندىستاننىڭ پادىشاهى دېگەنلىك ، خۇددى شۇنىڭغا
ئوخشاش مەنمۇ پۇتكۇل غەربىي هىندىستاننىڭ «چوكرو بورتى
تاغىسى» مەن . سىز غەربكە بېرىپ قالسىڭىز مېنىڭ نامىمنى
چوقۇم ئاڭلايسىز . ئەمدى سوراي ، سىز هازىر نەگە بارماقچى ،
ئەپەندى .

— قەيەرگە بېرىش توغرىسىدا تېخى بىر قارارغا كەلمىدىم .

— سىز بېرىپ چۈشىدىغان يېرىڭىزنى دەرهال بېكىتىشىڭىز
كېرەك . بۇ هەر قانداق ئادەم ئۈچۈن قىلچە كېچىكتۈرمەي دەرهال
هەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ! — دېدى ترويلوكيا .

— گوييالوندودا پويىزدىن چۈشسەم ، بۇ پاراخوت گۇدۇك
بېرىۋاتقانىكەن ، بارىدىغان يېرىمنى ئويلاپ بولغۇچە ، بۇ پاراخوت-
نىڭ مېنى ساقلاپ تۇرمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى ـ دە ، ۋاقىت
زىق بولغاچقا ، ئالدىراپلا چىقىۋالدىم .

— سىزگە ئېهتىرام بىلدۈرىمەن ، ئەپەندى ، — دېدى ترويى-
لوكيا ، — سىز دەل مەن قول قويىدىغان ئادەملەردىن ئىكەنسىز .

ئىككىمىز پۇتۇنلەي ئوخشىمايدىكەنمىز . مەن پاراخوتقا چىقىشتىن بۇرۇن ، زادى نەگە بارىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلكىتىۋالىمەن ، چۈنكى تازا قارارىم يوق ئادەممەن . ئۆزىنىڭ زادى نەگە بارىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ پاراخوتقا چىقىۋەرگەن ئادەمگە مەن ئەزەلدىن قول قويىمەن . ئەپەندى ، خانىمىڭىز پاراخوتتىمۇ ؟

رومىشىنىڭ بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بەرگۈسى كەلمىدى . ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشكە ئىككىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چوكرو بورتى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئەپۇ قىلىڭ ، ئىشەنچلىك پاكىتلارغا ئاساسەن ، ئايالىڭىزنىڭ پاراخوتتا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن . ئاچلىق مېنى خانىمىڭىزنى قىلىۋاتقان يەرگە تاسادىپىي باشلاپ كىردى . مەن ئۇنىڭغا : «خانىم ، قورۇنماڭ ، مەن ھىندىستانغا مەشھۇر چوكرو بورتى تاغا بولىمەن» دېدىم . ئۇ جاھاندا ئاز ئۇچرايدىغان مەزلۇمە ئىكەن . مەن ئۇنىڭغا يەنە : «بۇ ئاشخانا سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە ئىكەن ، بۇ يەردە مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان بىرەرسى يوق ، شۇڭا لەززەتلىك تائاملىرىڭىزدىن بىر ئاز ئېغىزلاندۇرسىڭىز» دېۋىدىم ، ئۇ كۈلۈپ كەتتى . ئۇ شۇنداق تاتلىق كۈلدىكى ، قويۇۋېرىڭ . دېمەك ، ئۇ ماڭا ئۆچلۈك قىلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ، كۆن بويى چەككەن تەشۋىشلىرىم ئاللىقاياقلارغا يوقالدى . مەن ھەر قېتىم سەپەرگە چىققاندا قۇر ئېچىپ خەيرلىك سائەتنى تەيىن قىلىۋالىمەن . مېنىڭ ئىشىم بۈگۈنكىدەك ئوڭغا تارتىپ باقمىغان ! سىز بەك ئالدىراش كۆرۈنىسىز ، ھالاقىت بېرىپ قويىماي ، ئەگەر سىز ئىجازەت بەرسىڭىز خانىمىڭىزغا قارىشىپ بەرسەم . مەن تۇرغان يەردە ئۇ ئوچاق بېشىدا نازۇك قوللىرىنى قارا قىلىپ يۈرسە بولماس . سىز ئولتۇرۇپ خېتىڭىزنى يېزىۋېرىڭ . ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشىنى ئۆزۈم بىلىمەن ، — چوكروبورتى تاغا سۆزىنى تۈگىتىپ رومىش بىلەن خوشلاشتى ـ دە ، ئاشخانا تەرەپكە كەتتى .

— پاھ ، بۇ يەردە ئادەمنىڭ ئاغزىدىن سېرىقسۇ كەلتۈرىدىغان پۇراق چىقىدىغۇ ، — ئۇ ئاشخانىغا كىرىپلا سۆزلىگىلى تۇر-

دى، — يېمىسەممۇ پۇراپلا بىلدىم، تازا ئوخشىغان بىلىق ئىكەن - دە! مەن سىزگە ئازراق تامارىند[1] پىشلىقى تەييارلاپ بېرەي. بۇنى پىژ - پىژ ئىسسىق بولىدىغان غەربىي شىمالدا ياشايدىغانلارلا قاملاشتۇرالايدۇ. سىزنىڭ ھازىر نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. ئېھتىمال، بۇ قېرى نېمە دەپ ئالجىۋاتقاندۇ، بۇ يەردە تامارىند بولمىسا، قانداقمۇ پىشلىقىنى تەييارلىغىلى بولسۇن، دەۋاتقانسىز. گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن بار يەردە تامارىندنىڭ غېمىنى قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. سەل توختاپ تۇرۇڭ، مەن سىزگە ئېتىپ كۆرسىتىپ قوييمەن، — ئۇ قەغەز بىلەن ئورالغان، ئىچىدىگە تامارىند قاچىلانغان خۇمرىنى چىقاردى، — مەن ماۋۇنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، قانچىلىك ئىشلەتسىڭىز ئىشلىتىڭ، ئاشقىنى يەنە سىزگە تۆت كۈن يېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن تېتىپ بېقىپ، چوكروبورتى تاغىڭىزنىڭ ھەرگىز پو ئاتمىغانلىقىنى بىلىسىز. ناشتا قىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، دەرھال قولىڭىزنى يۇيۇپ كېلىڭ، ئوچاق بېشىدىكى تۈگىمەس ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. ئەنسىرىمەڭ، تاماققا كەلگەندە خېلى تەجرىبەم بار. كەمپىرىم بىر كۈن ساق بولسا تۆت كۈن ئاغرىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ ئىشتىھايىنى ئاچىمەن دەپ مۇشۇنداق پىشلاقنى ئېتىشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم. سۆزۈمگە قاراپ چاقچاق قىلىۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ، مەن پۈتۈنلەي راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

— پىشلاق ئېتىشنى ماڭا چوقۇم ئۆگىتىپ قويۇڭ، — دېدى كومولا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ھازىرچە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، بۇ ھۈنىرىمنى سىزگە ئاسانلا ئۆگىتىپ قويمايمەن! بۈگۈن تونۇشۇپلا بۇ خاسىيەتلىك ھۈنىرىمنى سىزگە ئۆگىتىپ قويسام، ئەقىل تەگرىچىسى مەندىن قاتتىق خاپا بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئۈچ - تۆت كۈن ماڭا خۇشامەت قىلىڭ. قانداق قىلسام ياخشى كۆرۈنەرمەنكى دەپ بەكمۇ كاللا

---

[1] تامارىند — پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك.

قاتۇرۇپ كەتمەك . بۇنىڭ يولىنى مەن سىزگە ئۆگىتىپ قويىمەن . ئەڭ مۇھىمى ، مەن سىپارىغا ئىنتايىن ئامراق ، بۇنداق دېسەم سىپارنى پۈتۈن تۇتۇپلا يەۋېتەمدىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ . مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياقماق ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس ، لېكىن بۇ سىزگە تەسكىمۇ توختىمايدۇ ، ئاپئاق قىزىم ، سىزنىڭ ، مۇشۇ گۈزەل رۇخسارىڭىزمۇ مەسلىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ھەل قىلىدۇ . ۋۇي شاكىچىك ، ئىسمىڭ نېمە؟

ئومىش جاۋاب قايتۇرمىدى ، بۇ قېرىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرغانىدى ، چۈنكى ئۇ كومولانىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە قارىتىۋالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى .

— بۇ ئوبدان بالا ئىكەن ! — دېدى بوۋاي ، — ئۇ ھازىر كۆڭلىدىكىنى ئېيتمايۋاتىدۇ ، لېكىن مەن كېيىنكى ئېيتالايمەنكى ، بىز ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ كېتەلەيمىز ، ئەمدى ۋاقتىنى ئالمايلى ، مەن دەرھال تاماققا تۇتۇنمىسام بولمايدۇ .

بوۋاي كومولانىڭ تۇرمۇشىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى . ئۇنىڭ كومولاغا ھەمراھ بولۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ، رومىشمۇ خېلى يې- نىكلىك ھېس قىلدى . رومىش كومولانى ئۆز ئايالىم دەپ قاراپ كەلگەن دەسلەپكى ئايلاردا ، ئۇلارنىڭ يېقىنلىقىغا قىل سىغمايتتى . ئۇ چاغدىكى مۇناسىۋەت بىلەن رومىشنىڭ ھازىرقى مۇئامىلىسى كۆچلۈك سېلىشتۇرما ئىدى . بۇ ھالنى كۆرگەن قىزنىڭ يۈرىكى قانداقمۇ ئازابلانمىسۇن . شۇڭا ، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئۇنتۇلدۇرىدى- غان بىرەر نېمە بولسىلا رومىش خۇش بولاتتى . شۇنداق بولغاندا ، ئۇ تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ شىكەستىلەنگەن يۈرىكىنى داۋا- لاشقا بېرەلەيتتى .

رومىش ئۆز خىيالى بىلەن بەند بولۇپ ئولتۇرغاندا ، كومولا چۈشتىن كېيىنكى زېرىكەرلىك ئۇزۇن ۋاقتىنى بىللە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چوكرو بورتىنى ئىزدەپ ئۆز بۆلمىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى . بوۋاي قىزنى كۆرۈش بىلەنلا كايىپ كەتتى :

— بۇ قىلغىنىڭىز بولماپتۇ ، ئەزىزىم ! بولماپتۇ ، زادى بول-

ماپتۇ .

كومولا بۇ باش ـ ئايىغى يوق گەپنىڭ تېگىگە پەقەتلا يېتەلمىدى ، بۇ گەپكە ئەجەبلەندى ھەم تۇرۇپ قىزىقتى .

— مەن ، ئەلۋەتتە ، ئاۋۇ ئاياغنى دەۋاتىمەن ، — بوۋاي كومولانىڭ ئۆزىگە سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ، ئارقىدىنلا ، — رومىش ئەپەندى ، بۇنى چوقۇم سىز قىلغان ، سىز نېمە دېسىڭىزمۇ مەيلى ، بۇ ئەرۋاھلارغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلىق بولىدۇ . ئۆز ئېلىنى خارلىغان كىشىلا ئاللىقانداق نەرسىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئايىغىنى ۋەتىنىنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ . ئەگەر راماچاندرو ستاغا دوۋسۇنىنىڭ ئۆتۈكىنى كىيگۈزۈپ قويغان بولسا ، لاكشىمان ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ جاڭگالدا قىرىق يىللىق ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن بولارمىدى ؟ كۈلسىڭىز كۈلۈۋېرىڭ ، رومىش ئەپەندى ! گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز ، مەنمۇ ئانچە ھەيران قالمايمەن . پاراخوتنىڭ گۈدۈكىنى ئاڭلاپلا نەگە باردىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەي ئۇنىڭغا چىققان ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر ئىش كېلىدۇ !

— ماقۇل ، تاغا ، — دېدى رومىش ، — سىز بىر نېمە دەڭ ، بىز زادى نەگە چۈشسەك بولىدۇ . سىزنىڭ ئەقلىڭىز چوقۇم پاراخوتنىڭ گۈدۈكىدىنمۇ كۈچلۈك .

— ۋاي ئاللا ، سىزنىڭ قارارىڭىز نېمىدېگەن تېز . بىزنىڭ تونۇشقىنىمىزغا تېخى بىر نەچچە سائەتلا بولغانغۇ . بۇنىڭغىمۇ ماقۇل . سىلەر گاجىپورغا چۈشۈڭلار . قىزىم ، گاجىپورغا بېرىشنى خالامسىز ؟ ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئاجايىپ چىرايلىق قىزىلگۈللەرنى ئۆستۈرۈشىدۇ . سىزگە ئىخلاس باغلىغان مەن بوۋاينىڭ غېرىبخانىسىمۇ شۇ يەردە .

رومىش كومولاغا قارىۋىدى ، ئۇ بۇ تەكلىپكە رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى .

چوكرو بورتى بىلەن ئومىش ئىككىسى چۈشتىن كېيىن كومولانىڭ قېشىدا بولدى . رومىش ئۆزى يالغۇزلا سىرتتا قالدى ، بۇنى

كۆرۈپ كومولانىڭ يۈرىكى بىر ئاز سىقىلدى. پاراخوت سالماق ئىلگىرىلەيتتى. كۆزنىڭ نۇرلۇق ئاپتىپىدا تىنچ ۋە بەزىدە ئۆزگە-رىپ تۇرىدىغان كۆرۈنۈشلەر: قىرغاقتىكى شاللىقلار، پىرىستانلار، قومۇلۇقلار، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى، قاڭالتىر ئۆگزىلىك ئۆيلەر بىلەن تولغان بازارلار سۈرەتتەك گەۋدىلىنىپ بىر - بىرلەپ كەينى-دە قېلىۋاتاتتى. بەزىدە، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان كېمىنى ساقلاپ ئېگىز بانان دەرىخىنىڭ ئاستىدا سايىدىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەر ئارىلاپ كۆزگە تاشلىناتتى. كومولانىڭ جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى تۇرۇپ-تۇرۇپ جىمجىتلىقنى بۇزاتتى. «ئەتراپ نەقەدەر گۈزەل، ئەپسۇس، ئۇ تولىمۇ يىراق، تولىمۇ يىراق!» كومولانىڭ كۈلكىسىدىن قوزغالغان بۇ ئوي ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغانىدى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

كومولا ياش ئىدى، ئەندىشە، ۋەھىمە ۋە غەم - غۇسسە دېگەن-لەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇزاققىچە چىرماپ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭغا ئەمدى كۈن ئۆتكۈزۈش تەس بىلىنمەيتتى، رومىشنىڭ قىلغانلىرى-نىمۇ كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى.

دالا مەنزىرىسى كۆز ئاپتىپىدا خىلمۇخىل تۈس ئالغان ھالدا، زەر يىپتەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆزگىچە چىرايلىق كۆرۈنەتتى. كومولا كىچىك بىر ئائىلىگە باش بولغىنى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. كۈنلەر بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە. ھەر بىر كۈن دەبدەبىلىك ئىبارىلەردىن خالىي يېزىلغان ساددا داستان سەھىپىسىدەك مەزمۇن بىلەن تولماقتا ئىدى.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ تېخىمۇ مېھىر بىلەن بېرىلىپ كۈن-دىلىك ئىشىغا كىرىشەتتى. ئومىش ئۆتكەن قېتىمدىن كېيىن پاراخوتقا كېچىكىپ قالىدىغان ئىشنى سادىر قىلمىدى، لېكىن ھەر قېتىم پاساڭغا چىقىپ كەلگەندە سىۋەتنى توشقۇزۇپ قايتاتتى. ئەپكەلگەن نەرسىلىرى بوۋاي بىلەن كومولانى ھەيران قالدۇراتتى.

— ۋاي خۇدايىم! ماۋۇ كاۋىنى قاراڭلار! ۋۇي، تېخى پۇر-چاقمۇ بار ئىكەن! سەن بۇلارنى نەدىن تاپقانسەن؟ تاغا، قاراڭ، چىلانغان قىزىلچىمۇ بار ئىكەن. بۇ ئەتراپتىن بۇنداق نەرسىلەرنى تاپقىلى بولار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئومىشنىڭ سېۋىتىنىڭ يېنىدا مۇشۇنداق پاراڭلارنى قىلىشاتتى.

پەقەت رومىش كېلىپ قالغان چاغلاردىلا ئۇلارنىڭ پارىڭى سەل بېسىقىغا چۈشەتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىدىن گۇمانلىناتتى. كومولا، مەن پۇلنى ئۆزۈم ھېسابلاپ بەرگەن تۇرسام دېسىمۇ، رومىش، بۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى پۇرسەت، پۇلنى چۆنتەككە سالىدىغان گەپ، ئاندىن بېرىپ ئوغرىلايدۇ - شۇ! دەپ تۇرۇۋالاتتى، ئاندىن ئومىشنى چاقىرىپ سودىلىقىدىن ھېسابات ئالاتتى.

بالىنىڭ بەرگەن ھېسابىنىڭ خاتا چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇ خەجلىگەن پۇل كومولانىڭ بەرگەن پۇلىدىن كۆپ ئارتۇق چىقاتتى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا ئانچە ئېرەنشىمەيتتى.

— ھېساباتقا شۇنچە ئۇستا بولسام، ماڭا بۇ يەردە تۇرۇشنى كىم قويۇپتۇ. ھۆكۈمەتكە بېرىپ باجگىرلىق قىلماتتىم؟ شۇنداقمۇ، بوۋا؟ — دېدى ئۇ بىر كۈنى. بۇ چاغدا چوكرو بورتى:

— بۇ سورىغىنىڭىزنى ئەمدى تاماقتىن كېيىن قىلىڭ، رومىش ئەپەندى، ھۆكمىڭىزنى شۇ چاغدا چىقىرارسىز. ھازىرقى ئەھۋالدا مەن بالا تەرەپتە تۇرۇشقا مەجبۇرمەن، ئوغلۇم ئومىش بىرگە قانداق نېمە لازىم بولسا شۇنى تېپىپ كېلىدۇ. بۇ ئۇنداق - مۇنداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. بىر مۇنچە ئادەملەر بۇنداق ئىشنى ھەتتا قاملاشتۇرالمايدۇ. ئەقلى بار ئادەم بۇ بالىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرسە بولىدۇ، رومىش ئەپەندى. ھازىر پۇرچاق تېرىيدىغان مەزگىل ئەمەس. مۇشۇنداق چاغدا، قېنى، قايسى بالا بۇنداق ناتونۇش جايدىن ئەتىگەن قاق سەھەردە بۇنچىۋالا پۇرچاقنى تېپىپ كېلەلەيدۇ؟ ئادەم دېگەندىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ، ئەپەن-

دى. لېكىن، نېمە لازىم بولسا شۇنى تېپىپ كېلەلەيدىغان ئادەم-
دىن مىڭدىن بىرى چىقىدۇ جۇمۇ، — دېدى.

— بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، تاغا! سىز ئۇنى بۇنداق قانات ئاستىڭىزغا ئالماڭ، — دېدى رومىش.

— ئۇنىڭ قولىدىن جىق ئىشمىغۇ كەلمەيدۇ، لېكىن ئانچە - مۇنچە ئۇنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ تۇرمىساق، قۇشقۇنغا ئۆلتۈرۈۋالارمىكىن. ئۇ چاغدا بىز پاراخوتتىن چۈشمەيلا ئاپلا دەپ قالىمىز. ماڭا قارا، ئومىش، ئەتە ئەتىگەنلىككە ماڭا بىر ئاز نىم دەرىخنىڭ يوپۇرمىقى كېرەك، قانچىكى ئېگىز دەرەخنىڭ بولسا شۇنچە ياخشى. ماڭا شۇنچىلىكلا نەرسە كېرەك، ئەزىزىم. خەق مېنى تېۋىپلىقنى بىلىدۇ دەيدۇ. بولدى، تېۋىپ - پېۋىپنى قوياي-لى، بۇ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماقتىن باشقا گەپ ئەمەس! ئۇتياش-نى پاكىز يۇغىن، ئومىش.

رومىش ئۇنىڭدىن قانچە گۇمانلىنىپ كايىغانسېرى، ئۇ كومو-لاغا شۇنچە يېقىنلىشاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، چوكرو بورتىمۇ كومو-لانىڭ يېنىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتى، بارا - بارا بۇلار ئۈچۈن رومىش ئانچىكىم بىر ئادەم بولۇپ قالدى. چوكرو بورتى، ئومىش، كومولا ئۈچى بىر - بىرىگە خەيرخاھلىق قىلغان ئاساستا، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بىرگە ئىشلەپ، بىرگە ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرغان چاغلاردا، رومىشنى ۋە ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھەتلى-رىنى تامامەن ئەستىن چىقىرىشاتتى. چوكرو بورتى كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ كومولاغا بىلدۈرگەن مېھرى - شەپقىتى رومىشقا تەسىر قىلمىدى ئەمەس، لېكىن ئۇ قىلچە ئىككىلىنىشسىزلا ئۇلار-غا قوشۇلۇپ كومولانىڭ ئەتراپىدا يۈرۈشكە پېتىنالمايتتى. ئۇنى خۇددى غايەت زور بىر پاراخوتقا ئوخشاتساق، بۇ پاراخوت قىرغاققا يېقىن بارالماي، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكور تاشلاپ، قىرغاققا يىراقتىن تەلمۈرۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر، كېمە ۋە قېيىقلار بولسا ئۇ يەرگە بىمالال يېقىنلىشالايتتى.

ئاي تولاي دەپ قالغان چاغلار ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى

يولۇچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتكەن-لىكىنى كۆردى ، شامال تۇرۇپ ئۇياقتىن ، تۇرۇپ بۇياقتىن چىقات-تى . گاھىدا شارلا قىلىپ يامغۇر قۇيۇۋېتەتتى ؛ گاھىدا لەپپىدە كۈن چىقاتتى ؛ دەريادا كېمىلەر قالمىدى ، پەقەت قىرغاققا يېقىن جايدىلا بىر نەچچە كېمە ئۇزۇپ يۈرەتتى ، ئالدىراپ پالاق ئۇرۇشلى-رىدىن كېمىدىكىلەرنىڭ خاۋاتىرلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . كوزىلىرنى كۆتۈرۈشۈپ كەلگەن ئاياللار سۇنى ئېلىپلا دەرھال قايتىشاتتى ، بەزىدە دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ پۈتۈن قىرغاقنى يۇتۇۋەت-كەندەك كۆرۈنەتتى .

پاراخوت يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى ، ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشى كومىـولانىڭ قـازان بېشىدىكى ئىشىغا تەسىر كۆرسەت-مەلمىدى .

— كەچتە غىزا قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن ، — دېدى چوكرو بورتى ئاسمانغا قاراپ قويۇپ ، — ياخشىسى ، كەچلىكىنمۇ ھازىر تەييارلىۋېلىڭ ، سىز پۈرچاقتا ئاش ئېتىڭ ، مەن خېمىر يۇغۇرۇپ بولكا پىشۇراي .

ئۇلار ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولغاندا ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە باردى . شامال بارغانسېرى ئەدەپ دەريادا ئاپئاق دولقۇنلار كۆتۈرۈلگىلى تۇردى ؛ قۇياش خېلى يورۇقتىلا قويۇق قارا بۇلۇتلار-نىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولغاچقا ، ئۇنىڭ قاچانلاردا ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى ھېچكىم سەزمىدى . پاراخوت بالدۇرلا توختىدى .

كەچ كىردى ، ئاي قارا بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن پاللىدە چى-قىپ ، يېنىك تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ يەنە كىرىپ كېتەتتى . بوران چىقىپ ، كەينىدىنلا يامغۇر چېلەكلەپ ياغقاندەك قۇيۇۋەتتى .

كومولا بىر قېتىم كېمە ھالاكىتىنى باشتىن كەچۈرگەن بول-غاچقا ، تەبىئىي ھالدا ، بۇ دەھشەتلىك بوراندىن ۋەھىمىگە چۆمدى .

— بۇنىڭ قورققۇدەك يېرى يوق ، كومولا ، — دېدى رومىش ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپ ، — پاراخوتتا چاتاق چىقمايدۇ . سىز تولا غەم قىلماي يېرىپ ئۇخلاڭ . مەن يېنىڭىزدىكى بۆلمىدە بولىمەن ،

ھازىرچە ئۇخلىمايمەن .
ئارقىدىن چوكىرو بورتى قىزنىڭ بۆلمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :
— قورقماڭ ، قىزىم ، بۇ نەس بوران سىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ ، — دېدى . بوۋاينىڭ دېگىنىمۇ توغرا ، بىراق باياتىن بېرى بوران كومولانى ئەندىكتۈرۈپ قويغانىدى . كومولا ئىشىككە يۈگۈرۈپ كېلىپ :
— تاغا ، ئۆيگە كىرىپ قېشىمدا بىر ئاز ئولتۇرسىڭىز ، — دەپ يالۋۇردى . چوكىرو بورتى سەل ئىككىلىنىپ قالدى .
— سىلەرنىڭ ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭلار بولدى . مەن ياخشىسى... — ئۇ ئۆيگە كىرىپ رومىشنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى ، — ۋۇي ، رومىش ئەپەندى نەگە كەتتى؟ — ئۇ ھەيرانلىق بىلەن تولۇقتۇتى ، — ئۇ مۇنداق جۇدۇنلۇق كېچىدە ئوتياش ئوغرىلىغىلى كەتمىگەندۇ !
— ھە ، سىز مىدىڭىز ، تاغا ؟ مەن مەيەردە ، يېنىڭىزدىكى ئۆيدە .
چوكىرو بورتى ياندىكى ئۆيگە قاراپ ، رومىشنىڭ كارىۋاتتا يېنىچە يېتىپ چىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى .
— خانىمىڭىز بۇ ئۆيدە يالغۇز قالسا قورقىدۇ ، — دېدى ئۇ ، — ياخشىسى ، كىتابىڭىزنى قويۇڭ ، بۇ نېمىڭىز بىلەن بوراننى قورقىتالمايسىز ، دەرھال بۇياققا كىرىڭ !
دولقۇنلىنىۋاتقان بىر خىل سېزىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كومولا ئۆزىنى تۇتالماي قالدى .
— ياق ، ياق ، تاغا ! — ئۇ بوۋاينىڭ قولىنى تارتىپ ئاران ئاۋازىنى چىقىرىپ سۆزلەيتتى ، يامغۇر ، بوران ، گۈلدۈرماما ئاۋازى كومولانىڭ بۇ ئاۋازىنى رومىشقا ئاڭلاتمىغانىدى ، لېكىن چوكىرو بورتى ئاڭلاپ قالدى ۋە ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن كومولاغا بۇرۇلۇپ قارىدى .
رومىش قولىدىكى كىتابنى قويۇپ بۇ ياندىكى بۆلمىگە

كىردى.
— نېمە ئىش، تاغا؟ — دېدى ئۇ، — كومولا بىلەن ئىككىڭلار...
— ياق، ياق! — كومولا ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى دەرھال بۆلۈۋەتتى، — مەن تاغامنى مەن بىلەن بىر ئاز پاراڭلىشىپ ئولتۇرارمىكىن دەپ چاقىرغان.
ئۇ: «ياق - ياق» دەيتتى، نېمىگە «ياق - ياق» دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئەمما، كۆڭلىدە: «بىرەرسى ھەمراھ بولمىسا قورقۇپ قالامدىكىن، دەپ ئويلىسىڭىز پۇتۇنلەي خاتا قىلىسىز. ماڭا ھېچكىم كېرەك ئەمەس. مېنى يالغۇز قېلىشنى خالىمامدىكىن دېسىڭىز، ئۇمۇ بولمىغان گەپ، مەندە بۇنداق ئوي يوق!» دېمەكچى ئىدى.
— ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى، تاغا، — دېدى كومولا، — سىز دەرھال بېرىپ ئۇخلاڭ. ئومىشنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالارسىز. بۇ بوران ئۇنى قورقىتىپ يۈرىكىنى ئالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.
— مەن ھېچنىمىدىن قورقمايمەن، ئاپا، — قاراڭغۇدىن بىرسىنىڭ ئاۋازى كەلدى. بۇ، ئايال خوجايىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا دۈگدەرەپ ئولتۇرغان ئومىش ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.
بالىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئەقىدىسىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن كومولا دەرھال سىرتقا چىقىپ ئۇنىڭغا:
— ئومىش، بۇنداق ئولتۇرساڭ ئۇستىۋېشىڭ ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. قارا سەن كەپىسىزنى، ماڭ، بېرىپ تاغاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ يات، — دېدى
ئومىش گەپكە كىرىپ، چوكرو بورتىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. كومولانىڭ سۆزىدىن بىر مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەپسىز دېگىنى بالىنى سەل رەنجىتكەندى.
— ئۇيقۇڭىز كەلگۈچە يېنىڭىزدا بىر ئاز ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىپ بېرەيمۇ؟ — سورىدى رومىش كومولادىن.

— ياق ، بولدى ، رەھمەت سىزگە. ھازىرمۇ مېنى تازا ئۇيقۇ بېسىۋاتىدۇ .

رومىش كومولانىڭ كۆڭلىدىكىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرسىمۇ تالىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى ، ئۇنىڭ قەيسەرلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ ئۆز بۆلمىگە كىرىپ كەتتى .

كومولا قاتتىق ھاياجانلانغانىدى ، ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، زورلاپ كارىۋاتقا بېرىپ ياتتى . بوران بارغانسېرى ئەدەپ ، دولقۇنلار شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى ، ماتروسلار پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى . كاپىتان تۇرۇپ - تۇرۇپ قوڭغۇراق جىرىڭلىتىپ ماشىنا بۆلۈمىگە بۇيرۇق چۈشۈرەتتى . پاراخوت شىددەتلىك بوراننىڭ ھۇجۇمىغا يالغۇز ياكورنىڭ ياردىمى بىلەنلا تاقابىل تۇرالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى ، شۇڭا تۆۋەندىكى ماشىنىلارمۇ ھەرىكەتكە كەلدى .

كومولا ئۈستىدىكى يوتقاننى قايرىۋېتىپ پالوبىغا چىقتى ، بۇ چاغدا يامغۇر توختىغان بولسىمۇ ، بوران خۇددى يارىلانغان يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئۆزىنى ھەر يانغا ئۇرۇپ قۇتراۋاتتى .

تۈن ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى ، تولۇن ئاينىڭ سۇس يورۇقىدا توپ - توپ قارا بۇلۇتلار خۇددى ئەرۋاھتەك چېپىپ يۈرگەن يەجۇج - مەجۇجلەردەك كۆرۈنەتتى ؛ قىرغاق قاراڭغۇلۇق قوينىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ، دەريامۇ ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەنىدى . ئاسمان ۋە زېمىن ، يىراق ھەم يېقىن ، كۆرگىلى بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ھەممە نەرسىلەر قاراڭغۇلۇق قوينىدا بىر - بىرىدىن پەرق قىلغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى . شۇ تاپتا رىۋايەتلەردىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق مەخلۇق — ئەجەل تەڭرىسىنىڭ قارا كالىسى — دەھشەتلىك ھۆركىرەپ ، مۈڭگۈزلىرى بىلەن ھەممە يەرگە ئۈسۈپ يۈرگەندەك بىلىنەتتى .

بۇ تىنچسىز ئاسمان ، بۇ تەشۋىشلىك كېچە كومولانىڭ كۆڭلىدە ئاللىقاندىق ھېسسىيات ئويغاتتى ، بۇنىڭ يا قورقۇنچ ، يا خۇشاللىق ئىكەنلىكىگە ئۇ ئۆزىمۇ بىر نېمە دېيەلمەيتتى .

كومولا سۈكۈنات ئىلكىدىكى يۈرەك تارىلىرىنى تىترەتكەن يەرۇ ئاسماننىڭ دەھشىتىدىن ، ئۆزىدە ھېچكىم ئىدارە قىلالمايدىغان كۈچ ـ قۇدرەتنى ، ھەر قانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئەركىنلىكنى سەزدى . تەبىئەتنىڭ بۇ باتۇرانە قارشىلىقى ئۇنى چەكسىز ھاياجانغا سالدى . تەبىئەت زادى نېمىگە قارشىلىق بىلدۈرۈۋاتقاندۇ ؟ كومولا بوراننىڭ دەھشەتلىك گۈركىرىشىدىن بىرەر جاۋاب ئالالمىدى . بۇ جاۋاب خۇددى كومولانىڭ قەلب دېڭىزىدا كۆتۈرۈلگەن بورانغا ئوخشاشلا تىل بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولغۇسىز ئىدى . شۇنىسى روشەنكى ، تەبىئەت پۈتكۈل دۇنيانى تۈپ يىلتىزىدىن تەۋرىتىشكە مۇۋەپپەق بولغان ، كۆز بىلەن كۆرگىلى ، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان ، يالغانچىلىق بىلەن خام خىيالنىڭ جاھالەتلىك تورىنى يىرتىپ تاشلاش ئۈچۈن قەھرلىك بورانلىرى بىلەن ئىسيان كۆتۈرمەكچى ئىدى .

ئەرشىئەلادىن كۆتۈرۈلۈپ سۈرلۈك كېچىگە دەھشەت سېلىۋاتقان قارا بوران ئاللىقانداق نارازىلىق بىلەن : «ياق ! ياق !» دەپ چۇقان سېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . ئۇ زادى نېمىگە بويۇن تولغايدۇ ؟ بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب تاپماق تەس ئىدى . ئۇ پەقەت ۋەھىمە ئارىلاش ۋارقىرايتتى : «ياق ! ياق ! زادى ياق ، ياق !» .

## ئوتتۇزىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگىنى شامال پەسىيىشكە باشلىدى . كاپىتان ياكورنى كۆتۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىماي ، ئاسمانغا خاۋاتىرلىنىپ قارايتتى .

چوكرو بورتى تاڭ يورۇشى بىلەنلا رومىشىنىڭ قېشىغا كىردى . تېخىچە ئورنىدا ياتقان رومىش ئۇنى كۆرۈپلا دەرھال ئورنىدىن تۇردى . بوۋاي بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاخشام مۇشۇ يەردە ياتقانلىقىنى پەملىدى ، ئاخشامقى ۋەقە گۇپپىدە ئېسىگە كەچتى ـ دە ، بۇ يەردە بىر گەپ بار ، دېگەن ئويغا كەلدى .

— تۇنۇگۇن كېچە مۇشۇ يەردە ياتقان ئوخشىمامسىز ؟ — دېدى ئۇ سورۇشتە قىلغان ئاھاڭدا .

رومىش بۇ سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ :

— بۇگۇن ھاۋا ئىمىدېگەن يامان ! كېچە قانداقراق ئۇخلىدىڭىز ، تاغا ؟ — دېدى .

— رومىش ئەپەندى ، — دېدى چوكرو بورتى ئۇنىڭغا جاۋابەن دەرھاللا ، — سىز مېنى تازا ئەخمەق كۆرىسىزغۇ دەيمەن . راست ، ئۆزۈمىمغۇ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ۋالاقلاپ يۈرىدىغان ساراڭدەكلا ئادەم . مۇشۇ يېشىمغا كەلگۇچە جىق مۇشكۇل ئىشلارغا يولۇقتۇم ھەم ئۇنىڭ كۆپىنى ھەل قىلىپمۇ كەلدىم . لېكىن ، سىزنى چۈشىنەلمىدىم !

رومىش ۋىلىلىدە قىزىرىپ ، يەنە تېزلا ئۆزىگە كەلدى ، ئاندىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سۆزلىدى :

— چۈشەنمەسلىك جىنايەت ئەمەسقۇ ، تاغا . مەسىلەن ، تەلوگونىڭ ھېلىقى غەلىتە تىلىنى ئېلىپ ئېيتساق ، بىزگە بۇ تىل قېيىن بىلىنگىنى بىلەن ، تەلوگو بالىسى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئوڭاي نەرسە يوق . ئۆزىڭىز چۈشەنمىگەن نەرسىنى ئالدىراپلا يوققا چىقىرىۋەتسىڭىز بولمايدۇ . ئادەم ئالدىغا غەلىتە بىر نېمە كېلىپ قالسا ئۇنىڭدىن دەرھال سوۋۇپ كەتمەي ، بىر كۇنى چوقۇم ئۇنىڭ تېگىگە يېتىمەن ، دېگەن ئۈمىدتە بولۇشى كېرەك .

— كەچۈرۈڭ ، رومىش ئەپەندى ، — دېدى بوۋاي ، — مەن سىر داش بولۇشنى خالىمىغان بىر كىشىنى چوقۇم چۈشىنىمەن دەپ تۇرۇۋالسام تەلۋىلىك قىلغان بولىمەن . لېكىن ، بەزىدە ئەزەلدىن بىر ـ بىرىنى بىلمەيدىغان ئىككى ئادەم بىر كۆرۈشۇش بىلەنلا سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ . بۇنىڭغا بىزنىڭ ئاۋۇ بومبا ساقال كاپىتانىمىزنى گۇۋاھلىققا تارتالايمەن . ئۇ سىزنىڭ ئايالىڭىزنى ئۆزىنىڭ تۇغقىنىدەك كۆرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي قالمايدۇ . بىرىپ سوراپ بېقىڭ ، ئەگەر ئۇ ئۇنداق ئەمەس دەيدىغان بولسا ، كېيىن ئېيتىمەنكى ، ئۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس . بۇ

مۇشۇنداق ئىش ، سىز بىرئىشقا چۇشەنمەسلىكنى چۇشىنىكسىز تەلوگو تىلىغا تەقلىد قىلسىڭىز ، مېنىڭچە ، بۇ تازا توغرا بولماي-دۇ . رومىش ئەپەندى ، دوپپىڭىزنى ئالدىڭىزغا قويۇپ ئوبدان ئوي-لىنىپ باقسىڭىز ، بۇ گەپلىرىمگە خاپا بولماسسىز دەيمەن .

— ئوبدان ئويلانغىنىم ئۇچۇن قىلچە خاپا بولمىدىم . مەيلى مەن خاپا بولاي ـ بولماي ، مېنىڭ دېگىنىم سىزگە ياقسۇن ـ ياقمىسۇن ، تەلوگو تىلى هامان تەلوگو تىلى . بۇ ، تەبىئەتنىڭ شەپقەتسىز قانۇنى ،— رومىش سۆزىنى تۈگىتىپ خورسىنىپ قويدى .

رومىش گاجىپورغا چۈشۈش ئاقىلانە چارىمۇ ـ قانداق ، دېگەن مەسىلىدە سەل ئىككىلىنىشكە باشلىدى . «بۇ بوۋاي بىلەنغۇ خېلى چىقىشىپ قالدۇق . يېڭى بارغان يەردە مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ هالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىنىمۇ بىر هېسابتا ياخشى . لېكىن ، تونۇش ئادەملەر بىلەن بىر يەردە تۇرۇشنىڭ بىر ئەپسىز تەرىپىمۇ بار . كومولا بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالسا ، بۇ سوراق ـ سۇرۇشتىنىڭ دەستىدىن كومولا تەس كۈنگە قېلىشى چوقۇم . ئەڭ ياخشىسى ، هېچكىم تونۇمايدىغان بىر جايغا بېرىپ تۇرۇش كېرەك . ئۇ چاغدا هېچكىم بىزنىڭ ئىشىمىزنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ » .

شۇنداق قىلىپ ، پاراخوت گاجىپورغا يېتىپ بېرىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ، ئۇ چوكرو بورتىغا مۇنداق دېدى :

— تاغا ، ئۆزۈمنىڭ كەسپىمنى كۆزدە تۇتقاندا ، گاجىپور ماڭا ئانچە مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇرىدۇ . شۇڭا ، مەن بىنارسقا بېرىش نىيىتىگە كەلدىم .

رومىشنىڭ قەتئىي قارارلىق تەلەپپۇزى بوۋايغا كۈلكىلىك بىلىندى .

— هە دېگەندە ئۆزگىرىۋەرگەن نەرسە قارار بولمايدۇ . بىز بۇنى تىكىشى توختىمىغانلىق دەيمىز . بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى ، سىز راستىنلا بىنارسقا بېرىش نىيىتىگە كەلدىڭىزمۇ ؟

— شۇنداق ، — رومىش كېسىپلا دېدى .

بوۋاي بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتى ۋە بېرىپ يوك - تاقىسىنى يىغىشتۇرغىلى تۇردى .

— بۇگۇن مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ نېمە ، تاغا ، — دەپ سورىدى كومولا بوۋايدىن .

— ئەتىگەندىن - كەچكىچە جاڭجاللىشىپ يۈرسەك ، يەنە مەنـ ـدىن نېمە كۈتەتتىڭىز ؟ — دېدى ئۇ ، — ئۆزىڭىزگە مەلۇم ، سىز مۇشۇ چاغقىچە بىرەر ئېغىز سۆزۈمنى ئىلىك ئېلىپ باقمىدىڭىز .

— ئەتىگەندىن بېرى مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپلا يۈرىسىزغۇ ، تاڭ .

— تېخى مەن سىزدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرىمەنمۇ ؟ قو- يۇڭ ، بۇ گېپىڭىزنى ! ئەكسىچە ، سىز مېنى تاشلاپ كەتمەكـ ـچى بولۇۋاتىسىز .

كومولا ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى .

— رومىش ئەپەندى سىزگە ئېيتمىدىمۇ ؟ — دېدى بوۋاي ئۇلاپلا ، — سىلەر بىنارسقا بېرىشنى قارار قىلىپسىلەرغۇ ؟

كومولا بۇ سۆزگە يا «ھە» ، يا «ياق» دېمىدى .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ، تاغا ، — دېدى ئۇ بىر ئاز جىمىپ كېتىپ ، ئاندىن ، — چامادانىڭىزنى يىغىشتۇرۇشۇپ بېرەي .

چوكرو بورتى ئۇنىڭ رومىشنىڭ گاجىپورغا بېرىشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئانچە پەرۋا قىلمىغانلىقىغا قاتتىق ئاغرىندى . «بەلكىم مۇشۇنداق بولغىنىمۇ تۈزۈكتۇ ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ، — ماڭا بۇ ياشتا يېڭى دوست تېپىشنى كىم قويۇپتۇ» .

شۇ ئەسنادا ، پىلانىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كومولاغا دەپ قو- يۇش ئۈچۈن رومىش كىرىپ كەلدى .

— سىزنى ئىزدەپ كىرمىگەن يېرىم قالمىدى ، — دېدى ئۇ ، كومولا چوكرو بورتىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى قاتلاش بىلەن بەند ئىدى .

— بىز گاجىپورغا بارمايدىغان بولدۇق ، كومولا ، — دېدى رومىش ، — مەن بىنارسقا بېرىپ ئادۋوكاتلىق قىلىش قارارىغا كەلدىم ، سىز قوشۇلامسىز ؟

— قوشۇلمايمەن ، مەن گاجىپورغا بارىمەن ، — كومولا قولى ئىشتا ، بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي جاۋاب بەردى ، — مەن ھەممە نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ قويدۇم .

— ئۇنداقتا ، سىز يالغۇز بارامسىز ؟ — سورىدى رومىش كومولانىڭ بىر قەدەر قاتتىق قارشىلىقىدىن ھەيران بولغان ھالدا .

— ياق ، تاغام ئىككىمىز … — ئۇ بۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بوۋايغا لەپپىدە قاراپ قويدى .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چوكرو بورتىنىڭ كەيپى ئۇچتى .

— قىزىم ، — دېدى ئۇ ، — مۇنداق قىلسىڭىز ، رومىش ئەپەندى مەندىن خاپا بولۇپ قالىدۇ .

— مەن گاجىپورغا بېرىش قارارىغا كەلدىم ، — دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى كومولا . ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن مەن نېمىنى خالىسام شۇنى قىلىۋېرىمەن ، دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى .

— بولىدۇ ، تاغا ، — دېدى رومىش ، — گاجىپورغا بارساق بارايلى .

كەچكە يېقىن يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلدى . رومىش ئايدىڭدا يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى : «ئۇزۇنغىچە بۇنداق سۆرىشىپ يۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ ، ئەگەر كومولا ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا بۇ ئىشنى كۆرۈڭ . ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈش ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىم تۇرۇشنىڭ ئامالىمۇ قالمىدى ، ئەمدى بۇنداق كېتىۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ . كومولا ئۆزىنىڭ ئايالىغۇ ؟ ! باشتا ئۇنىڭغا ئۆز ئايالىم قاتارىدا مۇئامىلە قىلغانىكەنمەن ، نىكاھ ئوقۇمىغانلىقنى سەۋەب قىلىپ ئۆزۈمنى بۇنچىلىك قىيناپ يۈرسەم بولامدۇ . ھېلىقى كۈنى كەچتە ، ئاشۇ قۇملۇقتا ئەجەل تەگرىسى يامانىڭ ئۆزى ئۇنى مېنىڭ ئەمرىمگە تاپشۇرغان ئەمەسمىدى . ئۇ پانىي ئالەمنىڭ نىكاھ قىلىدىغان ھەر قانداق

كاھىنىدىنمۇ قۇدرەتلىك ئىدىغۇ !» .

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ بىلەن خىمنولىنى ئوتتۇرىسىدا خىرىس قىلىپ تۇرغان رەقىبلەر يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. ئۇ ئېلىشىشى كېرەك، ئۇ تالاي توسقۇننى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئەندىشە، نومۇس دېگەنلەرنى چۆرۈپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا باش كۆتۈرۈپ بارالايدۇ. ئۇ بىرقاتار كۈرەشلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكىمۇ پېتىنالمايتتى. ئۇ غەلىبىگە قانداقمۇ ئېرىشەلىسۇن؟ ئۇ باشقىلارنى ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە قانداقمۇ ئىشەندۈرەلىسۇن؟ ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتىمۇ دەيلى، بىراق جەمئىيەت ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىشىشىگە يول قويمىسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە كومولا نەقەدەر ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالار. بۇ يولدىنمۇ ئۈمىد يوق. قەتئىي نىيەتكە كېلىش كېرەك، ئەمدى ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ! كومولانى ئۆز ئايالى قىلىپ ئۆتمەكتىن باشقا چارە يوق، خىمنولىنى شۇ تاپتا ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلاۋاتىدۇ. بۇ ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ ئۆزىنى ئالماقچى بولغانلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل كېلىشىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىدىغۇ. رومىش چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ خىمنولىنىغا بولغان بارلىق ئۈمىدلىرىنى كۆڭلىدىن پاك - پاكىز چىقىرىۋەتكەندەك بولدى.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

— ھوي ! — دەپ توۋلىدى رومىش، — سەن نەگە بارىسەن، ئومىش؟

— مەن ئاپام بىلەن بىرگە كېتىمەن.

— مەن ساڭا بىنارسقىچە بىلەت ئېلىپ بەرگەن، پاراخوت ئەمدى تېخى گاجىپورغا كەلدى. بىز بىنارسقا بارمايدىغان بولدۇق.

— ئەمىسە، مەنمۇ بىنارسقا بارمايمەن، — دېدى ئومىش.

رومىش ئۇنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ

باقمىغانىدى . بالىنىڭ بۇنداق قەتئىي تۇرۇشى ئۇنى ھەيران قال-دۇردى .
— ئومىشنىمۇ كەينىمىزگە سېلىپ يۇرەمدۇق ؟ — ئۇ كومو-لادىن سورىدى .
— ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى يوقتە .
— بىنارستا ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بارغۇ ؟ — دېدى رومىش .
— ئۇ بىز بىلەن بىرگە بولۇشنى خالاۋاتىدۇ . ئېسىڭدە بول-سۇن ، ئومىش . بىز بېرىپ باقمىغان بىر جايغا كېتىۋاتىمىز ، تاغاڭنىڭ يېنىدىن يىراق كەتمە ، بولمىسا كىشلەرنىڭ قىستا - قىستىڭى ئىچىدە يىتىپ كېتىسەن ، — دېدى كومولا .
ناھايىتى روشەنكى ، بۇ كىشىلەر ھازىر كومولانىڭ بۇيرۇقىغا تولۇق ئىتائەت قىلاتتى . ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يۇرۇش - تۇرۇشلىرىنىمۇ كومولا ئىگە ئىدى . ئىلگىرى ئۇ رومىشنىڭ بۇي-رۇقلىرىغا رايىشلىق بىلەن كۆنەتتى ، ئەمدى بۇنىڭغا خاتىمە بېرىل-گەنىدى . شۇڭا ھېچقانداق تالاش - تارتىشمۇ بولمىدى . ئومىش قولتۇقىغا بىر تۇگۇننى قىستۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار پاراخوتتىن بىرگە چۈشۈشتى .
بوۋاي شەھەر رايونى بىلەن ياۋروپالىقلار مەھەللىسىنىڭ ئوت-تۇرىسىدىكى ئاددىيغىنا بىر ئۆيدە ئولتۇراتتى . ئۆيىنىڭ ئالدىدا تاش بىلەن قوپۇرۇلغان قۇدۇق ، كەينىدە مانگو دەرەخلىرى ئۆسكەن باغچە بار ئىدى . ئۆي بىلەن كوچىنىڭ ئارىلىقىغا پاكار تام چۆرۈل-گەن بولۇپ ، قورۇنىڭ ئىچىدە ھېلىقى قۇدۇقنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان كىچىك ئوتياشلىق بار ئىدى . رومىش بىلەن كومو-لا ئۆزلىرىگە ئۆي تاپقۇچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇشتى .
چوكرو بورتى خانىمى خارىبخوبىنىنى بەكمۇ كېسەلچان دەپ يۈرگىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئايالنىڭ تۇرقىدىن ھېچبىر ساق-سىزلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى . ئۇ خېلى ياشلارغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ ، خېلىلا تىمەن ئىدى ، تۇرقىدىن قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان ئايال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى ، پەقەت چېكە چاچلى-

ـرىغا ئازراق ئاق سانجىغانىدى . شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى ، قېرىلىق ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقارغان بولسىمۇ ، تېخى قول سېلىشقا پېتىنالمىغانىدى .

ئۇ چوكرو بورتى بىلەن توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى . چوكرو بورتى بۇ كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن ئورۇن يۆتكەش كېرەك ، دەپ قاراپ ، ئۆزىنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى گاجىپوردىكى مەلۇم باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكەپ ، ئائىلىسى بىلەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىدى .

خارىبىخوبىنىڭ سالامەتلىكى ئاللىقاچان ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئېرى بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەندىـ ـشە قىلاتتى .

چوكرو بورتى مېھمانلىرىنى تاشقىرىقى ئۆيگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، ئايالىنى چاقىرىپ چىقىش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆيگە كىرـ ـدى . ئايالى كەينىدىكى قورۇدا كوزا ـ قاچىلىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ قويۇپ ، بۇغداي سورۇپ ئولتۇراتتى .

— بۇ يەردە ئىكەنسەن ـ دە ! — دېدى چوكرو بورتى ، — ھاۋا سوغۇق تۇرسا ، ياغلىق ئارتىۋالساڭ بولمامدۇ ؟

— نېمە دەۋاتىسىز ؟ ئاپتاپ يەلكەمنىمۇ كۆيدۈرۈۋاتسا سوغۇقـ ـمۇ تېخى ، — دېدى خارىبىخوبىنى .

— بۇ بولماپتۇ ، — دېدى چوكرو بورتى ، — بىز بىرەر كۈنلۈك ئالالمىغۇدەك ھالدا ئەمەسقۇ .

— ماقۇل ، مەن بىر كۈنلۈك تاپاي . خوش ، ئەمدى گەپنى سىلىدىن ئاڭلايلى ، نېمانداق ھايال قاللا ؟

— سۆزلىسەم گەپ تولا ، مەن بىر نەچچە مېھمان باشلاپ كەلگەن . ھازىرچە باشقا گەپنى قويۇپ ، مېھمانلارنى ئوبدان كۈتۈـ ـۋالايلى ، — ئاندىن ئۇ يېڭى مېھمانلار توغرىلىق بىرەر قۇر سۆزلەپ بەردى .

ناتونۇش مېھمانلارنى كۈتۈش ئۇلار ئۈچۈن بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس ، لېكىن ئەر ـ خوتۇن مېھماننى كۈتۈشكە خارىبىخوبىـ

ىنىڭ تەييارلىقى يوق ئىدى .
— ۋاي خۇدايىم ، بىز ئۇلارنى نەگە ئورۇنلاشتۇرارمىز ؟
— ئالدىدا ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىۋالامسەن ، — دېدى ئېرى ، — ئاندىن ئۇلارنى قانداق جايلاشتۇرۇشنى بىر نېمە دەيمىز . بىزنىڭ شويلو قەيەردە ؟
— بالىسىنى يۇيۇندۇرۇۋاتىدۇ .
چوكرو بورتى كومولانى باشلاپ چىقىپ ئايالى بىلەن كۆرۈشتۈردى .
كومولا يېقىن كېلىپ خارىبخوبىنىغا ئېگىلىپ سالام بەردى . خارىبخوبىنى قولىنى ئۇنىڭ ئىڭىكىگە تەگكۈزۈپ ، ئاندىن سۆيۈپ قويدى - دە ، ئېرىگە قاراپ :
— ئۇ بىزنىڭ بىدخوغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ - ھە ؟ — دېدى . بىدخو ئۇلارنىڭ قىزى بولۇپ ، ھازىر ئېرى بىلەن ئاللاخابادتا ئولتۇراتتى .
بۇ سۆز چوكرو بورتىنى خېلى خۇش قىلدى . ئەمەلىيەتتە بىدخو بىلەن كومولانىڭ قىلچە ئوخشاشلىقى يوق ئىدى . لېكىن ، خارىبخوبىنى ھېچقانداق قىزنىڭ ئۆز قىزىدىن چىرايلىق ۋە قابىل ئىكەنلىكىگە ئەزەلدىن تەن بەرمەيتتى . ئۆز قېشىدا ئولتۇرىدىغان قىزى شويلودىجا چىرايلىقلىقتا كومولاغا تەڭ كېلەلمىگەچكە ، ئاپىسى كومولانى بۇ يەردە بولمىغان قىزى بىلەن تەڭلەشتۇرۇپ ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى غالىب كۆرسەتمەكچى بولدى .
— ئۆيىمىزدە تۇرماقچى بولغىنىڭلارغا ئىنتايىن خۇشالمەن ، — دېدى خارىبخوبىنى ، — لېكىن سىلەرگە تازا كەڭ - كۇشادە بولمامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن . بىزنىڭ يېڭى ئۆيىمىزنى ئوڭشاۋاتقان بولغاچقا ، سىلەرنى بىر ئاز تارچىلىقتا قالدۇرۇپ قويىدىغان بولدۇق .
چوكرو بورتىنىڭ بازار بېشىدا بىر ئۆيى بار بولۇپ ، ئۇنى ھازىر ئوڭشاۋاتقانىدى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە ئولتۇرۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۇرۇپ بېقىشمى-

غان ئىش ئىدى .
چوكرو بورتى ئايالىنىڭ بۇ گېپىدىن كۆلگۈسى كەلسىمۇ ، لېكىن ئۇنداق ئەمەس دېيەلمەيتتى ، ئەلۋەتتە .
— ئەگەر سىلەر سىقىلىپ قېلىشتىن قورقىدىغان ئادەم بولساڭلار ، مەنمۇ سىلەرنى باشلاپ كەلمەيتتىم ، — ئۇ كومولاغا سۆزلەپ بولۇپ ، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئايالىغا ، — سەن بۇ يەردە تۇرىۋەرسەڭ بولماسمىكىن ، كۆزنىڭ ئاپتىپى زىيان قىلىپ قالىدۇ ، — دېدى ، ئاندىن رومىشىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى .
كومولا بىلەن خارىبىخوبىنې ئىككىسى ئۇچچە قېلىشتى . ئۇ كومولانىڭ ئەھۋالىنى سورىغىلى تۇردى .
— ئېرىڭىز ئادۋوكات ، شۇنداقمۇ ؟ ئۇنىڭ ئادۋوكاتلىق قىلىۋاتقىنىغا قانچە زامان بولدى ؟ بۇ خېلى پۇل تاپىدىغان ئىشقۇ دەيمەن ؟ هە ، ئۇ تېخى خىزمىتىگە رەسمىي كىرىشمىدىمۇ ؟ ئەمىسە ، نېمە بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىسىلەر ؟ قېيىناتىلىرىڭىزدىن قالغان نەرسە جىق ـ مىدى ؟ بىل ـ مەيسىز ؟ تـوۋا ، ئەجـەبكەنسىز ! قېيناتا ـ قېينانىڭىزنىڭ ئەهۋالىنىمۇ بىلمەمسىز ؟ ئېرىڭىز هەر ئايدا قانچىلىك راسخوت بېرىدۇ ؟ سىزمىغۇ كىچىك ئەمەسكەنسىز ، قېينانىڭىز بولمىغاندىن كېيىن ئۆينىڭ كارى بېشىڭىزغا كېلىدىغان گەپ ! قىزىم بىدخونىڭ ئېرى تاپقان پۇلنىڭ هەممىسىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ .
موماي ئاشۇنداق سوراپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ ، ئېزىپ ـ ئىچكۈرۈپ يۈرۈپ ، كومولانىڭ ناهايىتى بوشاڭ كەلگەنلىكىنى دەرهال ئۆزىگە تونۇتتى . مانا ئەمدى كومولا ئۆز ئېرىنىڭ ئۆتكەنكى ئۆمرى ، ئائىلە ئەهۋالىنى چورتلا بىلمەيدىغانلىقى باشقىلار ئۈچۈن قانچىلىك غەلىتە ۋە نومۇسلۇق ئىش بولۇپ تۇيۇلىدىغانلىقىنى ئېنىق هېس قىلىپ يەتتى . ئويلاپ قارىسا ، ئۇ شۇ كۈنگىچە ئېرى بىلەن مۇشۇ خۇسۇستا ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلىشىپ باقمىغان ؛ ئۆزىنىڭ ئېرى بولغان بۇ كىشى توغرىسىدا هېچنېمە بىلمەيلا يۈرگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ نە هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تۇنجى قېتىم

ھېس قىلىپ يەتتى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن شۇنچىلىك ئېتىبارسىز قارىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى پاراكەندە بولدى .

— ئايىغىڭىزدىكى بىلەزۈكلەرنى كۆرۈپ باقايمۇ ، ئەزىزىم ، — دېدى خارىبخوبىنى بىر ئازدىن كېيىن ، — ئالتۇنى ئانچە ساپ ئەمەسكەن ، شۇنداقمۇ ؟ توي قىلغان ۋاقتىڭىزدا دادىڭىز سىزگە بېرەك ئېلىپ بەرمىگەنمۇ ؟ راست ، دادام يوق دېگەندىڭىز ـ ھە ؟ شۇنداقتىمۇ بولۇشى كېرەك ـ دە ، ئېرىڭىز ئېلىپ بەرمەمدۇ ؟ بىدخونىڭ ئېرى ئاي ئارىلاپ دېگۈدەك ئۇنىڭغا ھالقىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ تۇرىدۇ .

شويلودجا ئىككى ياشلىق قىزى ئومىنى يېتىلەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ، خارىبخوبىنىڭ سوئال ـ سوراقلىرىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى . شويلودجا قوشۇق يۈزلۈك ، كەڭ ماڭلاي ، قارىمۇتۇق چوكان ئىدى . روھلۇق قىياپىتىدىن توختاملىق ، مۇلايىم ئايال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى .

شويلودجانىڭ قىزى كومولاغا قاراپ ـ قاراپ قويدى ، ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ : «ھەدە» دەپ چاقىردى . بۇ ھەرگىز ئۇنىڭ كومولانى بىدخوغا ئوخشاتقانلىقىدىن ئەمەس ئىدى . ئۇ ئۆزىگە ياققان ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى «ھەدە» دەپ چاقىرىۋېرەتتى . كومولا دەرھال قىزنى كۆتۈرۈپ تىزىغا ئولتۇرغۇزدى .

خارىبخوبىنى كومولانى قىزىغا تونۇشتۇردى :

— بۇ خانىمنىڭ ئېرى ئادۋوكات ئىكەن . ئۇ شىمالغا ئادۋوكاتلىق قىلغىلى كەپتۇ . ئۇلار يولدا داداڭغا ئۇچراپتىكەن ، داداڭ بۇ يەرگە باشلاپ كەپتۇ .

بۇ ئىككىسى بىر كۆرۈشۈپلا يېقىن دوستلاردەك چىقىشىپ كەتتى .

خارىبخوبىنى مېھمانلىرىغا غىزا ، ئورۇن ھازىرلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى . شويلودجا كومولانىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆز ئۆيىگە باشلىدى .

ھايال ئۆتمەي ئۇلار ئەركىن سۆزلىشىپ كەتتى . ياش قورامى-

دىكى پەرق ئۇلارنىڭ كۆڭلىگىمۇ كەچمەيتتى .

كومولانىڭ بىلىمى ئۆزىنىڭ ياش قورامىدىكىلەردىن كۆپ ئۇستۇن ئىدى . بۇ بەلكىم ئۇنىڭ قېينانىسىنىڭ تەنبىھلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىدىن ، ئۆز مەيلىچە چوڭ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك . ئۇ : «تىلىڭنى تارت !» ، «مېنىڭ سىزغان سىزىقىمدىن چىقمايسەن» ، «قىز بالا ‹ياق› دېگەن سۆزنى ئېغىزغا ئالمايدىغان !» دېگەن كايىشلارنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە بېشىنى رۇس تۇتۇپ ، قەددىنى كۆتۈرۈپ قارايتتى . ئۇ خۇددى مۇستەھكەم غولىدا ئاجايىپ بەرق ئۇرۇۋاتقان گۇلگە ئوخشايتتى .

قىزچاق ئۇلارنى مېنى ئويىنىتامدىكىن دەپ ھەر قانچە قىلسىمۇ ، ئۇلار ھە دەپ ئۆزلىرىنىڭ قىزغىن پارىڭى بىلەن ئىدى . كومولا پاراڭدا شويلودجاغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . شويلودجانىڭ دەيدىغان سۆزلىرى كۆپ ، ئۇنىڭ بولسا دەپ بەرگۇدەك نېمىسى بار ؟ كومولانىڭ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى خۇددى قېرىنداش بىلەن جىجالغان سۇس ئىزنادىنلا ئىبارەت ئىدى . ئۇنىڭدا نە مۇكەممەللىك ، نە رەڭدارلىق بولسۇن !؟

شۇ كۇنگىچە ئۇ ئۆزىنىڭ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى بۇ قەدەر مەنىسىز دەپ ھېس قىلمىغانىدى . راست ، ئۇنىڭغا نېمىدۇر بىر نېمە يېتىشمەيۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . بەزىدە ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئاللىقانداق قارشىلىقلارمۇ پەيدا بولۇپ قالاتتى ، بىراق ئۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى .

پاراڭ باشلانغاندىلا شويلودجا ئېرى توغرىسىدا سۆزلەپ كەتتى . ئۇنىڭ يۇرەك تارىسىنى كىچىككىنە چېكىپ قويسىلا ھەر خىل كۇيگە جاراڭلايتتى . لېكىن ، كومولا ئۆزىدىكى بۇ خىل تارنىڭ ئۇنىسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ئۇنىڭ ئېرى توغرىسىدا ئېيتقۇدەك نېمىسى بولسۇن ؟ شۇڭا ، ئۇ بۇنداق پاراڭ سالالمايتتى ھەم ئۇنىڭغا

قىزىقمايتتى .

شويلودجانىڭ سۆھبەت قېيىنقى بەخت مېۋىسىنى بېسىپ خۇ-شاللىق دەرياسىدا ئۈزۈۋاتقان چاغدا ، كومولانىڭ قۇرۇق قېيىنقى بىچارىلىك قۇملۇقىغا پېتىپ قالغانىدى .

چوكرو بورتىنىڭ بار - يوقى ئىككى قىزى بولۇپ ، چوڭى قېينانىسىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . ئۇ كىچىك قىزىنى سىرتقا چىقار-غۇسى كەلمەي قول ئىلكىدە يوق بىر يىگىتنى كۈيئوغۇللۇققا تالل-ۋالغان ، ئاندىن ئۆزىنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى ئارقىلىق ئۇنى گاجىپوردىكى ئەپيۇن زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرغان ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت ئۇلارغا ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ قالغانىدى .

شويلودجا پاراڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئورنىدىن تۇيۇقسىز تۇرۇپ كەتتى .

— كەچۈرۈڭ ، ئەزىزىم ، مەن بىر ئازدىن كېيىن كېلەي ، — ئۇ ئارقىدىن سەل خىجىل بولغاندەك بولدى - دە ، ئېرىنىڭ ھازىر يۇيۇنۇپ بولغانلىقىنى ، ئۆزى بېرىپ غىزا تەييارلاپ ئۇنى ئىشقا ماڭغۇزمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— ئۇنىڭ يۇيۇنۇپ بولغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز ؟ — دېدى كومولا گۆدەكلەرچە سوئال سوراپ .

— تولا چاقچاق قىلماڭا ، — دېدى شويلودجا ، — نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن . سىز ئېرىڭىزنىڭ ئاياغ تىۋىشىنىمۇ پەرق قىلال-مامسىز ؟

ئۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كومولانىڭ ئىڭىكىنى نوقۇپ قويدى ، ئاندىن بىر مۇنچە ئاچقۇچلارنى ئېسىۋالغان سارىسىنىڭ پېشىنى قايرىپ يەلكىسىگە تاشلىدى - دە ، ئۇمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

كومولا تا بۈگۈنگىچە ، بىر ئادەمنى ئاياغ تىۋىشىدىن پەرق ئەتمەكنىڭ شۇنچىلىك ئوڭاي بولىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى . ئۇ دېرىزىدىن تالاغا قارىغىنىچە خىيالغا چۆكۈپ تۇرۇپلا قالدى . دېرى-

ـزىنىڭ سىرتىدا گۇۋاۋا دەرىخى بار ئىدى . ئۇنىڭ ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلىرى ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان شىرنە ئوغرىلىرى — ھەرىلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى .

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

رومىش گانگې دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى يالغۇز بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالماقچى بولدى . گاجىپور ئادۋوكاتلار مەھكىمىسىگە قاتـنىشىش رەسمىيەتلىرىنى ئورۇنلاش ۋە بەزى مۇلۇكلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ كالكۇتتىغا بېرىپ كېلىشى زۆرۈر بولغان بولسىمۇ ، لېكىن نېمىشقىدۇر ، بارغۇسى كەلمەي قالدى . ئۇ يەردىكى بەزى كوچىلار كۆز ئالدىغا كەلسىلا ، ئۇنىڭ قەلبى ئۆرتىلەتتى . ئۇ ھازىرمۇ بىقارار ھالەتتە ، لېكىن ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، كومولانى رەسمىي نىكاـھىغا ئېلىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى .

ئۇ ھامىنى بولىدىغان بۇ ئىشقا قول سېلىشقا جۇرئەت قىلالـماي ، يولغا چىقىشنى كەينىگە سۈرۈۋەردى .

چوكرو بورتىنىڭ ئۆيلىرى تارچىلىق بولغاچقا ، كومولا ئىچـكىرى ھوجرىدا ياتاتتى ، رومىشقا سىرتتىكى ئۆيدە ئايرىم يېتىشقا توغرا كەلدى . ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈش پۇرسەتلىرىمۇ ئاز ئىدى ، شويـلودجا كومولاغا بۇ ئەپسىزلىكتىن بىـئارام بولۇۋاتـقانـلىقىنى ئېيتتى .

— نېمە بوپـتۇ ، بۇ بـىر چـوڭ ئىشمىـدى ؟ — دېدى كومولا ، — ئايرىم ياتسا نېمە بولغۇدەك !

— سىز نېمىدېگەن تاش يۈرەك ئايال ! — دېدى شويلودجا كۈلۈپ تۇرۇپ ، — مېنىڭ ئالدىمدا تولا خۇپسەنلىك قىلماڭ ، بەرىبىر مېنى ئالدىيالمايسىز ! يۈرىكىڭىزنىڭ نېمىگە سوقۇۋاتقانلىـقىنى ئوبدان بىلىمەن .

— ئەمىسە سىز راست گەپنى قىلىپ بېقىڭا ، — دېدى كومو-

لا ، — ئەگەر بىپىن ئەپەندى ئىككى ـ ئۈچ كۈن سىز بىلەن بىرگە بولماي قالسا ، سىزمۇ… ؟

— لېكىن ، ئۇنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈن مەن بىلەن بىرگە بولماي قېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ! — دېدى شويلودجا ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەن ھالدا . ئاندىن ئۇ بىپىن ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى . تويدىن كېيىن ياش ئېرىنىڭ قانداق قىلىپ دۈشمەنلىرىدىن — ئۆيدىكى قېرىلاردىن — يوشۇرۇنچە ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ، بەزىدە ئىش ئەپلەشمەي قېلىپ چوڭلارغا تۇتۇلۇپ قالغاندا ، چىرايىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ، كېيىنچە چوڭلار ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشىگە چەك قويغانلىقىنى ، شۇ چاغلاردا چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا چوڭلارغا سەزدۈرمەي ئەينەكتە ئىشارەت قىلىپ سۆزلىشىش ئارقىلىق ، ۋاقىتلىق تەسەللى تاپقانلىقلىرىنى ئېيتىپ بەردى . قىزىقارلىق ئەسلىمىلەرگە بېرىلگەن شويلودجانىڭ چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى .

ئاندىن ئۇ ، بىر چاغلاردا بىپىنگە كۈن بويى خىزمەت بىلەن بولۇش توغرا كەلگەنلىكىنى ،ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى كۆرگۈچە تاقىلداپ كەتكەنلىكىنى ، بىپىننىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئىشقا بارماي ئوغرىلىقچە ئۆيگە كېلىۋالغانلىقىنى تېخىمۇ تەپسىلىي ھېكايە قىلىشقا باشلىدى .

بىر كۈنى ، بىپىن قېيناتىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە پاتنوغا بارماقچى بوپتۇ . شويلودجا ئۇنىڭدىن : «سەن پاتنودا ئۆزۈڭ يالغۇز بىر نەچچە كۈن يۈرۈپ چىدالامسەن ؟» دەپ سوراپتۇ . ئۇ : «چىدىمامدىغان !» دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن ، بۇ گەپ ئۇنىڭ غورۇرىغا شۇنچىلىك تېگىپتۇكى ، بىپىن ماڭىدىغان كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭغا چىدىمايدىغانلىقىمنى قەتئىي دېمەيمەن دېگەن نىيەتكە كەپتۇ . لېكىن ، ۋاقتى كەلگەندە بىر يىغا بىلەنلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېرىپ كېتىپتۇ . سەپەر تەييارلىقلىرى پۈتكەنىكەن ، ئەتىسى تۇيۇقسىزلا بىپىننىڭ باش ئاغرىقى دەمدۇ ، ئىشقىلىپ ، بىر غەلىتە كېسىلى

قوزغىلىپ قېلىپ پاتنوغا بېرىش پىلانى يوققا چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆيدىكىلەر دوختۇر چاقىرتىپتۇ، دوختۇر تەكشۈرۈپ دورا بېرىپتۇ. شويلودجا بىلەن بىپىن ئىككىسى چاندۇرماي دورىنى ئەۋرەزگە تۆكۈۋېتىپتۇ، قانداقتۇر بىر كارامەت بىلەن بۇ كېسەل ئۆزىچە يەنە ساقىيىپ قاپتۇ.

شويلودجا گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنىنى بىلمەي قالغان بولسا كېرەك، تالادىن كېلىۋاتقان يېنىك ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىپىن ئەپەندى ئىشتىن قايتىپ كەلگەنىدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن قىزىق ئىشلارنى بېرىلىپ پاراڭ سېلىپ بېرىۋاتقىنى بىلەن، باغنىڭ سىرتىدىكى چوڭ يولدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنىمۇ دىققىتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمىغانىكەن.

كومولانى، شويلودجا ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا ئۆز - ئۆزىگە باش ئاغرىقى تېپىۋالىدىغان ئايال ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدى، دېگىلى بولمايتتى، چۈنكى بىر چاغلاردا كومولادىمۇ شۇنىڭغا سەل ئوخشاپ كېتىدىغان ھېسسىياتلار بولغان، رومىش بىلەن بىرگە ئۆتكەن دەسلەپكى ئايلاردا ئۇنىڭ يۈرىكىدىمۇ شۇنداق بىر كۈي جاراڭلىغان، كېيىن ئۇ مەكتەپتىن قۇتۇلۇپ رومىشنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ ئاجايىپ بىر ئۇسۇلنىڭ غەلىتە رېتىمىدەك تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. شويلودجانىڭ بايامقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەزىدە نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ قالىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىكى مەنىنى سەل بىلگەندەك بولدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ئاللىقانداق ئەھمىيەتلىك، ئۇزۇن داۋاملاشقان بىرەر نەرسىنى تاپالمىدى. ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ قەلبىگە تېزلا بىر ئىز سېلىپ دەررۇ يوقالغانىدى. شويلودجا بىلەن بىپىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكىدەك يالقۇنلۇق مۇھەببەت بۇلاردا ھەرگىز يوق ئىدى. ئۇ رومىشتىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقىنىغا ھېچقانچە ئىزتىراپ چېكىپ كەتكىنى يوق، رومىشنىمۇ بىر باھانىلەر تېپىپ كۆرۈشۈۋېلىشنىڭ غېمىدە يۈرىدۇ، دەپ

تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلمايتتى .
يەكشەنبە يېقىنلاشقانسېرى ، شويلودجا تېخىمۇ مۇشكۇل ئەھ-ۋالغا دۇچ كەلگىلى تۇردى . بىر تەرەپتىن يېڭى دوستىنى كۈن بويى يالغۇز قالدۇرۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن بىر ھەپتىدە بىرلا قېتىم بىپىن بىلەن بىرگە بولالايدىغان بۇ پۇرسەتنى قۇربان قىلىۋەتكۈسى كەلمەيتتى ھەم ئۇنىڭدا بۇنداق روھمۇ يوق ئىدى . رومىش بىلەن كومولانىڭ بىر يەردە تۇرۇقلۇق ، ئەقەللىي بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ، يەكشەنبىنىڭ پەيزى - ھۇزۇرىنى ئۆزىلا كۆرۈشكە ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى . ئۇ ئۇلارنى بىر كۆرۈشتۈرۈپ قويالىغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە !
ئۇ ئۆز پىلانىنى چوڭلارغىمۇ ئېيتىپ ئولتۇرمىدى ، چوكرو بورتىمۇ باشقىلارنىڭ ھەممە ئىشتا ئۆزىدىن كۆرسەتمە سورىشىنى خالايدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى . ئۇ ئۆيىدىكىلەرگە بۇگۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىش بىلەن شەھەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، بۇ ئارقىلىق رومىشقا بۈگۈن ئۆيگە ھەرگىز مېھمان كەلمەيدىغانلى-قىنى ، ئۇ ماڭغاندىن كېيىن دەرۋازىنى ئېتىۋالسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە قىزىغىمۇ بۇنى پۇرتىپ ئۆتتى . ئۇ قىزىنىڭ بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .
— كېلىڭ قەدىرلىكىم ، چېچىڭىزنى قۇرۇتۇپ قوياي ، — دېدى شويلودجا كومولاغا ، ئۇلار دەريا بويىدا يۇيۇنۇپ كېلىش-كەندى .
— بۇنچىلىك ئالدىرىغۇدەك نېمە ئىش بار ؟
— كېيىن دەپ بېرىمەن ، ئالدى بىلەن چېچىڭىزنى تاراپ قوياي ، — دېدى شويلودجا ۋە دەرھال ئۇنىڭ چېچىنى تاراشقا باشلىدى ۋە خېلى بىر ھازادىن كېيىن چېچىنى چىرايلىق ئۆرۈپ قويدى ، ئاندىن قانداق كۆڭلەك كىيىش ھەققىدە قىزغىن تالاش باشلاندى .
شويلودجا ئۇنىڭغا رەڭگى ئوچۇق كۆڭلەك كىيگۈزۈشتە چىڭ

تۇردى . كومولا ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىسىمۇ ، كۆڭلىنى قالدۇرماي دەپ ماقۇل بولدى .

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن شويلودجا ئېرىنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ سىرتقا چىقىرىۋەتتى ، ئاندىن كومولانى ئەر خەقلەرنىڭ ئۆيىگە بىللە چىقىپ كىرىشكە تەكلىپ قىلدى .

ئىلگىرى كومولاغا رومىشنى ئىزدەپ يۈرۈش ھېچقانچە ئوڭايسىز ئىش بىلىنمەيتتى ، چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ ئەدەپ - قائىدىگە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېيتمىغانىدى . رومىش دەسلەپتىلا بۇنداق قائىدە - رەسمىيەتلەرنى ئۆزى باشلاپ بۇزۇپ بەرگەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، كومولانىڭ بۇنداق قائىدىدىن تاشقىرى خاتا بولدى دەپ كۆرسىتىپ بەرگۈدەك مىجەزى كېلىشىدىغان بىرەر سىرداش دوستىمۇ بولغان ئەمەس ، ئۇ ھازىر شويلودجانىڭ ئۆز ئېرىگە يېقىنلىشالايدىغانلىقىغا ھوقۇقلۇق قىلىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى ، لېكىن ئۆزىدىمۇ بۇنداق ھوقۇقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالمىغاچقا ، رومىشنىڭ ئالدىغا تەلەمچىدەك بېرىشنى راۋا كۆرمەيتتى .

شويلودجا كومولاغا قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ قىلچە كار قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئىچىدە : «رومىشنىڭ ئالدىغا بارسام ئىززىتىمدىن چۈشكەن بولىمەن ، دەپ ئويلاۋاتسا كېرەك ، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇسى كېلىۋاتىدۇ ، دېمىسىمۇ ، ئايرىم تۇرۇشقىلى نەچچە كۈن بولدى ، رومىشمۇ ئېيىنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدى» دەپ ئويلىدى .

ئانىسى ئىشىكنى زەنجىرلەپ چۈشلۈك ئۇيقۇغا كىرىشكەندىن كېيىن ، شويلودجا بىيىنىنىڭ قېشىغا كىردى .

— سەن چىقىپ رومىش ئەپەندىگە ئېيتىپ قويساڭ ، — دېدى ئۇ ، — كومولا ئۇنى چاقىرىۋاتىدۇ . قورقما ، بۇ ئىش بىلەن دادامنىڭ كارى يوق ، ئاپام ھېچنېمە بىلمەيدۇ .

بىيىن ئىنتايىن ئېغىر - بېسىق ، ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان ئادەم بولغاچقا ، بۇنداق ئىشلار بىلەن خۇشى يوق ئىدى .

لېكىن ، ئۇ خوتۇننىڭ تەلپىنى رەت قىلىپ قويۇپ ، پۈتۈن بىر يەكشەنبە پاراكەندە بولۇپ يۈرۈشنى خالىمىدى .

رومىش دالان ئۆيدىكى زىلچە گىلەمنىڭ ئۈستىدە يېتىۋېلىپ «ئاۋانگارت گېزىتى»نى كۆرۈۋاتاتتى . ئۇ شۇ كۈنلۈك گېزىتتىكى مۇھىم خەۋەرلەرنى كۆرۈپ بولۇپ بىكارچىلىقتىن گېزىتتىكى ئې-لانلارغا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى . شۇ ئەسنادا بىپىن كىرىپ كەلدى . رومىش خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە :

— كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ ، بىپىن ئەپەندى ، يۇقىرىغا چىقىڭ ، — دېدى . بىپىن ئۇنىڭغا ھەمسۆھبەت بولغۇدەك كىشى بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇنداق ناتونۇش جايدا چۈشتىن كېيىنكى ۋا-قىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلەلمەي زېرىكىپ ئولتۇرغاندا ، بىر ھەمراھنىڭ كەلگىنى ھەر ھالدا ئوبدان بولغانىدى .

لېكىن ، بىپىن ئولتۇرمىدى .

— ئۇ سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇ بېشىنى تاتىلاپ قويۇپ .

— كىم ؟ كومولامۇ ؟

— ھەئە .

رومىش ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى . ئۇ كومولانى ئاتاقتىلا ئەمەس ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆز ئايالى قىلىشنى كۆڭلىدە جەزملەشتۈر-گەن بولسىمۇ ، ھازىر ئايرىم تۇرۇۋاتقاچقا ، ئويلا - ئويلا ، يەنە خېمىغا يېنىۋالغانىدى . ئۇ بەزىدە كومولا ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك جو-رىسىغا ئايلانغاندا نەقەدەر كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ شاد-لىق تۇيغۇسىغا چۆمەتتى ، لېكىن ھازىرقى قاتماللىقنى قانداق بۇ-زۇپ تاشلاش كېرەك ؟ يېقىندىن بۇيان كومولا بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قولاشماي قېلىۋاتقان مۇناسىۋەتنى بىراقلا ئوڭشى-ۋېلىش ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قالدى . ئۇنىڭ ئۆي ئىجارە ئېلىشقا ئۇنچىۋالا قىزىمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى .

ئۇ بىپىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، كومولا بىر ئىشنى مەسلىھەت-

لىشىشكە چاقىرغان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى . ئۇنىڭ تەمكىن پاراستى مۇشۇ پىكىرگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن نېـ مىشقىدۇر يۈرىكى سېلىپ كەتتى . ئۇ گېزىتنى قويۇپ بىپىنىنىڭ كەينىدىن ماڭدى . ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلدىشىدىن باشقا ھېچـ قانداق ئاۋاز ئاڭلانمىغان تىنچ كۆز كۈنىنىڭ كىشىنى لايدەك ئېزىدـ ۋېتىدىغان ئىسسىقىدا كېتىۋېتىپ ، ئۇ ئۆزىنى ۋەدىلىشىپ قويغان مەشۇقىنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى .

بىپىن ئۇنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئەپكىلىپ قويۇپ كېتىپ قالدى .

شويلودجا كەتكەندىن كېيىن كومولا ئۇنى ئۆز پىلانىدىن ۋاز كېچىپ ئېرىنىڭ قېشىغا كېتىپ قالدى ، دەپ ئويلىغان ۋە تاشقىرىـ قى ئۆيگە چىقىدىغان ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا گۈللۈككە قاراپ ئولـ تۇرغانىدى . شويلودجا ئۇقۇشمايلا كومولانىڭ ئىشقى سەۋداسىنى قوزغاپ قويغانىدى . گۈللۈكتە سالقىن ئۇرۇۋاتقان مەيىن شامال گۈل بەرگىـنى تىتـرەتـكەنـگە ئوخـشاش ، كومولانىڭ يۈرىكىمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ چىقىۋاتقان ئاھۇ ـ ھەسرەتنىڭ ئوتلۇق تىنىقىدىن لەرزىگە كېلەتتى .

ئۆيگە تۇيۇقسىز كىرگەن رومىش ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ : «كومولا !» دەپ ئاستا چاقىرىشىغا ، ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قانلار ئۇرغۇپ كەتتى . ئۇ ئىلگىرى رومىشنىڭ ئالدىدا قورۇنمايتتى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ ، بېشىنى كۆتـۈرۈپ قاراشقـىمۇ پېتىنالماي قالدى .

ئۇ بايراملىق كىيىملىرى ، مېھىرلىك چىرايى بىلەن رومىشقا باشقا بىر قىزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ بىر كۆرۈشتىلا ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك ، ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا مەپتۇن بولۇپ تۇـ رۇپ قالدى ، ئاندىن ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا باردى ـ دە ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سەل تۇرۇۋېلىپ ، مۇلايىم ئاھاڭدا :

— مېنى چاقىرتقانمىدىڭىز ، كومولا ؟ — دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كومولا ئارقىسىغا بىر نەچچە قەدەم داجىپ

كەتتى .

— ياق ، ياق ! مەن سىزنى چاقىرتمىغان . مەن سىزنى چاقىر-تىپ نېمە قىلاتتىم ؟ — ئۇ ئەرزىمەيدىغان بىر خىل جىددىيلىك بىلەن سۆزلەپ كەتتى .

— مېنى چاقىرتقان بولسىڭىزمۇ يامان ئىش دېگىلى بولمايدى-غۇ ، كومولا .

— مەن سىزنى پەقەتلا چاقىرتمىدىم ! — كومولا تېخىمۇ كۆچەپ تەكرارلىدى .

— بوپتۇ ، مەن چاقىرتماي كىرگەنمۇ بولاي ، سىز مېنى قوغلاپ چىقىرىۋەتمەيدىغانسىز ؟

— ئۇلار سىزنىڭ بۇ يەرگە كىرگىنىڭىزنى ئۇقۇپ قالسا خاپا بولىدۇ . خۇش بولۇپ كېتەي ، چىقىپ كېتىڭ . مەن سىزنى پەقەتلا چاقىرتمىغان .

— ئۇقتۇم ، — دېدى رومېش ئۇنى قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ ، — ئەمىسە مېنىڭ ئۆيۈمگە چىقايلى ، ئۇ يەردە ھېچكىم يوق .

غال - غال تىترەپ كەتكەن كومولا قولىنى بوشىتىۋېلىپ ياندىكى ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى .

رومېش ئىشىنىڭ تېگىگە يەتتى . بۇ ھېلىقى ئايالنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق ئىدى . ئۇ ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىرىپ گىلەمگە سوزۇلدى - دە ، گېزىتنى قولىغا ئالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى گېزىتتىكى ئېلاندا بولغىنى بىلەن ، ئەمە-لىيەتتە كاللىسىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى . ھەر خىل قالايمىقان خى-ياللار ئۇنىڭ كاللىسىدا گۈركىرىگەن بورانلار سۈرۈپ يۈرگەن بۇلۇتلاردەك كېزىپ يۈرەتتى .

كومولا ئىشىكنى مەھكەم ئېتىۋالغانىدى . شويلودجا كېلىپ ئىشىكنى بىر ھازا ئۇردى ، لېكىن ھېچبىر جاۋاب كەلمىدى . ئۇ ئاخىر قولىنى دېرىزىنىڭ رۇجىكىدىن كىرگۈزۈپ ئىشىكنىڭ تاقى-قىنى ئېچىۋەتتى ۋە كىرىپلا كومولانىڭ يەرگە يېتىۋېلىپ يۈزىنى

تۇتقىنىچە يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى . شۇيلۇدجا ئۇ-نىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى پەقەتلا چۈ-شەنمەيتتى ، شۇڭا ئېڭىشىپ ئاستا ئاۋازدا :
— نېمە بولدى ، قەدىرلىكىم؟ زادى نېمە بولدى؟ نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دېيەلىدى .
— سىز نېمىشقا ئۇنى چاقىرتىسىز؟ بۇ قىلغىنىڭىز پەقەت بولماپتۇ !
كومولا خۇددى باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ، نېمە ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇتلا كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇقتۇرۇپ بې-رەلمەيتتى ، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭ كۆڭلىنى يارا قىلىۋاتقان قاي-غۇ- ھەسرەتنى ھېچكىممۇ چۈشەنمەيتتى .
رومىش ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە ، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ئاجايىپ بىر تاتلىق سېزىمنىڭ مۇئەللەق راۋىقىنى قۇرۇپ ئولتۇرغانىدى . ئەگەر رومىش سىلىق كىرگىنىدە ھەممە ئىش يولىدا بولغان بولات-تى . لېكىن ، ئۇ ، چاقىرتىشىڭىز بىلەن كىردىم دېيىشىگە ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ئالىمىدىكى راۋاق مۇئەللەقتىن چۈشۈپ ئۆرۈل - كې-سىل ۋەيران بولغاندەك بولدى . رومىشنىڭ تەتلىدە ئۇنى مەكتەپتە يالغۇز تاشلاپ قويماقچى بولغانلىقى ، پاراخوتتا ئۇنىڭغا قىلغان سالقىن مۇئامىلىسى ۋە باشقا ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېغىۋاشتىن كەچتى . ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىش بىر گەپ ، باشقىلارنىڭ چاقىرىپ قويۇشى بىلەن كېلىش باشقا بىر گەپقۇ ! ئۇ گاجىپورغا كەلگەندىن كېيىنلا بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى .
لېكىن ، شۇيلۇدجا بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيتتى . رومىش بىلەن كومولانىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم جىددىي ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى .
ئۇ كومولانى بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۇرۇپ قۇچىقىغا ياتقۇز-دى ، ئاندىن جىددىي رەۋىشتە :
— ئېيتىڭا ، قەدىرلىكىم ، رومىش ئەپەندى كۆڭلىڭىزنى رەن-

جىتىپ قويدىمۇ؟ ئېرىمنىڭ بېرىپ چاقىرغانلىقىدىن خاپا بولغان بولسا كېرەك، ھە. بۇ مېنىڭ قىلغان ئىشىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىسىڭىز بولماتتى، — دېدى.

— ياق، ياق، ئۇ ھېچنېمە دېگىنى يوق! لېكىن، سىز نېمىشقا ئۇنى چاقىرتىپ كېلىسىز؟

— مەن خاتا قىپتىمەن، — دېدى شويلودجا خىجالەت بولۇپ، — ئەپۇ قىلىڭ.

كومولا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ شويلودجانىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— بېرىڭ جېنىم، دەرھال بېرىڭ، — دېدى ئۇ، — بېشىن ئەپەندىنى ساقلىتىپ قويماڭ.

بۇ چاغدا، رومىش گېزىتكە قاراپ زېرىكىپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئاخىر گېزىتنى چۆرۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. «بەس يېتەر، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — ئەتە كالكۇتتىغا بېرىپ رەسمىيەتلىرىمنى ئۆتەپ كېلىمەن. كومولانى تېزرەك ئۆز خوتۇنۇم دەپ ھېسابلىمىسام، ئۆزۈمنى بارغانسېرى ئادەم قاتارىدىن چىقىرىپ قويىدىغان ئوخشايمەن».

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

رومىش پۈتۈن ئېتىبارىنى كالكۇتتىدىكى ئىشلىرىنى تېزرەك ھەل قىلىشقا قارىتىش ئۈچۈن، كولوتولا تەرەپكە ئۆتمەسلىك قارارىغا كەلدى.

ئۇ دورجىپاردىكى بۇرۇن ئولتۇرغان ئۆيگە ئورۇنلاشتى. ھەر كۈنى ئۆز ئىشىغا مېڭىش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، قالغان ۋاقىت ئۇنىڭغا شۇنچە ئۇزۇن ۋە زېرىكەرلىك بىلىنەتتى. ئۇ بۇرۇنقى دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ئىزدىمىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ يولدا ئۇچراپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كونا جايغا قايتىپ كېلىش بىلەن ئۇنىڭ

ھېسسىياتىدا ئىختىيارسىز بىر خىل ئۆزگىرىش بولغانىدى . يېزى-
نىڭ تىنىچ مۇھىتى ۋە كەڭرى قۇچىقىدا كومولانىڭ زىبالىقى ئۇنى
ئەسىر قىلىۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ شەھەرگە كېلىش بىلەنلا
ئۇنىڭ سېھرى تۇتۇندەك تارقىلىپ كەتتى . رومىش دورجىپاردا
ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ قىياپىتىنى قەلب ئەينىكىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ
مۇھەببەت كۆزلىرى بىلەن تاماشا قىلىشقا ئۇرۇنسىمۇ ، لېكىن
ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇنمايتتى . يەنە بىر تەرەپ-
تىن ، ئۇ ، خىمنولىنىنى خىيال قىلمايمەن ، دەپ قەسەم ئىچىۋەت-
كەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ چېھرى كېچە ـ كۈندۈز كۆز ئالدى-
دىن كەتمەيتتى . ئۇنىڭ خىمنولىنىنى ئۇنتۇش ئىرادىسى بىلەن
سېغىنىش ھېسسىياتى مانا مۇشۇنداق چىڭ ئىتتىپاق تۈزگەنىدى .

ئەگەر رومىش ئىنتايىن كەسكىن ئادەم بولغان بولسا ، بۇ
يەردىكى ئىشلارنى بالدۇرلا تۈگىتىپ گاجىپورغا قايتىپ بولغان
بولاتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ تولىمۇ زىغىرلاپ كېتىدىغان مىجەزى
كىچىككىنە بىر نېمىنىمۇ چوڭ ئىش قىلىۋالاتتى . خەيرىيەت ، بۇ
ئىشلارمۇ تۈگىدى . ئۇ ئەتە ئاللاخابادقا چۈشۈپ ئۇ يەردىن گاجى-
پورغا قايتماقچى بولدى . رومىش تۇرۇپلا ئۆز ھېسسىياتىغا بۇنچى-
لىك چەك قويۇۋېلىشىنىڭ پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى .
شۇڭا ، كالكۇتتىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ، چاندۇرماي كولوتولاغا
بىر بېرىپ كەلسەم ئۇنىڭ نېمە زىيىنى بار ، دېگەن ئويغا كەلدى .

ئۇ شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن ئولتۇرۇپ خىمنولىنىغا
خەت يېزىشقا كىرىشتى . خېتىدە ، ئۆزى بىلەن كومولا ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇناسىۋەتنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ،
ئەمدى گاجىپورغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ باشپاناھسىز ، بەختى-
سىز قىزنى ئۆز نىكاھىغا رەسمىي ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى .
شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ يارى بىلەن جۇدالىشىشتىن ئاۋۋال ،
بۇ ۋىدالىشىش خېتىدە ئۇنىڭغا پۈتۈن ھەقىقەتنى ئېچىپ تاشلىدى .

ئۇ خەتنى كونۋېرتقا سالدى . لېكىن ، ئۇنىڭغا خەت تاپشۇرۇ-
ۋالغۇچىنىڭ ئىسمىنى يازمىدى . ئۇ ئونىدا ئەپەندىنىڭ خىزمەتكار-

لىرىنىڭ ئۆزىگە چوقۇم ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . چۈن-
كى ، ئۇ خىمنولىنىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن
قارىغان ، مۆرىتى كەلگەندە ئۇلارغا ئانچە - مۇنچە پۇل ۋە
نەرسە - كېرەكلىرىدىن بېرىپ تۇرغانىدى . ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈش
بىلەنلا خىمنولىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى يىراقتىن بولسىمۇ بىر
كۆرۈۋالماقچى ، ئاندىن خەتنى ئۇنىڭ بىرەر خىزمەتكارىغا تاپشۇ-
رۇپ ، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە بىلمەيدىغان قىياپەتتە خىمنولىنىغا ئەپ-
كېرىپ بېرىشنى ئۆتۈنمەكچى ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇناسىۋەتكە خاتىمە بەرمەكچى بولدى .

زاۋالدىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغان
ھېلىقى كوچىغا كەلدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ، ھايا-
جاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەنىدى . ئۇ ئۆيگە يېقىنلاپ
كەلگەندە دەرۋازىنىڭ تاقاقلىقىنى بايقىدى . دېرىزىلەر پەردىلەر
بىلەن توسۇلغان ، ئۆيلەر قاپقاراڭغۇ ، ئىچىدە ھېچكىم يوقتەك
كۆرۈنەتتى .

ئۇ دەرۋازىنى ئۇرۇشقا باشلىدى . بىر ئازدىن كېيىن خىزمەت-
كار كېلىپ تاقاقنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى .

— سەن سوكخونغۇ دەيمەن ؟ — دېدى رومىش .

— ھەئە ، ئەپەندى ، شۇنداق .

— خوجايىنىڭ قەيەرگە كەتتى ؟

— خېنىمنى ئېلىپ ھاۋا يەپ كېلىش ئۈچۈن غەربكە كېتىپ
قالدى ، — دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكار .

— غەربنىڭ قەيىرىگە كەتتى ؟

— بىلمەيمەن .

— ئۇلار بىلەن باشقا بىرسىمۇ بىللە ماڭدىمۇ ؟

— نولىن ئەپەندى بىللە ماڭدى .

— نولىن ئەپەندى دېگەن كىم ؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن .

رومىش سوكخونىنىڭ كېيىنكى جاۋابلىرىدىن ، نولىن ئەپەندى-

نىڭ ياش يىگىت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ خېلى كۈنلەردىن بۇيان ئۇنىڭدا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ خىمنولىنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر نولىن ئەپەندى دېگەن ئادەمگە ئۆچلۈكى كېلىپ قالدى.

— خېنىمنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولغىيتتى؟

— چاتاق يوق، سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى، — خىزمەتكار ئۆزىنىڭ بۇ كەسكىن جاۋابى بىلەن رومىشنى خۇش قىلىۋەتمەكچى ئىدى، بىراق ئۇنىڭ قاتتىق خاتالاشقانلىقىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزىلا بىلەتتى!

— يۇقىرىغا چىقىپ ئۆيلەرنى بىر كۆرۈپ چۈشسەم، — دېدى رومىش.

خىزمەتكار پۇرقىراپ ئىس چىقىپ تۇرغان كىرسىن چىراغنى كۆتۈرۈپ ئۇنى يۇقىرىغا باشلاپ چىقتى.

رومىش ئادەمسىز ئۆيلەردە ئايلىنىپ يۈرگەن ئەرۋاھتەك، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە چىقاتتى، بەزىدە ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ئورۇندۇق ياكى ساپاغا كېلىپ بىر ئاز ئولتۇرۇۋالاتتى. ئۆينىڭ بارلىق سەرەمجانلىرى بۇرۇنقىدەكلا ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، ئوخشىمايدىغان يېرى، نولىن ئەپەندى دەيدىغان قانداقتۇر بىر ئادەم بۇ يەردە ئارتۇقچىلا پەيدا بولۇپ قالغانىدى. تەبىئەت بوشلۇقتا ھەسەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ يول قويمايدۇ! ئەنە ئاۋۇ دېرىزە يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىدە تۇرۇپتۇ. رومىش خىمنولىنى بىلەن مۇشۇ دېرىزىنىڭ ئالدىدا يېقىن تۇرۇشۇپ كۈز كۈنىنىڭ كەچكى شەپىقىغە تويماي قاراشقان، يۈرەكلىرىنىڭ بىر خىل رېتىملىق ئۇرۇشلىرىنى تىڭشاشقان ئەمەسمىدى؟ قۇياش ھەر كۈنى تاغ كەينىگە مۆكۈنۈشتىن بۇرۇن بۇ ئۆيگە ئۆز نۇرىنى يەنە چېچىپ ئۆتىدۇ. ھالبۇكى، ئەمدى باشقا بىرسى رومىشنىڭ ئورنىغا ئۆتۈۋېلىپ، دېرىزە ئالدىدىكى جۈپ ـ قوشماقلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرماقچىمۇ؟ ئەجەبا، ئۆتمۈش خۇددى كۆزگە كۆرۈنمەس ئەرۋاھقا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرد-

ۋېلىپ، كۆزلىرىگە قولىنى نوقۇپ يۇرۇپ ئۇلارنى ئايرىۋېتەلمىسە ـ ھە؟! ئەلەملىك غۇرۇر رومىشنىڭ زادىلا ئارامىنى قويمىدى.

ئەتىسى، ئۇ ئاللاخابادقا چۈشۈپ ئۆتۈش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇدۇل گاجىپورغا قاراپ يول ئالدى.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

رومىش كالكۇتتىدا بىر ئايغا يېقىن تۇردى. كومولاغا ئوخشاش ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان قىز ئۇچۇن بۇنى قىسقا ۋاقىت دېگىلى بولمايتتى. تاڭ سۇزۇلۇش بىلەن بالقىپ چىققان قۇياشقا ئوخشاش، ئۇنىڭ قىزلىق ھېسسىياتىمۇ بىردىنلا ئويغىنىپ بەرق ئۇرغان گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. ئەگەر ئۆز قەلبىدىكى مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، يۈرىكىگە ھارارەت بېغىشلىغان شويلودجانىڭ دوستلۇقى بولمىغان بولسا، بۇ ئويغىنىشنى بەلكىم ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى.

بۇ ئارىدا، رومىش كالكۇتتىدا ھايال بولۇپ قالغاچقا، شويلودجا دادىسىنى ئۇلارغا ئۆي ئۇقۇشۇپ بېرىشكە سۆيلەۋەردى. ئاخىر چوكرو بورتى گانگې دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى، شەھەرگە يېقىنراق جايدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىپ بەردى ۋە بىر نەچچە خىزمەتكار تۇختىتىپ ئۇلارنى ئايرىم تۇرسا بولغۇدەك ھالغا يەتكۈزۈپ قويدى.

رومىش ئۇزاق ۋاقىت سىرتتا تۇرۇپ گاجىپورغا قايتىپ كەلگەن چاغدا، كومولا ئۆز ئۆيىگە ئىگە بولغان، ئەمدى چوكرو بورتى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇلارنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى.

ئۆينىڭ ئەتراپىدا گۈللۈك قىلىنغۇدەك يەرمۇ بېتەرلىك ئىدى. ئىككى ياقىدا تىكىلگەن ئېگىز ھەم يوغان شىسۇ دەرەخلىرى يولغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. قاتتىق سوغۇقتىن كېيىن گانگ دەرياسىنىڭ سۈيى تارتىلىپ كېتىپ ئۆي بىلەن دەريا ئارىلىقىدا

قۇمساڭغۇ يەر پەيدا بولۇپ قالغان، ھازىر بۇ يەرگە بۇغداي، تاۋۇز دېگەندەك نېمىلەرنى تېرىغانىدى. ئۆيىنىڭ جەنۇبىدىكى دەرياغا يې-قىنراق جايدا بۇك - باراقسان ئۆسكەن نىم دەرىخى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا تاش يېيىتىلغانىدى.

بۇ ئۆيىنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكىگە خېلى ئۇزۇن يىللار بولغاچ-قا، قاراقسىز قالغان ئۆي ۋە ھويلا - ئاراملار قالايمىقانلىشىپ، گۈللۈكنىڭ ئورنىنى ئوت - چۆپلەر قاپلاپ، ئەتراپنى ئەخلەت - چاۋارلار بېسىپ كەتكەنىدى. لېكىن، بۇلارنى كۆرۈپ كومولا قو-شۇمىسىنى تۈرۈپمۇ قويمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يات ئاردا مۇشۇ ئۆيگە خوجايىن بولىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، بۇ يەر ئۇنىڭ كۆزىگە قەۋەت چىرايلىق كۆرۈنۈپ ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇ قايسى ئۆينى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقى، گۈللۈككە قانداق گۈللەرنى تې-رىيدىغانلىقى ھەققىدە تېزلا بىر قارارغا كەلدى ھەمدە چوكرو بورتى تاغا بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى يەر-لەرنى ئۆلچىتىپ بىر نېمە تىكىشكە تەييارلىتىپ قويماقچى بولدى، ئۇ ئۆزى ئۇستىدە تۇرۇپ قازان بېشىنى ئوڭشاتتى، ئاشخانىنىڭ قېشىدىكى قازناقنى يېڭىۋاشتىن ياسىتىۋالدى. ئۇ ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۆيلەرنى سۈپۈرۈش، ئۇيان - بۇيانىنى يىغىشتۇرۇش بىلەن بولدى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭغا قىلغۇدەك ئىش تېپىلىپ تۇراتتى.

ئاياللارنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان گۈزەللىكى ئۆي ئى-شىدا بىلىنىدۇ. كومولانىڭ شۇنچىلىك كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلەۋات-قان قىياپىتىدىن رومىش قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشنىڭ ھاۋادا ئەر-كىن پەرۋاز قىلىۋاتقان چاغدىكى شادلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايى، ئىش قىلىشتىكى ئەپچىللىكى رومىشنىڭ قەلبىنى ھەيرانلىق ۋە زوقلىنىش ھېسسىياتىغا چۆم-دۈردى.

رومىش ئۇنىڭ ئۆي ئىگىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ شۇ تاپتا گويا ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك

ماكانىغا قەدەم قويۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . بۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە بىر خىل ئۇلۇغۋارلىق بېغىشلىغانىدى .

— نېمە قىلىۋاتىسىز ، كومولا ؟ — دېدى رومىش ، — بۇنداق ئىشلىسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويىسىز !

كومولا قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ خۇشال كۈلۈمسىرىگەن هالدا رومىشقا قاراپ :

— ئەنسىرىمەڭ ، مەن قىلچىمۇ چارچىمىدىم ، — دېدى ، ئاندىن رومىشنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە مەمنۇن بولۇپ يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى .

ۋۇجۇدىنى مۇھەببەت سېزىمى چۇلغىۋالغان رومىش ئۇنىڭغا يەنە بىر باهانە بىلەن سۆز ئاچتى :

— تاماق يەۋالدىڭىزمۇ ، كومولا ؟

— يېمەمدىغان ، شۇ چاغقىچە يېمەي يۈرەمتىم ! — دېدى ئۇ .

رومىش بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ ، ئۇنىڭغا كۆڭلىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئەتەي سورىغانىدى . بۇ سوئالنىڭ باشقا ئەهمىيىتى بولمى-سىمۇ ، كومولانى خۇشال قىلمىدى دېگىلى بولمايتتى .

پاراڭنىڭ ئۈزۈلـۈپ قالـماسلىقى ئۈچـۈن رومىش سوئالنى داۋاملاشتۇردى :

— شۇنچىۋالا ئىشنىڭ هەممىسىنى ئۆزىڭىزلا قىلامسىز ؟ ما-ڭىمۇ بىر ئاز بۆلۈپ بېرىڭ .

قولى ئەپچىل كىشىلەردە بىر نۇقسان بولىدۇ ، يەنى باشقىلار-نىڭ قابىلىيىتىگە ئانچە ئىشەنمەيدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش ، كومولامۇ پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدى - دە :

— بولدىلا ، بۇ ئەرلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس ، — دېدى .

— بىز ئەرلەر قالتىس سەۋرلىك كېلىمىز ، — دېدى رو-مىش ، — بىزنى چۆكۈرىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىساقمۇ خۇش دەپ تۇرىۋېرىمىز . شۇ تاپتا مېنىڭ ئورنۇمدا بىر ئايال بولۇپ قالغان بولسا ، ئۇ چاغدا بۇ جېدەلنى كۆرۈڭ ! هە ، راست ، ئەجەب تاغد-

مىزنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجىڭىز چۈشۈپ، ماڭا كەلگەندە چۈشمەي قالمىدىكىنە؟

— راست، نېمە ئۈچۈنكىن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. لېكىن، سىزنىڭ ئاشخانىدىكى كۆل - قۇرۇملارنى تازىلاپ يۈرگىنىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا، نېمىشقىدۇر، مېنى كۈلكە قىستايدۇ. ياخشىسى، بۇ يەردىن تېزراق كېتتۇېلىك، ھېلى چاڭ توزۇتقىلى تۇرىمەن!

رومىش يوق يەردىن گەپ قىلىۋەردى:

— چاڭ دېگەن ئادەم تونومايدۇ، سىزگىمۇ، ماڭىمۇ ئوخشاش قونۇۋېرىدۇ.

— ماڭىغۇ ئامال يوق، — دېدى كومولا، — لېكىن سىز چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ. بۇ يەرگە كىرىۋېلىپ سىزگە نېمە تارتقۇلۇق؟

رومىش سىرتتىكى خىزمەتكارلارنىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزلىدى:

— ئەمگەك ياكى باشقا ئىش بولامدۇ، ئىشقىلىپ، ھەر قانداق ئىشنى سىز بىلەن تەڭ كۆرسەم دەيمەن.

بۇ سۆزدىن كومولا ۋىلىلىدە قىزاردى ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاب بەرمەيلا چىقىپ ئۇمىشنى چاقىردى:

— ئۇمىش، بىر چېلەك سۇ ئەپكېلىپ مەيەرگە سېپىۋەتكىن، مەيەردىكى توپىنىڭ جىقلىقىنى كۆردۈڭمۇ، ئەپكەل، سۇپۇرگىنى ماڭا بەر، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا يەرگە سۇپۇرگە سالغىلى تۇردى.

— ھوي سىز نېمە قىلىۋاتىسىز، كومولا، — دېدى رومىش ئۇ كومولانىڭ بۇنداق پاسكىنا ئىشقا ئۆزى قول سېلىپ چۈشۈپ كەتكىنىگە چىدىمىغانىدى.

— بەس، بولدى قىلىڭ، رومىش ئەپەندى، — ئۇشتۇمتۇت رومىشنىڭ كەينىدىن بىر ئاۋاز كەلدى، — ئەمگەك قىلغاننىڭ نېمە يامىنى بار ئىكەن؟ سىلەردەك ئەنگلىيە تەربىيىسىنى ئالغانلار ئەتە-

گەندىن ـ كەچكىچە باراۋەرلىكنى ئاغزىڭلاردىن چۈشۈرمەيسىلەر . يەر سۈپۈرۈش دېگەن پەس ئىش دەپ قارىلىدىغان بولسا ، سىلەر نېمىشقا خىزمەتكارىڭلارنى بۇ ئىشقا سالىسىلەر . مەنغۇ سىلەر كۆرگەن تەربىيىنى كۆرمىگەن ، ناۋادا سىز كۆڭلۈمدىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، مېنىڭ پىكرىم مۇنداق : ئالىي پەزىلەتلىك ئايال يەر سۈپۈرۈۋاتقاندا ، مەن ئۇنىڭ قولىدىكى سۈپۈرگىدىن تاراملىغان قۇياش نۇرىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولىمەن ! — چوكرو بورتى كومولاغا بۇرۇلدى ، — هويلىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدۇم . قىزىم ، ئېيتىڭا ، قەيەرنى گۈللۈك قىلىمىز ؟

— سەل تەخىر قىلىڭ ، تاغا ، مەن ماۋۇ ئۆينى تازىلاپ بولاي ، — دېدى كومولا ، ئاندىن يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى .

ئۇ ئۆينى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن بىلىگە تۈگۈۋالغان پەرەنجىسىنى ئېلىپ يۈزىگە ياپتى ـ دە ، چىقىپ چوكرو بورتى تاغا بىلەن قەيەرگە گۈللۈك قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى .

كۈن كەچ كىرەي دەپ قالدى . ئۆي ئېخى كومولانىڭ كۆڭلىدىكىدەك تازىلىنىپ بولمىغانىدى ، ئۈزۈن بولغان پاسكىنىچىلىقلارنى بىراقلا تازىلاپ تۈگىتىۋەتكىلى بولمىدى . بەزى ئۆيلەرنى يەنە بىر قۇر سۈپۈرۈپ ، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ئېچىپ شامالدىتىۋەتمىسە ئولتۇرغىلى بولمايتتى . شۇڭا ، رومىش بىلەن كومولاغا چوكرو بورتىنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر كۈن يېتىشقا توغرا كەلدى . بۇ ئىش رومىشنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى . ئۇ كۈن بويى ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئۆيدە تۈنجى كېچىنى ئۆتكۈزۈشىنى ئارزۇ قىلغان ، چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئىزهار قىلغاندا ، كومولانىڭ ناز ئارىلاش كۈلۈمسىرەشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ خۇشال بولۇپ يۈرگەنىدى . مانا ئەمدى بىر كۈن كېچىكىپ يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى . ئۇ دەرهال ئادۇوكاتلار مەھكىمىسىگە بېرىپ ئۆزىنى تىزىملاتمىسا بولمايتتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئەتىسى ئۇنىڭغا ئاللاخابادقا بېرىشقا توغرا كەلدى .

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، چوكرو بورتى تاغا چوڭ قىزى بىدخونى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئاللاخابادقا كېتىپ قالدى .

ئۇ ماڭغان كۈنى ئەتىگىنى ، كومولا شويلودجانى ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆيىگە تاماققا چاقىردى ، شويلودجا بىپىننىڭ چېيىنى بېرىپ يولغا سالغاندىن كېيىن كومولانىڭ ئۆيىگە كەلدى .

بۇ ئىككى دوست دەرھال ئىشقا تۇتۇندى ۋە ئۇمىشنىڭ قارىشىپ بېرىشى بىلەن غىزانى تېزلا تەييار قىلدى ، تاماقتىن كېيىن نىم دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تۈگمەس پاراڭغا چۈشتى . سالقىن دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ ، قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۇلىرىنى تاماشا قىلغاچ كۆڭۈل - كۆكسىدىكىنى تۆكۈپ مۇڭدىشىۋېلىش نېمىدېگەن ياخشى - ھە ! كومولانىڭ قەلبىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى خىيال قۇشىنى قاناتلاندۇرغان ، بۇ قۇش زىلال ئاسماندا چېكىتتەك كۆرۈنۈپ ئۇچۇۋاتقان لەگلەكتەك بارغانسېرى يىراقلاشماقتا ئىدى .

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ - تۆتلەردە شويلودجا ، ئېرىم كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى ، دەرھال بارمىسام بولمايدۇ ، دەپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى .

— ئادىتىڭىزگە بىرەر كۈن رىئايە قىلمىسىڭىز بولمامدۇ ؟ — دېدى كومولا . شويلودجا ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى چايقىدى ، ئاندىن ئۇنىڭغا قاراڭغۇ چۈشكۈچە يېتىپ بېرىشنى تاپىلاپ كېتىپ قالدى .

كومولا كۈن ئولتۇرغۇچە ئىشلىرىنى تۈگەتتى ، ئاندىن رومىلىنى بېشىغا سېلىپ ھېلىقى نىم دەرىخىنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇردى . قۇياش نېرىقى قىرغاقتىكى توسمىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئاستا - ئاستا ئولتۇردى ، دەريا ياقىسىدا تۇرغان بېلىقچى كېمىلىرىنىڭ ئاق يەلكەنلىرى لالىرەڭ شەپەققە چۆمكەلدى .

ئۇمىش ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ :
— ئاپا ، سىز سىپارى يېمىگىلى خېلى كۈن بولدى ، مەن سىزگە بىر ئاز تەييارلاپ قويغانتىم ، — دەپ ئۇنىڭغا بىر بولاق سىپارى ئۇزاتتى .
كومولا كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى شۇ چاغدىلا بىلدى - دە ، دەرھال ئورنىدىن قوزغالدى .
— چوكرو بورتى تاغا سىزنى ئەپكېلىشكە ھارۋا ئەۋەتىپتى-كەن ، — دېدى ئۇمىش .
كومولا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆي ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىقماق-چى بولدى . قىشتا ئۆينى ئوبدان ئىسسىتىش ئۈچۈن ، چوڭ ئۆيگە ئىنگلىز پاسونىدا پېچ سېلىنغانىدى . كومولا پەنەر يورۇتۇلغان پېچنىڭ ئۈستىگە سىپارىنى قويۇپ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇۋىدى ، كۆزى سىپارى يۆگىگەن قەغەزنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان ئۆزىنىڭ ئىسمىغا چۈشۈپ قالدى . بۇ رومىشنىڭ پوچېركىسى ئىدى .
— بۇ قەغەزنى نەدىن تاپتىڭ ؟ — كومولا ئۇمىشتىن سورىدى .
— رومىش ئەپەندىنىڭ ھۇجرىسىنى سۈپۈرۈۋاتسام بىر بۇلۇڭ-دا تۇرۇپتۇ .
كومولا قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇغىلى تۇردى . بۇ ، رومىشنىڭ خىمنولىنىغا كۆڭۈل - كۆكسىدىكىنى چىقىرىپ يازغان خېتى ئىدى . ئۇ بىر ئىشلارغا ئانچە ئىنچىكىلەپ كەتمەيدىغان ئادەم بول-غاچقا ، بۇ خەتنى ئوقۇشمايلا تاشلىۋەتكەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى .
كومولا خەتنى ئوقۇپ بولدى .
— قېتىپلا قالدىڭىزغۇ ؟ — دېدى ئۇمىش ، — كەچ بولۇپ كەتتى .
ئۆي ئىچىنى يەرگە چۈشكەن يىڭنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولغۇدەك جىمجىتلىق باستى . ئۇمىش كومولانىڭ قىياپىتىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى - دە ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى .

— مېنى قورقۇتماڭا ، ئاپا ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى ، تېزراق ماڭايلى .

كومولا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇۋەردى . بىر ئازدىن كېيىن بىر خىزمەتكار كىرىپ ھارۋا ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، ئۇلار ئاندىن قوزغىلىشتى .

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

— بۇگۈن مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە ، قەددىرلىكىم ؟ — دېدى شويلودجا كومولا كەلگەندىن كېيىن ، — بېشىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ - يا ؟

— ياقەي ، مىجەزىم جايىدا ، تاغام كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

— ئاچام ئاغرىپ قالغىلى بىر نەچچە كۈن بوپتىكەن ، ئاپام يوقلاپ كەلگىن دەپ دادامنى ئەۋەتىۋەتتى .

— قاچان كېلىدۇ ؟

— تېز كەلسە بىر ھەپتىدە يېنىپ كېلىدۇ دېيىشىدىغۇ . سىز ئىككى كۈندىن بۇيان ئۆي يىغىشتورىمەن دەپ تىنىم تاپماي بەكلا چارچاپ كەتتىڭىز ، ئۆزىڭىزنى ئىشقا ئالدۇرۇپ قويغاندەك تۇرىسىز ، بالدۇرراق تاماق يەپ ئۇخلىۋېلىڭ .

ھازىرقى ئەھۋالدا ، كومولا بارلىق ئىشنى شويلودجاغا ئېيتىپ ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ گەپنى ئېيتىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى . مەيلى شويلودجا ياكى باشقا ئادەمگە بولسۇن ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئېرىم دەپ يۈرگەن كىشىنى ئەمدى قوپۇپ ئېرىم ئەمەسكەن دېيىشكە بولمايدىغۇ !

كومولا ئىشكىنى تاقىدى - دە ، چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ رومىشنىڭ خېتىنى يەنە بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى .

خەتتە ، خەت تېگىدىغان ئادەمنىڭ ئىسمىمۇ ، ئادرېسىمۇ يوق ئىدى . لېكىن ، مەزمۇنىدىن خەتنىڭ بىر قىزغا يېزىلغانلىقى ، ئۇنىڭ رومىش بىلەن پۈتۈشكەنلىكى ، رومىش بىلەن كومولانىڭ

مۇناسىۋەتتى تۆپەيلىدىن بۇ ئىشنى بىكار قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى. رومىش خېتىدە بۇ قىزنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغانلىقىنى، پەقەت بەختسىز كومولاغا ئىچى ئاغرىغانلىقىدىن، كومولا بىلەن ئۆز تەقدىرىنىڭ مۇشۇنداق غەلىتە باغلىنىپ قالغانلىقىدىن، ئۇ قىز بىلەن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى قىلچە يوشۇرماي يازغانىدى.

كومولا ئۆزىنىڭ رومىش بىلەن ھېلىقى ئارالدا تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكىنىدىن تارتىپ گاجىپورغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى پۈتكۈل جەريانىنى بىر - بىرلەپ ئەسكە ئالغاندىن كېيىن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چۈشىنەلمەي كېلىۋاتقان ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. مەسىلە ناھايىتى ئېنىق: رومىش باشتىن - ئاياغ ئۇنى ئۆز خوتۇنۇم ئەمەس دەپ ئويلاپ يۈرگەن، ئۇ بولسا ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا ئۇنى ئۆز ئېرىم دەپ قاراپ، قىلچە ئۇيالماستىن ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك جورا بولماقچى بولغان؛ شۇنىڭ بىلەن، رومىش نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، كاللىسىنىڭ ئىچىدىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كەتكەن.

كومولا ئۆتكەنكى بەزى ئىشلارنى ئويلاپ، يەر يېرىلسا كىرىپ كەتكۈدەك ھالغا يەتتى. شۇ تاپتا نومۇس خەنجىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلغىماقتا ئىدى. بۇ ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلغۇسىز شەرمەندىچىلىك ئىدى، قانچە قىلسىمۇ بۇ داغنى يۇيۇۋېتەلمەيتتى.

ئۇ ئىشكنى قاتتىق ئېچىپ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى باغقا چىقتى. قاپقارا مەرمەر گۈمبەزدەك كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈۋاتقان قىش ئاسمىنى ئۇنىڭ بېشىدا تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. كۆكتە ئالىقانچىمۇ بۇلۇت يوق، پەقەت ئۇ يەر - بۇيەردە يۇلتۇزلار چىمىرلاپ تۇراتتى. شامالدىن شەپىمۇ يوق ئىدى. باغدا قاتار ئۆسكەن پاكارغىنا مانگو دەرەخلىرى بىر خىل سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا ھېچ يەردە ئارام تاپقۇدەك يەر يوقتەكلا بىلىندى. ئۇ مۇزدەك ئوتلۇققا كېلىپ ئولتۇردى. گاڭگىراشتىن ئۇنىڭ چىرايى ھەيكەلدەك تۇس ئالدى، ئۇنىڭدا نە يىغا، نە خورسىنىش يوق ئىدى.

ئۇ شۇ ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمىدى .
ئاستا ـ ئاستا تەسىر قىلغان سوغوقتىن ئۇنىڭ بەدىنىگە تىترەك
ئولاشتى . ئاي قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ پالما دەرەخلىرىنىڭ كەينىدىن
كۆتۈرۈلدى . شۇ چاغدىلا كومولا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە
كىرىپ كەتتى .

ئەتىسى ئەتىگىنى ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ، شويلودجا ئۇنىڭ كار-
ۋىتىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . كومولا ئۆزىنىڭ شۇ چاغقىچە ئۇخلىغان-
لىقىدىن نومۇس قىلىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— يېتىۋېرىڭ ، قەدىرلىكىم ، — دېدى شويلودجا ، — بولسا
يەنە بىر ئاز ئۇخلىۋېلىڭ ، راستتىنلا مىجەزىڭىز يوق ئوخشايدۇ
جۇمۇ . قاراڭا ، رەڭگىڭىزمۇ بۆلەكچە ، كۆزىڭىزنىڭ چۆرىسىمۇ
كۆكىرىپ كېتىپتۇ . قەدىرلىكىم ، ئېيتىڭا ، زادى نېمە بولۇۋاتىد-
سىز ؟ — شويلودجا ئولتۇرۇپ كومولانى باغرىغا باستى .

كومولانىڭ يۈرىكى بىر خىل ئېچىشىپ ئۆزىنى باسالماي قال-
دى ـ دە ، شويلودجانىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ قاتتىق يىغلاپ
كەتتى . بۇنداق چاغدا ھېچقانداق تەسەللىنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى
چۈشەنگەن شويلودجا ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى .

بىر ئازدىن كېيىن ، كومولا شويلودجانىڭ قۇچىقىدىن بوشى-
نىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتتى ـ دە ، بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈ-
ۋەتتى .

— بولدى ، بولدى ، يىغلاپ تازا پۇخادىن چىقىۋالدىڭىز ، —
دېدى شويلودجا ، — مەن سىزگە ئوخشاش ئاغزى چىڭ قىزنى زادى
كۆرمەپتىكەنمەن . مېنى كۆڭلۈمدىكىنى پەقەت بىلمەيدۇ دەپمۇ ئوي-
لاپ قالماڭ ، مەن ئۇنچىۋالا گالۋاڭلاردىن ئەمەس ! نېمىشقا بۇنچى-
لىك كۆڭلىڭىز بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ يا ؟
رومىش ئەپەندى ئاللاخابادقا كەتكەندىن بۇيان سىزگە بىر پارچىمۇ
خەت يېزىپ قويمىدى . سىز نومۇس قىلىپ ئېيتمىغىنىڭىز بىلەن
دەردىڭىز ئىچىڭىزدە . لېكىن ، شۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭكى ،
ئۇنىڭ ئۇ يەردە قىلىدىغان بىر مۇنچە ئىشلىرى بار . ئۇ يەنە

ئىككى - ئۈچ كۈنگە قالماي يېنىپ كېلىدۇ. ئۇ كەتكىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىدىغۇ، ئەگەر خەت يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان بول-سا، ئۇنىمۇ كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز بولىدۇ. لېكىن، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، قەدىرلىكىم، هازىر سىزگە نەسىھەت قىلىشۋاتقىنىم بى-لەن، بۇ ئىش ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كېلىپ قالسا، مەنمۇ ئوخشاشلا ئازاب چېكىمەن! ئايال خەق دېگەن ئانچىكىم ئىشلارغا يىغلاۋېرى-مىز. مانا، تازا ئىچىڭىزنى بوشىتىۋالدىڭىز، يەنە بىر كۆلۈڭا، شۇنىڭ بىلەن خاپىلىقمۇ تۈگەيدۇ.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يەنە كومولانى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ سورىدى:

— سىز هازىر رومىش ئەپەندىنى ئۇمۇرۋايەت كەچۇرمەيدىغان-دەك تۇرىسىز، شۇنداقمۇ؟ راست گېپىڭىزنى قىلىڭە.

— راست، راستىنىلا شۇنداق، — دېدى كومولا.

شويلودجا ئۇنىڭ مەڭزىگە ئاستا ئۇرۇپ قويۇپ:

— مەنچىمۇ شۇنداق، سىزنىڭ شۇنداق ئويلايدىغانلىقىڭىز تۇرغان گەپ! قېنى، كېيىن كۆرەرمىز. ئەمدى ئۆزىڭىزنى ئۇنچە ئۇپراتماڭ، — دېدى.

شۇ كۈنى ئەتىگىنى، شويلودجا ئاللاخابادتىكى دادىسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ سېلىۋەتتى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

*رومىش ئەپەندىدىن بىرەر پارچە خەت بولمىغاچقا، كومو-لانىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتىدۇ. بىچارە قىزنى ناتونۇش بىر جايغا تاشلاپ قويۇپ ئۆزى هەر يان چېپىپ يۈرسە، ئۇنىڭ ئۇستىد-گە، بىر پارچە خەتمۇ يېزىپ قويمىسا، بۇ قىز ئەمدى قانداق ئويلىماقچى، بۇ هەر قانداق ئادەمگە چۈشىنىشلىكقۇ، ئاللاخا-بادتىكى ئىشلارنى تېزراق تۈگەتكىلى بولمامدىكەن؟ هەممە ئادەمنىڭ ئىشى بولىدۇ، لېكىن خەت يازغۇدەك چولا يوق دېگەن بىرەرسىمۇ يوققۇ.*

چوكرو بورتى تاغا رومىشنى ئىزدەپ تېپىپ قىزىنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردى، ئاندىن بىر مۇنچە كايىدى. رومىشنىڭ كومولاغا خەت يازمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۇنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئويلىغانسېرى گاڭگىراپ قېلىۋاتقانلىقىدىن ئىدى. ئۇ كومولادىن كۆڭلى سوۋۇغانلىقى ئۈچۈن باغرى تاشلىق قىلىپ ئاللاخابادتا يېتىۋالغىنى يوق، بەلكى تېخى بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئېسەنگىرەپ تۇرغان چاغدا، شويلودجانىڭ خېتى كەلگەنىدى.

خەتنىڭ مەزمۇنىدىن كومولا نومۇس قىلىپ خەت يازمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ رومىشنى ئىنتايىن سېغىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. رومىش ئارىسالدىلىق ئىچىدە قالدى، ئۇ دەرھال بىر قارارغا كېلەلىشى، پەقەت ئۆزىنىڭ كۆڭلى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى كومولانىڭ مۇھەببىتى بىلەنمۇ ھېسابلىشىشى كېرەك ئىدى. ھېلىقى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدا، خۇدا ئۇلارنىڭ تەقدىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يۈرەك رىشتىلىرىنىمۇ بىر - بىرىگە باغلىۋەتكەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ كومولاغا تۆۋەندىكى خەتنى يازدى:

*مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكۈم...*

*مەن سىزنى بۇنداق ئاتىسام، خەتتە شۇنداق يېزىپ قويىدىغان گەپ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. كومولا، دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم سىز بولمىسىڭىز، سىزنى ھەرگىزمۇ بۇنداق ئاتىمىغان بولار ئىدىم. ئەگەر كۆڭلىڭىزگە گۇمان چۈشۈرۈپ، يۈرىكىڭىزنى يارا قىلىپ قويغان يەرلىرىم بولسا، چىن قەلبىمدىن ئۆزرە ئۆپ چىققان: «مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكۈم» دېگەن مۇشۇ سۆزۈم كۆڭلىڭىزدىكى گۇمانلارنى خالاس قىلىپ، يۈرەك يارىڭىزغا شىپالىق بېغىشلىسۇن!*

*ئەمدى بۇ گەپلەرنىڭ قايسىبىرسىنى دەپ بولاي؟ مەن ئىلگىرى سىزنى قاتتىق رەنجىتتىم. ئەگەر بۇ ئىشلىرىم*

ئۇچۇن مېنى ئەيىبكە بۇيرۇسىڭىز ، مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ
ئۆز گۇناھىمنى مەڭگۈ يۇيالمايمەن . مەن سىزگە ھازىر پەقەت
شۇنى قەيت قىلالىشىم مۇمكىنكى ، سىز ، پەقەت سىزلا مې-
نىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكۈم . مەن سىزنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي-
مەن . بۇ سۆزۈم مېنىڭ ئىلگىرى قىلغان ھەر خىل سەۋەن-
لىكلىرىمنى يېپىپ كېتەلمىسىمۇ ، لېكىن ھازىر مۇشۇنىڭ
بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلىماي باشقا ئامالىممۇ يوق . مەن شۇڭلاش-
قا ، كومولا ، «مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكۈم» دېگەن مۇشۇ سۆ-
زۈم ئارقىلىق ، بىزنىڭ گۇمان بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىمىزگە
خاتىمە بېرىپ ، كەلگۈسى مۇھەببىتىمىزگە ئاساس ھازىرلى-
ماقچىمەن . ماڭا ئىشىنىڭ ، كېچە - كۈندۈز خىيالىمغا ھەم-
راھ بولۇۋاتقان باشقا بىرسى ئەمەس ، پەقەت ئۆزىڭىز ، سىز
ھەقىقەتەن «مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكۈم» . سىز مۇشۇنىڭغىلا
ئىشەنسىڭىز ، بارلىق گۇمان ، تەشۋىشلىرىڭىز پۈتۈنلەي تۈ-
گەيدۇ .

مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ سىزمۇ مېنى راستىنلا ياخ-
شى كۆرەمسىز ، دەپ سورىغۇم كېلىدۇ ، لېكىن سوراشقا
جۈرئەت قىلالمايمەن . مۇھەببەت مېنى بۇ سوئالنى قويۇشقا
دالالەت قىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا ھامان بىر كۈنى
جاۋاب تاپالايدىغانلىقىمغا قىلچە گۇمانىم يوق . ئۇ چاغدا بىزگە
كۆڭلىمىزنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش كەتمەيدۇ ، بىر - بىرىگە
باغلانغان قەلبلەر ھېچقانداق ئىزاھاتسىزمۇ چۈشەنچە ھاسىل
قىلالايدۇ . سىزگە بولغان مۇھەببىتىم مېنى مۇشۇنداق ئىد-
شەنچكە كەلتۈرمەكتە . مەن ، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە نا-
ئىل بولۇشقا ھەقلىقمەن ، دەپ خىجىل بولماي چوڭ گەپ
قىلماقچى ئەمەسمەن ، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ گۇۋاھلىقى شۇكى ،
سىزگە بولغان ئەقىدەم ھەرگىز يەردە قالمايدۇ .

بۇ خەتتىن بىر خىل ياسالمىلىق چىقىپ تۇرۇۋاتقانلىقىد-
نى ئۆزۈممۇ سېزىپ تۇرۇپتىمەن ، شۇڭلاشقىمۇ يىرتىپ -
يىرتىپ تاشلىۋەتكۈم كېلىدۇ . بىراق ، شۇ تاپتا ئۆز كۆڭلۈم-

نى ھەقىقىي ئىزھار قىلالايدىغان خەتنى يازالىشىم تېخى مۇم-
كىن ئەمەستەك تۇرىدۇ . خەت دېگەن ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا ئالماشتۇرۇلىدىغان نەرسىغۇ . ئىككى تەرەپ خەت يې-
زىشماقچى بولغاندا ، دەسلەپكى خەتنى يازغان كىشى ئۆزىنىڭ
كۆڭلىنى تازا سادىقلىق بىلەن ئىزھار قىلالمىسا كېرەك .
ئىككىمىزنىڭ قەلبى ھەقىقىي تۈردە ، تولۇق بىر - بىرىگە
قوشۇلغان چاغدا ، مەن چوقۇم سىزگە ھەقىقىي ئىشەنچ ئۇر-
غۇپ تۇرغان خېتىمنى يازىمەن . ئىشىك - دېرىزە تەڭ ئېچى-
ۋېتىلگەندىلا ، شامال ئۆي ئىچىگە ئەركىن كىرىپ كېلىدۇ .

كومولا ، مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكۈم ، مەن قاچانمۇ سىز-
نىڭ قەلب قەسرىڭىزگە كىرىدىغان ئالتۇن ئىشىكنى تاپالار-
مەن؟ ئادەم تولىمۇ ئالدىراپ كەتكەندە ئاستا - ئاستا ئۆزلۈكى-
دىن پۈتۈپ قالىدىغان ئىشلار ئەكسىچە نەتىجە بېرىپ قويىدۇ .
سىز مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنى ئەتىگەندە مەن گاجى-
يورغا يېتىپ بارىمەن . مەن سىزدىن ئۆتۈنەي ، مەن يېتىپ
بارغاندا سىزنى ئۆزىمىزنىڭ يېڭى ئۆيىدە كۆرىدىغان بولاي .
ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بولمىدى ، بۇنداق تۇرمۇشقا
ئەمدى مەن چىداپ تۇرالمايمەن . ئەمدى ماۋۇ مېنىڭ ئۆيۈم
ئىكەن دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ ، ئۆز ئۆيۈمنىڭ ساھى-
بەسىنى خۇشاللىق ئىلكىدە كۆرۈشكە نېسىپ بولىدىغان بول-
دى ، دەيدىغان بىر ئۈمىد ئاخىر مەندە پەيدا بولدى ، شۇ كۈنى
بىزنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق «يۈز كۆرۈشۈش مۇراسىمى»
مىز بولۇپ قالغۇسى .

بىزنىڭ ھېلىقى يالغۇز ئارالدا ئولتۇرۇپ ، ئاينىڭ يورۇ-
قىدا تۇنجى مەرتىۋە يۈز كۆرۈشكىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ
چاغدا باش ئۈستىمىزدە ئۆينىڭ تورۇسى ئەمەس ، پايان-
سىز ئاسمانلا بار ئىدى ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ مۇراسىمىمىزنىڭ
ئۈستىدە قاراپ تۇرغان نە ئاتا - ئانىمىز ، نە ئۇرۇق -
تۇغقىنىمىز يوق ئىدى .

ئۇ ئىشلارنى شۇ تاپتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم ، خۇددى

*چۇشۇمدىكىدەك بىلىنىدۇ، شۇڭا مەن ساپ ھاۋالىق، جىمـ-
جىت سەھەرنىڭ ئاپتىپىدا، تۆت تىمى بار بىر ئۆيگە ئىگە
بولغان رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇھىتىدا يەنە بىر قېتىم «يۈز
كۆرۈشۈش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈشكە بەكمۇ تەقەززامەن.
سىزنىڭ ئۆز ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆرۈ-
نۈشىڭىز، مېنىڭ قەلبىمگە مەڭگۈلۈك نەقىشلەنسۇن. مەن
شۇ ھالىتىڭىزنى كۆرۈشكە ئىنتىزارمەن. مېنىڭ ئەڭ سۆ-
يۈملۈكۈم! مەن ھازىر قەلب قەسرىڭىزنىڭ ئالدىدا تەلمۈرۈپ
تۇرغان دىۋانە، مېنى ھەرگىز نائۈمىد قويماڭ! سىزگە چەك-
سىز مېھرى ـ مۇھەببەت باغلىغۇچى
سىزنىڭ رومىشىڭىز.*

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

ئەتىسى، كومولانىڭ چىرايىدىكى مەيۈسلۈكنى بايقىغان شوي-
لودجا ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئەتەي سورىدى:
— بۈگۈن يېڭى ئۆيىڭىزگە بارمامسىز؟
— بارمايمەن، ئۆيدە قىلىدىغان ئىشىم قالمىدى.
— ئۆيلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ بولدىڭىزمۇ؟
— ھەئە، يىغىشتۇرۇپ بولدۇم.
شويلودجا سىرتقا چىقىپ كېتىپ دەرھال قايتىپ كىردى ـ
دە:
— مەن سىزگە بىر نەرسە بەرسەم، سۆيۈنچىسىگە نېمە بېرە-
سىز؟ — دەپ سورىدى.
— سۆيۈنچە بەرگۈدەك ھېچ نەرسەم يوق، ئاچا.
— راستىنىلا يوقمۇ؟
— راست يوق.
شويلودجا ئۇنىڭ يۈزىگە يېنىك نوقۇپ قويۇپ:
— راست دەيسىز، بۇ ماڭا ئايان. سىز ھەممە نەرسىڭىزنى

بىرلا ئادەمگە بېرىۋەتكەن، قانداق، توغرا دېدىممۇ؟ قارىڭا، ماۋۇ نېمە؟ — دېدى - دە، يانچۇقىدىن بىر پارچە خەت چىقاردى. كونۋېرتتىكى رومىشىنىڭ پوچېركىسىنى كۆرۈپلا چىرايى ئۆڭگەن كومولا دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىشكە تەمشەلدى.

— بولدى قىلىڭ، — دېدى شويلودجا، — چوڭچىلىق دېگەننىڭمۇ چېكى بولىدۇ. ئەمدى ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسىڭىز بولارمىكىن. كۆڭلىڭىزدىغۇ خەتنى بۇلاپلا ئېلىپ قاچقۇڭىز كېلىۋاتىدۇ، لېكىن بىر نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ بەرمىسىڭىز، قانداقلا قىلغىنىڭىز بىلەن بەربىر بەرمەيمەن. قېنى، قانچىلىك چىدايسىزكىن، كۆرۈپ باقاي.

دەل شۇ چاغدا، ئۇمى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن سوپۇن قۇتىسىنى سۆرىگەن ھالدا، «ئاچا! ئاچا!» دەپ تۇۋلاپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

كومولا بېرىپلا بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ باش - كۆزلىرىدىن سۆيگىنىچە تالاغا ئېلىپ ماڭدى ۋە ئۇمىنىڭ ئويۇنچۇقىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي غەلۋە قىلىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇنى كۆتۈرگىنىچە ئۆز ئۆيىگە ئەپكىرىپ بىر نېمىلەرنى دەپ گوللاشقا باشلىدى.

— بولدى، مەن سىزگە تەڭ كېلەلمىدىم، بۇ قېتىم سىز يەڭگەن بولدىڭىز! ئەمدى سىزنى قىينىماي، — دېدى شويلودجا ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋېتىپ، — مەڭ، كومولا، ماۋۇ خېتىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە تاش يۈرەكلىك قىلمايمەن!

ئۇ خەتنى كارىۋاتقا تاشلىدى - دە، كومولانىڭ قولىدىن ئۇمىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كومولا خەتنى ئېلىپ كونۋېرتقا بىر نەچچە قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن ئېچىپ ئوقۇماقچى بولدى، لېكىن دەسلەپكى قۇرلارنى ئوقۇپلا غەزەپتىن چىرايلىرى پوكاندەك قىزىرىپ خەتنى چۆرۈۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن، ئاچچىقىنى سەل بېسىۋېلىپ، خەتنى يەنە قولىغا ئېلىپ باشتىن - ئاياغ ئوقۇپ چىقتى.

خەتنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭغا تولۇق چۈشىنىشلىك بولدىمۇ -

يوق ، بۇنىسى نامەلۇم ، لېكىن قولىدىكى خەت ئۇنىڭغا ئالللىقانداق پاسكىنا نەرسىدەك تۇيۇلدى ـ دە ، يەنە خەتنى تاشلىۋەتتى . ئاخىر ، بۇ ئۆزىنى ئېرى بولمىغان بىر كىشى بىلەن ئۆي تۇتۇشقا چاقىرىق قىلىنغان خەتقۇ ! ھەممە ئەھۋال رومىشقا ئايان تۇرۇقلۇق ، بۇگۇنگە كەلگەندە ئۇنىڭغا بۇ ھاقارەتلىك خەتنى يازغىنى نېمىسى ؟ ئۇلار گاجىپورغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ رومىشقا چوڭقۇر مېھرىبانلىق كۆرسەتكىنى راست ، لېكىن رومىش بۇنى ، ئۇنىڭ ئېرى بولغىنىم ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى رومىش بولغىنىم ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلامدىغاندۇ ؟ رومىشنىڭ چىقارغان يەكۈنى پۈتۈنلەي ئاساسسىز ، ئۇ ھازىر باشپاناھسىز قالغان شور پېشانە قىزغا ئىچى ئاغرىغانلىقى ئۈچۈن بۇ مۇھەببەت مەكتۇپىنى يازغان . ئۇ ھازىر ياكى بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قانداق ۋاقىتتا ، رومىشنىڭ ييغىلىش-كەنلىكىنى قانداقمۇ ئىسپاتلىيالار ؟ ئۇ دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان بىرەرسىگىمۇ ئازار بېرىپ باقمىغان ، ئەمدى بۇ ئۇنتۇلغۇسىز ھاقا-رەتنى كۆتۈرۈپ ئۆمۈر بويى ئەلەم يۇتۇپ يۈرەرمۇ !؟ ئۇشتۇمتۇت ، «ئۆي» دېگەن بىر ئۇقۇم ئۇنىڭغا بىردىنلا ئۇنى ھاپ قىلىپ يۇتۇۋې-تىش ئۈچۈن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان غايەت زور ۋەھشىي مەخلۇقتەك تۇيۇلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ نىجاتلىق تاپالمايۋاتقانلىقىغا ئې-چىندى . تېخى ئىككى كۈن ئاۋۋاللا ، ئۇ رومىشنىڭ ئۆزىگە مۇنچى-لىك دەھشەت سالىدىغان كىشىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى .

ئومىشنىڭ تالادا تۇرۇپ يۆتەلگەن ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى . كومولادىن جاۋاب چىقمىغاچقا ، ئومىش : «ئاپا !» دەپ ئاستا توۋلىدى .

كومولا ئىشىك ئالدىغا كەلدى . ئومىش بېشىنى تاتىلاپ قويۇپ :

— ئاپا ، سېدخۇ ئەپەندى قىزىنىڭ تويىنى قىپتىكەن ، كالكۇت-تىدىن سازەندىلەرنى چاقىرتىپتۇ ، — دېدى .

— شۇنداقمۇ ، بوپتۇ ، ئومىش ، سەنمۇ بېرىپ تاماشا كۆرۈپ

كەل .

— ئەتىگەنلىككە سىزگە قانداق گۈل ئالغاچ كېلىمەن ؟

— بولدى ، گۈل ئەپكەلمىسەڭمۇ بولىدۇ .

ئۇ ماڭماقچى بولۇۋىدى ، كومىلا ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋالدى .

— توختاپ تۇر ، ئومىش ، توي كۆرگىلى كېتىۋاتىسەن ، ماۋۇ بەش روپىينى يېنىڭغا سېلىپ قوي .

«تويىنىڭ تاماشىسىنى بىلەت سېتىۋېلىپ كۆرمەيدىغۇ ؟ » ئومىش سەل ئەجەبلىنىپ قالدى .

— بازاردىن بىر نەرسە ئالغاچ چىقامدىم ، ئاپا ؟

— ياق ، ماڭا ھېچنېمە لازىم ئەمەس . پۇلنى يېنىڭغا سېلىپ قويغىن ، بىرەر نەرسە ئالغۇڭ كەلسە لازىم بوپقالار .

ئومىش ھېچنېمىگە چۈشىنەلمەي مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى ، كومولا ئۇنى يەنە توختىتىۋالدى .

— سەن مۇشۇ ئۇستۈبشىڭ بىلەن تويغا بارساڭ خەق نېمە دەيدۇ ؟

ئومىش ئۆزىنىڭ كىيىنىشىگە باشقىلارنىڭ ئاللىقانداق تەلەپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىمىغان ، ئۆزىنىڭ كىيىنىشىدە نېمە يېتەرسىزلىك بارلىقىنى ، بۇ ھەقتە كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى تېخىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇچىسىدا بىرلا دخوتىدىن[1] باشقا كىيىمىنىڭ يوقلۇقى ئۇنى نامرات كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ ، ئۇ بۇنى قىلچە ئويلاپمۇ قويمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ كومولانىڭ دېگەن سۆزىگە كۈلۈپلا قويدى .

— مە ، ماۋۇنى كىيىۋال .

كومولا بەدىنىگە ئورىۋالغان رەختتىن ئىككى پارچە ئېلىپ ئومىشقا بەردى . بۇ ئەرلەرمۇ ، ئاياللارمۇ ئورىۋېلىشقا بولىدىغان ئۇزۇن رەخت بولۇپ ، پەقەت ئوراش جەھەتتىلا پەرقلىنەتتى ، بۇ رەختنىڭ چېتىگە كەڭ چىلتەك تۇتۇلغانىدى . ئومىش كىيىمنى

---

[1] ئەرەنچە كىيىم .

قولىغا ئېلىپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى ۋە كومولانىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ كېلىشمىگەن تەزىمدىن بىرنى قىلدى، ئاندىن كىيىمنى ئېلىپ ماڭدى، ئۇ ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتال- مايتتى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، كومولا كۆزىدىكى ياش يۇقىنى ئېرتى- ۋېتىپ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ جىمجىت تۇرۇپ قالدى.

— جېنىم كومولا، خېتىڭىزنى ماڭا كۆرسەتمەمسىز؟ — دېدى شويلودجا ئۆيگە كىرىۋېتىپ. ئۇ ھەر قانداق گېپىنى يوشۇر- ماي كومولاغا دەپ بېرىدىغان بولغاچقا، قورۇنمايلا سوراۋەردى.

— خەت ئەنە تۇرىدۇ، ئاچا، ئېلىپ كۆرۈۋېرىڭ، — دېدى كومولا پولدىكى خەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

«ئاچچىقى تېخى تارقىماپتۇ - دە» دەپ ئويلىدى شويلودجا سەل ئەجەبلەنگەن ھالدا، ئاندىن ئۇ خەتنى ئېلىپ بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قىزغىن ھاياجان بىلەن تولغان خەت ئىدى. لېكىن، ئەرنىڭ ئۆز خوتۇنىغا مۇنداق خەت يېزىشى تازىمۇ غەلىتە ئىشتە. بۇنى خېلى جايىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر دېيىشكە بولاتتى.

— قەدىرلىكىم، ئېرىڭىز ئادەتتە ھېكايە يازامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

«ئېرىڭىز» دېگەن بۇ سۆز، ئۇنىڭسىزمۇ مېڭىسى چىڭقىلىپ تۇرغان كومولانىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى.

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— بۇگۈن يېڭى ئۆيىڭىزگە بارسىزغۇ دەيمەن؟

كومولا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەسلىي سىز بىلەن ئۆيىڭىزگە بېرىپ بىر كۈن تۇرۇشۇپ بەرسەم بولاتتى. لېكىن، ئۆزىڭىز بىلىسىز، نورسىنخا ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بۇگۈن كېلىپ ئېلىپ كەلمەكچى، مەن بارمىسام بول- مايدۇ. شۇڭا، ئاپام بىلەن بىرگە كەتسىڭىز.

— ياق بولىدى، ئاپىڭىزنى ئاۋارە قىلماي، — دېدى

كومولا ، — ئۆيدە خىزمەتكارىم بار .
شويلودجا كۈلۈپ تۇرۇپ :
— راست ، ئۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ ، سىزنىڭ ئومىشتەك يارامىلىق ئوڭ قول ۋەزىرىڭىزنىڭ بارلىقىنى كىم بىلمەيدۇ ، — دېدى .
شۇ ئارىدا ، ئومى قولىدىكى قېرىنداش بىلەن كۆرۈنگەنلا نەرسىگە سىزىپ ، ئۆزىنىڭ «كىتاب ئوقۇۋاتقان »لىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك بىر نېمىلەرنى دېگىلى تۇردى . شويلودجا بىرىپلا ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىۋىدى ، ئۇ ئوقۇشنى بۇزۇۋەتكەنلىكىگە ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى .
— ماڭا كېلىڭ ، مەن سىزگە ئوينايدىغان ئوبدان نەرسە بېرىمەن ، — دېدى كومولا . بۇ سۆز بىلەن ئۇ سەل پەسلىدى .
كومولا ئۇنى ئۆيگە ئەپكىرىپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى ـ دە ، ئۇنىڭ بىلەن خېلى بىر هازاغىچە ئوينىدى ، ئومى ئۇنىڭدىن ۋەدە قىلغان نەرسىنى سورىۋىدى ، كومولا ساندۇقتىن كىچىككىنە بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك چىقاردى . ئومى ئەزەلدىن مۇنداق چىرايلىق ئويۇنچۇقنى كۆرۈپ باقمىغاچقا بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى . «ئاچىسى» بىلەزۈكنى قولىغا سېلىپ قويغاندا ، ئۇ خۇشاللىقىدىن ئىككى قولىنى پۇلاڭشىتقىنىچە ئاپىسىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن تاپ-تاڭلاپ چىقىپ كەتتى .
شويلودجا قىزىنىڭ قولىدىن بىلەزۈكنى چىقىرىۋېلىپ كومولاغا قايتۇرۇپ بەردى .
— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ، كومولا ؟ — دەپ قايىناپ كەتتى ئۇ ، — بۇنى ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويۇپ نېمە قىلىسىز ؟
— مەن بىلەزۈكنى ئومىغا سوۋغا قىلدىم ، — دېدى كومولا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىۋېتىپ . ئومى ئاپىسىنىڭ بىلەزۈكنى تارتىۋالغانلىقىغا خاپا بولۇپ يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى .
— ئەقلىڭىزدىن ئاداشتىڭىزمۇ ؟ — دېدى شويلودجا .
— ئاچا ، سىز ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالسىڭىز-

مۇ ، مەن بەربىر ئالمايمەن ، سىز ئۇنى بۇزغۇزۇپ ئومىغا زۇننار قىلدۇرۇپ بېرىڭ .
— خۇدا ھەققى ، مەن سىزدەك ئايالنى كۆرمەپتىكەنمەن ، — شويلودجا شۇنداق دەپلا كومولانىڭ بوينىدىن قۇچاقلىۋالدى .
— بۈگۈن سىز بىلەن خوشلىشىدىغاندەك تۇرىمەن ، ئاچا ، — دېدى كومولا ، — مەن بۇ يەردە ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ياشىدىم ، ئۆمرۈمدىمۇ بۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئۆتمىگەنىدىم ، — ئۇ سۆزلەۋې-تىپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى .
شويلودجامۇ ئۆزىنى يىغلىۋېتىشتىن ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى .
— ئۇنداق دېمەڭ ، كومولا ، خۇددى كەتسىڭىز كەلمەيدىغان-دەك گەپ قىلىسىزغۇ . سىزنىڭ بۇ يەردە بەك كۆڭۈللۈك ئۆتتۇم دېگىنىڭىزگە ئىشەنمەيمەن . ھازىر ئۆزىڭىزنىڭمۇ ئۆيى بار ، ئەمدى ئىش ، ئەلۋەتتە ، باشقىچە بولىدۇ ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدىلا ھە-قىقىي كۆڭۈللۈك ئۆتەلەيسىز . بىز سىزنى تاشلىماي يوقلاپ تۇرى-دىغان ئادەملەر ، بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۆيىڭىزدىن چىقىپ بولغۇ-چە : «خۇداغا شۈكۈر ، ھەر نېمە بولسا كېتىشتى» دەيدىغان بوپقا-لامسىز تېخى .
كومولا شويلودجا بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە كېتىدىغان چاغدا ، شويلودجا :
— ئەتە چۈشتە قېشىڭىزغا بارىمەن ، — دېدى .
كومولا يا ھە ، يا ياق دېمىدى .
ئۇ ئۆز ئۆيىگە كەلگەندە ئومىش تېخىچە شۇ يەردە ئىدى .
— مەن سېنى توي كۆرگىلى كەتتى دېسەم ، تېخى تۇرۇپسەن-غۇ ؟ — دېدى كومولا .
— مەن بارماقچى ئىدىم ، لېكىن سىز ئۆيدە....
— مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ، تېز ماڭ ، بولمىسا كەچ قالىسەن .
— تېخى توي باشلانمىدى .
— ھېچقىسى يوق ، توي دېگەندە باشقا كۆرىدىغان نەرسىلەر

تولا ، بىرىپ كۆرۈۋەرمەمسەن .

بۇنداق ئىشقا بىرىش ئۇچۇن ئومىشقا جىق گەپ كەتمەيتتى . ئۇ دەرھال ماڭماقچى بولۇۋىدى ، كومولا ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋالدى .

— ماڭا قارا ، ئەگەر تاغام كېلىپ قالسا سەن چوقۇم... — تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ ، قانداق گەپ قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى . ئومىش ئاغزىنى ئاچقانچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى . بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئېسىڭدە بولسۇن ، تاغام ساڭا مەڭگۇ ياخشى دوست بولالايدۇ . ئەگەر ساڭا بىرەر نېمە لازىم بولسا ، مېنىڭ نامىمدا ئۇنىڭدىن سورىغىن ، ئۇ چوقۇم بېرىدۇ . مەندىن ئۇنىڭغا سالام ئېيتىپ قويۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما .

— بولىدۇ ، — دېدى ئومىش ۋە ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ، ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

كۈن بىر مەھەل بولغاندا كومولانىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىيشون سورىدى .

— خانىم ، نەگە بارىسىز ؟

— دەرياغا يۇيۇنغىلى بارىمەن .

— بىللە بارايمۇ ؟

— ياق ، سەن ئۆيگە قاراپ تۇر ، — كومولا ئۇنىڭغا بىر رۇپىيە بەردى - دە ، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايلا دەريا تەرەپكە كەتتى .

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

بىر كۈنى چۈشتە ، ئونتودا ئەپەندى قىزى بىلەن بىرگە چاي ئىچىش ئۇچۇن ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتى . ئۇ خىمنولىنىنى مېھمانخانىدىنمۇ ، ھۇجرىسىدىنمۇ تاپالماي دەرۋازىۋەندىن سورۇشتۇرۇۋىدى ، ئۇ خىمنولىنىنىڭ ئۆيدىن چىقمىغانلىقىنى ئېيتتى .

ئۇ تەشۋىشلىنىپ ئۆگزىگە چىقتى . قاتار تۇتىشىپ كەتكەن ئۆگزىلەرگە قىشنىڭ زەئىپ ئاپتىپى چۈشۈپ تۇراتتى ، تۇرۇپ - تۇرۇپ قاياقتىندۇر مەيىن شامال چىقىپ قوياتتى . خىمنولىنى ئۆگزىنىڭ چېتىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى .

ئۇ ئۇننودا ئەپەندىنىڭ كەينىگە كېلىپ تۇرغىنىنى پەقەتلا سەزمىدى . دادىسى ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ يەلكىسىنى تۇتۇۋىدى ، ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە نېمىشقىدۇر قىزىرىپ كەتتى ، ئورنىدىن تۇرغۇچە دادىسى كېلىپ قېشىدا ئولتۇردى . بىر ئازدىن كېيىن ، ئۇننودا ئەپەندى چوڭقۇر تىنىۋېتىپ :

— ئاھ ، خىمنو ، ئاپاڭ ھازىر ھايات بولغان بولسا ھەممە ئىش جايىدا بولغان بولاتتى .مەن ساڭا ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم ، — دېدى .

دادىسىنىڭ ئايانچلىق سۆزلىرى خىمنولىنىنى ئېغىر خىيالدىن ئويغاتتى ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراردى . بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ چىرايى نەقەدەر ئۆزگىرىپ كەتكەن - ھە ! ئۇ دادىسىنىڭ كۆزلىرىدىن چەكسىز مېھىر ، خەيرخاھلىق ۋە ھەسرەت - ئەلەمنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆردى . ياشانغان دادىسى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان دىشۋارچىلىقنىڭ ئېغىر سالمىقىنى كۆتۈرمەكتە ئىدى ؛ شۇ ، پەقەت شۇلا ، قىزىنىڭ دەرد - ئەلىمىنى بىر ئاماللار بىلەن يەڭگىللىتىشكە جان كۆيدۈرۈۋاتاتتى ؛ ئەمدى ئۇ قىزىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىكار بولۇپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ، خىمنولىنىنىڭ ئاپىسىنى ئەسلىدى ۋە مېھرلىك يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئامالسىزلىقنىڭ نالىسىنى قىلدى… خىمنولىنى دادىسىدىكى بۇ روھىي ھالەتنى پۈتۈنلەي سەزدى ، بىردىنلا يۈرىكىنى ئېچىشتۇرغان ۋىجدان ئازابى ئۇنى ئۆز دەردىنىڭ ئەسىرلىكىدىن يۇلۇپ ئالدى . ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭغا خىيالىي كۆرۈنۈۋاتقان دۇنيا ئەمدى ئۇشتۇمتۇت ئۆز رېئاللىقى بىلەن نامايان بولغاندەك ، ئۇ تۇرۇپلا خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى . ئۆتكەن

ئىشلارنىڭ خاتىرىلىرى ئۇنى چىگىش توردەك چىرمىۋالغانىدى، مانا ئەمدى ئۇ بۇ تورلارنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلىدى.

— بۈگۈن ئەھۋالىڭىز قانداقراق، دادا؟ — دەپ سورىدى ئۇ دادىسىدىن.

ئۇ يەنە دادىسىنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، ئۇنىڭدا ئەيەندى بىر ئادەمنىڭ سالامەت-لىك ئەھۋالىنىڭمۇ پاراڭغا ماتېرىيال بولىدىغانلىقىنى تامامەن ئۇن-تۇپ قالغانىدى.

— ئەھۋالىمنى دەمسەن، قىزىم؟ ئوبدانلا تۇرۇۋېتىمەنغۇ! مەن سەندىنلا تەشۋىش قىلىمەن، يېقىندىن بۇيان چىرايىڭ بەكلا ياماندى-شىپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭدەك ئۈستىخىنى قاتقان قېرىلار ھەممە نەرسىگە چىدامىلىق كېلىمىز، لېكىن سەن بۇ يېشىڭدا بۇنچە ئېغىر زەربىگە قانداقمۇ چىدىيالارسەن! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ قىزىنىڭ يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى.

— ئېيتىڭچۇ، دادا، — دېدى خىمنولىنى، — ئاپام تۈگەپ كەتكەندە مەن نەچچە ياشلاردا ئىدىم؟

— ئۈچ ياشلاردا ئىدىڭ، يېڭى تىلىڭ چىققان. ھېلىمۇ ئې-سىمدە تۇرۇۋېتىۇ. سەن شۇ چاغدا: «ئاپام نەگە كەتتى؟» دەپ سورىۋېدىڭ، مەن: «دادىسىنىڭ قېشىغا كەتتى» دەپ جاۋاب بەر-گەن، ئاپاڭنىڭ دادىسى ئۆلگەندە سەن تېخى تۇغۇلمىغان، شۇڭا سەن ئۇنى ئەلۋەتتە بىلمەيتتىڭ. ئۇ چاغدا سەن گېپىمنىڭ تېگىگە يەتمىگەن بولساڭمۇ، ئۇنچىقماستىن ماڭا تىكىلىپ قاراپلا قالغاند-دىڭ، ئاندىن سەن قولۇمدىن تۇتۇپ مېنى ئاپاڭنىڭ ھۇجرىسىغا ئەپكىردىڭ، سەن ئۆي قۇرۇق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆيدىن دادام چوقۇم ئاپامنىڭ ئىز - دېرىكىنى بىرەلەيدىغان بىرەر نەرسە تاپالاي-دۇ، دەپ ئويلىغان بولساڭ كېرەك. سەن، دادامنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتىڭ، لېكىن ھايات بىلەن ئۆلۈم مەسىلىسىگە كەلگەندە، داداڭنىڭمۇ دۇنياغا يېڭى تۆرەلگەن بوۋاق-تەك ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى، ئاجىزلىقىنى سەن تېخى ئۇق-

مايتتىك . سەن مېنىڭ قانچىلىك بىگىسىم بارلىقىنى ئەمدى كۆرۈ-
ۋاتىسەن ، خۇدا داداڭنىڭ كۆڭلىگە ساڭا بولغان مېھرى - شەپقەتنى
سالغىنى بىلەن ، لېكىن ئۇنىڭغا بېشىڭغا كەلگەن دەرد - ئەلەمنى
يوق قىلىۋېتەلەيدىغان قۇدرەتنى ئاتا قىلمىغان ئىكەن ، — ئۇ
سۆزلەپ بولۇپ قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى .

خىمنولىنى دادىسىنىڭ تىترەپ تۇرغان قاتاڭغۇر قوللىرىنى
ئاستا سىلاپ تۇرۇپ :

— ئاپامنىڭ چىرايىنى زادى ئەسلىيەلمەيمەن ، پەقەت ئۇنىڭ
چۈشلەردە كارىۋاتقا يېتىۋېلىپ كىتاب كۆرىدىغىنىلا ئېسىمدە قاپ-
تۇ . مەن ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇپ يېتىۋېلىشىنى خالىمىغاچقا ، قولى-
دىن كىتابنى يۇلۇپ ئېلىۋالغۇم كېلىپ كېتەتتى ، — دېدى .
شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار بۇرۇنقى ئىشلارنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ
چىقىشتى . خىمنولىنى دادىسىدىن نۇرغۇن گەپلەرنى سورىدى . ئۇ
سورىمىغان ئاپىسىنىڭ قىياپىتى ، ھەر خىل ئادەتلىرى ، شۇنىڭدەك
ئائىلىۋى تۇرمۇش ئەھۋاللىرىمۇ قالمىدى . دادىسىمۇ بۇ سوئاللارغا
ئىمكانقەدەر بىرمۇبىر جاۋاب بېرىشكە تىرىشتى . ئۇلار سۆزلىشى-
ۋاتقاندا ، كۈن ئولتۇرۇپ ئاسمان قىزىل مىس رەڭگىگە كىردى .
شاۋقۇن - سۈرەنلىك چوڭ شەھەردىكى بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە بىر
سائەت داۋام قىلغان ئازادە سۆھبەت ، ياشانغان ئاتا بىلەن ئۇنىڭ
ياش قىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاتا - بالىلىق رىشتىنى تېخىمۇ
چىڭىتتى . ئۇلار قۇياش پېتىپ شەبنەم يېشى تۆكۈلگۈچە قوپ-
ماي ئولتۇرىۋەردى .

شۇ ئارىلىقتا ، پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان جوگىندىرونىڭ ئاياغ
تىۋىشى ئاڭلاندى . ئۇلار سۆزلىرىنى توختىتىپ دەرھال ئورنىدىن
تۇرۇشتى .

— يېقىندىن بۇيان خىمنو پەقەت ئۆگزىدىلا مېھمان قوبۇل
قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ئوخشايدۇ - دە ، — دېدى جوگىندىرو
ئۇلارنىڭ چىرايىغا دېلىغۇللۇق بىلەن قاراپ .

يېقىنقى ئىشلار جوگىندىرونى قاتتىق بىئارام قىلىۋاتاتتى . بۇ

ئۆينى كېچە - كۈندۈز تەرك قىلمىغان قايغۇ - ھەسرەت ئۇنىڭ تاقىتىنى تاق قىلغانىدى. يەنە بىر ياقتىن، ئۇ تالا - تۈزگىمۇ چىقىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ بىرەر دوستى ياكى تونۇشلىرىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇلارغا خىمنولىنىڭ توي ئىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

«خىمنولىنى بەكمۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى، — دەيتتى ئۇ شۇنداق سورۇنلاردا، — بۇ، قىزلارنىڭ ئىنگلىز رومانلىرىنى ئوقۇغانلىقىنىڭ كاساپىتى. خىمنولىنىچە بولغاندا، رومىش ئۇنى تاشلىۋەتكەنىكەن، ئۇمۇ يۈرىكىنى قان قىلىپ يۈرۈشى كېرەك. شۇڭا، ئۇ ھازىر پۈتۈن جان - جەھلى بىلەن ھەممە يەردە ئۆزىنىڭ مىسكىنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. بىر رومانتىك قىز ئۈچۈن بۇ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت. چۈنكى، ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزى ۋاپاسىزلىققا ئۇچرىغان چاغدىمۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر مۇستەھكەم تۇرۇۋاتقانلىقىنى نامايان قىلالايدۇ - دە!»

— مەن خىمنو بىلەن ئازادە ئولتۇرۇپ ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىۋالاي، دەپ ئالايىتەن مۇشۇ يەرنى تاللىغان، — دېدى ئونىودا ئەپەندى ئالدىراپ ئىزاھلاپ. ئۇ قىزىنى جوگىندىرونىڭ شەپقەتسىز مەسخىرىسىدىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق دېگەنىدى، لېكىن بۇ سۆزنى جوگىندىرونىڭ، دادام خىمنولىنىنى سۆزلىشىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە باشلاپ چىققانىكەن، دەپ چۈشىنىۋېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— بۇ پاراڭنى ئۇستەلدە ئولتۇرۇپمۇ سۆزلەشكىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى جوگىندىرو كانىيىنى كېرىپ، — بۇ، خىمنونىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىغا يەل بەرگەنلىك، دادا. مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭلار، سىلەرگە ئۆينى تاشلاپ بېرىپلا قۇتۇلىمەن.

— سىز تېخى چاي ئىچمىدىڭىزغۇ دەيمەن، دادا؟ — دېدى خىمنولىنى بىئارام بولۇپ.

— چاي دېگەن كەچكى قۇياشنىڭ پاللىدە چاقنىشىدىن كېلى-

دىغان شائىرنىڭ ئىلھامى ئەمەس . ئۆگزىدە ئولتۇرىۋەرسەڭلار چاي-نىڭ ئۆزلۈكىدىن ئالدىڭلارغا چىقىپ قالمايدىغانلىقىنى ئې-سىڭلارغا سېلىش ھاجەتسىزغۇ دەيمەن ! — دېدى جوگىندىرو .

ئۇنىڭدا ئەپەندى خىمنولىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئالدىراپ سۆز ئارىلىدى :

— مەن بۈگۈن چاي ئىچمەيمەن .

— نېمە بولدۇڭ ، دادا ، تەركىدۇنيا بولاي دەۋاتامسەن نېمە ؟ ئۇنداق بولسا مەن قانداق قىلىمەن ؟ ھاۋا يەمتىم يا ؟ — دېدى جوگىندىرو .

— ياق ، ياق ، بۇ تەركىدۇنيالىق مەسىلىسى ئەمەس . ئاخشام ياخشى ئۇخلىيالمىدىم ، شۇڭا چايدىن ئۆزۈمنى سەل تارتايمىكىن دەيمەن .

راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇ ئىلگىرى خىمنولىنى بىلەن سۆزلەش-كەن چاغلىرىدا ، ئالدىغا پىيالىنىڭ لېۋى بىلەن تەڭ قۇيۇلغان قىزىق چاينى قۇيۇپ قويۇپ ئىچىپ ئولتۇرۇشنى خالايتتى . لې-كىن ، بۈگۈن ئۇنىڭدا مۇنداق ئەھۋال بولمىدى . چۈنكى ، بۈگۈن خىمنولىنى خېلىلا ئېچىلىپ قالغان ، ئاتا - بالا تىنچ ئۆگزىدە ئولتۇرۇشۇپ ھەقىقىي يېقىنلارچە سۆھبەتكە كىرىشكەن ، بىر - بىرىنى چۈشىنىشمۇ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە چوڭ-قۇرلاشقانىدى . ئورۇن يۆتكەلگەندە ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى ، يەنى خىمنولىنىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىقاي دەپ تۇرغان پىكىرلىرىنى ئۈركۈپ كەتكەن كېيىنك-تەك قاچۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭدا ئەپەندى چاي خۇمارىنىڭ غىدىقلىشىغا جاھىلانە قارشىلىق كۆرسەتتى .

خىمنولىنى دادىسىنىڭ كۈندىلىك ئادىتىنى تاشلاپ ، چايدىن ئەپسىنى يىغىش ئارقىلىق ئۇيقۇسىزلىقا داۋا تاپماقچى بولۇۋاتقانلى-قىغا ھەرگىز ئىشەنمىدى .

— يۈرۈڭ ، دادا ، ئازراق چاي ئىچىۋالمىسىڭىز بول-مايدۇ ، — دېدى ئۇ . ئۇنىڭدا ئەپەندى ئۇيقۇسىز قېلىشنىڭ تەشۇ-

شىنى بىردىنلا ئۈنتۈپ ئالدىراپ ئۆنىڭ كەينىدىن ماڭدى .
ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ، ئوكخوينىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى . «خىمنولىنىنىڭ كۆڭلى ئەمدىلا ئارامىغا چۈشتى ، ئوكخوينى كۆرسە يەنە پەرىشان بولىدۇ» دېگەن ئوي لەپپىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى . بىراق ، ئۇ ئەمدى ۋەزىيەت-نى ئوڭشىۋېلىشقا كېچىككەندى ، چۈنكى خىمنولىنىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۆيگە كىرگەندى . ئوكخوي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ :
— جوگىن ، يەنىلا مېنىڭ كەتكىنىم تۈزۈك ، — دېۋىدى ، كۈتۈلمىگەندە ، خىمنولىنى سۆز ئارىلاپ :
— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ، ئوكخوي ئەپەندى؟ نېمىگە مۇنچىۋالا ئالدىرايسىز؟ بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ مېڭىڭ ، — دېدى .
ئوكخوي قايتا ئولتۇردى .
— بايام سىلەرنىڭ يوقۇڭلاردا ئىككى - ئۈچ پىيالە چاي ئىچىپ بولغان . ئەگەر يەنە ئىچ دەپ زورلىسىڭىز ، يەنە قوشۇپ ئىككى پىيالە ئىچىۋېتەي .
— زورلىساق ئىچىدىكەنسىز - دە! بولۇپ باقمىغانلا ئىشقۇ بۇ ، — دېدى خىمنولىنى كۈلۈپ تۇرۇپ .
— شۇنداق بولىدۇ - دە ، — دېدى ئوكخوي ، — مەن خەق ياخشى كۆڭلى بىلەن بىر نەرسە بېرەي دېسە ، ئالمايمەن دەپ تۇرۇۋالىدىغان ساراڭ ئەمەسقۇ!
— تېخىمۇ مۇھىمى ، ئۆزۈڭ تەلەپ قىلغاندا ، ياخشى نەرسە-نىڭ سېنى رەت قىلىشىنى خالىمايسەن . ئەگەر بىرەر پوپ ساڭا دۇئا قىلىپ قويسا ، بۇنىڭدىن ئوبدان ئىش بولمايدىغۇ دەيمەن؟ — دېدى جوگىندىرو .
شۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭدا ئەپەندىنىڭ داستىخىنىدا ئۆزۈن مۇد-دەت ئۆزۈلۈپ قالغان پاراڭ يەنە جانلىنىشقا باشلىدى . خىمنولىن-نىڭ ئادەتتىكى سىپايە كۈلكىسى بۈگۈن بىراقلا كۈچىيىپ بەزىدە باشقىلارنىڭ پارىڭىنىمۇ بېسىۋېتەتتى .
— دادا ، ئوكخوي ئەپەندى ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنىمۇ ئۈنتۈپ

قاپتۇ ، — دېدى ئۇ دادىسىغا چاقچاق قىلىپ ، — ئۇ بىر نەچچە
كۈندىن بۇيان سىزنىڭ دورىڭىزنى يېمەيمۇ بىر ئوبدانلا تۇرۇپتۇ .
ئەگەر ھېلىقى دورىڭىز راستتىنلا كارامىتىنى كۆرسەتكەن بولسا ،
ئۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ھېچبولمىسا بېشىم ئاغرىدى ، ھېلىقى
دورىڭىزنى بەرگەن بولسىڭىز دەپ كەلگەن بولاتتى !

— ئادەم يېگەن تۇزنىغا يۈز كېلەلمىگەندەك ، ئۇمۇ ئىچكەن
دورىسىغا يۈز كېلەلمىگەن ـ دە ! — دېدى جوگىنىدىرو .

ئوننودا ئەپەندى خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇ ئۆيدىكىلەر-
نىڭ ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ دورىسى توغرىسىدا يەنە چاقچاق قىلىشقا
باشلىغانلىقىنى ئىناق كەيپىياتنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى دەپ قا-
راپ ، خۇددى يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك
يېنىكلىشىپ قالدى .

— كۆڭلۈڭلاردا نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭلارنى ئوبدان بىلىپ تۇ-
رۇپتىمەن ، — دېدى ئۇ ، — سىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى تەۋرەت-
مەكچى . مېنىڭ دورامنى ئىچىدىغانلاردىن قالغىنى پەقەت شۇلا
ئىدى ، ئەمدى سىلەر ئۇنىمۇ مەندىن ئايىنتماقچى بولۇۋاتىسىلەر .

— بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلماڭ ، ئوننودا ئەپەندى ، — دېدى
ئوكخوي ، — ئۇلار ئوكخوينىڭ ساداقىتىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتەل-
مەيدۇ .

— نېمە ، سىلەر ئوكخوينى يالغان پۇلنىڭ ئورنىدا كۆرۈۋاتام-
سىلەر ؟ قەغەز پۇلنى ئۆزگەرتىمەن دېگەنبىلەن ئۆزىگە بالا تېرىۋا-
لىدىغان گەپ ! — جوگىنىدىرونىڭ بۇ سۆزى بىلەن داستىخان
ئالدىدا كۆتۈرۈلگەن كۈلكە سادالىرى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بۇلۇتلىرى-
نى بوراندەك تارقىتىۋەتتى .

خىمنولىنى چېچىمنى تارىۋالاي دەپ ئورنىدىن قوزغالمىغان
بولسا ، بۇ پاراڭ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولاتتى . ئۇ چىقىپ
كەتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ باشقا بىرسى بىلەن كۆرۈشىدىغانلى-
قىنى ئەسكە ئالغان ئوكخويمۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

— دادا ، بۇ ئىشنى ئەمدى كەينىگە تارتمايلى ، — دېدى

جوگىندىرو ئۆيدە دادىسى بىلەن يالغۇز قالغان چاغدا، — خىمنولىنىنىڭ تويىنى تېزراق قىلىۋېتەيلى.

ئونىودا ئەپەندى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— خىمنولىنى بىلەن رومىشنىڭ تويى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سىرتتا سۆز - چۆچەك كۆپىيىپ كەتتى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى جوگىندىرو، — ئەمدى مەن يەنە مەيدانغا يالغۇز چىقىپ ئېلىشالمايمەن. ئەگەر ھەقىقىي ئەھۋالنى باشقىلارغا ئېيتالىغان بولسام ئىدىم، ئۇنداقلارنى ئەدەپلەپ قويۇش مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. لېكىن، خىمنونىڭ يۈزىنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن دىمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۇرۇشۇمگە توغرا كېلىۋاتىدۇ. خەۋىرىڭ بار، بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئوكخوي بىلەن قاتتىق قىزىرىشىپ قالدىم. ئۇمۇ بىر مۇنچە يوق گەپلەرنى قىلىۋەتتى. بىز خىمنولىنى ئەرگە بېرىۋەتكەن بولساق، ئۇششاق گەپ - سۆزلەرمۇ تۈگەيتتى. مەنمۇ جاھان سورايدىغان نوچىدەك يەڭ شىمايلاپ باشقىلارغا ھەيۋە قىلىپ يۈرمەيتتىم. مەن سىنىڭ بۇ ئىشنى ئەمدى كەينىگە تارتماسلىقىڭنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن.

— سەن ئۇنى كىم بىلەن توي قىلسۇن دەيسەن، جوگىن؟ — دەپ سورىدى ئونىودا ئەپەندى.

— ھازىر بولىدىغان بىرلا ئادەم بار. ھېلىقى ئىشتىن كېيىن غەيۋەت - شىكايەت كۆپىيىپ كېتىپ، باشقا بىر ئادەم تاپماقمۇ تەسلىشىپ قالدى. ئەمدى بىزنىڭ تاپالايدىغىنىمىز ئاشۇ ئوكخوي. بۇ ئادەمنى تاشلىۋەتمىكىمىزمۇ ئوڭاي ئەمەس. ئۇنىڭغا ماۋۇ دوردىنى يە دېسەك يەيدۇ، ماۋۇ توينى قىل دېسەكمۇ دەرھال قىلىدۇ.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، جوگىن؟ خىمنونى ئوكخويغا تېگىشكە رازى بولىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

— سەنلا كاشىلا بولمىساڭ، مەن ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالالايمەن.

— بولمايدۇ، جوگىن، بولمايدۇ، — دېدى دادىسى ۋارقى-

راپ، — مەن سىنىڭ خىمنونى مەجبۇرلىشىڭغا يول قويمايمەن. سەن ئۇنى قورقىتىپ ساراڭ قىلىپ قويىسەن. ئۇنى بىرنەچچە زامان تىنچ قويغىن. بىچارە بالىغا ئېغىر تارتقۇلۇق كەلدى. ئۇنى دەرھال توي قىلسەن، دەپ زورلىماسلىق كېرەك.

— مەن ئۇنى مەجبۇرلىماقچى ئەمەسمەن. مەن ئۇنىڭغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سىلىق گەپ بىلەن چۈشەندۈرىمەن. سەن مېنى سوقۇشۇپ يۈرۈشتىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭغا يولىدا گەپ قىلالمايدۇ، دەپ ئويلامسەن؟

جوگىندىرو ئوبدان كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. خىمنولىنى تارىنىپ ھۇجرىسىدىن چىقىشى بىلەنلا، ئۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— خىمنو، مېنىڭ ساڭا بىر ئاز گېپىم بار، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خىمنولىنىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ كەينىدىن ئاستا مېھمانخانىغا كىرىپ ئۆرە تۇرغىنىچە ئۇنىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتتى.

— يېقىندىن بۇيان دادامنىڭ رەڭگىنىڭ نەقەدەر ياماغلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى جوگىندىرو.

خىمنولىنى جاۋاب بەرمىدى، لېكىن ئۇنىڭ قىياپىتىدىن تەشۋىش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— ماڭا قارا، — دېدى ئۇ، — ئەگەر بىز ۋاقتىدا بىر ئامال قىلمىساق، ئۇ كېسەل بولۇپ يېقىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزىدىن، دادامنىڭ تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا پۈتۈنلەي سەن مەسئۇل، دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. خىمنولىنى بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى پۇرۇپ تۇرىۋەردى.

— ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى جوگىندىرو، — سەن ئۆتكەن ئىشقا ھەسرەت چېكىۋەرسەڭ، بىز بەك ئازابلىنىدىكەنمىز، سەن دادامنىڭ كۆڭلى ئارام تاپسۇن دې-

سەك ، ئۆتكەنكى كۆڭۈلسىزلىكنى پۈتۈنلەي خىيالىڭدىن چىقىرى-ۋەت ، يۈرىكىڭدە ئازراقمۇ داغ قالمىسۇن ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ سىڭلىسىغا تىكىلگىنىچە جاۋاب كۈتتى .
— سەن مېنى ، يەنە ئۇ گەپنى قوزغاپ دادامنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلارمىكىن ، دەپ غەم قىلما ، — دېدى خىمنولىنى ، ئۇ ئاكىسىنىڭ گېپىنى خاتا چۈشىنىۋالغانىدى .
— سېنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن ، لېكىن قان-داقلا قىلغان بىلەن خەقنىڭ ئاغزىنى ياپالمايسەن - دە .
— ئەمىسە ، ماڭا نېمە ئامال بار ؟ — دەپ سورىدى خىمنولىنى .
— سۆز - چۆچەكنى تىنچىتاي دېسەڭ ، پەقەت بىرلا ئامال بار .
خىمنولىنى جوگىندىرونىڭ سۆزىنى ئەمدى چۈشەندى . شۇڭا ، ئۇ ئالدىراپ جاۋاب قايتۇردى :
— دادامنى شىمالغا ئاپىرىپ ھاۋا يېگۈزۈپ كەلسەك ياخشى بولماسمۇ ؟ بىز ئۈچ - تۆت ئاي تۇرۇپ كەلگۈچە ئۇششاق گەپلەرمۇ خېلى بېسىقىپ قالىدۇ .
— بۇ ، ئىشنى تۈپتىن ھەل قىلىدىغان چارە ئەمەس . سەن كۆڭلۈڭدە ھېچقانداق ھەسرەت - نادامەت قالمىغانلىقىغا دادامنى ئىشەندۈرۈشۈڭ كېرەك . بۇنىڭسىز دادامنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەت ساقايمايدۇ ، كۆڭلىمۇ بۇرۇنقىدەك ئارامىغا چۈشمەيدۇ .
خىمنولىنىنىڭ كۆزلىرى لىق ياشقا تولدى . ئۇ كۆزىدىكى ياش يۇقىنى ئالدىراپ سۈرتۈۋېتىپ :
— ئەمىسە ، سەن زادى مېنى نېمە قىل دېمەكچى ؟ — دەپ سورىدى .
— مېنىڭ گېپىم قۇلىقىڭغا خۇشياقمايدىغانلىقى راست . لې-كىن ، شۇنداقتىمۇ دېمەي بولمايدۇ ، ئەگەر ئۆيدىكىلەر خۇشاللىق ئۆتسۇن دېسەڭ ، دەرھال توي قىلغىن .
خىمنولىنى داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى .

جوگىندىرو ئۆزىنى باسالماي سۆزلەۋەردى :
— سىلەر قىزلار كىچىككىنە ئىشنى چوڭلا بىر نېمە قىلىۋا-لىسىلەر ، بۇ ئىش كىمنىڭ بېشىغا كەلمىگەن . توي ئىشىدا نۇرغۇن قىزلارنىڭ بېشىغا كېلىشمەسلىك كېلىدۇ ، لېكىن ئۇلار باشقا بىرسىنى تاپىدۇ ـ دە ، تويىنى قىلىپ يۇرتۇۋېرىدۇ . ئەگەر رومانلاردىكى ئىشلار ھەممە ئۆيدە بولۇۋېرىدىغان ئىش بولسا ، كى-شىلەرگە ياشاش زۆرۈرىيىتى قالمىغان بولاتتى . سەن خۇددى سەھ-نىدە رولغا چىقىۋاتقاندەك ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلماي ، مەن ئەمدى ئادەم دىدارىغا يېقىن يولىمايمەن ، ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىلەن سىردىشىپ ئولتۇرىمەن ، يۈرىكىمنى ئاشۇ پەسكەش ئالدامچىنىڭ مۇقەددەس مازىرى قىلىۋەتتىم دېگۈدەك كېلىدىغاندۇ ، لېكىن سەن بۇنىڭ بىلەن بىزنى نومۇسقا ئۆلتۈرىد-سەن . ياۋاشراق ئادەمدىن بىرەرنى تېپىپ توي قىلىۋالغىن ـ دە ، بۇ كۆلكىلىك ئويۇنۇڭنى يىغىشتۇر .
ئەگەر باشقىلار ئۇنى ئويۇن ئويناۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالسا ، بۇ خىمنولىنى ئۇچۇن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى ، لېكىن بۇ گەپنىڭ جوگىندىرونىڭ ئاغزىدىن چىقىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پىچاق سانجى-غاندەك ئازابلىدى .
— مەن قاچان ئادەمزاتقا يېقىن يولىمايمەن ، مەڭگۈ توي قىلمايمەن دېدىم ؟
— ئەمىسە ، ئۇنداق نىيىتىڭ بولمىسا ، دەرھال توي قىلغىن . ئەگەر پەرىشتىدەك پاك ئادەم بولمىسا ، مەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرەل-مەيمەن ، دەپ تۇرۇۋالساڭ ، مۇشۇنداق يالغۇز ئۆتىۋېرىسەن . بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىقى قىيىن . مۇشۇ جاھاندا ياشايمىز دەيدىكەنمىز ، شارائىت بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ . ئادەم دېگەندە شۈكۈر ـ قانائەت بولۇشى كېرەك .
— سەن ماڭا نېمانداق گەپلەرنى قىلىسەن ؟ — دېدى خىمنو-لىنى بىر پەس تەڭلىككە قېلىپ ، — مەن قاچان ساڭا مۇھەببەت

توغرىسىدا گەپ قىلغان؟

— راست، سەن گەپ قىلمىغان، لېكىن نۇرغۇن ئىشلارنى قاراپمۇ بايقىۋالغىلى بولىدۇ. گاھى ياخشى نىيەتلىك دوستلىرىڭغا بەزىدە بولمىغۇر، ئادالەتسىز سەۋەبلەرنى باھانىدەپ ئۆچلۈك قىلد-سەن، ھەتتا چىن كۆڭلۈڭدىكىنى ئاشكارىلاشتىنمۇ ئۇيالمايسەن، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەككى، سېنىڭ دوستلىرىڭنىڭ ئىچىدە بىرلا ئادەم بار، مەيلى باشقىلار سېنى ياخشى ياكى يامان دېسۇن، مەيلى ساڭا خۇشاللىق ياكى كۆڭۈلسىزلىك كەلسۇن، پەقەت شۇلا ساڭا باشتىن ـ ئاياغ سادىق بولۇپ كەلدى. شۇڭا، مەن ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتىمەن. سەن ئۆزۈڭگە ئەر تاپمەن دەيدىكەنسەن، ئەلۋەتتە، كىم سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن ئۆ-زىنىڭ ھاياتىنىمۇ بېغىشلىيالايدۇ، بۇنى بىلىشىڭ كېرەك. ناۋادا سەن ئاشۇنداق ئويۇن ئويناپ كېتىۋېرىمەن دېسەڭ...

خىمنولىنى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— سەن ماڭا بۇنداق توك تەگمە. دادام مېنى كىمگە لايىق تاپسا تاپسۇن، مەن دادامنىڭ خاھىشىغا بويسۇنىمەن. مەن ئۇنىڭ گېپىگە كىرمىگەندە، ئاندىن سەن بۇ گەپلىرىڭنى قىلساڭ بولىدۇ.

جوگىندىرو بىردىنلا يۇمشىدى.

— خىمنو، جېنىم سىڭلىم، سەن مەندىن ھەرگىز خاپا بول-ما. ئۆزۈڭ بىلىسەن، كۆڭلۈم سەللا پاراكەندە بولسا سۆزۈمگە ئىگە بولالماي قالىمەن. ھەتتا بەزىدە ئاغزىمغا كەلگەننى بوغۇزۇمغا يۇتماي دەۋېتىدىغىنىممۇ بار. بىز ئاكا ـ سىڭىل ئىككىمىز كىچى-كىمىزدىن بىرگە ئۆستۇق. مەن سېنىڭ ئەزەلدىن ئەقىللىق، كەڭ قورساق ئىكەنلىكىڭنى ۋە دادامنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئوبدان بىلىمەن، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا دادىسىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭدا ئەپەندى، جوگىندىرو شۇ تاپتا سىڭلىسىغا بېسىم سېلىۋاتامدىكىن، دېگەن ئەندىشە بىلەن يۈرىكى ئېزىلىپ ئۆز ھۇج-رىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى توختىتىش ئۈچۈن

ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا جوگىندىرو كىردى . ئۇ ، نېمە گەپ چىقار-
كىن ، دەپ ئوغلىنىڭ ئاغزىغا قارىدى .

— دادا ، خىمنو توي قىلىشقا رازى بولدى ، — دېدى جوگىند-
دىرو ، — سەن مېنى زورلۇق بىلەن ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندۇ ،
دەپ ئويلايدىغانسەن بەلكىم ، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدىم . ئەگەر
سەن ئۇنىڭغا ، ئوكخويغا تەگكىن ، دەپ ئېنىقلا دەيدىغان بولساڭ ،
ئۇ ھەرگىز قارشىلىق بىلدۈرمەيدۇ .

— بۇ گەپنى مەن دەمدىم ؟

— سەن دېمەيچۇ ! ھەر قانچە بولسىمۇ ، ئۇ ئۆزى ئالدىڭغا
كېلىپ ، مەن ئوكخويغا تەگسەم بولامدۇ ، دەپ سورىماس . ئەگەر
سەن يۈز تۇرانە ئېيتىشنى ئەپسىز كۆرسەڭ ، مەن بېرىپ يەتكۈزۈپ
قويسامىمۇ بولىدۇ .

— بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى
ئوننودا ئەپەندى ، — دەيدىغان گەپنى ئۆزۈم بېرىپ دەيمەن ، لېكىن
سەن بۇنىڭغا نېمانداق ئالدىرايسەن ؟ بىز يەنە بىر نەچچە كۈن
ئەھۋالغا قاراپ باقايلى .

— بولمايدۇ ، دادا ! ئەگەر بىز يەنە سەۋر قىلىپ تۇرىۋەرسەك
ئاللىقانداق پېشكەللىكلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . ئەمدى بۇ
ئىشنى يەنە كېچىكتۈرسەك بولمايدۇ .

جوگىندىرو بىرەر ئىش قىلمەن دەيدىكەن ، ئۆيدىكىلەر قان-
چە قىلسىمۇ ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالمايتتى . ئوننودا ئەپەندىمۇ
بەزىدە ئۇنىڭ كاجلىقىدىن ئەيمىنەتتى . شۇڭا ، ئۇ ۋاقتىنچە بۇ
پاراڭنى توختىتىپ قويۇش ئۈچۈن :

— بولىدۇ ، مەن كېيىنچە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەي ، —
دېدى .

— دادا ، ھازىر ئەڭ ياخشى پۇرسەت ، — دېدى جوگىند-
دىرو ، — ئۇ ھازىر سېنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ . بۈگۈن بىر ئامال
قىلىپ بۇ ئىشنى كېلىشىۋالغىنىمىز تۈزۈك .

— ماقۇل ئەمىسە ، سەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇر ، جوگىن ، مەن

يالغۇز كىرىپ سۆزلىشەي .

— بولىدۇ ، سۆزلىشىپ بولۇپ قېشىمغا كىرەرسەن .

ئۇنىودا ئەپەندى مېھمانخانىغا كىرگەندە ئۆي قاپقاراڭغۇ ئىدى . ئۇ بىرسىنىڭ ئورۇندۇقتىن ئالدىراپ تۇرغىنىنى بايقىدى ، بىر ئازدىن كېيىن يىغلامسىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى :

— دادا ، چىراغ ئۆچۈپ قالدى ، خىزمەتكارنى چاقىرتايمۇ ؟

ئۇنىودا ئەپەندى چىراغنىڭ تاسادىپىي ئۆچۈپ قالمىغانلىقىنى پەملىدى .

— ھېچقىسى يوق ، قىزىم ، — دېدى ئۇ ، — بىزگە چىراغ بولمىسىمۇ بولىدۇ ، — ئۇ ئاستا سىيپىلاپ بېرىپ قىزىنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى .

— سىز سالامەتلىكىڭىزگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بوپقالدىڭىز ، — دېدى خىمنولىنى .

— بۇمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ، قىزىم . مېنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى . مەندىن تەشۋىشلەنمەي ، بولسا ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىكىگە ئوبدانراق كۆڭۈل بۆل .

— ھەممىڭلار مۇشۇنداق دەيدىكەنسىلەر ، دادا ، — دېدى خىمنولىنى تېرىكىپ ، — بۇ گەپنىڭ پەقەت ئاساسى يوق . راستىنى ئېيتسام ، مەن قاچان سىلەرنىڭ گېپىڭلارغا كىرمىگەن يېرىم بار ! دادا ، سىز نېمىگە ئاساسلىنىپ مېنى ، سالامەتلىكىڭگە كۆڭۈل بۆلمىدىڭ ، دەيسىز . ئەگەر سىز ماڭا بىرەر شىپالىق دورا بۇيرۇسىڭىز ، قېنى دەڭ . مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئەزەلدىن ياق دەپ باقمىغان ، شۇنداق ئەمەسمۇ ، دادا ؟

ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى .

— شۇنداق قىزىم ، سەن ئەزەلدىن ياق دەپ باقمىغان ، — دېدى ئۇنىودا ئەپەندى . ئۇ پەقەت قىزىنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇشنىلا خالايتتى ، — سەن ھەر قانداق ئىشتا مېنى جىق گەپ قىلدۇرمايسەن ، خۇددى ئانا بالىنىڭ كۆڭلىنى قانداق چۈشەنسە ، سەنمۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى شۇنداق چۈشىنىسەن . مەن كۆڭلۈمدىكى-

نى ئاغزىمدىن چىقارمايمۇ ، سەن دائىم شۇ بويىچە بەجا كەلتۈرۈپ كەلگەن . ئەگەر دادىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان بولسا ، سەن ئۆمۈر بويى بەختلىك كۈن كۆرىسەن .

— مېنىڭ سىز بىلەن دائىم بىرگە بولۇشۇمنى خالىمامسىز ، دادا ؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن ، قىزىم .

— مەن ھېچبولمىغاندا ئاكام توي قىلىپ چىقىپ كەتكۈچە سىز بىلەن بىرگە تۇرسام بولامدۇ ؟ ئەگەر مەن بولمىسام ، سىز-نىڭ ھالىڭىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ ؟

— مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالىمەن دەمسەن ؟ بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسىمۇ بولىدۇ ، قىزىم . مەن سېنى ماڭا قارىسۇن دەپ ئېلىپ قالماقچى ئەمەس .

— ئۆي بەك قاراڭغۇ ، دادا ، مەن بېرىپ چىراغ ئېلىپ كىرەي ، — خىمنولىنى ياندىكى ئۆيدىن بىر چىراغنى ئېلىپ كىرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بىر نەچچە كۈندىن بۇيان كۆڭلىمىز ئارامىدا بولماي ئاخشاملىرى سىزگە گېزىت ئوقۇپ بېرەلمىدىم . ھازىر سىزگە ئازراق گېزىت ئوقۇپ بېرەي ، بولامدۇ ؟

ئونىودا ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بولىدۇ ، قىزىم . سەل تۇرۇپ تۇرغىن ، مەن چىقىپلا كىرىمەن ، ئاندىن ئوقۇپ بېرەرسەن ، — دېدى ـ دە ، جوگىنىدىرو-نىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى . ئۇ ئەسلىدە جوگىنىدىروغا ، ھېلىقى گەپنى بۇگۈن دېگىلى بولمىدى ، ئەتىچە بىر نېمە دەرمىز ، دېمەكچى ئىدى ، لېكىن جوگىنىدىرونىڭ :

— قانداق بولدى ، دادا ، توي قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭغا گەپ قىلدىڭمۇ ؟ — دېيىشى بىلەنلا ، ئۇ ئالدىراپ :

— دېدىم ، مەن ئۇنىڭغا دېدىم ! — دەپ جاۋاب بېرىۋەتتى . ئۇ ، مۇنداق دېمىسەم جوگىنىدىرو خىمنولىنىغا يەنە كايىپ كەتمە-سۇن دەپ ئەنسىرىگەنىدى .

— ئۇ گەپ يوق قوشۇلغاندۇ؟ — دەپ سورىدى جوگىندىرو.
— شۇنداق، قوشۇلدى دېسەكمۇ بولىدۇ.
— ئەمىسە مەن بېرىپ ئوكخويغا خەۋەر قىلاي، — دېدى جوگىندىرو.
— ياق، ياق! هازىر ئوكخويغا دېسەڭ بولمايدۇ! — ئۇ جوگىندىرونى ئالدىراپ توستى، — ئۆزۈڭ بىلىسەن، جوگىن، مۇشۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلساڭ چوقۇم ئىشنى بۇزۇپ قويىسەن. هازىرچە بۇ گەپنى ھېچكىمگە دېمەي تۇر. بىز شىمالغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن قارار قىلايلى.
جوگىندىرو ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېرىپ بوينىغا شارپىنى سالدى ـ دە، غىپپىدە قىلىپ ئوكخوينىڭ ئۆيىگە تىكىۋەتتى. ئۇ ئوكخوينىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇنىڭ دوستى باش كۆتۈرمەي ئىنگ-لىزچە بوغالتىرلىق ھەققىدە يېزىلغان بىر كىتابنى كۆرۈپ ئولتۇ-راتتى. جوگىندىرو ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى ئېلىپ چۆرۈۋەت-تى ـ دە:
— هازىرچە بۇنى قويۇپ تۇر. ئالدى بىلەن بىز سېنىڭ توي كۈنۈڭنى تاپىن قىلىۋالايلى، — دېدى.
— ئاھ خۇدا! — دەپ توۋلىۋەتتى ئوكخوي.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

ئەتىسى خىمنولىنى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ دادىسىنىڭ ھۇج-رىسىغا كىرگەندە، ئۇنىڭدا ئەپەندى دېرىزىنىڭ كەينىدىكى ئورۇن-دۇقتا جىمجىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.
ئۆيدە جاھازلار كەمچىل بولۇپ، بار ـ يوقى بىر كارىۋات بىلەن بىر كىيىم ئىشكاپىلا بار ئىدى. بىر تامغا خىمنولىنىنىڭ مەرھۇم ئاپىسىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر يوغان ئەينەك رامكا ئېسىلغان، ئۇدۇلدىكى تامغا ئۇنىڭ توقۇغان پوپايكىسى ئېلىپ قويۇلغانىدى؛ ئىشكاپقا ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن بىر قىسىم زىننەت بۇيۇملىرى ۋە بەزى ئۇششاق ـ

چۇششەك نەرسىلەرى سېلىنغان بولۇپ ، بۇنىڭغا هازىرغىچە هېچ-
كىم قول تەگكۈزمىگەنىدى .
خىمنولىنى دادىسىنىڭ كەينىگە كېلىپ ، خۇددى بېشىدىكى
ئاقلارنى تېرىپ ئېلىۋەتمەكچى بولغاندەك ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى سى-
لىق سىلاپ تۇرۇپ :
— دادا ، بۇگۈن ئەتىگەنرەك چېيىمىزنى ئىچىپ هۇجرىڭىزغا
كىرىپ ئولتۇرساق ، ماڭا ئائىلىمىزنىڭ بۇرۇنقى پاراڭلىرىنى
سۆزلەپ بەرسىڭىز . ئۇ پاراڭلارنى ئاڭلاشنى نەقەدەر ياخشى كۆرى-
دىغانلىقىمنى سىز بىلمەيسىز ، — دېدى .
ئەزەلدىن قىزىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ كەلگەن ئونودا ئەپەن-
دى ئۇنىڭ ، چاينى تېزراق ئىچىپ بولساق ئىكەن دەپ ئالدىراۋاتقان-
لىقىنى سەزدى . دېمىسىمۇ ، ئوكخوي بىردەمدىلا بۇ يەردە پەيدا
بولۇشى مۇمكىن ئىدى ، خىمنولىنى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ
تېزراق دادىسىنىڭ هۇجرىسىغا كىرىۋېلىشنى خالاۋاتقانىدى .
قىزىنىڭ ئۇركۈپ كەتكەن كېيىكتەك يۈرەكئالدى بولۇپ كەت-
كەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئونودا ئەپەندىنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى .
ئۇلار ئۇستۇنكى قەۋەتتىن چۈشتى . ئونودا ئەپەندى چاينىڭ
تېخىچە قاينىمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، خىزمەتكارىغا بىر مۇنچە قەھرى-
نى چاچتى . خىزمەتكارى ئۇنىڭ بۈگۈن بۇنچە ئەتىگەن چاي ئىچ-
مەكچى بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتسىمۇ بولمى-
دى . ئونودا ئەپەندى ئەزەلدىن ئۆز خىزمەتكارلىرىغا نارازى ئى-
دى ، ئەمدى بۇ ئىش ئۇنىڭغا تېخىمۇ بولۇپ بەردى . ئۇ ، خىزمەت-
كارلىرىنى ئۆزلىرىنى بىلىشمەيدىغانلار ، بىرسى ئويغىتىپ قويمى-
سا ئىسسىق يوتقاندىن چىقماي يېتىۋېرىدۇ ، دەپ كايىپلا كەتتى .
چاي تېزلا كەلتۈرۈلدى . ئادەتتە پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ ئال-
دىرىماي چاي ئىچىدىغان ئونودا ئەپەندى بۈگۈن نېمىشقىدۇر چاينى
ئالدىراپ - ئالدىراپ ئىچكىلى تۇردى .
— بىر يەرگە ئالدىرامسىز ، دادا ؟ — دېدى خىمنولىنى ئەجەب-
لەنگەن هالدا .
— ياق ، ياق ! بۈگۈن هاۋا سوغۇقراق تۇرىدۇ ، شۇڭا چاينى

قىزىقىدا ئىچىۋالايمىكىن دەيمەن . چاينى قىزىق ئىچىپ تەرلىنى- ۋالسا سالامەتلىككە پايدىسى بار ، — دەپ جاۋاب بەردى دادىسى . لېكىن ، ئۇ تېخى تەرلىنىپ ئۈلگۈرمەيلا جوگىنىدىرو ئوكخوينى كەينىگە سېلىپ ئۆيگە كىردى .

ئوكخوي بۈگۈن ئالاھىدە ياسىنىۋالغان ، مەيدىسىگە ئىنتايىن چىرايلىق سائەت زەنجىرى ئېسىۋالغانىدى . ئوڭ قولىدا كۈمۈش تۇتقۇچلۇق ھاسا ، سول قولىدا قوڭۇر قەغەزگە ئورالغان بىر نەرسە تۇراتتى . ئۇ بۇرۇنقى جايىغا ئەمەس ، بەلكى خىمنولىنىنىڭ قېشىغا بىر ئورۇندۇقنى سۆرەپ كېلىپ جايلاشتى - دە ، ھىجىيىپ تۇرۇپ :

— بۈگۈن سىلەرنىڭ سائەتتىڭلار ئىتتىك كېتىپتىمۇ نېمە ؟ — دېدى .

خىمنولىنى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى ، ئۇنىڭدا ئوكخويغا جا- ۋاب قايتۇرىدىغان ئەلپازمۇ كۆرۈنمەيتتى .

— خىمنو قىزىم ، بىز ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقايلى ، — دېدى ئونودا ئەپەندى ، — قىشلىق كىيىملىرىمنى ئاپتاپقا سېلى- ۋەتمىسەك بولمايدۇ .

— نېمانچە ئالدىرايسەن ، دادا ، — دېدى جوگىنىدىرو ئاچچىق- لىنىپ ، — كۈن بىر دەمدىلا قېچىپ كەتمەيدىغۇ ! خىمنو ، ئوكخوي- غا بىر پىيالە چاي قۇيمامسەن ، ماڭىمۇ بىر پىيالە قۇي . لېكىن ، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ، ئىلتىپات ئاۋۋال مېھمانغا !

ئوكخوي قاقاقلاپ كۈلگىنىچە خىمنولىنىغا قاراپ :

— سىز مۇنداق پىداكارانە روھنى كۆرگەنمىدىڭىز ؟ مەردلىك- تە فىلىپ سىدنەينىڭ[1] ئۆزىكەن جۇمۇ بۇ ! — دېدى .

ئوكخوينىڭ بۇ چاقچىقىغا خىمنولىنى پەرۋامۇ قىلماي ، ئىككى پىيالە چاي قۇيۇپ بىرنى جوگىنىدىروغا بەردى ، يەنە بىرنى ئوكخوي-

① ئەنگلىيىنىڭ 16 - ئەسىردىكى يازغۇچىسى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ بىر كۈنى ئۇرۇشتا يارىلىنىپ قاتتىق ئۇسساپ تۇرغاندا ، بىرسى ئۇنىڭغا ئازراق سۇ بېرىپتۇ . سىدنەي يېنىدا يەنە بىر يارىدارنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ سۇنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ - دە : «سىز ماڭا قارىغاندا تېخىمۇ سۇغا ئېھتىياجلىق» دەپتۇ . كېيىنكىلەر ئۇنىڭ نامىنى مەرد ئادەمنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن .

نىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدى ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىغا قارىدى .
— يەنە بىر ئازدىن كېيىن ھاۋا ئىسسىپ كەتسە ئۆگزىگە چىققىلى بولمايدۇ ، — دېدى ئۇنىۇدا ئەپەندى ، — يۈر ، خىمنو ھازىرلا چىقايلى .
— ۋاي - ۋۇي ، كىيىملىرىڭنى قويۇپ تۇرە ! — دېدى جوگىندىرو ، — ئوكخوي ھېلىقى ئىش ئۇچۇن كەلسە ، سىلەر…
ئۇنىۇدا ئەپەندى ئۆپكىسىنى باسالماي قالدى .
— ئىككىڭلار بىزنى قەستەن بوزەك قىلغىلى تۇردۇڭلار ، بىرسى روھىي ئازاب چېكىپ تۇرغاندا ، بىزنىڭ گېپىمىزگە كىر دەپ ئۇنىڭغا زورلۇق قىلىشقا ھەققىڭلار يوق . بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ھەممە نېمىنى چىداپ ئىچىمگە يۇتۇپ كەلدىم . ئەمدى تاقەت قىلالمايمەن . خىمنولىنى ، ئەزىزىم ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز ئۈستىدە چاي ئىچەيلى .
ئۇ شۇ گەپ بىلەن قىزىنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى ئىدى . لېكىن ، كۈتۈلمىگەندە خىمنولىنى خاتىرجەم ھالدا مۇنداق دېدى :
— ئالدىرىماي تۇرۇڭ ، دادا ، سىز تېخى چاي ئىچىپ بولمىدىڭىز . ئوكخوي ئەپەندى ، سىز ئېلىپ كەلگەن ئاۋۇ سىرلىق بولاقتا نېمە بارلىقىنى سوراپ بېقىشقا بولامدىكىن ؟
— سورىشىڭىزغا بولىدۇلا ئەمەس ، ھەتتا بۇ سىرنى ئۆزىڭىز ئاشكارىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — دېدى ئوكخوي بولاقنى سۇنۇپ تۇرۇپ .
خىمنولىنى بولاقنى ئېچىپ تەنسۇنىنىڭ خۇرۇم مۇقاۋىلىق شېئىرلار توپلىمىنى كۆردى - دە ، ئۈشتۈمتۇت چۆچۈپ كەتكەندەك چىرايى تاتىرىپ كەتتى . ئۇ تېخى يېقىندا شۇنىڭغا ئوپمۇئوخشاش بىر سوۋغاتنى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ ، ئۇ ئۈستۈنكى ئۆيدىكى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدا ساقلىنىۋاتاتتى ، بۇنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى .
جوگىندىرو سەل كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— سىر تېخى تولۇق ئېچىلغىنى يوق ، — دېدى - دە ، ھېلىقى كىتابنىڭ ئىچ مۇقاۋىسىنى ئېچىپ كۆرسەتتى . ئۇنىڭدا «شىرېموتى خىمنولىنىغا يادىكار ، ئوكخوينىڭ ئەرزىمەس كۆڭلى دەپ بىلەرسىز» دەپ يېزىلغانىدى .

خىمنولىنىنىڭ تەرى تۇرۇلۇپ ، دەرھال كىتابنى چۆرۈۋېتىپ كەينىگە ئۆرۈلدى - دە :

— يۇرۇڭ ، دادا ، — دېدى . ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . جوگىندىرونىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن قانغا تولدى .

— ئەمىدى بۇ ئۆيدە بىر مىنۇت تۇرغىدەك رايىم قالمىدى ، — دېدى ئۇ چۇقان كۆتۈرۈپ ، — مەن ھازىرلا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن . خەپ ، نەدىن بولسىمۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى تېپىپ ئۆز كۈنۈمنى كۆن ئەتمىسەم !

— بۇنىڭغا مۇنچىۋالا ئاچچىقلىنىش كەتمەيدۇ ، بۇرادەر ، — دېدى ئوكخوي ، — سەن خاتالىشىۋاتىسەن ، دەپ مەن ساڭا بۇرۇنلا ئېيتقان . سەن چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەنمۇ ئامال يوق سېنىڭ دېگىنىڭگە كۆندۇم ، لېكىن ھازىر شۇنىڭغا تولۇق ئىشەنىمەنكى ، خىمنولىنى ھازىرمۇ مېنى ياخشى كۆرمىگۇدەك ، سەن ئەمدى بۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچ . ئەگەر بۇ ئىشنى ئوڭشايمىز دەيدىكەنمىز ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا رومىشنى ئۇنتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك .

— بۇ گېپىڭغۇ توغرا ، لېكىن ئۇنى قانداق قىلىدىغان گەپ ؟

— دۇنيادا يىگىت پەقەت مەنلا ئەمەس ، بىز بۇنداق ئويلىساق بولمايدۇ ، ئەگەر سىڭلىڭنىڭ ئورنىدا سەن بولغان بولساڭ ، بۇ ئىش ئوڭاي ئىدى . چوڭلارمۇ مېنى قاچان خوتۇن ئالاركىن ، دەپ كېچە - كۈندۈز غېمىمنى يەپ يۈرمىگەن بولاتتى . ئەھۋال بۇنداق بولغاندىن كېيىن بىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاللايدىغان ئادەمنى — خىمنولىنى كۆرۈپلا كىيىمنى ئاپتاپقا سالىمەن ، دەپ چىقىپ كەتمەيدىغان كۈيئوغۇلنى تېپىشىمىز كېرەك .

— ئەمدى يىگىت زاكاز قىلىشنىڭ ئورنى يوقتۇ ، — دېدى جوگىندىرو .

— سەن ئۇڭايلا قېيىدايدىكەنسەن ، بىزنىڭ ئاساسلىق مەقسە-تىمىز خىمىنولىنىغا ئەر تېپىش ئىكەن ، ئالدىراقسانلىق قىلساڭ ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ . پۇرسەت پىشىپ يېتىلمەي تۇرۇپ توي گېپىنى ھەرگىز ئېغىزدىن چىقارماسلىق لازىم ، بولمىسا ئىككىلا تەرەپنى ئۇركۇتۇپ قويىسەن . ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئاستا ـ ئاستا بارانىغا يەتكەندە ، ئاندىن بىر پۇرسەتنى تېپىپ توينىڭ گېپىنى چىقارساڭ بولىدۇ .

— كۆرسەتكەن ئەقلىڭ توغرا ، مەن بۇنىڭغا ئىقرار . لېكىن ، سەن ئۇنىڭ كىملىكىنى ئېيتمامسەن ؟

— سەن ئۇنى ئانچە تونۇمايسەن ، لېكىن كۆرگەن ، ئۇنىڭ ئىسمى دوختۇر نولىناكخا .

— نولىناكخا !

— چۆچۈپ كېتىۋاتامسەن نېمە ؟ ! راست ، «براھما سامائى» دىكى بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلما . سېنىڭ ئۇنچىلىك سەۋەبلەر بىلەن بۇ لايىقنى قول-دىن چىقىرىپ قويمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن .

— ئىشقىلىپ ، لايىقراق بىر ئادەمنى تاپساقلا باشقا غېمىمىز قالمايتتى ! لېكىن ، سېنىڭچە نولىناكخا قوشۇلارمۇ ؟

— مەن ، بۈگۈن بىرىپلا ئۇنىڭغا بىزگە كۆيئوغۇل بولساڭ دېسەڭلا ئۇ قوشۇلىدۇ دېمىگەندىمەن . ۋاقىت دېگەن نى ـ نى مۆجىزىنى يارىتىدۇ . سەن مېنىڭ گېپىمگە كىر ، جوگىن . نولى-ناكخا ئەتە ئۇتتۇق سۆزلىمەكچى ، سەن خىمىنولىنىنى باشلاپ بار-غىن . ئۇ قالتىس ناتىق نېمە . ئايالالارنى جەلپ قىلىشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق . بىچارە ئايالالار ! ئۇلار گەپ ئاڭلايدىغان ئەرنىڭ گەپ قىلالايدىغان ئەرلەرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇرىدىغانلىقىنى بىلىشمەيدۇ !

— ماڭا قارا ، — دېدى جوگىندىرو ، — سەن ئالدى بىلەن نولىناكخانىڭ تارىخىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەرگىن . مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېنىقراق ئۇقۇپ باقاي .

— بولىدۇ ، جوگىن . مەن ئۇنىڭ تارىخىنى ساڭا سۆزلەپ
بېرەي . لېكىن ، سەن ئۇنىڭ بىرەر كەمچىلىكىنى ئاڭلاپ قالساڭ
ھەرگىزمۇ كۆڭلۇڭگە ئېلىپ كەتمىگىن . مېنىڭچە ، ئازراق نۇقسان-
لىق بولۇش ئۇنچە يامان ئىش ئەمەس . ھېچقانداق نۇقسانسىز
مالنىڭ باھاسى ناھايىتى قىممەت بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن سەللا
نۇقسانى سېزىلىدىكەن ، بىز ئۇنى ھېچقانچە پۇل سەرپ قىلمايلا
ئېلىۋالالايمىز .
ئوكخوينىڭ ئېيتىپ بەرگىنىگە ئاساسەن ، نولىناكخانىڭ تارى-
خىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاش مۇمكىن ئىدى :
ئۇنىڭ دادىسى راجوبوللوبخا فارىدپوردىكى بىر كىچىك پومىش-
چىك ئىكەن . راجوبوللوبخا ئوتتۇز يېشىدا «براھما سامائى» غا
قاتنىشىپتۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ يېڭى دىنغا كىرىشى-
نى رەت قىپتۇ ۋە ئۆز ئېتىقادىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ ، تۇتقان
يولىدا كېتىۋېرىپتۇ . خوتۇنىنىڭ بۇ قىلىقىغا راجوبوللوبخانىڭ
تەبئىيكى ئاچچىقى كەپتۇ . ئۇلارنىڭ ئوغلى نولىناكخا ئۆزىنىڭ
دىنىي قىزغىنلىقى ۋە سۆزمەنلىكى بىلەن ياش ۋاقتىلىرىدىلا «ب-
راھما سامائى»نىڭ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملىرىدىن بىرى
بولۇپ قاپتۇ . ئۇ شۇ يەرنىڭ داۋالاش خىزمەت ئەترىتىگە قاتنى-
شىپ ، بېنگال ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىدەك ھەممە يەرنى ئارىلاپ
يۈرۈپتۇ . ئۇ بارغانلىكى جايدا ، كىشىلەر ئۇنى خىزمەت ئىقتىدارى
كۈچلۈك ، دىيانەتلىك ، ھالال ئادەم دەپ ماختىشىپتۇ . كېيىن
ئۆيلەنمىگان يەردىن بىر ۋەقە يۈز بېرىپتۇ . راجوبوللوبخا قېرىغان
مەزگىلىدە تۇيۇقسىز ئايىنىپ بىر تونۇش تۇل خوتۇننى ئالماقچى
بوپتۇ ، باشقىلار ھەر قانچە سۆزلەپمۇ ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالماپ-
تۇ . ئۇ ئۆزىگە قارشى چىققانلارغا : «گەپنىڭ بار يېرىنى ئېيتقان-
دا ، ھازىرقى خوتۇنۇم مېنىڭ ھالال جۈپتۈم ھېسابلانمايدۇ ، چۈنكى
ئىككىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش ئەمەس . مەن بىلەن ئادەت-
تىكى سۆز ـ ھەرىكەتتىمۇ ، دىنىي ئېتىقاد تەرەپتىمۇ ، پىكىر ۋە
كۆڭۈل بىرلىكى جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولغان ئاشۇ ئايالنى ئالمىسام

چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

راجوبوللوبخا كۆپچىلىكنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ھىندى دىنىنىڭ رەسىم - قائىدىسىگە بىنائەن ھېلىقى تۇل خوتۇننى ئاپتۇ. نولىناكخانىڭ ئانىسى ئېرىدىن ئاجرىشىپ بىنارسقا كەتمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا رانگىپوردا دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان نولىناكخا دەرھال خىزمىتىنى تاشلاپتۇ - دە، ئانىسى بىلەن بىللە كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. «ئوغلۇم، — دەپتۇ ئانا كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ، — ئىككىمىزنىڭ دىنىي قارىشىمىز ئوخشىمايدىغان تۇرسا ئۆزۈڭگە ئارتۇقچە باش ئاغرىقى تېپىپ نېمە قىلىسەن؟»، «ئوخشىمايدىغان ھېچ يېرى يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نولىناكخا. ئۇ دادىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۇپەيلىدىن يۈرىكىگە جاراھەت چۈشكەن ئانىسىنى بىر ئاماللار بىلەن بەختلىك كۈنگە ئېرىشتۈرۈشكە بەل باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىنارسقا كۆچۈپ كەپتۇ.

بىر كۈنى ئانىسى ئۇنىڭدىن، ئۆيلەنمەمسەن، دەپ سوراپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ نولىناكخا ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپتۇ. «مەن نېمىشقا ئۆيلىنىدىكەنمەن، ئانا؟ مۇشۇنداق ئۆتكىنىم ناھايىتى ياخشى» دەپتۇ ئۇ.

ئۇنىڭ ئۆز دىنىي مەزھىپىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولغانلىقىنى، ئۇ ئەمدى تېخىمۇ ئەدەپ «براھما سامائى»نىڭ سىرتىدىكى قىز بىلەن توي قىلمايدىغانلىقىنى ئانىسى پەملەپتۇ.

ئۇ، ئوغلۇم مېنى دەپ توي قىلىشتىن قېسىلىۋاتامدىكىن، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «جېنىم ئوغلۇم، مېنى دەپ ھەرگىز بويتاق ئۆتۈۋەرمىگىن، سەن كىم بىلەن توي قىلساڭ مەيلى، مېنى قارشى چىقامدىكىن دەپ ئەندىشە قىلما».

نولىناكخا بۇ ھەقتە بىر - ئىككى كۈن ئويلانغاندىن كېيىن ئانىسىغا ئېنىق پىكرىنى قويۇپتۇ: «ئانا، مەن چوقۇم سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىدەك كېلىن تېپىپ كېلىمەن، ئۇ ناھايىتى ۋاپادار، رايىش قىز بولىدۇ. ئۇ مۇئامىلە، ئىش - ھەرىكەتلىرىدە سىزگە

ھەرگىز باش ئاغرىقى تېپىپ بەرمەيدۇ. سىز بىلەن بىر ئۆيدە ئۆتكەندە پېتىشالمايدىغا ئىش بولمايدۇ».

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە قىز تېپىش ئۈچۈن بىندىگالغا كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ھەر قىسما گەپلەر بار ئىكەن. بەزىلەر ئۇنى بىر يېزىغا بېرىپ ئاتا - ئانىسى يوق بىر يېتىم قىزغا ئۆيلىنىپتىكەن، توي بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ قىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېيىشىدىكەن؛ بەزىلەر بۇ گەپكە گۇمان بىلەن قارايدىكەن. ئوكخوي، ئۇ ئەسلىدە توي قىلماقچى بولۇپ كېيىنچە نىيىتىدىن يانغان، دېگەن قاراشقا ئىشىنىدىكەن.

قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئوكخوينىڭ قارىشىچە، ئەگەر بۇ گەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ قالسا، نولىناكخانىڭ ئانىسى قوشۇلىدۇلا ئەمەس، بەلكى ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك قىزنى تېپىپ ئۆيلەنگەنلىكىگە جەزمەن خۇشال بولىدۇ، خىمنولىنىدەك گۈزەل قىزنى تاپماقمۇ ئوڭاي ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىمنولىنى ئۆزىنىڭ مۇلايىملىقى بىلەن قېينانىسىغا ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ، ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قىزغا ئازار بەرمەيدۇ. نولىناكخا خىمنولىنى بىلەن مەلۇم ۋاقىت بىرگە تۇرۇپ باقسىلا، چوقۇم بۇ مېنىڭ شەرتىمگە تازا مۇۋاپىق قىز ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ.

شۇڭا، ئوكخوي بۇ ئىككى ياشنى ئۆزئارا تېزراق تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى تەكلىپ قىلدى.

## قىرىقىنچى باب

ئوكخوي كېتىشى بىلەنلا جوگىندىرو ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتى. ئۇنىڭدا ئەپەندى بىلەن خىمنولىنى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدا ئەپەندى ئوغلىنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلاندى. ئۇ بايام چاي ئۈستىدە ئۆزىنى تۇتالماي ئوغلىغا ئاچچىقلىنىپ كەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلغانىدى، شۇڭا ئەمدى ئادەتتىن تاشقىرى يېقىنچىلىق

بىلەن ئوغلىغا گەپ قىلدى:
— كەل، جوگىنىدىرو، كەل، ئولتۇر، ئوغلۇم!
— دادا، — دېدى جوگىنىدىرو، — خىمنولىنىنى بىلەن ئىك-كىڭلارنىڭ بوسۇغىدىن ئاتلايدىغان تۇرقۇڭلار يوققۇ. كۆن بويى ئۆيگە بېكىنىۋالغانىنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق.
— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ئوننودا، — بىز ئەزەلدىن تالا - تۈزگە ئانچە چىقمايمىز. ھازىر ئالىلىقانداق باھانە بىلەن خىمنولىنىنى تالاغا ئەپچىقمىقىڭ تېخىمۇ ئوڭاي ئەمەس.
— بولدى قىلىڭە، دادا، — دېدى خىمنولىنى دادىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مېنىلا ئەيىبلەيدىكەنسىز، سىلەر بىر يەرگە بارساڭلار، مېنىڭمۇ بىللە بارغۇم كېلىدىغۇ!
ئۇلارنىڭ ئويى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان بولسى-مۇ، لېكىن ئۇ ئۇلارغا، ئۆز قايغۇسى تۈپەيلىدىن ئۆيگە بېكىنىۋې-لىشنى خالىمايدىغانلىقى ھەمدە ئەتراپىدىكى ھەممە ئىشلارغا يەنىلا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولدى.
— دادا، — دېدى جوگىنىدىرو، — ئەتە لىكسىيە بولىدىكەن، خىمنولىنىنى ئېلىپ ئاڭلاپ كەلسىڭىز.
ئوننودا ئەپەندى خىمنولىنىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئامما-ۋى سورۇنلارنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ جاۋاب بەر-مەي ئۆرۈلۈپ قىزىنىڭ چىرايىغا قارىدى.
— لىكسىيە! — ئۇ ناھايىتى قىزىقاندەك ھالدا سو-رىدى، — كىم سۆزلەيدىكەن؟
— دوختۇر نولىناكخا، — دەپ جاۋاب بەردى جوگىنىدىرو.
— نولىناكخا! — دەپ تەكرارلىدى ئوننودا.
— ئۇ قالتىس تونۇلغان ناتىق، ئۇنىڭ تارىخىنى ئاڭلىغان ئادەم ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئۆزىنى تۇ-تۇش، ئۇنىڭدىكى قىزغىنلىق! مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇنداق بىرسى تېپىلمايدۇ.
راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن ئىككى سائەت بۇرۇنلا ئۇ نول-

ناكخا توغرىسىدا سەل ـ پەل ئاڭلاپ قالغان مىش ـ مىش پاراڭلار-دىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى .

— بولىدۇ ، دادا ، — دېدى خىمنولىنى خۇشال ھالدا ، — بىز بېرىپ ئۇ ئۇلۇغ ئەربابنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كېلەيلى .

ئۇنىڭدا قىزنىڭ بۇنداق قىزغىنلىقىغا ھەرگىز ئىشەنگىنى يوق ، شۇنداقتىمۇ بۇ سۆزدىن ئۆزىگە مەلۇم تەسەللى تاپتى .

گەرچە خىمنولىنى ئۆزىگە زورلاپ رازىلىق بىلدۈرۈۋاتقان بول-سىمۇ ، لېكىن تالا ـ تۈزگە چىقىپ دوست ـ يارەنلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈش ئۇنىڭ كەيپىياتىنى تېزراق ياخشىلىشى ، تەڭ-تۇشلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرۇش ئۇنىڭ شىكەستىد-لەنگەن قەلبىگە مەلھەم بولالىشى مۇمكىن ئىدى .

— بولىدۇ ، — دېدى دادىسى جوگىندىروغا ، — ئەتە سەن بىزنى باشلاپ بارغىن ، لېكىن ھايال قالمايلى جۇمۇ . ھازىر نولد-ناكخا توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىڭنى سۆزلەپ باققىنا ، ئۇ توغرىلىق ھەر خىل سۆزلەر بارغۇ .

جوگىندىرو ھە دېگەندىلا يوق يەردىن پاراڭ تاپىدىغان غەيۋەت-چىلەرنى سۆكۈپ چۇشۇپ كەتتى .

— دىنىمىزدا شۇنداق تەلۋىلەر باركى ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆز دىنداشلىرىغا خالىغانچە تۆھمەت ۋە ھاقارەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىل-غان دەپ قارايدۇ . دىننى سېتىپ يەيدىغانلاردىن ئارتۇق رەھىم-سىز ، زەھەرخەندە ئادەملەر بولمايدۇ ، — جوگىندىرو سۆزلىگەن-سېرى قىزىغىلى تۇردى .

— توغرا دەيسەن ، ئېيتقانلىرىڭغا قوشۇلىمەن ، — دېدى ئۇنىڭدا بېشىنى قايتا ـ قايتا لىڭشىتىپ ، — ھەممىشە باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىۋەرگەن ئادەمنىڭ ئىچى تار بولىدۇ ، ئۇنداق ئادەم تازا گۇمانخور ، تۇتۇرۇقسىز بولۇپ قالىدۇ .

— ھوي ، دادا ! — دەپ چۇقان سالدى جوگىندىرو ، — بۇ گەپنى ماڭا تەگكۈزۈۋاتامسەن ؟ ئۆزۈڭ بىلىسەن ، مەن ئۇنداق تەق-ۋادارلاردىن ئەمەس . مەن بەزىلەرنى تىللاشنىمۇ بىلىمەن ، يەنە

بەزىلەرنى ماختاشنىمۇ بىلمەن . كىمگە پىكرىم بولسا يۈز تۇرانە دەۋېرىمەن ، زۆرۈر بولغاندا مۇشت كۆتۈرۈپمۇ چىققۇلۇق !
— يوق گەپنى قىلما ، جوگىن ، — دېدى ئوننودا ھولۇققان ھالدا ، — مەن سېنى دېمىدىم . شۇ چاغقا كەلگۈچە مەن سېنى چۈشەنمەمتىم !
ئاندىن كېيىن جوگىندىرو نولىناكخانى بىر مۇنچە بىزەپ سۆزلىدى .
— ئۇ ئانىسىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ ئىشىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ بىنارسقا كەلگەن ، — دەپ سۆزىنى خۇلاسىلىدى ئۇ ، — ھالبۇكى ، سېنىڭ ھېلىقىنىڭدەك بۇرادەرلىرىڭ ھەرباب بىلەن گەپ تېرىپ ئۇنىڭغا بەتنام چاپلاۋاتىدۇ . مەن بولسام ئۇنىڭ ئىشلىرىغا چەكسىز ئاپىرىن ئوقۇيمەن . سېنىڭچە قانداق ، خىمنو ؟
— مەن سېنىڭ پىكرىڭگە قوشۇلىمەن ، — دېدى خىمنولىنى .
— ئۇنىڭ ئىشلىرىغا خىمنونىڭ چوقۇم قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى جوگىندىرو ، — زۆرۈر تېپىلغاندا ، خىمنونىڭ دادىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ئاشۇنىڭدەك پىداكارلىق كۆرسىتىدىغانلىقىغىمۇ قىلچە شۈبھەم يوق .
ئوننودا قىزىغا چەكسىز سۆيۈنۈش بىلەن نەزەر تاشلىدى . خىمنولىنى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئاڭاردەك قىزىرىپ ، يەرگە قارىۋالدى .

## قىرىق بىرىنچى باب

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت - بەشلەردە ، ئوننودا ئەپەندى بىلەن خىمنولىنى لىكسىيىدىن قايتىپ كېلىشتى .
— بۇ لىكسىيىدىن قالتىس راھەتلەندىم جۇمۇ ، — دېدى بوۋاي داستىخان ئالدىغا كەلگەن چاغدا .
ئاندىن كېيىن ئۇ بۇ ھەقتە ھېچقانداق گەپ قىلماي چوڭقۇر

ئويغا چۈمدى ، ھەتتا خىمنولىنىنىڭ چاينى ئىچىپ بولۇپ قايسى چاغلاردا ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى .

لىكسىيە سۆزلىگەن نولىناكخا تۇرقىدىن ناھايىتى ياش ئىدى ، مۇنبەردە خۇددى گۇدەك بالىدەك كۆرۈنەتتى . ئۇ نەۋقىران دەۋردە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، باللارچە نازۇك سۇمباتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ قىياپىتىدىن قەلبىگە گۈۋاھلىق بېرىپ تۇرغان بىر خىل سىرلىق سالاپەت چىقىپ تۇراتتى .

ئۇنىڭ سۆزلىگەن تېمىسى «مەھرۇمىيەت» بولۇپ ، ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى : مەھرۇمىيەت جاپاسىنى چەكمىگەن ئادەمنىڭ بىر نەرسىگە ھەقىقىي ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس . ئەمگەكسىز ھەقىقىي نەرسىگە مۇيەسسەر بولغىلى بولمايدۇ ، پەقەت بەدەل بېرىش ھېسابىغا ئېرىشكەن نەرسىلا ھەقىقىي تۇردە شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدۇ . ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان بايلىقلىرىنىڭ قاراپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى ، ئەلۋەتتە ناھايىتى بەختسىزلىك ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ، كىشىنىڭ روھىي دۇنياسى مەلۇم نەرسىنى يوقىتىش بىلەن تەڭ ، شۇ يوقاتقان نەرسىنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ .

ئەگەر بىز مەلۇم تالاپەتكە يولۇققان چېغىمىزدا ، بېشىمىزنى ئېگىپ ، قولىمىزنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ : «بۇ ، تەڭرىمنىڭ ماڭا شاپائەت قىلغان سوۋغىسى ؛ بۇ سوۋغات تەركىي قۇدرەتتۇر ، بۇ سوۋغات ئاھۇ ـ نادامەت ، كۆز ياشلىرىمدۇر» دەپ قۇللۇق قىلالىساق ، ئەقەللىي كىچىككىنە نەرسىمۇ شۇ زامان ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولىدۇ . ۋاقىتلىق ھادىسە مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنىدۇ ، ئادەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا لازىملىق سانىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىمۇ بىز چوقۇنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ ، قەلبىمىزنىڭ مۇقەددەس خەزىنىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ .

ئۇنىڭ سۆزلىرى خىمنولىنىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى . ئۇ شۇ تاپتا ئۆگزىدە ، يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان ئاسمان گۇمبىزىنىڭ

ئاستىدا ئولتۇراتتى ، قەلبى ھاياجانغا تولغان ، پۈتكۈل ئالەم ئەمدى ئۇنىڭغا بۆرۈنقىدەك مەنىسىز تۇيۇلمايتتى .
لىكسىيىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ جوگىندىرو ئوكخويغا مۇڭ-داق دېدى :
— بەللى ، قالتىس كۆيئوغۇل تېپىپسەن جۇمۇ ! تۇرغانلا بىر تىلسىماتقۇ ئۇ . ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بىر تالايىنى چۈشەنمىدىم .
— ئالدى بىلەن كېسەلنى ئۇقۇپ ، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ دورا بېرىدىغان گەپ ، — دېدى ئوكخوي جاۋاب بېرىپ ، — خىمنولىنى رومىشنىڭ ئالدامچىلىقىدىن ئازاب چېكىۋاتىدۇ . مۇشۇنداق چاغدا ئۇنى دەرد - ئەلەمنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن ، ئاشۇنداق سىرلىق ئادەم كېرەك . بۇ ئىش سەن بىلەن مەندەك كالتە پەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . ھېلىقى ئاداش تازا ۋەز ئوقۇۋاتقان چاغدا ، سەن خىمنولىنىنىڭ چىرايىغا زەن سالغانسەن ؟
— زەن سالدىم ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ سىڭلىمغا ياقىانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ سۆزىگە مەپتۇن بولدى دەپلا ، خىمنونى ئۇنىڭغا تېگىشكە رازى بولىدۇ ، دەپ قارىغىلى بولماس .
— ئىككىمىزنىڭ بىرەرسى شۇ لىكسىيىنى ئوقۇغان بولساق خىمنولىنى چوقۇم ئۇنچىلىك تەسىرلىنىپ كەتمىگەن بولاتتى . زا-ھىتلىقنىڭ ئايالLARغا بولغان سېھرىي كۈچىنىڭ ئىنتايىن زورلۇقى-نى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن . ھەتتا كالىداسامۇ ئومانىڭ بىر زاھىت ئۈچۈن ئۆزىنى نابۇت قىلغانلىقىنى داستان قىلىپ يازغان . ساڭا ئېيتىپ قوياي ، جوگىن ، قانداقلا بىر يىگىتنى ئەپكەلگىن ، خىم-نولىنى چوقۇم ئۇنى رومىش بىلەن سېلىشتۇرىدۇ ، نەتىجىدە ، ئۇ يەنىلا باشقىلاردىن رومىشنى ئۈستۈن قويىدۇ . نولىناكخا دېگەن بۇ ئادەم ئادەتتىكى ئادەملەرگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ ، ھېچكىممۇ ئۇنى باشقىلار بىلەن تەڭلەشتۈرۈشنى ئويلىمايدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتساق ، ئەگەر سەن خىمنولىنىنى بىرەر يىگىتكە تونۇشتۇرساڭ ، ئۇ دەرھال كۆڭلۈڭدىكىنى چۈشىنىدۇ - دە ، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپلا كېتىدۇ . ئەگەر نولىناكخانى بىرەر باھانە بىلەن ئەپكېلىپ ئۇنىڭغا

تونۇشتۇرۇپ قويساق، ئۇ بۇنىڭدىن ھېچقانداق گۇمانلانمايدۇ. ئاندىن ئىش ھۆرمەت بىلەن قايىللىقتىن ئاستا ـ ئاستا ئۆز يولى بىلەن نىكاھى رىزاغا قاراپ كۆچىدۇ.

— مەن سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈشنى بىلمەيمەن، — دېدى جوگىنىدىرو، — مەن قارا توغرا كەتكەن ئادەم. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، بۇ ئادەم ماڭا ئانچە ياقمىدى.

— يەنە كونا كېسەللىك قوزغالدى، جوگىن، ئەگەر مۇنداق ئەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋالساڭ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ھەممە ئىش سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىدەكلا بولىدىغان ئىش يوق. رومىشنى خىمنولىنىنىڭ كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتمىگۈچە بىزنىڭ پىلانىمىز مەڭگۈ ئىشقا ئاشمايدۇ. سەن زورلۇق بىلەن مەقسىتىمگە يېتىمەن، دەپ ئويلىما، ئەگەر مەقسىتىمگە يېتىمەن دېسەڭ مېنىڭ گېپىمگە كىر.

— مۇھىمى، بۇ نولىناكخا دېگەن ماڭا بەكمۇ سىرلىق بىلىنىدۇ. مەن مۇنداق كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتىن سەل ئەنسىرەيمەن. كۆلدىن قاچىمەن دەپ قوقاسقا دەسسىۋالىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە.

— بۇرادەر، ئەگەر بايقىماي قوقاسقا دەسسىۋالساڭ، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ شورى. يېقىندىن بۇيان سەل يۈرەكئالدى بولۇپ قالغاندەك تۇرىسەن. رومىشقا دەسلەپتىلا قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتتىڭلار. سىلەر رومىشنى قالتىس ئويلىغان، خۇددى ئۇنى ھېچكىمنى ئالدىمايدىغاندەك، شانكار چارىيادىن كېيىنكى ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپتەك، ھەتتا يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئەڭ تالانتلىق يازغۇچىدەك بىر نېمە قىلىۋالدىڭلار. مەن بولسام ئەزەلدىن رومىشنى ياقتۇرمايمەن. مەن مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ئۇنىڭغا ئوخشاش كۆن بويى ئاللىقانداق يۇكسەك غايىلەر ھەققىدە ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيدىغانلارنى كۆپ كۆرگەن. لېكىن، مەن بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدىم. مەن سىلەرنى، بۇ تېگى پەس ئۆزىنىڭ قولىدىن يوق كەلمەيدىغان بولغاچقا، مۇشۇنداق ئۇلۇغ تالانت ئىگىسىنى

كۆرەلمەيۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەن . مېنىڭ-
چە سەنمۇ چۈشىنىپ قالدىڭ ، بۇنداق ئەۋلىيالارنى پەقەت يىراقتىن
كۆرۈپلا ئۇلۇغلاپ يۈرسە بولىدۇ . ئۆز سىڭلىسىنى ئۇنداقلارغا
ياتلىق قىلىش ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىك ئەمەس . ئەمدى ئۆز گېپىد-
مىزگە كېلەيلى ، سەن قەدىمكىلەرنىڭ : «يىگنە يېپى بىلەن ، ھەر
ئىش ئېپى بىلەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېسىڭدە ساقلا .
مېنىڭ بايا دېگەنلىرىمدىن باشقا ئاقىدىغان ئامال بولمىغاندىن كې-
يىن ، ئەمدى تەتۈرلۈك قىلماسلىق كېرەك .

— قۇلاق سال ، ئوكخوي ، سۆزلەپ ئاغزىڭ ئۇپراپ كەتسىمۇ
مەيلى ، مەن سېنىڭ رومىشىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىرىنچى
بولۇپ بىلگەن دېگەن سۆزۈڭگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن . راستىنى
ئېيتقاندا ، سېنىڭ ئۇنىڭغا ئاداۋىتىڭ بار ، ساڭا ئۇنىڭ ھەممە ئىشى
باشقىچە تۇيۇلىدۇ . شۇڭا ، سەن ئۆزۈڭنى ماڭا بەكمۇ دانا قىلىپ
كۆرسىتىمەن دەپ زورۇقۇپ كەتمە . مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي ،
ئەگەر بىرەر ھىيلە ئىشلىتىمەن دېسەڭ ، ئۆزۈڭ يالغۇز قېلىۋەر ،
مېنى ياردەملىشەمدىكىن دەپ تەمە قىلما . بۇ نولىناكخا دېگىنىڭ
ماڭا پەقەتلا ياقمىدى ، ئەمدى بۇ ھەقتىكى گەپنى مۇشۇ يەردە
توختىتايلى .

جوگىندىرو بىلەن ئوكخوي ئونبودانىڭ ئۆيىگە كىرگەن چاغ-
دا ، خىمنولىنى باشقا بىر ئىشىكتىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى .

«كوچىدا كېلىۋاتقىنىمىزدا ، ئۇ بىزنى چوقۇم دېرىزىدىن كۆ-
رۈپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئوكخوي ۋە كۇلۇمسىرىگىنىد-
چە بېرىپ ئونبودا ئەپەندىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى ـ دە ، ئۆزىگە چاي
قۇيۇۋېتىپ سۆزلىدى :

— نولىناكخانىڭ ھەر بىر سۆزى كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترد-
تىدۇ ، چۈنكى ئۇ يۈرىكىدىكى گەپلەرنى قىلغان ـ دە !

— ئۇ ھەقىقەتەن ئىستىبداتلىق ئادەم ، — دېدى ئونبودا
ئەپەندى .

— پەقەت ئىستىبداتلىقلا ئەمەس ، — ئوكخوي ئاۋازىنى كۆتۈ-

روپ سۆزلىدى ، — راستىنى ئېيتقاندا ، دۇنيادا ئۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئەۋلىيا ئاز ئۇچرايدۇ !

نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن ھەمدىل بولۇپ كېلىۋاتقان جوگىندىرو ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي سۆزلەپ كەتتى :

— مەن سەندىن خۇش بولاي ، تولا ئەۋلىيا - پەۋلىيا دەپ كەتمىسەڭ ! شۇ ئەۋلىيارىڭنى ئىلاھىم كۆزىمىزگە كۆرسەتمىسۇن .

ھالبۇكى ، بۇ گەپنى دەۋاتقان ئادەم تېخى تۇنۇگۇنلا نولىناكخانىڭ ئېسىل مىجەز - خۇلقىنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپ ، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغانلار يۈرىكى قارىلار ، يوق يەردىن گەپ چىقىرىدىغانلار ، دەپ جار سېلىپ كەتكەنىدى .

— بەس ، جوگىندىرو ، — دېدى دادىسى ، — بۇ گەپنى ئاغزىڭغا ئالساڭ بولمايدۇ . ماڭا قويۇپ بەرسەڭ ، مەن ، تۇرقىدىن ئەدەپ - ئەخلاق يېغىپ تۇرغان ئادەمنىڭ يۈرىكمۇ ساپ بولىدۇ ، دېگەن قاراشقا ئىشىنىمەن . بەلكىم بۇ ھۆكمىمدە خاتالىق باردۇ ، لېكىن شۇنىڭغا قىل سىغمايدۇكى ، بۇ قارىشىم ئەۋلىيا دەپ تونۇلغان كىشىلەرگە ھەمىشە شەك كەلتۈرۈپ يۈرۈشتىن ياخشىراق . پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ، مەن ئۆزۈمدىكى ئازراق ئاقىلانىلىكنىڭ نوپۇزىنى ساقلاپ قېلىش تىلىكىگە ئېرىشەلەيمەن . نولىناكخا ھېچ-كىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ باقمىغان سۆزلەرنى سۆزلىدى . ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان بىۋاستە سەرگۈزەشتىلەر . بۇ ماڭا ئىنتايىن يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇل-دى ھەمدە ماڭا زور ئىلھام ، بولدى . ساختىپەزدە جىڭلىق بولماي-دۇ . خۇددى كىمياگەر باشقا ماتېرىيالدىن ساپ ئالتۇننى ھاسىل قىلالمىغىنىغا ئوخشاش ، باشقىلاردىن كۆچۈرۈۋالغان نەرسىلەردىن نولىناكخانىڭكىدەك ئۇنداق نۇتۇقنى ئەپلەپ چىققىلى بولمايدۇ . مەن تېخى ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ رەھمەت ئېيتىپ قويسام دەۋاتىمەن .

— مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۇنى كاللىدىن قۇرۇتۇۋېتىدىغان مۇنداق تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن ، —

دېدى ئوكخوي ئۆھ تارتىۋېتىپ .
— نېمە ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەسمۇ ؟ — دەپ سوردى ئوننودا ئەپەندى چۆچۈپ .
— ئۇ بۇ ھەقتە ئانچە ئويلانمايدۇ ، كۈن بويى ئىستىقامەت مۇتالىئە بىلەنلا بولۇپ ، سالامەتلىكىگە پەرۋا قىلىپمۇ قويمايدۇ .
— ئۇنداق بولسا ، ئۇ پەقەت توغرا قىلماپتۇ ، — دېدى ئوننودا ، — ئۆز سالامەتلىكىمىزگە سەل قاراشقا بىزنىڭ ھەققىمىز يوق ، بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز يارىتىۋالغان ئەمەسقۇ . ئەگەر مۆرىتى كېلىپ قالسا ، مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى جەزمەن ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولاتتىم . ئادەم ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلايمەن دەيدىكەن ، پەقەت بىر نەچچە ئاددىي بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلسىلا بولىدۇ ، بىرىنچىدىن...
بۇ چاغدا جوگىندىرو تاقەت قىلالماي قالدى .
— ساپلا يوقىلاڭ گەپنى قىلغىلى تۇردۇڭ ، دادا ! نولىناكخا ئەپەندىنىڭ سالامەتلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ . بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇنى كۆرگەنىدىم ، تەقۋالىق تۇرمۇش كىشىنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق ئىكەن ، دەپ ئويلاپ ، تېخى ئۆزۈمچە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ باققۇم كېلىپ قالدى .
— مەنغۇ بىلمەيمەن ، جوگىن ، — دېدى ئوننودا ، — لېكىن ئوكخوينىڭ دېگىنىمۇ راست بولۇشى مۇمكىن . بىزنىڭ ئۇلۇغ ئەربابلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ياشلا ئۆلۈپ كېتىشىدۇ . ئۇلار ئەلگە تۆھپە قوشىمىز دەپلا ئۆز سالامەتلىكلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇشىدۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن خاتا . جوگىندىرو ، مېنىڭچە سېنىڭ نولىناكخا ئەپەندىگە بولغان كۆز قارىشىڭ دۇرۇس ئەمەس . ئۇ ھەقىقەتەن ئەقىدە قىلغۇچىلىكى بار ئادەم . بىز ئۇنىڭغا ، ئۆزۈڭگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆل ، دەپ نەسىھەت قىلساق بولىدۇ .
— قاراپ تۇرۇڭ ، مەن ئۇنى بىر ئامال قىلىپ بۇ ئۆيگە باشلاپ كېلىپ سىز بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن ، — دېدى ئوكخوي ، — مېنىڭچە سىز ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە جىددىيرەك بىر

سۆزلىشىپ قويسىڭىز ، ئۇنىڭغا كۆپ پايدىلىق ئىش بولىدۇ . ھە ، ئەمدى تېخىمۇ ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ ، مەن ئىمتىھان بېرىۋاتقان چاغلاردا سىز ماڭا بەرگەن ھېلىقى شەربىتىڭىز قالتىس شىپالىق دورا ئىكەن . كاللا ئىشلىتىدىغان ئادەمگە ئۇنىڭدەك قۇۋۋەتلىك دورىنى تاپماق تەس . ئەگەر نولىنىاكىخا ئەپەندى سىزنىڭ قېشىڭىزدا بولۇپ قالسا...

جوگىندىرو دەرغەزەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ئوكخوي ، سەن مېنى زەردىگۆش قىلىۋەتتىڭ ! سەن پۈتۈنلەي ئالجىۋاتىسەن . مەن ئەمدى ئاڭلاپ ئولتۇرالمايمەن ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا سىرتقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى .

## قىرىق ئىككىنچى باب

خىمنولىنىنىڭ ئىشى تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئېغىر باسقۇچقا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ، ئۇنىڭدا ئەپەندى سالامەتلىكى ياخشى بولسىمۇ ، دوختۇر ۋە تېۋىپلارنىڭ ئادەم ئالدايدىغان ئاللىقانداق دورىلىرىنى دائىم دېگۈدەك ئىچىپ تۇراتتى . كېيىنكى چاغلاردا ئۇ دورا ئىچىشكە پۈتۈنلەي قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ، مەن كېسەلنىڭ ئازابىنى چېكىۋاتىمەن ، دەپ ئويلاپ يۈرگەن چاغلاردا ، ئۆيدە ھەمىشە ئۆز ساقسىزلىقى توغرىسىدا پاراڭ قىلاتتى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ سالامەتلىكى ھەقىقەتەن ناچارلاشقاندا ، ئەكسىچە ، بۇ پاراڭنى ئېغىزغا ئالمايدىغان بولۇپ قالدى .

ئۇنىڭدا ئارتۇقچە چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان يېرىدە ئۇخلاپ قالدى . خىمنولىنى جوگىندىرونىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان تىۋىشىنى ئاڭلاپ قولىدىكى كەشتىسىنى قويۇپ ، ئاكىسىنىڭ دادىسىنى ئويغىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالدىراپ ئىشىككە چىقتى . ئويلىمىغان يەردە ، ئاكىسى نولىناكىخانى باشلاپ كىردى.ۋاتاتتى . ئۇ دەرھال ئۆزىنى باشقا بىر ئۆيگە ئالماقچى بولۇۋىدى ، ئاكىسى ئۇنى توختىتىۋالدى .

— خىمنو ، مەن نولىناكخا ئەپەندىنى ئۆيىمىزگە چىللاپ ئەپ-
كەلدىم ، كەل ، ئىككىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي .

نولىناكخا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ، گەرچە ئۇ خىمنولىنىغا قارىمىغان بولسىمۇ ، قىز نېمە قىلارىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى .

شۇ ئەسنادا ، ئوننودا ئەپەندى ئويغىنىپ قىزىنى چاقىردى . خىمنولىنى ئۆيگە كىرىپ نولىناكخا ئەپەندىنىڭ كەلگەنلىكىنى پەس ئاۋازدا ئۇقتۇرۇپ قويدى .

جوگىندىرو مېھماننى ئۆيگە باشلاپ كىرىش بىلەن تەڭ ، ئوننودا ئەپەندى ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالدى .

— ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزغا ئۆزىمىزنى بەكمۇ بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمىز . قىزىم ، بۇيان كەل ، مەيەردە ئولتۇر . نولىناكخا ئەپەندى ، بۇ مېنىڭ قىزىم خىمنو بولىدۇ ، بىز ئىككىمىز ئۇلۇشكۇن سىزنىڭ لېكسىيىڭىزگە بارغان ، قالتىس سۆزلىدىڭىز جۇمۇ . سىزنىڭ ھېلىقى گېپىڭىز ، ھېلىقى ھەقىقىي ئېرىشكەن نەرسىدە مەھرۇمىيەت بولمايدۇ ، بىر نەرسىگە مۇكەممەل ئېرىشمىگەنلىكنىڭ ئۆزى تالاپەتتۇر ، دېدىڭىز ، بىز ئۇنى ئىنتايىن ئۇلۇغ ھەقىقەت دەپ قارايمىز . قانداق دېدىم ، خىمنو ؟ بۇ گەپنى ئۆزىمىزگە تەئەللۇق دەپ قارىغان نەرسىدىن مەھرۇم بولغان چېغىمىزدىلا ھەقىقىي ھېس قىلالايدىكەنمىز ، پەقەت شۇ چاغدىلا ھېلىقى نەرسىنىڭ بىزگە ھەقىقەتەن تەئەللۇق ياكى تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى چۈشىنەلەيدىكەنمىز ، نولىناكخا ئەپەندى ، مېنىڭ سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ، ئەگەر سىز بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا پات - پات قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇرغان بولسىڭىز ، بۇ بىز ئۈچۈن زور ئىلتىپات بولغان بولاتتى . بىز ئادەتتە سىرتقا كۆپ چىقمايمىز ، سىز قاچانلا كەلسىڭىز ، ئۆيدە قىزىم بىلەن ئىككىمىز بارلىكىم بار .

نولىناكخا بېشىنى كۆتۈرۈپ خىمنولىنىنىڭ جىددىيلەشكەن

چىرايىغا بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئاندىن جاۋاب بەردى:
— مەن مۇنبەرگە چىققاندا ئاغزىمدىن باشقىلار چۈشەنمەيدىغان بىر مۇنچە گەپلەر چىقىپ كەتتى. سىزمۇ بەلكىم، ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاشۇنداق سۆزلىگەن نىمە، دەپ ئويلاپ قالغانسىز. لېكىن، راستىمنى ئېيتسام، ئەگەر ئوقۇغۇچىلار سۆزلەپ بەرسىڭىز دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا... مەنغۇ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويالمايدىغان ئادەم. مەن ئاشۇنداق سۆزلىسەم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەرگىز سۆزلەپ بېرىڭ دەپ تۇرۇۋالماس دەپ ئويلايمەن. ياشلارمۇ، ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ بىر مۇنچىسىگە چۈشەنمىدۇق، دەپ توغرىدىن ـ توغرا ئېيتىشۋەردى. ئۇ يەردە سىزمۇ بارغۇ، جوگىن ئەپەندى، بىردەم ـ بىردەم سائىتىڭىزگە قاراپ، قاچانمۇ تۈگەر دېگەندەك تۇرۇپ كەتكەنلىرىڭىز كۆڭلۈمگە كەلمىدىمۇ ئەمەس!
— بۇنى كۆڭلىڭىزگە ئەپكەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى جوگىندىرو، — ئەگەر مەن سىزنىڭ لېكسىيىڭىزنى چۈشىنەلمىگەن بولسام، بۇ مېنىڭ قابىلىيىتىمنىڭ شۇنچىلىكلىكى.
— ئەمەلىيەتتە بارغۇ، جوگىن، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى پەقەت مەلۇم ياشقا بارغاندىلا چۈشەنگىلى بولىدۇ، — دەپ قويدى ئۇنىنودا ئەپەندى.
— شۇنداق، — دېدى نولىناكخا، — شۇنچە ياشلارغا يېتىپ قالغان بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ھېچقانداق ئىشلارنى چۈشىنىشكە ھاجەت ئەمەس.
— نولىناكخا ئەپەندى، مۇشۇ يەردە سىزنىڭ سەمىڭىزگە سېلىپ قويىدىغان بىر گەپ بار. ئاللا ئىگەم سىزگە ئوخشاش كىشىلەرنى بەلگىلىك بىر مەجبۇرىيەت بىلەن دۇنياغا ياراتقان، شۇڭا سىز ئۆز سالامەتلىكىڭىزگە سەل قارىسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا قادىر كىشىلەر شۇنى ئېسىدە ساقلىشى كېرەككى، ئۇلار تەن ساقلىقىنى خالىغانچە نابۇت قىلسا

بولمايدۇ ، ئۇنداق بولمىغاندا ، ئۇلار بارا ـ بارا ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويىدۇ .

— مېنىڭچە ، سىز مەن بىلەن بىر مەزگىل تۇرۇپ باقسىڭىز ، مېنىڭ دۇنيادىكى ھەر قانداق ئىشقا قىلچە سەل قارىمايدىغانلىقىمنى چۈشىنەتتىڭىز . مەن دۇنياغا تۆرەلگەندىن بۇيان پۈتۈنلەي باشقىلار-نىڭ مېھرى ـ شەپقىتى ۋە خەير ـ ئېھسانىغا تايىنىپ ياشاۋاتىمەن . بىر مۇنچە كىشىلەر مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشقا ، مېنى تەربى-يەت قىلىشقا ئاز كۈچ چىقارمىدى . شۇنىڭ نەتىجىسىدە ، مەن ئەقلىي ، جىسمانىي جەھەتلەردە بارا ـ بارا پىشىپ يېتىلدىم . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، مەن يەنە بىر نەرسىگە سەل قارايدىكەنمەن ، ئۇ تولىمۇ يولسىزلىق ، تەلۋىلىك بولغۇسى . ھەر قانداق ئىنسان ئۆزى يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە بولمىغان نەرسىنى بۇزۇشقا ھەقلىق ئەمەس .

— توغرا ئېيتتىڭىز ، ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز ، — دېدى ئۇنىۇدا ، — لىكىسيىڭىزدىمۇ مۇشۇنىڭغا يېقىنراق بىر گەپنى قىلغانىدىڭىز .

— رەنجىمىسەڭلار ، مەن سىرتقا چىقىپ كىرسەم ، بىر بۇرا-دەر بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار ئىدى . سىلەر گېپىڭلارنى قىلىشىۋېرەرسىلەر .

— جوگىن ئەپەندى ، سىز مېڭىشتىن بۇرۇن مەن سىزدىن ئەپۇ سورىۋالسام ، شۇنى ھۆددىگە ئېيتالايمەنكى ، مەن ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئادەم ئەمەس . بولسا مەنمۇ ماڭاي ، ئىككىمىزنىڭ يولىمىز بىرغۇ .

— ياق ، سىز ھەرگىز ماڭمەن دېمەڭ ، — دېدى جوگىندە-رو ، — مېنىڭ گېپىمنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ . مېنىڭ بىر يەردە جىم ئولتۇرالمايدىغان ئادىتىم بار .

— جوگىن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن ، نولىناكخا ئەپەندى . ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ . بۇ يەردە مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇش

ئۇنىڭغا ئوخشاي ئەمەس.

جوگىندىرو چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئونىودا ئەپەندى نولىنـ.ناكخادىن ھازىر قەيەردە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىدى.

— ھازىرچە مۇقىم تۇرۇۋاتقان ئۆيۈمنىڭ تايىنى يوق، — دېدى نولىناكخا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بۇ يەردە تۇرغۇن بۇرادەرلىرىم بار، ئۇلار مېنى بىر كۈنى ئۇياققا سۆرىسە، بىر كۈنى بۇ ياققا سۆرەپ يۈرىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ مەن ئەلۋەتتە خۇرسەن. لېكىن، ئادەم بەزىدە بىر ئاز بولسىمۇ تىنچلىقنى خالاپ قالىدىكەن. شۇڭا، جوگىن ئەپەندى يېنىڭىزدىكى ئۆينى ماڭا ئىجارىگە ئېلىپ قويۇپتۇ. بۇ كوچا تولىمۇ تىنچ ئىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئونىودا ئەپەندى بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ شۇ چاغدا قىزىغا بىر قارىغان بولسا، قىزىنىڭ چىرايىدىكى ئازابلىق ئىپادىنى كۆرگەن بولاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن، ياندىكى بۇ ئۆيدە بۇرۇن رومېش ئولتۇرغان ـ دە!

شۇ چاغدا خىزمەتكار كىرىپ چاينىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇلار پەسكە چۈشۈشتى. ئونىودا ئەپەندى داستىخانغا كېلىش بىلەنلا:

— خېمنو قىزىم، دەرھال نولىناكخا ئەپەندىگە چاي قۇي، — دېدى.

مېھمان ئۆزىگە ئاتايىتەن تەييارلانغان بۇ چاينى ئىچەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن ئۆزرە قويدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، نولىناكخا ئەپەندى؟ سىز چايمۇ ئىچمەمسىز، — دېدى ئونىودا، — ھېچبولمىسا ئاۋۇ مەزەلەردىن بولسىمۇ ئازراق يەپ باقمامسىز؟

— ئەپۇ قىلىڭ، راستىنىلا كۆڭلۈم تارتمايدۇ.

— سىز دوختۇر، شۇڭا سىزگە بەدەننى ئاسراش توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆزۈمنى دېسەم، مەن بۇ يەردە خېلى ئاتالغان چاي خۇمارلىرىدىن. چۈشلۈك تاماقتىن كې.

يىـن ئۈچ ـ تۆت سائەت ئىچىدە ئانچە ـ مۇنچە چاي ئىچىپ قويسام ئاشقازىنىمغا خېلى پايدىسى باردەك ھېس قىلىپ قالىمەن . ئەسلىي چاي ئىچىشكە ئادەتلەنمىگەن بولسىڭىز ، چاينى سۇسراق دەملەتـ. سەكمۇ بولىدۇ .

نولىناكخا ئوڭايسىزلانغان ھالدا خىمنولىنىغا لەپپىدە قارىدى ۋە ئۇنىڭ چىرايىدىن نېمىشقا چاي ئىچمەيدىغاندۇ ، دەپ چۈشىنەلـ. مەي تۇرغانلىقىنى سەزدى ـ دە ، ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق دېدى :

— سىز باشقىچە ئويلاپ قالماڭ . مەن ھەرگىزمۇ ئائىلىڭىز. لەرنىڭ بۇ ئادىتىنى ياراتماي ئولتۇرغىنىم يوق . ئىلگىرى مەنمۇ چايدىن قالمايدىغان ، ھازىرمۇ چاينىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن ھۇ. زۇرلىنىپ ئولتۇرۇۋېتىمەن . شۇڭا ، مەن باشقىلارنىڭ چاي خۇمار. لىقىنى ئوبدان چۈشىنىمەن . بەلكىم سىلەر بىلمەيسىلەر ، مېنىڭ ئانام دىنىي پەرزلەرنى ناھايىتى چىڭ تۇتىدۇ . ئەگەر مەن بولمىغان بولسام ، ئۇ بۇ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز ھايات كەچۈرگەن بولاتتى . شۇڭا ، مەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق ئىشتىن ئۆزۈمنى تارتىمەن ، نېمىشقا چاينى پەرز قىلغىنىمـ. نىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە . ئىككىڭىزلەر چاي ئىچىپ ھۇزۇرلانـ. سىڭىزلەر ، مەنمۇ ھۇزۇرلانغانغا ئوخشاش . بۇنىڭسىزمۇ سىلەرنىڭ مېھماندوستلىقىڭىزلاردىن ناھايىتى خۇرسەنمەن .

نولىناكخانىڭ دەسلەپكى سۆزلىرى خىمنولىنىغا سەل باشقىچە تۇيۇلدى . ئۇ ، نولىناكخا ئەپەندى ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىماي ، ئەتەي توختىماي گەپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپە. تىنى يوشۇرۇۋاتىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، ئۇ نولىناكخانىڭ مىجەزى تۇغما شۇنداق بولغانلىقتىن يات كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشـ. قاندا قورۇنۇپ قالىدىغانلىقىنى ، ھەر قانداق كىشى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە تارتىنچاقلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ مىجەزىگە مۇناـ. سىپ بولمىغان قىياپەتكە كىرىپ قالىدىغانلىقىنى ھەرگىز چۈشەنـ. مەيتتى . نولىناكخا باشقىلارغا يورىكىدىكى سۆزلەرنى ئېيتقان چاغـ.

دىمۇ ، بەزى سۆزلىرى كىشىلەرگە بىر ئاز قولاشمىغاندەك بىلىنەت-
تى ، ئۇ بولسا بۇنى ھېس قىلالمايتتى . دەل مۇشۇ سەۋەب بولغانلى-
قى ئۈچۈن ، بايام جوگىنىدىرو سىرتقا چىقماقچى بولغاندا ، نولىناك-
خانىڭ ۋىجدانى ئۆزىنى سەمىمىيەتسىزلىكتە ئەيىبلىگەن ، شۇڭلاش-
قىمۇ ئۇ بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىرىغانىدى . ئەمدى نولىناكخا ئۆز
ئانىسى ئۈستىدە توختالغىنى ئۈچۈن ، خىمنولىنى ئۆزىنىڭ چەك-
سىز قايىللىق ۋە سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى باسالماي قالدى . نول-
ناكخا ئانىسىنى ئېغىزغا ئالغاندا ، خىمنولىنى ئۇنىڭ چىرايىدىن
بىر خىل جىددىي ، ھەقىقىي كۆيۈمچانلىقنىڭ نۇرى يېغىپ تۇرغان-
لىقىنى بايقىغانىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نولىناكخاغا قارىتا
ئاجايىپ بىر ھۆرمەت ۋە يېقىنچىلىق سېزىمى ئويغانىدى . خىمنول-
نى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشنى خالىغان
بولسىمۇ ، لېكىن تارتىنىپ ئېغىز ئاچالمىدى .

— سىز ناھايىتى توغرا قىپسىز ، — دېدى ئونىودا نولىناكخا-
نىڭ بايامقى سۆزلىرىدىن كېيىن ، — ئەگەر مەن بۇ ئىشلارنى
بىلگەن بولسام ، ھەرگىزمۇ سىزنى چايغا زورلىماس ئىكەنمەن .
كەچۈرۈڭ ، ئەدەپسىزلىك قىپتىمەن .

— چاي ئىچمىگەنلىك بىلەن سىزلەرنىڭ مەرھەمەتىڭىز-
لەرنىڭ شاراپىتىدىن مېنى بەھرىمەن بولمىدى دەمسىزلەر ؟ —
دېدى نولىناكخا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ .

مېھمان ئۇزىغاندىن كېيىن خىمنولىنى دادىسىنى قولتۇقلاپ
ئۈستۈنكى ئۆيگە چىقتى - دە ، بېنگال يېزىقىدا چىقىدىغان بىر
ژۇرنالنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى ، ئونىودا ئەپەندى تىڭشاپ ئول-
تۇرۇپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى . چارچاشقا بەرداشلىق بېرەل-
مەيدىغان مۇنداق ئەھۋال يېقىندىن بۇيان بوۋاينىڭ ئادىتىگە ئايلى-
نىپ قالغانىدى .

# قىرىق ئۈچىنچى باب

نولىناكخا بىلەن ئونۇدا ۋە ئۇنىڭ قىزى تونۇشۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېقىن دوستلاردەك بولۇپ كېتىشتى. خىمنولىنى نولىناكخا بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ بىلەن دىنىي تەرەپتىكى مەسىلىلەر توغرىسىدىلا سۆزلەشكىلى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇش ھەققىدە سۆھبەتلىشىش مۇمكىنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. نولىناكخانىڭ پاراڭچى ئادەم ئىكەنلىكى تېز ئارىدىلا بايقالدى. لېكىن، ئۇ ناھايىتى قىزغىن سۆزلەۋاتقان چاغلىرىدىمۇ يەنىلا ئۆز ۋەزمىنلىكىنى يوقاتمايتتى.

بىر كۈنى، ئونۇدا، خىمنولىنى نولىناكخا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا جوگىندىرو ئۆيگە كىرىپلا دادىسىغا سۆزلەپ كەتتى:

— خەۋەردار بولۇپ قال، دادا، ھازىر «براھما سامائى» دىكىلەر بىزنى نولىناكخانىڭ مۇرىتلىرى دەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھېلى مۇشۇ ئىش توغرىسىدا پورەش بىلەن قىزىرىشىپ قالدىم.

— بۇنىڭغا خاپا بولۇپ كېتىدىغان نەرى بار، — دېدى ئونۇدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بىرمۇ مۇرىتى يوق، ھەممىسىلا باشلىق بولىدىغان دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئادىمى بولۇپ قالغان بولسامغۇ نومۇس قىلاتتىم. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەدنىۋا ئادەم كانىيى يىرتىلغۇچە ئەمرىمەرۇپ قىلىشىپ، نەتىجىدە ھېچكىم ھېچنېمە ئۆگىنەلمىگەن بولاتتى.

— مەن بۇ سۆزىڭىزگە قوشۇلىمەن، ئونۇدا ئەپەندى، — دېدى نولىناكخا، — بىز سەپەرگە چىقايلى، قەيەردە ئۆگەنگىلى بولىدىغان نەرسە بولسا شۇ يەردە تۇرايلى ـ دە، ئۆزىمىزنى يارامىلىق مۇخلىسلاردىن قىلىپ چىقايلى.

جوگىندىرو بۇنىڭلىق بىلەن توختىمىدى.

— سۆزلىگەنغۇ ياخشى ، — دېدى ئۇ ، — لېكىن بۇنىڭغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ . نولىن ئەپەندى ، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى ، سىزگە بىرەر قېتىم دوقۇرۇپ قالغانلا ئادەم «نولىناكخانىڭ مۇرىتى» دېگەن ئاتاققا قېلىۋاتىدۇ . بۇنداق ھاقارەتنى بىز كۆلۈپ قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتەلمەيمىز . دېمىسىمۇ ، سىز ھېلىقى ئىشلىرىڭىزدىن بەزسىڭىز بولىدۇ .

— قايسى ئىشلىرىمدىن ؟

— ئاڭلىشىمچە ، سىز يوگ[1] مۇخلىسلىرىدەك بۇرنىڭىزدىن نەپەس چىقىرىدىكەنسىز ، چىقىۋاتقان كۆڭگە قاراپ تەئەققۇلۇن قىلىدىكەنسىز ، دۇئا - تىلاۋەتلىرىڭىزنى بەجا كەلتۈرمەي تۇرۇپ ھېچنېمىگە ئېغىز تەگكۈزمەيدىكەنسىز . بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە سىز ئەلنىڭ قائىدە - يوسۇنىدىن چىقىپسىز ، يەنى تەمسىلدە ئېيتىلغىنىدەك «غىلاپتىن چۇشۇپ» قاپسىز .

جوگىندىرونىڭ مۇنداق ئەدەپسىز ۋالاقلاشلىرىدىن نومۇس قىلغان خىمنولىنى ئىختىيارسىز بېشىنى تۆۋەن سالدى . نولىناكخا كۆلۈمسىرەپ قويدى .

— توغرا دەيسىز ، جوگىن ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ، — ئەلنىڭ قائىدە - يوسۇنىدىن چىقىپ كېتىش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس . لېكىن ، نېمىلا دېگەنبىلەن ، ئادەم مەڭگۈ غىلاپىدىن چىقمايدىغان قىلىچقا ئوخشاش بولۇپ قالسا توغرا بولمايدۇ . قىلىچنىڭ غىلاپ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان يېرى ئاساسىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ ، ھەممە قىلىچلارنىڭ بۇ قىسمى ئوخشاش كەلسە كېرەك . شاپگەر قىلىچ دەستىسىگە ئۆزىگە ياقىدىغان ھەر خىل نەقىشلەرنى ئويۇپ ، پەقەت شۇ يەردىلا ئۆز ھۈنىرىنى نامايان قىلالايدۇ . خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ، ئادەممۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ غىلاپتىن تاشقىرى چىقىپ تۇرغان قىسمىدا ئۆز ھۈنىرىنى نامايان

① ھىندىلارنىڭ يوگا ئىلمىنىڭ يولىنى قۇرغان ئادەم ، پەيلاسوپ . يوگا — دىنىي پەلسەپىۋى ئىلىم بولۇپ ، بۇ ئىلىم بىر نەرسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بېرىلىپ ، ئۇنى تەئەققۇلۇن قىلساڭ ، تەڭرىدىن ۋەھىي ئالالايسەن ، دەپ ئۆگىتىدۇ .

قىلالايدۇ ھەم نامايان قىلىشى كېرەك . سىز كىشىلەرنىڭ بۇ ئەر-كىنلىكىنى تارتىۋالىمەن دېسىڭىز بولمايدۇ ! مەن ھازىر ھەيران قېلىۋاتقان نەرسە باشقا ئەمەس ، مەن ئۆز ئىشلىرىمنى باشقىلارنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە قىلغان تۇرسام ، ئۇلار نەلەردىن كۆرۈۋېلىپ بۇ گەپنى قىلىپ يۈرىدىغاندۇ ؟

— سىز بەلكىم بىلمەيسىز ، — دېدى جوگىندىرو ، — جاھاننى ئۆزگەرتىدىغان مەسئۇلىيەت بىزنىڭ زىممىمىزگە ئارتىلـ-غان دەپ يۈرىدىغان بەزى كىشىلەر ، ئەتراپتىكى ئىشلارغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرى-يىتى دەپ بىلىشىدۇ . ئۇلار ھەتتا ئېرىشەلىگەن مەلۇماتلارنى ئۆز-لىرى تولۇقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە . ئۇلارچە ئىش مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ، بولمىسا دۇنيانى ئۆزگەرتىش خىزمىتى توختاپ قېلىشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، نولىن ئەپەندى ، ئۇلار باشقىلارنىڭ قائىدىگە توغرا كەلمەيدىغان ئىشلىرىغا تېخىمۇ دىققەت قىلىشىدۇ ، ھەتتا ئۇ ئىش ئۆينىڭ ئىچىدە قىلىنغان بولسىمۇ ، ئوخشاش . قائىدە - يوسۇن بويىچە كېتىۋاتقان ئادەمگە بولسا ، ئۇلار نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ . مانا بىزنىڭ خىمنونى ئېيتساق ، ئۇ سىزنىڭ ئۆگزىدە قىلغان ئىشلىرىڭىزغا دىققەت قىپتۇ ھەمدە داۋام-غىمۇ ئېيتىپتۇ . گەرچە ئۇ سىزنى ئۆزگەرتىدىغان مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمىغان بولسىمۇ .

خىمنولىنىنىڭ رەنجىگەنلىكى چىرايىغا تېپىپ چىقتى . ئۇ ئەمدى سۆزلەي دەپ تۇرۇشىغا ، نولىناكخا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا سۆز ئاچتى :

— بۇنىڭغا خىجالەت بولۇش كەتمەيدۇ . مەن ئەتىگەنلىك ياكى كەچلىك ئىبادەت قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا ، سىز ئۆگزىگە چىقىپ قالغان بولسىڭىز ئۇنىڭ نىمىسى يامان ؟ كۆز دېگەننى كۆرۈشكە ياراتقانغۇ ، كۆرۈپ قالغانغا نومۇس قىلسىڭىز بولمايدۇ . ئەگەر بىز بۇنى گۇناھ ھېسابلىساق ، قېنى قايسىمىز بۇ گۇناھنى ئۆتكۈزمىگەن !

— كاشكى خىمنو ئىبادىتىڭىزگە بىرەر نارازىلىقنى ئىپتقان بولسا ، — دېدى ئۇنىودا ، — ئۇ سىزنىڭ ئىستىقامىتىڭىز توغرى-سىدا مەندىن چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن سورىغانىدى .

— مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم ، باشقى-لاردەك تۇرمۇش كەچۈرگەننىڭ بولمايدىغان نەرى باردۇ . ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ ، پىنھان جايدا ئالللىقانداق غەلىتە مەشغۇلاتلارنى قىلغاننىڭ نېمىمۇ پايدىسى باركەن - تاڭ ! بۇنداق ئىشلار ئاستا - ئاستا كىشىنىڭ كاللىسىنى كېرەكتىن چىقىرىپ ، ئادەمنى تولىمۇ بىر تەرەپلىمە قىلىپ قويۇشى مۇمكىن . مېنىڭ بۇ گەپلى-رىمدىن رەنجىمەڭ . مەن ئادەتتىكىلا بىر ئادەم . مەن دۇنيا سەھنى-سىنىڭ پەگاھىدىن ئورۇن ئالغان ئادەم ، ھاياتلىقنىڭ تۆرىدە ئول-تۇرغانلارغا ئاتقان تېشىم يەتمىسە ، ئۆزۈم ھەرگىزمۇ يېتەلمەيمەن . دۇنيادا مەندەك ئادەملەر ساماندەك . ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ ھەممى-سىنى كەينىڭىزگە تاشلاپ قويۇپ ئۆزىڭىزنىڭ تۇتۇرۇقسىز دۇنيا-يىڭىزنىڭ بۇيۇكلىكىگە ئۆرلەۋەرسىڭىز ، ئۇ چاغدا سىز تاش بوراڭ-نىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن .

— دۇرۇس ، دۇنيادا كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر - بىرىگە تاش ئېتىشىۋاتىدۇ . بەزى تاشلار تېرىڭىزنى سۇرۇپ ئۆتۈپ كەتسە ، بەزىلىرى تېنىڭىزنى يارىلاندۇرۇشى مۇمكىن ، — دېدى نولىناك-خا ، — ئەگەر بىر ئادەم ساراڭلىقتىن ياكى تۇغما نادانلىقتىن ئەجەبلا بىر قىلىقلارنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ ، دېگەن پاراڭ چىقسا ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق . لېكىن ، بىرسى دىنىي جەھەتتىن ئەسە-بىيلىشىپ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ يۈرگۈدەك ، ئۇ ئەتراپىغا بىر مۇنچە ئادەملەرنى يىغىۋېلىپ ئايلاندۇرۇپ يۈرىدۇ ، دېگەن گەپ چىقىپ قالسا ، بۇنى چاقچاقنىڭ ئورنىدا ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولماي-دۇ . بۇنىڭغا سىز مەيلى قانچىلىك كۆلۈڭ ، بەرىبىر بولمايدۇ !

— مەن سىزدىن يەنە ئۆتۈنىمەن ، نولىن ئەپەندى ، مەندىن رەنجىمەڭ ، سىز ئۆگزىڭىزدە نېمە خالىسىڭىز شۇنى قىلىۋېرىسىز ، بۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا مېنىڭ ھەققىم يوق . مېنىڭ دېمەكچى

بولغىنىم، ئەگەر ئادەم ئادەتتىكى قائىدە ـ يوسۇن دائىرىسىدىن چىقماي ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ گەپ قىلىشىغىمۇ ئورۇن قالمايدۇ. ئۆزۈمنى ئېيتسام، مەن باشقىلار ماڭغان يولدا كېتىۋېرىمەن، بۇنىڭدىن بىئاراملىقمۇ ھېس قىلمايمەن. كۆپنىڭ يولىدىن شۇنداقلا چىقسىڭىز، بىر مۇنچە كىشىلەر گۇررىدە كېلىپ ئولىشىۋالىدىغان گەپ ئىكەن، ئۇلار سىزنى ماختامدۇ ياكى قارغامدۇ، بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر. لېكىن، كۈن بويى غەلۋە ـ غۇدۇر بىلەن ئۆتىدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا جاھاندارچىلىق قىلماق بەكمۇ تەس!

— بەللى، جوگىن ئەپەندى، سىز ئەمدى گەپنى نەگە ئەپكەتكىلى تۇردىڭىز؟ — دېدى نولىناكخا، — تۇرۇپلا مېنى ئېگىز ئۆگزىدىن ئېلىپ مەنىسىز يەرگە ئۇرغىلى تۇردىڭىزغۇ، ئەمدى تېخى قاچماقچى بولۇۋاتىسىز. بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ!

— بۈگۈنچە ئېيتىدىغان باشقا گېپىم يوق، چىقىپ كوچا ئايلىنىپ كېلەي، — دېدى جوگىندىرو.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خىمنولىنى پەرىشان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، داستىخاننىڭ چۆرىسىنى غىجىملىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. زەن سالغان كىشى ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە ئويناپ تۇرغان ياش ئۇنچىلىرىنى بايقىۋالغان بولاتتى. ئۇ ھەر كۈنى نولىناكخا بىلەن ئۇچرىشىپ يۇرۇش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ نەقەدەر كەمبەغەللىكىنى ھېس قىلغان ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىغا مېڭىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. ئۇ قاتتىق دەرد ـ ئەلەم چېكىۋاتقان، قانچە قىلسىمۇ نە ئۆزىدىن، نە باشقىلاردىن بىرەر مەنىۋى يار ـ يۆلەككە ئېرىشەلمەيۋاتقان بىر پەيتتە، نولىناكخا تۇيۇقسىز مەيدانغا چىقىپ، بۇ دۇنيانىڭ بىر يېڭى قىياپىتىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇ خۇددى تەقۋا كىشىلەردەك ئۆز نەپسىگە ھاي بېرىدىغان بىر خىل ئىستەككە باغلىنىپ قالدى. چۈنكى، مەنىۋى يار ـ يۆلەككە پەقەت ئۆزىگە ھاي بېرىشنى بىلگەندىلا ئېرىشكىلى بولاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادەم دېگەن قايغۇنىڭ قۇلى ئەمەسقۇ. مەلۇم جاپالىق پائالىيەت داۋامىدا قايغۇغا بەرھەم بەرگىلى بولىدۇ. لې-كىن، خىمنولىنى بۇنىڭغا ئانچە غەيرەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈس-تىگە ئۇ كىشىلەردىن ئۆزىنى تارتىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يوشۇ-رۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇڭا، ئۇ نولىناكخا تۇتقان يولدا مېڭىپ ھەر خىل دىنىي پەرىزلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىمەن، دېگەن ئىرادىگە كېلىپ پەرىز تۇتۇپ يۈرگەندىن بۇيان ئۆزىدە ئېيتقۇسىز بىر يەڭگىللىك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆز قارارى بويىچە ئىش تۇتۇشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئۆيدىكى بارلىق سەرەمجانلارنى بىكار قىلدى. زىلچە گىلەم ۋە سىلىنچىلارنىڭ ھەممىسىنى قاتلاپ ئېلى-ۋەتتى، ھەتتا كارىۋاتنىمۇ بىر دالدىغا ئەپچىقتۇرۇۋەتتى. ئۇ ھەر كۈنى يەرگە سۇ سېپىپ سۈپۈرەتتى، ئۆيدە بىر تەشتەك گۈلدىن باشقا ھېچنېمىنى قالدۇرمايتتى. يۈيۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، قار-دەك ئاپئاق كۆڭلەكنى كىيىپ پولغا ئولتۇراتتى. ئۇلۇغ ئېچىۋې-تىلگەن دېرىزىلەردىن بىمالال چوشۇۋاتقان ئاپتاپ ئۆي ئىچىنى يورۇتۇۋېتەتتى. پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئۇنىڭ قەلبىنى نۇرلان-دۇرسا، ئويناق شاماللار ئۇنىڭ خىيالىنى قاناتلاندۇراتتى.

ئونودا ئەپەندى قىزى يەتكەن ئىستىقامەتنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خىمنولىنىڭ پەرىز ئادا قىلىپ يۈر-گەندىن بۇيان چىرايىدىن بۇرۇنقىدەك نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئەمدى نولىناكخا كىرسە ئۈچىسى خىمنولىنىنىڭ ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىشىپ، پولدا ئولتۇ-رۇپ پاراڭلىشاتتى.

بەزىدە جوگىندىرو توغرىدىن - توغرا ئېتىراز بىلدۈرەتتى.

— سىلەر ئەمدى نېمە بولغىلى تۇردۇڭلار، — دەيتتى ئۇ قاتتىق رەنجىگەن ھالدا، — سىلەر ئۈچۈڭلار بۇ ئۆينى بۇزرۇككاھ قىلىۋالدىڭلارغۇ. مەندەك ئادەمگە بۇ يەردە پۇت دەسسىگۈدەك جايمۇ قالمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئىلگىرى خىمنولىنى ئاكىسىنىڭ مۇنداق زەھەرلىك گەپلىرىنى ئاڭلىسا خاپا بولاتتى. ئوننودا ئەپەندى ھازىرمۇ ئۇنىڭ بەزى تەئەددىلىرىگە چىدىيالماي گاھىدا بىر نېمىلەر دەۋېتىشكە مەجبۇر بولسىمۇ، لېكىن خىمنولىنى بۇنداق گەپلەرنى نولىناكخادەك مۇلايىم كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىر ئىشەنچلىك، مۇستەھكەم، ھەر تەرەپلىمە مەنىۋى يار - يۆلەككە ئېرىشكەن، تارتىنىش دېگەننىمۇ رەزىل قورقۇنچاقلىق سۈپىتىدە يىغىشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۇياقتىن ئۆتۈپ بۇياققا قاراپ قالدى، دەپ مازاق قىلىشۋاتقىنىنىمۇ چۈشىنەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نولىناكخا ۋە ئۇنىڭ غايىسىگە بولغان ئەقىدىسى ھەم يۈكسەك ھۆرمىتى ئۇنى ھەتتا ئىنسانىيەت بىلەن قارشىلىشىشقىمۇ پېتىنالايدىغان بىر خىل قۇدرەتكە ئىگە قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئەمدى ھېچكىمنىڭ ئالدىدا قورۇنمايتتى.

بىر كۈنى ئەتىگىنى، ئۇ يۇيۇنۇپ چىقىپ ئىبادىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆينىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىۋېتىپ يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز، ئوننودا ئەپەندى نولىناكخانى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ھودۇقۇپ كەتكەن خىمنولىنى بىر ھازاغىچە ئۆزىنى ئوڭشىيالماي قالدى. ئۇ دەرھال تىزلىنىپ ئىككىسىنىڭ ئىتەكلىرىنى كۆزىگە سۈرتتى. بۇ ئەسلىدە ئاتا - ئانا ۋە ياشانغان ئۇستازلارغا كۆرسىتىلىدىغان ھۆرمەت بولغاچقا، نولىناكخاغا سەل باشقىچە تۇيۇلغاندەك بولۇۋىدى، ئوننودا ئەپەندى ئۇنىڭغا ئاستا ئىزاھات بېرىپ قويدى:

— بىئارام بولماڭ، نولىناكخا ئەپەندى، ئۇنىڭ قىلغىنى پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق.

بۇرۇن نولىناكخا ئەپەندى بۇلارنىڭ ئۆيىگە بۇنداق سەھەرلەپ كىرىپ باقمىغانىدى، شۇڭا خىمنولىنى، چوقۇم ئۇنىڭ بىر مۇھىم گېپى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. ئۇ بايام بىنارستىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى،

خەتتە ئانىسىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى ئېيتىلغانلىقىنى، بۈگۈن كەچقۇرۇن كالكۇتتىدىن پويىزدا يولغا چىقىدىغانلىقى ئۇچۇن، بىر كۈن سەپەر تەييارلىقى كۆرمىسە بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا سەھەر-دىلا خوشلىشىپ چىقىش ئۈچۈن كىرىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئانىڭىزنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇنىڭدا ئەپەندى، — ئىلاھىم كې-سىلى بالدۇرراق شىپالىق تاپقاي. نەچچە ھەپتىدىن بۇيان سىز بىزگە ناھايىتى چوڭ ياردەمدە بولدىڭىز. شۇ ياخشىلىقلىرىڭىز ئۈچۈن بىزمۇ بىر جاۋاب قايتۇرالىغان بولساق ناھايىتى ياخشى بولاتتى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، راستىنى ئېيتقاندا، مەن سىلەرگە قانچە رەھمەت ئېيتساممۇ ئەرزىيدۇ، — دېدى نولىناكخا، — سىز قوشنىدارچىلىقنى ھەقىقىي يەتكۈزدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز-نىڭ قىزغىن ھېسسىياتىڭىز ئۆزۈڭدىن بۇيان ئۆزۈم ئويلىنىپ يۈرگەن بەزى مەسىلىلەرنى يېڭى بىر مەنىگە ئىگە قىلدى. سىزنىڭ تۇرمۇشتا تۇتقان يولىڭىز مېنىڭ پىكىر قىلىشىمغا، دىنىي قىز-غىنلىقىمغا تېخىمۇ ئىلھام بولدى. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ پىكىر قىلىشىم، دىندا تۇتقان يولۇم تېخىمۇ ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە بولدى. مەن ھازىر شۇنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىمكى، ئۆزى بىلەن بىر پىكىرلىك بولغان كىشىلەر بىلەن رابىتىلىك قىلىشنىڭ قالتىس پايدىسى بار ئىكەن.

— سۆزلىسەك قىزىق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇنىڭ-دا ئەپەندى، — بىز سىز بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى بىر نېمىنى كەمدەكلا ھېس قىلاتتۇق، لېكىن زادى نېمىنىڭ كەملى-كىنى دەپ بېرەلمەيتتۇق. دەل مۇشۇ چاغدا سىز يولۇقتىڭىز، مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزنىڭ بىز ئۈچۈن تەڭداشسىز مۇھىملىقىنى شۇ زامات ھېس قىلدىم. بىز دائىملا ئۆيدە بولىمىز، باشقىلار بىلەن

باردى ـ كەلدى قىلىشقىمۇ ئانچە قىلىپ كەتمەيمىز ، باشقىلاردەك ھەر تەرەپكە دوقۇرۇپ ، يىغىلىشلارغا بارىدىغان ، لىكسىيە ئاڭلاپ كېلىدىغان ئىشمۇ بىزدە يوق . مېنىڭ بارغۇم كەلگەن تەقدىردىمۇ خىمنولىنىنى بوسۇغىدىن ئېلىپ چىقماق بەسى مۇشكۇل ئىش . قايسى كۈنكى ئىشىمىزنى ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ . جوگىنىدىرودىن سىزنى لىكسىيە ئوقۇيدىكەن دېگەننى ئاڭلاپ قىلچە تارتىنىپ ئولتۇرمايلا بېرىۋەردۇق . راست گەپنى قىلغاندا ، نولىن ئەپەندى ، ئىلگىرى بىزدە بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان . ئەگەر تەگرىنىڭ دىلىگىزگە سېلىشى بىلەن سىز بىزگە مۇرۇۋۋەت قىلمىغان بولسىڭىز ، بۇنداق ئىشمۇ ھەرگىز بولمىغان بولاتتى . بىز سىزگە قانچە ئېيتساقمۇ مىننەتدارچىلىقىمىز تۈگىمەيدۇ .

— مېنىڭ ئىككى ئېغىز سۆزلىشىمگە ئىجازەت بەرسىڭىز ، — دېدى نولىناكخا ، — مەن ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشۇم خۇسۇسىدىكى پاراڭلارنى ئىككىڭىزلەردىن باشقا ھېچكىمگىمۇ ئېيتىپ باقمىغان . ئادەم ئۆزىنىڭ ئەڭ يۈكسەك سەممىيىتىنى بىراۋغا بىلدۈرمەكچى بولىدىكەن ، ئۇ چوقۇم ئۇنى ئۆز سىرىدىن تولۇق خەۋەردار قىلىشى كېرەك . مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزدە بۇنى ئورۇندىدىم . شۇنىڭغا سىزنىڭ ئىشەنچىڭىز كامىل بولسۇنكى ، سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىڭىز ھەقىقەتەن مۇھىم .

خىمنولىنى باشتىن ـ ئاياغ ئۇلارنىڭ پارڭىغا ئارىلاشماي بىر چەتتە ، دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇردى . ئۇ پەقەت نولىناكخا ئورنىدىن قوپۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەن چاغدىلا بىر ئېغىز گەپ قىلدى :

— بولسا ئانىڭىزنىڭ ئەھۋالىدىن بىزنى ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇرارسىز .

نولىناكخا خوشلاشقان چاغدا ، ئۇ يەنە تىز پۈكۈپ ئۇنىڭ ئېتىكىنى كۆزىگە سۈرتتى .

## قىرىق تۆتىنچى باب

ئوكخوينىڭ ئوىنودا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەلمەي يۇرگىنىگە خېلى چاغلار بولۇپ قالغانىدى . نولىناكخا بىنارسقا كېتىپ قالغاندىن كېيىن، جوگىندىرو ئۇنى يەنە ئۆيگە باشلاپ كەلدى . ئوكخوي خىمنولىنىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشلىرىدىن ئۇنىڭ رومىشقا قانچىلىك يۇرىكى سوقىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى ئىدى ، لېكىن ئۇ خىمنولىنىنى ناھايىتى تەمكىن قىياپەتتە كۆردى .

— يېقىندىن بۇيان كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى خىمنولىنى تۇزلۇك بىلەن .

— سىزنىڭچە ، مەندەك ئادەمنىڭ كۇندە باشقىلارغا دىدار كۆرسەتكۇدەك سالاھىيىتى بارمىدۇ ؟ — دېدى ئوكخوي جاۋاب بېرىپ .

— بەللى ، — دېدى خىمنولىنى قاقاقلاپ كۇلۇپ كېتىپ ، — سىز دېگەندەك ، سالاھىيىتى توشمىغانلار باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارماسلىقى تېگىشلىك بولسا، كۆپىنچىمىز ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرساق بولىدىكەن - دە !

ئوكخوي قالتىس بىر كەمتەرلىك قىلىۋەتمەكچى ئىدى ، ئويلىمىغان يەردە خىمنو ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۇشتى . ئۇ بۇ جەھەتتە ھەممە خەقنى بىر چوقۇۋالغۇدەك جۇمۇ . بۇ گەپكە مەنمۇ بىر ئاز قوشۇق سېلىپ قوياي . ماڭا ئوخشاش كالتە كۆسەي ئادەملەر باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۇرسە بولۇۋېرىدۇ ، لېكىن ئالاھىدە ئەربابلار بىلەن ناگان - ناگاندا كۆرۇشۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ ، ئۇلار بىلەن دائىم بىللە تۇرۇش توغرا كېلىپ قالسا بارغۇ ، ئۇ چاغدا چىدىغىلى بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ پات - پات تاغ - ئورمانلارغا ، ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن ئۆڭكۇرلەرگە بېرىۋېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە . ئەگەر ئۇلارمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ماكان تۇتۇۋالغان بولسا ، پېقىردەك ، ئوكخويدەك پەگاھقا چۇشۇپ

قالغانلارغا جاڭگالغا قېچىپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى ، — دېدى جوگىندىرو .

خىمنولىنى بۇ نەشتەرلىك گەپنىڭ كىمگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ ، بىر ئېغىز ئۈندىمىدى ، چەينەكنى ئالدى - دە ، ئۆچىسىگە بىر پىيالىدىن چاي قۇيدى .

— سەن ئۆزۈڭ چاي ئىچمەمسەن ؟ — دەپ سورىدى ئاكىسى .

خىمنولىنى ئاكىسىدىن گەپ ئىشىتىۋالىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ ، خاتىرجەم جاۋاب بېرىۋەردى :

— ئىچمەيمەن ، مەن چاينى پەرىز قىلغان .

— ئەمدى زاھىت دېگەننىڭ ئۆزىلا بوپسەن - دە . چاينىڭ تەركىبىدە ساۋابلىق تاپىدىغان ھېچ نەرسە يوق ، شۇنداقمۇ ؟ ئۇ پەقەت زاھىتلا يەيدىغان مىرو بالاننىڭ تەركىبىدىلا بولسا كېرەك . مەن چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن ! خوش بولاي ، تەڭرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بۇنداق قىلمىغىن . خىمنو ! بىرەر چىنە چاي ئىچكەنلىك بىلەن قىلغان توۋا - ئىستىغپارىڭ بىكار بولۇپ كەتسە ھېچقىسى يوق . دۇنيادا ئەڭ ئۆزۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەرسىنىڭمۇ چېكى بولىدۇ ، كىچىككىنە ئىشلارنى يوغانلا بىر نېمە قىلىۋېلىشنىڭ نېمىمۇ زۆرۈرىيىتى بار ، — جوگىندىرو سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ، بىر پىيالە چاي قۇيۇپ خىمنولىنىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى .

خىمنولىنى پىيالىگە قول ئۇزىتىپمۇ قويماي ، بىردىنلا ئۆرۈلۈپ دادىسىغا سۆزلىدى :

— دادا ، چاينى قۇرۇقلا ئىچەمسىز ، بىرەر نېمە يېگۈڭىز يوقمۇ ؟

ئۇنىودا ئەپەندىنىڭ ئاۋازىمۇ ، قولىمۇ تىترەپ كەتتى .

— ماڭا قارا ، قىزىم ، ئەگەر ھازىر يەنە بىر نېمە يېسەم چوقۇم يېرىلىپ ئۆلىمەن ، — دېدى ئۇ ، — ئۆزۈڭدىن بۇيان مەن جوگىننىڭ مۇنداق ئەدەپسىز قىلىقلىرىغا سۈكۈت قىلىپ ھەممىنى ئىچىمگە سىلىپ كەلدىم . مۇشۇ ھالىتىمدە ئاغزىم ئېچىلىپ كەتـ

سە ، ئاچچىقىمغا هاي بېرەلمەي نۇرغۇن گەپ قىلىۋېتىپ ، كېيىن پۇشايمانغا قالماي يەنە .

خىمنولىنى شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ قېشىغا بار-دى ۋە مۇلايىملىق بىلەن :

— خاپا بولماڭ ، دادا . ئاكام ماڭا ياخشى كۆڭلى بىلەن چاي قۇيۇپ بەردى ، مەن ئۇنىڭغا قىلچە رەنجىمىدىم ، سىز بىر ئاز بىر نېمە يەۋالمىسىڭىز بولمايدۇ . قۇرۇق چاينى ئىچىۋەرگەن بىلەن سىزگە زىيان قىلىدۇ ، — دېدى - دە ، دادىسىنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە پېچىنە ئەپكېلىپ قويدى .

ئونۇودا ئاستا پېچىنە يېيىشكە باشلىدى .

خىمنولىنى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇپ ئاكىسى قۇيۇپ بەرگەن چاينى ئىچىشكە تەمشىلىۋىدى ، ئوكخوي چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە :

— خاپا بولمىسىڭىز ئاشۇ چاينى مەن ئىچىۋەتسەم ! پىيالەمدىكى چاينى ئىچىپ بولدۇم ، — دېدى .

جوگىنىدىرو دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ خىمنولىنىنىڭ ئالدىدىكى چاينى ئېلىۋەتتى ، ئاندىن دادىسىغا قاراپ :

— مەن ناهايىتى خىجالەت بولۇپ قالدىم ، ئەپۇ قىلغىن ، — دېدى .

ئونۇودا ئەپەندى كۆزىگە ياش ئالغان هالدا بىر هازاغىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى . جوگىنىدىرو بىلەن ئوكخوي ئۆيدىن ئۇنچىقماي چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى . ئونۇودا ئازراق پېچىنە يېگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى - دە ، قىزىنىڭ يېتىلىشى بىلەن سەندىرەكلىگەن هالدا ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى .

شۇ كۈنى كەچتە ئونۇودا ئەپەندى تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدى . دوختۇر كېلىپ تەكشۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا يالڭۇغلىنىش پەيدا بولغانلىقىنى ، شىمالدىكى هاۋاسى ياقىدىغانراق بىر جايغا بېرىپ بىرەر - يېرىم يىل تۇرۇپ كەلمىگۈچە سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . دوختۇر كەتكەندىن كېيىن

بوۋاينىڭ ئاغرىقى سەل بېسىلغاندەك بولدى .

— خىمنو ، ئەزىزىم ، — دېدى ئۇ ، — بىز بىنارسقا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلەيلى .

خىمنولىنىمۇ كۆڭلىدە شۇنداق ئويلاپ تۇرغانىدى . نولىناكخا كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىدىكى تەقۋالىقنىڭ سەل ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلغانىدى . ئىلگىرى نولىناكخا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان چاغلاردا ، ئۇ پاك ۋە جاپالىق تۇرمۇشىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىتايىن زور تەسەللى كۆچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ، نولىناكخانىڭ چىرايىدىن يېغىپ تۇرغان تەقۋالىق ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى ھەر دائىم چىڭىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى .

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ، خىمنولىنى ئۆزىنى بوشاشتۇرماي ئۇنىڭ قىلغان ئەمرىمەرۇپلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ قېشىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، نېمىشقىدۇر قىزغىنلىقى سەل سۇسلىشىپ قالغانىدى . بۇنىڭ ئارقىسىدا مۇقەررەر كېلىپ چىققان زېرىكىشلىك بارا - بارا ئەۋجىگە چىقىپ ئۈمىدسىزلىككە ئايلاندى ، ئەمدى ئۇ كۈن بويى كۆز ياشلىرى بىلەن يۈزىنى يۇيىدىغان بولۇپ قالدى .

ئۇ داستىخان ئۈستىدە باشقىلارغا قىزغىن ، خۇشچاقچاق كۆرۈنۈشكە ھەر قانچە تىرىشسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر تۈگمەن تېشى بېسىپ تۇرغاندەك بىلىنىپ ، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ئاچچىق خاتىرىلىرى قوزغىغان جاراھەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئارام بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىنى بۇ جاھاندا يېتىمسىراپ قالغاندەك ، كەلگۈسىگىمۇ كۆز يەتكۈزگىلى بولمايدىغاندەك ، ئەمدى پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەكتىن ئۆزگە ئىلاج قالمىغاندەك ھېس قىلاتتى . شۇڭا ، دادىسىنىڭ تەكلىپى دەل ئۇ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن يەردىن چىقىپ قالدى .

— بولىدۇ ، بىز شۇ يەرگە بارايلى ، دادا ! — دېدى ئۇ قىزغىن قوشۇلۇپ .

ئەتىسى جوگىندىرو ئۇلارنىڭ ئالدىراش يۈك - تاقلارنى يىد-غىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سو-رىدى. دادىسى خىمنولىنى بىلەن شىمالغا بېرىپ كەلمەكچى بولۇ-ۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— شىمالنىڭ قايسى جايغا بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدى جوگىندىرو.

ئونىودا ئەپەندى ئۆزلىرىنىڭ بىنارسقا بارىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىشنى خالىماي:

— ئالدى بىلەن ھەممە يەرنى بىرەر قۇر كۆرۈپ باقىمىز، ئاندىن مۇۋاپىقراق بىر جايغا چۈشەرمىز، — دەپ جاۋاب بەردى.

— سىلەر بىلەن بىرگە بارالمايدىغانلىقىمغا ناھايىتى خىجالەت-مەن، — دېدى جوگىندىرو، — بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىر-لىقىنى سوراپ ئىلتىماس سۇنغانىدىم، شۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمىسەم بولمايدۇ.

## قىرىق بەشىنچى باب

رومىش ئاللاخاباتتىن سەھەردىلا گاجىپورغا قايتىپ كەلدى. كوچىلاردا يولۇچىلار يوق دېيەرلىك ئىدى. چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەل - دەرەخلەر ئىزغىرىن شامالدا شۈمشىيىپ بېشى-نى ئېگىپ تىقىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى، يېزا - قىشلاقلارنىڭ ئاسمى-نىنى خۇددى تۇخۇم بېسىپ ياتقان ئاق قۇلاردەك بۇدرۇق بۇلۇتلار قاپلىغانىدى. رومىش ئادەملەر شالاڭ كېتىۋاتقان كوچىلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەڭ پەلتۇسىغا مەھكەمرەك يۆگىنىۋالدى - دە، ھارۋى-كەشكە ئىزۋۇشنى ئۆزى ئىجارىگە ئالغان ئۆي تەرەپكە ئېلىپ مېڭىشنى بۇيرىدى. ئۇ شۇ تاپتا سېغىنىش ئوتىدا كۆيۈۋاتقان يۈرە-كىنىڭ تىنىمسىز دۈپۈلدىشىدىن باشقا ھېچنېمىنى سەزمەيتتى.

ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئىزۋۇشتىن چۈشتى، ئىزۋۇش-نىڭ تاراق - تۇرۇقىنى ئاڭلىغان كومولا چوقۇم مېنى پېشايۋاندا

كۆتۈپ تۇرىدۇغۇ دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئۆز قولى بىلەن كومولانىڭ بويىنىغا تاقاپ قويۇش ئۈچۈن ئاللاخابادتىن سېتىۋالغان نەپىس مېدا-لىئوننى قېپى بىلەن پەلتۇسىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىرىپ قولىغا ئېلىۋالدى . لېكىن ، ئۇ قورۇغا كىرگەندە ھەممە ئىشىكلەرنىڭ ئېتىكلىك تۇرغانلىقىنى ، خىزمەتكار بىيشوننىڭ پېشايۋاندا بەخىرا-مان ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە سەل ئوڭايسىزلىنىپ قېلىپ بىيشوننى توۋلىدى . ئۇ مۇشۇ توۋلاش بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇخلا-ۋاتقان مەلۇم كىشىنىمۇ ئويغىتىمەن دەپ ئويلايتتى . دېمىسىمۇ ، ھاياجاندىن كېچىچە كۆز يۇمالماي ئاران بالالىقتا كەلگەن ئادەم بۇنداق سالقىن قارشى ئېلىشقا قانداق چىدىسۇن .

رومىش ئۇنى ھەر قانچە توۋلاپمۇ ئويغىتالماي ئاخىر بېرىپ سىلكىشتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى . خىزمەتكار كۆزىنى ئېچىپ ھېچ-نېمە ئۇقالماي ئالاقزادە بولغان ھالدا ئەتراپقا قارىدى .

— خانىم ئۆيدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى رومىش .

بىيشون دەسلەپتە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالمىدى ، بىر ئازدىن كېيىن سەل چۈشەنگەندەك بولدى ـ دە :

— ھە ، خانىم ئۆيدە ، — دەپ مۇجمەللا جاۋاب بېرىپ ، يېنىغا قىڭغايغىنىچە يەنە ئۇيقۇغا كەتتى .

ئىشىك يەڭگىل ئىتتىرىش بىلەنلا ئېچىلىپ كەتتى . رومىش ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ چىقتى ، لېكىن ھېچقايسىسىدا ئادەم يوق ئىدى .

ئۇ : «كومولا !» دەپ چاقىرىپ باقسىمۇ ھېچ سادا بولمىدى ، گۈللۈككە قاراپ باقتى ، نىم دەرىخنىڭ تۈۋىگىچە بېرىپ باقتى ، لېكىن كومولا كۆرۈنمىدى ؛ ئۇ كىرمىگەن ئاشخانا ، خىزمەتكارلار-نىڭ ئۆيى ، ئاتخانا قالمىدى ، لېكىن كومولانىڭ قارىسىمۇ چىقمىدى .

قۇياش چىقتى ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە قونۇۋالغان قاغىلار قاقىل-دايتتى . يېزىنىڭ بىر نەچچە قىزلىرى باشلىرىغا كوزىلىرىنى قوند-دۇرۇشۇپ يېقىن ئەتراپتىكى قۇدۇقتىن سۇ ئەپكېلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى .

چوڭ يولنىڭ نېرى ياقىسىدىكى دېھقان قورۇسىدا بىر نەچچە ئايال دىمىقىدا ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇپ يارما يېرىشىۋاتاتتى .

بۇ يەردىنمۇ ھېچ دېرەك ئالالمىغان رومىش ئامالسىز ئۆيگە قايتىپ كەلدى . بىيشون تېخىچە غەرق ئۇيقۇدا ئىدى . ئۇ ئېڭىشىپ بىيشوننى قاتتىق سىلكىدى ، پەقەت شۇ چاغدىلا ، گۇپۇلدەپ پۇراپ كەتكەن ھاراقنىڭ سېسىق پۇرىقىدىن ئۇنىڭ قاتتىق مەست ئىكەنلىكىنى سەزدى . قاتتىق سىلكىشلەردىن سەل ھوشىغا كەلگەن بىيشون ھودۇققان ھالدا ئورنىدىن تۇردى .

— خانىم نەگە كەتتى ؟ — دەپ سورىدى رومىش .

— ئەلۋەتتە ئۆيدە بولمامدۇ .

— يوق گەپنى قىلما ، ئۇ ئۆيدە ئەمەسكەن .

— ئۇ تۇنۇگۈن كەلگەن تۇرسا !

— ئۇ كېلىپ يەنە باشقا يەرگە كەتكەنمىدى ؟

بىيشون ئاغزىنى ئاچقانچە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى . دەل شۇ پەيتتە ئۇمىش كېلىپ قالدى . كومولانىڭ كىيگۈزۈپ قويغان كىيىمى ئۇنىڭغا تازا ماس كەلمىگەن ، ئۇيقۇسىزلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى .

— ئاپاڭ نەدە ، ئۇمىش ؟ — دەپ سورىدى رومىش ئۇنىڭدىن .

— ئۇ تۇنۇگۈندىن بېرى ئۆيدە ئىدىغۇ .

— سەن نەگە كەتكەن ؟

— ئاپام مېنى سىدخو ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توي كۆرۈپ كەلگىن دەپ ئەۋەتىۋەتكەنىدى .

— كىرا پۇلىنى تولىۋېتىڭ ، ئەپەندى ، — شۇ ئەسنادا ھارۋىكەش ئۇلارنىڭ پارىڭىنى بۆلۈۋەتتى .

رومىش دەرھاللا ئىزۋۇشقا چىقتى ـ دە ، ئىزۋۇشچىنى چوكرو بورتى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ھەيدەشكە بۇيرۇدى . ئۇ بۇ ئۆيگە كىرگەندە چوكرو بورتىنىڭ ئۆيىدىكىلەر قاتتىق بىسەرەمجانلىقتا ئىدى . ئۇ ، كومولا ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىۋىدى ، بۇ پەرىزى خاتا بولۇپ چىقتى . تۇنۇگۈن ئاخشام

ئومى ئۇخلاۋېتىپ تۇيۇقسىز تووۋلاپ كېتىپتۇ. ئۆيدىكىلەر قارىسا ئۇنىڭ يۈزى كۆكىرىپ، پۇت - قوللىرى مۇزلاپ كەتكەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قورقۇپ ئۇنىڭغا قارايمىز دەپ كېچىچە كىرپىك قاقماپتۇ. رومىش بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، كو-مولا ئېھتىمال كېسەل بولۇپ قالغان بالىغا قارىشىپ بېرىش ئۈچۈن چاقىرتىلغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى - دە، بىپىنغا:

— ئومى قىزنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىغا كومولانىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتكەندۇ - هە، — دېدى.

بىپىن كومولانىڭ ئاخشام كەلگەن - كەلمىگەنلىكىدىن بىخە-ۋەرلا بېشىنى لىڭشىتىپ بۇ سۆزنى تەستىقلىدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — ئۇ بۇ قىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. لېكىن، دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، قىزىمىزنىڭ كېسىلى ھېچقانچە ئەمەس ئوخشايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ رومىشنىڭ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۇچرىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇ-نىڭ سېغىنىش ئوتىدا يېلىنجاۋاتقان يۈرىكىگە سوغۇق سۇ سېپىۋات-قاندەك بىلىندى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىلاھىي قىسمەت ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشىغا كاشىلا قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، يەنە سەل ئارام-سىزلاندى.

شۇ ئەسنادا ئومىشمۇ يېتىپ كەلدى. شويلودجا ئۇنىڭغا ئام--راق بولغانلىقتىن، ئۇ ئىچكىرى ھۇجىرىغا قورۇنماي كىرىۋې-رەتتى.

شويلودجا ئۇنىڭ ئۆيگە كىرگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز ھۇج-رىسىغا باشلاپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا، ئاستىراق سۆزلە، بولمىسا بالىنى ئويغىتىۋېتىسەن دەپ تۇراتتى، كۇتۇلمىگەندە ئۇ كومولانىڭ قەيەردىلىكىنى سوراپ، شويلودجانى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى.

— نېمە دەۋاتىدىغانسەن، تۇنۇگۈن ئىككىڭلار ئۆيگە بىللە كەتكەنتىڭلارغۇ! — دېدى شويلودجا، — مەن ئەسلىدە لوچىمىند-

يانى قونۇشۇپ بىرىشكە ئەۋەتەي دەپ ئويلىغانىدىم ، كېيىن ئۇمى ئاغرىپ قالغاچقا ئۇمۇ بارالماي قالدى .

— ئۇ هازىر بۇ يەردە ئەمەسمۇ ، — دەپ سورىدى ئۇمىش تاقەتسىزلەنگەن هالدا .

— نېمە دېگىنىڭ بۇ ؟ — دېدى شويلودجا تېرىكىپ ، — سەن ئاخشام نەگە كەتكەنىدىڭ ؟

— بىز ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ، ئاپام مېنى سىدخو ئەپەندى-نىڭ ئۆيگە توي كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتۈەتكەن .

— قالتىس ئىش قىپسەن ! بىيشونچۇ ، ئۇ نەگە كەتكەن ؟

— ئۇ هېچنېمە بىلمەيدىكەن ، ئاخشام بىر مۇنچە هاراق ئىچى-ۋاپتىكەن ، هازىرغىچە ئېسىنى بىلمەي ياتىدۇ .

— ماڭ ، يۈگۈر ، دەرهال بېرىپ بىپىن ئەپەندىنى چاقىرىپ چىق .

— ۋاي خۇدايىم ، — دېدى شويلودجا بىپىننىڭ كىرىپ كېلى-شى بىلەنلا چۇقان سېلىپ ، — بۇ بىر دەهشەت ئىش بوپتىغۇ !

بىپىننىڭ چىرايى شۇ زامات تامدەك ئاقىرىپ كەتتى .

— نېمە ئىش بولدى ؟ — دېدى ئۇ ئىنتايىن تەشۋىشلىنىپ .

— كومولا تۈنۈگۈن ئۆزىنىڭ ئۆيگە كەتكەن ، بۇلار هازىر ئۇنى تاپالمىدۇق دەپ يۈرىدۇ .

— ئۇ ئاخشام بىزنىڭكىگە كەلمىگەنمىدى ؟

— كەلمىگەن ، ئۇمى ئاغرىپ قالغاندا ئۇنى قارىشىپ بېرىشكە چاقىرتاي دەپ ئويلىۋىدىم ، لېكىن ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم تاپالمىدىم . هە راست ، رومىش ئەپەندى كەلدىمۇ ؟

— ئۇ كومولانى ئۆيدە يوق دەپ كەلگەچكە ، ئۇنى مۇشۇ يەردە ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن . هە راست ، ئۇ كەلدى ، نېرىقى ئۆيدە بار .

— دەرهال رومىش بىلەن بېرىپ ئۇنى تېپىڭلار ، ئۇمى-ئۇخلاپ قالدى ، كېسىلىمۇ هازىر ياخشى ، — دېدى شويلودجا .

بىپىن بىلەن رومىش بايىقى ئىزۋۇشقا ئولتۇرۇپ ، بىيشوندىن

يەنە بىر قېتىم سۇرۇشتۇرۇپ بېقىش ئۇچۇن يېڭى ئۆيگە بېرىشتى، ئۇلار نۇرغۇن گەپ قىلىپ ئاران بالالىقتا بىيشوندىن ئانچە تولۇق بولمىغان بەزى مەلۇماتلارغا ئىگە بولدى: تۇنۇگۇن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت ـ بەشلەردە كومولا ئۆزى يالغۇزلا دەريا تەرەپكە مېڭىپتۇ. بىيشون بىللە ھەمراھ بولۇپ بېرىشنى ئېيتقانىكەن، ئۇ ئۇنىماپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر رۇپىيە تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ، بىيشون ئۆيگە قارىغاچ دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇرسا، ھاراق كوزىسىنى كۆتۈرگەن بىر مەيپۇرۇچ كەپتۇ. كوزىدا بۇژۇلداپ تۇرغان ۋاسكى ھارىقى بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار بىيشوننىڭ ئېسىدىمۇ قالماپتۇ.

بىيشون ئۇلارغا كومولانىڭ گانگ بويىغا كەتكەن يولىنى كۆرسىتىپ قويدى.

رومىش، بىپىن ۋە ئومىشلار ئۇ كۆرسەتكەن يولغا چۈشتى، شەبنەم چۈشكەن ئېكىنزارلىقلارنى كېسىپ ئۆتتى. ئومىش خۇددى بالىسىنى يوقىتىپ قويغان يولۋاستەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھەر تەرەپنى تىمىسقىلايتتى.

دەريا بويىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇچىلىسى توختاپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سەھەر ئاپتىپىدا چىمىرلاپ تۇرغان قۇملۇقتىن ئۆزگە بىر ئادەمنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمىدى.

ئومىش توۋلاشقا باشلىدى:

— ھەي، ئاپا··· سىز قەيەردە؟

دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى تۆپىلىكتىن يانغان ئەكس سادادىن بۆلەك، ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

ئومىش ئەتراپقا قاراۋېتىپ، بىردىنلا يىراقتىن ئاپئاق كۆرۈنگەن بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، دەرھال چېپىپ بېرىپ قولىغا ئېلىۋىدى، ئۇ، قولياغلىقىقا ئورالغان بىر تۇتام ئاچقۇچ بولۇپ چىقتى. بۇ دەريانىڭ لېۋىدىكىلا جاي ئىدى.

— ھوي، نېمە ئىكەن ئۇ؟ — دەپ توۋلىغىنىچە رومىشمۇ يېتىپ كەلدى.

بۇ كومولانىڭ ئاچقۇچلىرى ئىدى . سەل نېرىراقتا بىر مۇنچە لاتقىلار يىغىلىپ قالغان بولۇپ ، بۇ يەردە بىرسىنىڭ سۇغا قاراپ كەتكەن ئاياغ ئىزلىرى چۇشۇپ قالغانىدى . ھەر تەرەپكە كۆز سېلىپ تۇرغان ئۇمىش يېيىقتىكى تېيىز سۇنىڭ ئىچىدە يالتىراپ تۇرغان بىر نەرسىنى بايقاپ قالدى . ئۇ قولىغا ئېلىپ قارىسا ، ئالتۇن بۇلاپكا ئىكەن . بۇ رومىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كومولاغا قىلغان سوۋغىسى ئىدى .

بۇ ئالامەتلەردىن كومولانىڭ ئۆزىنى گانگ دەرياسىغا تاشلىغانلىقىنى سېزىپ ، ئۇمىشنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى . ئۇ ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ : «ئاپا ! جېنىم ئاپا !» دەپ نالە قىلىشقا باشلىدى ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا بىردەم ـ بىردەم سۇنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ ، لاتقىلارنى مىجىقلاپ ، ساھىلدىكى سۇنى لاي قىلىۋەتتى .

رومىش ئۇنچىقماي ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئاخىر بىپىن ئۇمىشقا توۋلىدى :

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ؟ دەرھال يېنىپ چىق !

— مەن ئۆلسەممۇ چىقمايمەن ، — دېدى ئۇمىش يىغلاپ تۇرۇپ ، — جېنىم ئاپا ، سىز مېنى قانداقمۇ تاشلاپ كەتكەنسىز ؟

بىپىننىڭ ئۇنچىۋالا ھودۇقۇپ كېتىشى ئورۇنسىز ئىدى ، چۈنكى ئۇمىش سۇدا بېلىقتەك ئەركىن ئۈزەتتى ، ھەتتا ئۇ سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈۋالىمەن دەپ ئويلىسىمۇ ، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىش ئىدى . ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئۇمىش بىر ھازادىن كېيىن سۇدىن چىقىپ ئۆزىنى قۇمغا تاشلىدى ـ دە ، ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى .

بىپىن رومىشنىڭ يەلكىسىدىن تارتىپ ، ئۇنى ئېغىر خىيالدىن ئويغاتتى .

— يۈرۈڭ ، رومىش ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ، — بىز بۇ يەردە ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەي ، دەرھال ساقچىغا بېرىپ مەلۇم قىلايلى : ئۇلار بىر ئامال قىلىپ بىزگە ئۇنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن .

ئۇ كۆنى شويلودجا ۋە باشقىلارنىڭ گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمە-
دى ، ئۇيقۇسىمۇ كەلمىدى ، پۈتۈن ئۆينى يىغا قاپلىدى .
ئۇلار بىلىقچىلارنى يالاپ دەريانىڭ ھېلىقى جايىنى ئالا قوي-
ماي ئىزدەشتۈردى ، ساقچى ئىدارىسى كىشى ئەۋەتىپ ئەتراپتىكى
يېزىلارنى ئاختۇردى . ۋوگزالغىمۇ مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ سۈ-
رۈشتۈرۈلدى ، لېكىن ھېچكىممۇ كومولاغا ئوخشايدىغان بىرەر بېز-
گال قىزنىڭ پويىزغا چىققانلىقىنى كۆرمىگەنىدى .
چوكرو بورتى تاغا شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ
كېلىپ ، ۋەقەنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ، جۈملىدىن كومولانىڭ غايىب
بولۇشتىن ئىلگىرىكى غەلىتە ئىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قىز
ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالغان دېگەن تەخمىنگە تولۇق ئىشەندى .
— ئەمدى بىلدىم ، — دېدى لوچمىنىيا ، — ئاخشام ئۇمى
بىكارغا يىغلىماپتىكەن ـ دە ، ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ قېلىشىمۇ
مۇشۇ سەۋەبتىن ، بىز بىرسىنى تېپىپ كېلىپ ئۇنى ئوبدان ئۇچۇغ-
دىتىپ قويايلى !
بۇ بەختسىز ھادىسىدىن ھوشىنى يوقىتىپ قوياي دەپ قالغان
رومىشىنىڭ كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمىدى . «گانگى دەرياسى-
نىڭ ئۆزى ساھىلىگە ئېلىپ چىقىپ ماڭا سوۋغا قىلغان كومولانى ،
ئەمدى كېلىپ ، كىشىلەرنىڭ نەزىر ـ نۇزۇرەت يولىدا تاشلىغان
گۈلىگە ئوخشاش ئۆز قەرىگە يۇتۇۋېتىدىغانلىقىنى ئەجەبمۇ ئويلىماپ-
تىكەنمەن !» دەپ ئويلىدى ئۇ .
كۈن تاغ كەينىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇ يەنە دەريانىڭ
ھېلىقى ئاچقۇچلار تېپىلغان جايىغا بېرىپ ، سايدىكى ئاياغ ئىزلىرى-
غا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى ، ئاندىن ئايىغىنى يېشىپ ،
ئېتەكلىرىنى بېلىگە تۈگۈپ سۇغا چۈشتى ، بىر ئاز ماڭغاندىن
كېيىن ، ئاللاخابادتىن سېتىۋالغان ھېلىقى مېدالئوننى دەريانىڭ
ئوتتۇرىسىغا ئېتىۋەتتى .
ئۇ ناھايىتى تېزلا گاجىپوردىن كېتىپ قالدى . چوكرو بورتى-
نىڭ ئۆيىدىكىلەر پاراكەندىچىلىك بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭ

كېتىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى .

## قىرىق ئالتىنچى باب

رومىش هازىر ئۆز ئىستىقبالىنىڭ ھەققەتەن قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭدا نە ئۈمىد ، نە مۇقىم خىزمەت ، نە تۇراقلىق ماكان بولسۇن ، شۇنداقتىمۇ ئۇنى خىمنولدىنىنى پۈتۈنلەي كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى دېيىشكە بولمايتتى . ئۇ پەقەت خىمنولىنىنى ۋاقتىنچە ئويلىماسلىققىلا تىرىشقانىدى .

«قىسمەت ئىلاھىنىڭ شەپقەتسىز زەربىسى مېنى ئەلنىڭ ئىچىدە تۇرغۇسىز قىلىۋەتتى ، — دەيتتى ئۇ ئۆز — ئۆزىگە ، — چاقماق تەگكەن دەرەخنىڭ يېشىل ئورماندا قايتا كۆكلەپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ » .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئۆزىگە تەسەللى تېپىش ئۈچۈن توختىماي يۇرت كېزىش نىيىتىگە كەلدى ۋە گانگ دەرياسىدىن قېيىققا ئولتۇرۇپ بىنارسىنىڭ سۇ ئۈزۈش مەيدانلىرىنى تاماشا قىلدى ، دېھلىگە بېرىپ كوتۇپمىنار تېغىغا چىقتى ، ئۇ يەردىن ئاگراغا بېرىپ ئايدىڭ كېچىدە تاج ماخالنى زىيارەت قىلدى ، ئاندىن ئامرىتسارنىڭ ئالتۇن ئوردىسىنى كۆرۈپ ، يەنە راجپوتانغا قايتىپ كېلىپ ئەبۇ تېغىنى تاۋاپ قىلدى . لېكىن ، يۇرت كېزىش ئۇنىڭغا نە جىسمانىي جەھەتتىن ، نە روھىي جەھەتتىن قىلچە ئاراملىق بېغىشلىيالمىدى .

ئاخىر ، يۇرتنى سېغىنىش ھېسسىياتى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىدى . ئۇ ئۆيىنى ئويلىدى . ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن بالىلىق چاغلىرىنى ، يەنى ئىلگىرى ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ماكانىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئۆيگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى بىلەن ، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرت كېزىش ئارقىلىق ئۆزىنى دەردتىن خالاس قىلىش نىيىتىگە خاتىمە بېرىشكە مەجبۇر بولدى . ئۇ كالكۇتتىغا بارىدىغان ئالاھىدە تېز پويىزنىڭ بېلىتىنى سېتىۋېلىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويىدى ، ئاندىن ۋاگونغا چىقىپ

بىر ئورۇنغا جايلاشتى.
رومىش كالكۇتتىغا بارغاندىن كېيىن خېلى كۈنلەرگىچە كو-لوتولا تەرەپكە ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئاخىر بىر كۈنى ئىلگىرى ئۆزى تۇرغان كوچىغا باردى. ئەتىسى تېخىمۇ غەيرەتكە ئېلىپ ئوننودا ئەپەندىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسى مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ ئۆيلەردە ئادەم باردەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، ھېچبولمىسا ئۆينى ساقلاشقا سوكخون قالغاندۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن كېلىپ ئىشىكنى قاقتى، توۋلاپمۇ باقتى، لېكىن ئۆيدىن ھېچبىر سادا چىقمىدى.
قوشنا قورۇدا تۇرىدىغان چوندرو موخون دەرۋازا ئالدىدا چى-لىم چېكىپ ئولتۇراتتى.
— ھوي، رومىش ئەپەندى، بۇ راستىنلا سىزمۇ؟ — دېدى ئۇ كېلىپ رومىش بىلەن ئامانلىشىپ، — ئوننودا ئەپەندىلەر سىرتـ-قا چىقىپ كەتتى.
— نەگە كەتتى، بىلەمسىز، ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى رو-مىش.
— ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن، ئىشقىلىپ، شىمالنىڭ بىر يېرىگە كەتتى.
— كىم - كىملەر كەتتى؟
— ئوننودا ئەپەندى قىزى بىلەن كەتتى.
— ئۇلار بىلەن باشقا ئادەمنىڭ كەتمىگەنلىكى ئېنىقمۇ؟
— ئېنىق، بۇنىڭدا چاتاق يوق. مەن ئۇلار ماڭغاندا قاراپ تۇرغان تۇرسام.
رومىش ئاغزىغا كەلگەن سۆزىنى توختىتالمىدى:
— بىر تونۇشۇم، ئۇلار بىلەن نولىن ئەپەندى دېگەن بىرسى بىللە كەتتى، دېگەنىدى.
— ئۇنداق بولسا سىزگە بۇ گەپنى ئېيتقان ئادەم ئەھۋالنى ئۇقمايدىكەن. نولىن ئەپەندى سىز بۇرۇن ئولتۇرغان ئۆيدە بىر مەزگىل تۇرغان. ئۇ ئوننودا ئەپەندىلەر كالكۇتتىدىن مېڭىشتىن

بىر نەچچە كۈن بۇرۇن بىنارسقا كەتكەن .

رومىش چوندورو موخوندىن نولىن ئەپەندىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى نولىناكخا چوتتو پادىشايا ئىكەنلىكىنى ، ئىلگىرى رانگپوردا دوختۇرلۇق قىلغانلىقىنى ، ھازىر ئانىسى بىلەن بىنارستا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى .

بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن رومىش ئۇنىڭدىن جوگىنىنىڭ ھازىر قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىۋىدى ، ئۇ جوگىندىرونىڭ مايمېسىنگدىكى بىر زېمىندار ئاچقان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا ئورۇنلىشىپ بىشاپورغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى .

— مەن سىزنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى ، رومىش ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە سوئال قويۇپ ، — شۇنچە ۋاقىتلاردىن بۇيان نەلەردە يۈردىڭىز ؟

رومىش ئەمدى بۇنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق دەپ ھېس قىلدى ـ دە :

— گاجىپوردا ئادۋوكاتلىق قىلدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ئەمدى سىز شۇ يەردە تۇرۇپ قالماقچىمۇ ؟

— ياق ، مەندە ئۇنداق نىيەت يوق . نەگە كۆچۈپ بېرىش ھەققىدە ھازىرچە بىر قارارغا كەلمىدىم .

رومىش كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا ئوكخوي كەلدى . جوگىندىرو كالكۇتتىدىن كېتىشتىن بۇرۇن ئوكخويغا ئۆيدىكىلەر قايتىپ كەلگۈچە پات ـ پات ئۆيدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى تاپىلىغانىدى . باشقىلارغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەزەلدىن سەل قارىمايدىغان ئوكخوي بىر نەچچە كۈندە بىر قېتىم دېگۈدەك كېلىپ ئۆيگە قاراۋاتقان ئىككى خىزمەتكارنىڭ ئىشلىرىغا كۆز ـ قولاق بولۇپ تۇراتتى .

چوندرو موخون ئوكخوينى كۆرۈش بىلەنلا :

— رومىش ئەپەندى ھېلى كېلىپ كەتتى ، — دېدى .

— راستمۇ ؟ — دېدى ئوكخوي ، — بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەپتۇ ؟

— ئۇنى بىلمىدىم . ئۇ مەندىن ئونىودا ئەپەندىنىڭ ئۆي ئىچى-

نى سورىۋىدى ، بىلگەنلىرىمنى ئېيتىپ بەردىم . ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ، تاس قاپتىمەن تونۇيالمىغىلى . ئۇ خىزمەتكارلارنى تولۇشۇدى ، ئاۋازىدىن تونۇپ قالدىم .

— سەن ئۇنىڭ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىدىڭمۇ ؟

— ئۇ شۇ چاغقىچە گاجىپوردا تۇرۇۋاتقانىكەن ، تېخى يېقىندا بۇ يەرگە كەپتۇ . زادى نەدە تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە تېخى بىر قارارغا كەلمەپتۇ .

— مۇنداق دېگىن ! — ئوكخوي كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر نېمە-نى پەملىدى .

«تەقدىر ئىلاھىنىڭ مېنى شۇ قەدەر رەھىمسىزلىك بىلەن ئويۇنغا سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدىغان ! — دەپ ئويلىدى رومىش تۇرالغۇ جايىغا قايتىۋېتىپ ، — كومولا ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ نولىناكخا بىلەن خىمنولىنىنىڭ ئۇچرىشىپ قې-لىشى بەئەينى بىر رومانىنىڭ ۋەقەلىكى ، يەنە كېلىپ ، ئىنتايىن قالايمىقان ۋەقەلىك ئەمەسمۇ ! بۇنداق چىگىشنى تاپقىلى بولمايدى-غان ۋەقەلىكنى پەقەت قارارى يوق قىسمەت ئىلاھىدەك يازغۇچىلا قۇراشتۇرۇپ چىقالايدۇ . بۇنداق غەلىتە ۋەقەلەر پەقەت رېئال تۇر-مۇشتىلا يۈز بېرىشى مۇمكىن . دۇنيادىكى ئەڭ يورەكلىك يازغۇچى-مۇ بۇنى ئۆز ئىجادىيىتى سۇپىتىدە كۆتۈرۈپ چىقىپ خەلقئالەمگە كۆرستەلمەيدۇ » . لېكىن ، نېمىلا دېگەنبىلەن ، رومىش ئۆزىنى بۇرۇنقىدەك قايغۇ - ئەلەمنىڭ چىگىش تورلىرىغا چىرمىشىپ قال-غاندەك ھېس قىلمايدىغان ، تەقدىر ئىلاھى ئۆزگىرىشچان تۇرمۇش قىسمىسىنىڭ ئاخىرقى سەھىپىسىنى يازغاندا ئانچە شەپقەتسىزلىك قىلماس دېگەن ئۈمىدتىن ۋاز كەچمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى .

جوگىندىرو ھېلىقى زېمىندار ئولتۇرىدىغان جاينىڭ قېشىدى-كى بىر قەۋەتلىك ئۆيگە ئورۇنلاشقانىدى . ئۇ بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى ، بىر كىشى ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت ئەپكېلىپ بەردى . ئۇ خەتنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى . چۈنكى ، كونۋېرتتا رومىشنىڭ پوچېركىسى تۇراتتى ، خەت-

ته، رومىشنىڭ بەزى ئىشلار توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن بىشاپوردىكى بىر دۇكاندا ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى يېزىلغانىدى.

جوگىندىرو ئورۇندۇقتىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئالدىنقى قېتىممۇ ئۇلار ھېلىقى ئىش تۈپەيلى قىزىرىشىپ قېلىپ ئايرىلىپ كېتىشكەن، لېكىن بۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن مەزگىل بولۇپ قالدى ـ دە! كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئۆسكەن ئاغىنىسى مۇشۇنداق چەت ـ ياقىغا ئۇنى يوقلاپ كەلسە، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدىغۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جوگىندىرو رومىش بىلەن يەنە كۆرۈشەلىگەنلىكىگە تولىمۇ خۇشال بولغانىدى. چۈنكى، ئۇ رومىشنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقماي قالمايتتى. دېمىسىمۇ، خىمنولىنى ئۇ يەردە بولمىغاندىكىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسە نېمە بوپتۇ.

جوگىندىرو بايامقى خەت ئەپكەلگەن كىشىنى ئالدىغا سېلىپ رومىشنىڭ قېشىغا كەتتى. رومىش باياتىندىن بېرى ماي، تۇز دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى قۇرۇق تۆگىنىڭ ئۈستىدە يالغۇز ئولتۇرغان چاغدا، دۇكاندار ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەخسۇس براھمانلارغا چەككۇزىدىغان چىلىمىنى سۇنغانىدى، رومىش چەكمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، دۇكاندار بۇ كۆزەينەكلىك ئەپەندى شەھەرنىڭ يامان ئادەتلىرىنى ئۆزىگە يوقتۇرۇۋالغان غەلىتە ئادەم ئوخشايدۇ، دېگەن تونۇشقا كېلىپ، ئۇنى ئىچكىرىلەپ بىلىشنىمۇ خالىمىدى، ئۇنىڭغا باشقا گەپمۇ قىلمىدى.

شۇ ئەسنادا جوگىندىرو يېتىپ كەلدى ۋە رومىشنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— قانداق بىر ئادەمسەنكىن، تاڭ! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ، — بۇرۇنقى مىجەزىڭنى پەقەتلا تاشلىماپسەن، نېمىشقا ئۆيۈمگە ئۇدۇل بېرىۋەرمەي، يېرىم يولغا كېلىپ بۇ يەردە ساقلاپ ئولتۇردۇڭ؟

ئۇنىڭ بۇقەدەر قىزغىن قارشى ئېلىشىنى كۈتمىگەن رومىش

كۆلۈپ قويدى. جوگىندىرو ئاغزى بىسىقماي سۆزلىگىنىچە ئۇنى تارتىپ ئېلىپ ماڭدى.

— دىندارلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، — دېدى ئۇ، — ئىشقىلىپ، تەڭرىنىڭ قىلىۋاتقىنىغا بەندىنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك. مانا مېنى ئالساڭ، شەھەردە چوڭ بولغان مەندەك ئادەمنىڭ جىن دارىپ كەتكەن سەھراغا كېلىۋېلىپ، قارا قورساق دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا تىكەندەك يالغۇز يۈرگىنىم ئاجايىپ بىر ئىش ئەمەسمۇ!

— بۇمۇ ئۇنچىۋالا يامان جاي ئەمەسكەنغۇ، — دېدى رومىش ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— مەن بۇ يەرنى ناھايىتى تىنچكەن دېمەكچى…

— بۇ يەرنى ئۇزۇل - كېسىل تىنچلانسۇن دەيدىغان ئىش بولسا، مەن ئۆزۈم بىلەن ھەمسۆھبەت بولالايدىغان بىردىنبىر كىشىنىمۇ بۇ جايدىن بىر ئامال قىلىپ تېزراق كەتكۈزۈۋەتسەم بولىدۇ.

— شۇنىڭدا كۆڭلۈڭ ئارام تاپىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭغىمۇ بولۇۋېرىدۇ…

— بۇ گەپنى ماڭا قىلمىساڭ! — دېدى جوگىندىرو، — بىر مەزگىل بۇ يەردىكى زىيادە تىنچلىقتىن بوغۇلۇپ قالغىلى تاس قالدىم. يېقىندا ماڭا بۇ جىمجىتلىقنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئەرمەك تېپىلىپ قالدى. مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ كاتىپى ماڭا تولىمۇ يوغانچىلىق قىلغىلى تۇرۇۋىدى، مەن ئۆزۈمنى ئۇبدان تونۇتۇپ قويدۇم، ئەمدى زېمىندارمۇ ماڭا ھازىرچە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئەسلىدە مېنى ئىنگلىز گېزىتلىرىدە ئۆزى ئۇچۇن كاناپچىلىق قىلىپ قويارمىكىن دەپ تەمە قىلىۋىدى، مەن ھېچكىمنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق بولمايدىغانلىقىمنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قويدۇم. مېنىڭ بۇ يەرگە پېتىنۋاتقانلىقىم، مەندە ئالىلىقانداق يۇكسەك پەزىلەتنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس. يېزىلىق پارلامېنتنىڭ مەسئۇلى ماڭا ناھايىتى غەمخورلۇق قىلىدۇ، شۇڭا زې-

مىندار مېنى ئۆز مەيلىچە ھەيدىۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر بىر كۇنلەر كېلىپ گېزىتلەردە، يېزىلىق پارلامېنت پالانى رايونغا يۆتكەلدى، دېگەندەك خەۋەرلەر چىقىپ قالسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ كۇنۇمنىڭ تۇگىگىنى شۇ، ئۇ چاغدا بىشاپوردىكى مۇدىرلىقىمنىڭمۇ ئۆمرى كوتا بولىدۇ. ھازىر مېنىڭ بىرلا ھەمسۆھبىتىم بار، ئۇ بولسىمۇ ئىتىم پانگ، ئۇنىڭدىن باشقىلار مېنى بۆجىدەك كۆرىدۇ!

ئاخىر ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلدى، رومىش دەرھال بېرىپ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— چىقىپ يۇيۇنۇپ كىرگىن، — دېدى جوگىندىرو، — سېنىڭ ئەتىگەندە يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالـغىنىم يوق. مەن ساڭا چاي دەملەپ تۇراي، سېنىڭ باھانەڭدە يەنە بىر قېتىم يۇرىكىم قانغۇدەك چاي ئىچىۋالىدىغان بولدۇم.

يەپ ـ ئىچىش، كۇلكە ـ پاراڭ بىلەن پۇتۇن بىر كۇن ئۆتۈپ كەتتى. جوگىندىرو رومىشنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزنى ئېيتىۋېلىشىغا باشتىن ـ ئاياغ پۇرسەت بەرمىدى.

كەچكى تاماقتىن كېيىن، ئۇلار پەنەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. چىلبۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى تۇن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. رومىش ئاخىر بىر مۆرىتىنى كەلتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇنى ئالايىتەن ئىزدەپ كېلىشىدىكى مەقسىتىنى بايان قىلدى:

— ماڭا قارا، جوگىن، نېمە ئۇچۇن كېلىپ قالغانلىقىمنى ئېيتمىساممۇ ئۆزۇڭنىڭ پەملىگىچىلىكۇڭ بار. سەن مەندىن بىر سوئال سورىغانىدىڭ، ئۇ چاغدا مەن جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالسىز بولغاچقا بىر نېمە دېمىگەن. ھازىر ماڭا توسقۇن بولىدىغان نەرسىمۇ قالمىدى، ئەمدى شۇنىڭ جاۋابىنى بەرمەكچىمەن.

رومىش بۇ سۆزنى قىلىپ بولۇپ بىردىنلا جىمىپ قالدى ـ دە، بىر ئازدىن كېيىن ئۆزى بىلەن كومولا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ پۇتۇن جەريانىنى ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى، سۆزلەۋېتىپ، بەزىدە ئاۋازى تىترەپ كېتەتتى، بەزىدە بوغۇلۇپ سۆزلىيەل-

مەيمۇ قالاتتى. جوگىندىرو باشتىن ـ ئاياغ ئۇنچىقماي تىڭشاپ ئولتۇردى.
ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، جوگىندىرو چوڭقۇر بىر خورسىنىپ قويدى.
— بۇ سۆزلەرنى شۇ كۈنى دېگەن بولساڭ، — دېدى ئۇ، — مەن ھەرگىزمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم.
— بۇ گەپكە سېنى بۈگۈنمۇ ئىشەندۈرمەك ناھايىتى تەس. بولسا، ھازىر ئىككىمىز مەن توي قىلغان يېزىغا بېرىپ كەلسەك، ئاندىن مەن سېنى كومولانىڭ تاغىسىنىڭ قېشىغا ئاپارسام.
— مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن. مۇشۇ ئورۇندۇقتىن قوزغالـ مىساممۇ، مەن سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن. بۇـ رۇنمۇ مەن سېنىڭ گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىپ كەلگەن. بۇ ئادىتىمگە تاسادىپىي بىر قېتىم خىلاپلىق قىلىپ قويغانلىقىمنى كەچۈرگىن.
جوگىندىرو ئورنىدىن تۇردى، كونا دوستلار قىزغىن قۇچاقـ لاشتى.
— تەقدىر مېنى ئۆزىنىڭ ۋاپاسىزلىق تورى بىلەن چۈشەپ تاشلىغاندا، مەن بۇنىڭغا ئەلھۆكمۇلىللا دېمەكتىن ئۆزگە چارىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلغانىدىم، — دېدى رومېش ھاياجىنىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن، — ھازىر مەن بۇ توردىن قۇتۇلدۇم، ئەمدى بۇ ئىشلارنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مەن ئاخىر ئەركىن نەپەس ئالدىم. لېكىن، كومولانىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىغا تاكى بۈگۈنگىچە ئەقلىم يەتمەيدۇ، بەلكىم بۇ مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تېپىشماق بولۇپ قالار؛ بىراق شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، كومولانىڭ ئىشى بۇنىڭسىز بىر تەرەپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككىـ مىزنى غەلىتە رەۋىشتە باغلاپ قويغان چىگىش قىسمەتنىڭ بۇ تۈگۈنىنى كومولا ئاشۇنداق كەسكىنلىك بىلەن كېسىپ تاشلىمىغان بولسا، ئىككىمىزنىڭ نەقەدەر مۇدھىش يولغا كىرىپ قالىدىغانلىقىـ

مىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشتىنمۇ قورقىمەن. كومولا ئۆز ۋاق-تىدا ئەجەل ئاغزىدىن قانداق تۈيۈقسىز، تاسادىپىي ھالدا قۇتۇلۇپ چىققان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق ئۇشتۇمتۇت، كۇتۇلمىگەن ھالدا ئۆلۈمنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى!

— كومولانى چوقۇم ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتسەك بولماس. لې-كىن، قانداقلا بولمىسۇن، سىزنىڭ ئالدىڭىزدىكى پۇتلىكاشاڭنى يو-تۇنلەي ئېلىپ تاشلاندى، دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى گەپ نولىناكخادا قالدى، — دېدى جوگىندىرو، ئاندىن ئۇ نولىناكخا ھەققىدە سۆز-لەپ كەتتى، — بۇنداق ئادەملەرنى مەن زادى چۈشەنمەيمەن. ئۆزۈم چۈشەنمەيدىغان نەرسىنى پەقەتلا ياقتۇرمايدىغان ئىشىم بار. لې-كىن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مېنىڭ تەتۈرۈمچە ئويلايدۇ، ئۇلار بىر نېمىنى قانچە چۈشەنمىگەنسېرى ئۇنىڭغا شۇنچە مەپتۇن بولۇشى-دۇ. مېنىڭ خىمنودىن ئەنسىرەيدىغان تەرىپىممۇ مۇشۇ يەردە، ئۇ ئۆزىنى چاي، گۆش دېگەندەك نېمىلەردىن پەرز قىلىشقا باشلىغاندى-لا، مەن ئىشنىڭ چاتاقلاشقانلىقىنى سەزگەنىدىم. دېگەندەك، ئۇ-زۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇرۇنقىدەك نۇر يېغىپ تۇرمايدى-غان، بىرەرسى ئۇنىڭ شەنىگە تېگىدىغان گەپ قىلسىمۇ كۇلۇمسى-رەپلا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سەنلا ماڭا ياردەم قىلىدىغان بولساڭ، بىز ئۇنى تېزلا قۇتۇلدۇرۇۋالالايمىز. بۇنىڭغا ئىشەنچىڭ كامىل بولسۇن. سەن تەييارلىنىپ تۇرغىن، ئىككىمىز بىرلىشىپ ھېلىقى زاھىتقا قار-شى جەڭ قىلىمىز.

— مەنغۇ جەڭگە ياراقسىز ئادەم، — دېدى رومىش قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — شۇنداقتىمۇ، قېنى ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە تەييارلىق قىلىپ باقاي.

— ئەمىسە، قىشلىق تەتىلدە بۇ ئىشقا قول سالىمىز، — دېدى جوگىندىرو.

— قىشلىق تەتىلگە تېخى خېلى بارغۇ. ئالدى بىلەن مەن ئۆزۈم قىلىپ تۇرسام بولمامدۇ؟

— ياق ، بولمايدۇ ، ئۇنىڭغا ھەرگىز بولمايدۇ ! سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى بۇزغانمۇ مەن ، ئەمدى بۇ ئىشنى ئوڭشاشتىمۇ ئۆزۈم ئوتتۇرىغا چىقىشىم كېرەك . مەن سىنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ ، بۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشتىن ئۆزۈم قۇرۇق قېلىشنى خالىمايمەن .

— ئەمىسە ، مەن ھازىرچە...

— بۇ گېپىڭنى قوي ! بۇ ئون كۈن داۋامىدا سەن ماڭا مېھمانسەن ، قالغان گەپنى كېيىن قىلىمىز . مەن بۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ ھەممىسىنى قاچۇرۇپ بولدۇم . تۇرمۇش-نى تۇرمۇشتەك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ماڭا ھەمراھ بولغۇدەك دوست كېرەك . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كېچىلەردە بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلى-رىنىلا ئاڭلاپ ياتاتتىم . كۆڭلۈمنىڭ بۇنداق بىسەرەمجان چاغلىرىدا سېنىڭ ئاۋازىڭ ماڭا دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق مۇزىكىدىنمۇ ئوبدان ئاڭلىنىدۇ .

## قىرىق يەتتىنچى باب

چوندرو موخوننىڭ ھېلىقى سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئوكخوينىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى .

«بۇ زادى قانداق گەپ ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىچە پىچىرلاپ ، — بۇ گەپچە ، رومىش گاجىپوردا ئادۋوكاتلىق قىلىپ يۈرۈپتىكەن - دە ! بۇ تازىمۇ غەلىتىلىكقۇ ؟ ئۇ تازىمۇ سىرلىق ئادەم جۇمۇ ! ئۇنىڭ ئۇياقتىكى خىزمىتىنى تاشلىۋېتىپ ، يۇزىنى داپتەك قىلىپ بۇ كوچىغا ئاياغ بېسىشىغا نېمە سەۋەب بولغاندۇ ؟ ئۇ ئوننودا ئەپەندى بىلەن خىمنولىنىنىڭ بىنارستا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن بىر كۈنى چوقۇم خەۋەر تاپىدۇ . ئۇ چاغدا ئۇ ئۇلارنى ئىزدەپ شۇ يەرگىمۇ بېرىشى مۇمكىن » .

ئوكخوي دەرھال گاجىپورغا بېرىپ ، ئىگىلەش ئىمكانىيىتى بولغان بارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن بىنارسقا بېرىپ ئوننودا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى .

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىدى ، ئون ئىككىنچى ئاينىڭ مەلۇم كۈنى چۈشتىن كېيىن ، ئوكخوي يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ گاجىپور ۋوگزالىدا پويىزدىن چۈشتى .

ئۇ دەسلەپكى قەدەمدە ، بازاردىكى ھەممە دۇكانلارغا كىرىپ دۇكاندارلاردىن رومىش ئىسىملىك بېنگاللىق ئادۋوكاتنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى . سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى ، يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق ئادۋوكاتنى تونۇمايدىكەن .

كېيىن ئۇ سوت ئورۇنلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا ، ئۇ يەردىكىلەر ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى . شۇ ئارىدا ، بېشىغا سەللە ئورىغان بىر بېنگاللىق ئادۋوكات ئەمدى پەيتونغا چىقاي دەپ تۇرغانىدى ، ئوكخوي ئۇنىڭدىن :

— كەچۈرۈڭ ، ئەپەندى ، مۇشۇ يەرگە يېڭى كەلگەن رومىش چوندرو چوۋدخورى ئىسىملىك بېنگاللىق ئادۋوكاتنى ئىزدەيتتىم . سىز ئۇنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىزكىن ؟ — دەپ سورىدى .

ھېلىقى ئادۋوكات ئۇنىڭغا رومىشنىڭ بۇرۇن چوكرو بورتى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغانلىقىنى ، ھازىر شۇ يەردىمۇ ـ ئەمەسمۇ ، بۇنى بىلمەيدىغانلىقىنى ، رومىشنىڭ خوتۇنىنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالغان دەپ پەرەز قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى .

شۇنىڭ بىلەن ئوكخوي ئۇدۇل چوكرو بورتىلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى .

«رومىشنىڭ نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى ئەمدى تولۇق چۈشەندىم ، — دەپ ئويلىدى ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ، — خوتۇنى ئۆلۈشى بىلەنلا خىمنولىنىنىڭ قېشىغا چېپىپ بېرىپ ، مەن ئەر ئۆمرۈمدە خوتۇن ئالمىغان ، دەپ ئۇنى كولدۇرلاتماقچى ئىكەن ـ دە ، خىمنولىنى ھازىرقى كۆڭلى بويىچە رومىشنىڭ ھەر قانداق گېپىگە ئىشىنىدۇ . ئۆزىنى تۈز ، ھالال ئادەمدەك كۆرسىتىپ يۈرگەن بۇ

نېمىلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈۋۈپ چىققاندا، بۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان يامىنى چىقمايدۇ!». ئۇ ئۆزىنىڭ دۇرۇس نىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئوكخوينىڭ ئاغزىدىن رومىش بىلەن كومولانىڭ گېپى چىقىدىشى بىلەنلا چوكرو بورتىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

— سىز رومىش ئەپەندىنىڭ يېقىن دوستى بولغاندىن كېيىن، كومولا دېگەن ئوماق قىز بىلەنمۇ خېلى تونۇشلۇق بولسىڭىز كېرەك، — دېدى ئۇ، — شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىنلا ئۇنى ئۆز قىزىمدەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېسەم ئەجەبلەنمەيدىغانسىز. بۇ ئوماق قىز شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يۈرىكىمنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ماڭا بۇنچىلىك قورقۇنچلۇق زەربە بېرىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟

— بۇ ئىش ماڭا بىر ئاز چۈشىنىكسىز تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئوكخوي چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە، — رومىش ئۇنىڭغا يامان مۇئامىلىدە بولمىغان دېگىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇغۇ؟

— رومىش سىزنىڭ ئاغىنىڭىز ئىكەن، ئەگەر ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىز، راست گەپنى ئېيتسام، مەن ئۇ ئادەمنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئەسرالاشسىڭىز ئۇنى ناھايىتى يېقىملىق ھېس قىلىدىكەنسىزيۇ، لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىدا نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى زادى بىلمەيدىكەنسىز، ئۇنىڭ كاللىسىدا سەل دەردى بارمىكىن ـ يا، بولمىسا ئۇنىڭ كومولادەك گۈزەل ئايالغا شۇ قەدەر سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىسىز. كومولا ئۇنىڭغا بەكمۇ سەممىي، ئۇ مېنىڭ قىزىم بىلەن ئاچا ـ سىڭىلدەك يېقىن ئۆتۈپمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېرىنىڭ بىر ئېغىز يامان گېپىنى قىلىپ باقماپتۇ. قىزىم ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر دەردى بارلىقىنى تۇيۇپتىكەن، لېكىن ئۇ قىزىمغا كۆڭلىدىكىنى ئاخىرغىچە بىلدۈرمەپتۇ. بۇ ھالىمنى سىزمۇ چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن، بۇ قىزنىڭ قانداقلارچە يۈرىكىنى شىكەستلەندۈرۈپ، ئاخىر بۇ يولغا

كىرىپ قالغانلىقىنى ئويلىساملا يۈرىكىم قانغا تولىدۇ. ھەممىدىن ئېچىنىدىغىنىم شۇكى، شۇ چاغدا مەن ئاللاخابادتا تۇرۇۋاتقانىدىم. ئەگەر مەن بۇ يەردە بولغان بولسام، ئۇ چوقۇم بۇنداق تاش يۈرەك-لىك بىلەن مېنى تاشلاپ كېتىپ قالمىغان بولاتتى.

ئەتىسى ئەتىگىنى چوكرو بورتى تاغا ئوكخوينى رومىشلار ئىجارىگە ئالغان ئۆيگە باشلاپ باردى، ئاندىن ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ كومولانىڭ ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغان جايىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

ئوكخوي بۇ ئىشلارغا قارىتا ھېچقانداق پىكىر بىلدۈرمىدى، پەقەت چوكرو بورتىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— مۆھتەرەم ئەپەندى، مېنىڭ كۆز قارىشىم سىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، مەن كومولانىڭ ئۆزىنى گانگ دەرياسىغا تاشلىۋالغان-لىقىغا ئىشەنمەيمەن.

— ئەمىسە، سىزنىڭ قارىشىڭىز قانداق؟

— مېنىڭچە ئۇ قاچقان بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۇنى ئىزدەپ باقساق.

چوكرو بورتى تاغا خۇشاللىقىدىن ئورۇنىدۇقتىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— سىزنىڭ پىكرىڭىز توغرا بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ تولاپ، — ھېچبولمىغاندا، بۇ ئېھتىمالنى نەزەردىن ساقىت قى-لىشقا بولمايدۇ.

— بىنارس بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس، — دېدى ئوك-خوي، — ئۇ يەردە رومىش ئىككىمىز ناھايىتى يېقىن ئۆتىدىغان بىر ئۆي بار. ئېھتىمال كومولا ئۆزىنى شۇ يەردە دالدىغا ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

— ھەي، رومىش ئەپەندىنىڭ بۇ گەپنى ماڭا ئېيتمىغىنىنى قارىمامدىغان! — دېدى چوكرو بورتى ئۈمىدلەنگەن ھالدا، — مەن بۇنى بىلگەن بولسام، بۇ چاغقىچە بېرىپ سۈرۈشتۈرمەسمىدىم.

— ئۇنداق بولسا، ئىككىمىز ھازىر بىنارسقا بارساق قانداق؟

ئۇ تەرەپلەر سىز ئۈچۈن تونۇشلۇق بولغاندىن كېيىن سىز ھەر تەرەپلىمە سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالىشىڭىز مۇمكىن.

چوكرو بورتى بۇ تەكلىپكە دەرھال قوشۇلدى. ئەگەر ئوكخوي يالغۇز بېرىپ خىمنولىنىغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتسا، ئۇنىڭ بۇ گەپكە ئىشىنىشى تەس ئىدى.

چوكرو بورتىنى گۇۋاھلىققا بىللە ئېلىپ بارغاندا، خىمنولىنى رومىشنىڭ نەقەدەر پەسكەشلىكىگە جەزمەن ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئوكخوي بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بۇ كۆڭلى تۈز بوۋاينى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىنارسقا ئېلىپ كەتتى.

## قىرىق سەككىزىنچى باب

ئونودا ئەپەندى بىنارسنىڭ ئەتراپىدىكى ناھايىتى تىنچ بىر جايدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالدى.

ئۇ بىنارسقا كېلىپلا نولىناكخانىڭ ئانىسى خىمونكورىنىڭ دەسلەپتە ئازراق قىزىتمىسى ئۆرلەپ يۆتەل بولغانلىقىنى، ھازىر ئۇنىڭ كېسىلى ئۆپكە ياللۇغىغا ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدى. بۇ جاينىڭ ھاۋاسى سوغۇق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى گانگ دەرياسىغا بېرىپ چۆمۈلىدىغان ئادىتىنى تاشلىمىغاچقا، ئۇنىڭ قىزىتمىسى بارغانسېرى ئۆرلەپ، كېسىلى يامانلىشىپ كەتكەنىدى. كېيىنچە خىمنولىنى ئۇنىڭ ھالىدىن كېچە ـ كۈندۈزلەپ خەۋەر ئېلىپ تۇرغاچقا، ئۇ خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ، بۇ كېسەل مومايىنى خېلىلا ئېتىدىن چۈشۈرگەنىدى. لېكىن، بىر ئىشتا خىمنولىنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم بېرەلمىدى. خىمونكورى ئۆزىنىڭ دىنىي قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلغاچقا، دوختۇر ئۇنىڭغا پالانى قۇۋۋەتلىك تاماقنى يېگىن دەپ تاپىلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ «براھما سامائى»گە مەنسۇپ بولغان قىزنىڭ قولىدىن تائام يېيىشنى ھەرگىز خالىمىدى. ئۇ ئەزەلدىن تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ يەيتتى، ئەمدى تاماق

ئېتىش، داستىخان راسلاش ئىشلىرىنى نولىناكخانىڭ قىلىشىغا توغرا كەلدى. بۇ، ئانىنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى.

— سىلەرگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەرگىنىمدىن كۆرە ئۆلگىنىم تۈزۈك ئەمەسمۇ، — دەيتتى ئۇ غەمكىن هالدا، — مېنى مۇنداق تىرىكتاپ هالغا چۈشۈرۈپ قويغۇچە، تەڭرىم ئامانىتىنى ئالسا بولمامدۇ؟

خىمونكورى ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدا ئاددىي - ساددا بولۇشقا تىرىشقىنى بىلەن، تۇرۇۋاتقان مۇهىتىنىڭ پاكىز ۋە گۈزەل بولۇشىنى خالايتتى. بۇنى بۇرۇن خىمونولىنى نولىناكخادىن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيلەرنى هەر دائىم چىنىدەك تازا تۇتتى، هەر قېتىم موماينىڭ ئالدىغا كىرگەن چاغدا پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ كىرىشكىمۇ ئالاهىدە ئېتىبار بەردى. ئۇ ئۆزلىرى ئىجارىگە ئالغان ئۆينىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكتىن چىرايلىق گۈللەرنى ئۈزۈۋېلىپ تازا كۆڭۈل قويۇپ چىرايلىق دەستىلىگەندىن كېيىن، ئاندىن ئېلىپ كىرىپ موماينىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا قويۇپ قوياتتى.

نولىناكخا ئانىسىنى خىزمەتكار ياللاشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، پاسىق ئادەملەرنى خىزمەتكە سالمايمەن، دەپ پەقەتلا ئۇنىمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىغۇ خىزمەتكار ئاز ئەمەس، ئەر خىزمەتكار دەمسىز، ئايال خىزمەتكار دەمسىز، هەممىسىلا بار، لېكىن بۇلار پەقەت ئېغىر ئىشلارغىلا سېلىناتتى؛ موماي ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا زىچ ئالاقىدار ئىشلارغا ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ قول تىقتۇرمايتتى. ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان تەربىيىچىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ، بىرەر خىزمەتكارنىڭ ئۆزىنى يەلپۈپ قويۇشىغا ياكى پۇتلىرىنى تۇتۇپ قويۇشىغا ئىجازەت بەرمىگەنىدى.

ئۇ چىرايلىق ئوغۇل ياكى قىز باللارنى كۆرسە ئۇلارغا ئامراقلىقى كېلىپ كېتەتتى، هەر ئەتىگىنى گانگ دەرياسىدا تەرەت ئېلىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، شىۋانىڭ هەيكەللىرىگە گۈل قويۇپ،

زەمزەم سۈيى پۈركۈيتتى ھەم يولدا ئۇچرىغان ئەڭ چىرايلىق يېزا
بالىسىنى ياكى چىرايى سۇزۇك كەلگەن براھمان قىزچىقىنى ئۆيگە
باشلاپ ئەپكېلەتتى . بالىلارنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ مېھرىنى قوز-
غايتتى . ئۇ ئويۇنچۇق ، مىس تەڭگە ، كەمپۈت دېگەندەك سوۋغاتلى-
رى بىلەن ئەتراپتىكى بالىلارنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە ئې-
رىشكەنىدى .

بەزىدە ، توپ ـ توپ بالىلار كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى-
گە چىقىشىۋالاتتى ، ئۆيگە كىرىپ ئالىتوپىلاڭ چىقىرىشاتتى ، مو-
ماي بولسا بۇلارغا قاراپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى . بۇنىڭدىن باشقا ،
ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە ھەۋىسىمۇ بار ئىدى : بىرەر نەپىس ئىشلەن-
گەن بۇيۇمنى كۆرۈپلا قالسا سېتىۋالغۇسى كېلىپ كېتەتتى . ئۇ
بۇ نەرسىلەرنى ئۆزى ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى شۇ
نەرسىلەرنىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يېتىدىغان كىشىلەرگە سوۋغا قى-
لىش ئۈچۈن ئالاتتى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ سوۋغىسىدىن چەكسىز خۇشال-
لىق ھېس قىلاتتى . ئۇنىڭ شىرەم تۇغقانلىرى ياكى تاسادىپىي
تونۇشۇپ قالغان بەزى بۇرادەرلىرى پوچتىدىن ئاجايىپ خالتىلارنى
تاپشۇرۇپ ئېلىشىپ ، بۇنىڭ نەدىن ئەۋەتىلگىنىنى بىلىشەلمەي
ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشاتتى . خىمونكورىنىڭ ئالامەت
يوغان بىر قىزىل ساندۇقى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە چىرايلىق بىلە-
زۈك ، يىپەك كىيىم دېگەندەك نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى . بۇ
نەرسىلەر نولىناكخانىڭ كەلگۈسىدىكى ئايالى ئۈچۈن مەخسۇس تەي-
يارلانغانىدى . ئۇ ئۆز خىيالىدا ، كېلىنىم چوقۇم ھەم ياش ، ھەم
ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ ، ئۇ ئۆزىنىڭ تېتىكلىكى ۋە لاتاپىتى
بىلەن چۆلسىرەپ قالغان ئۆيۈمگە جان كىرگۈزۈۋېتىدۇ ، بۇنداق
قىزغا ئۆزۈمدىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان كىيىملىرىم-
نى كىيگۈزۈپ قويۇشنىڭ ئۆزى چوڭ خۇشاللىق ، دەپ ئويلايتتى
ۋە مۇشۇنداق تاتلىق خىياللار بىلەن كۈننى ئۆتكۈزەتتى .

خىمونكورىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى زاھىتلارنىڭكىگە پۈتۈنلەي
ئوخشاپ كېتەتتى ، ئۇ كۈنىنى دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ، ھەر خىل

دىنىي پەرزلەرنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتى ، كۈنگە ئاز-راق سۈت ئىچىپ ، ئانچە - مۇنچە مېۋە يەپ قوياتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ نولىناكخانىڭ ئۆزىنى قىيناپ ياشاۋاتقانلىقىغا قاتتىق نارازى ئىدى . ئۇ ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن دىنىي تۇرمۇش ئەرلەرگە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ ھېسابلايتتى ، ئەرلەرنى بوي تارتىپ كەتكەن بەستلىك باللار قاتارىدا كۆرۈپ ، ئۇلار يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە پەرز قىلىشنى بىلمىسىمۇ ، ئالدىغا كەلگەننى تالاپ ئولتۇرماي يەۋەرسىمۇ ئۇلارنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ ، دەپ ئۇلارغا كەڭ قورساق-لىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى .

«ئەر كىشى نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە ئۇنچىۋالا قاتتىقلىق قىلىشى كېرەك ئىكەن ؟» دەيتتى ئۇ بەزىدە قاتتىق ئېچىنغان ھالدا . ئۇ خۇداغا بىھۆرمەتلىك قىلىدىغان ئىشلارنى كۆرسە چىداپ تۇرالمى-سىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ ، دىنىي قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەرلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەمەس دېگەن كۆز قارىشىدا چىڭ تۇراتتى . ئۇ دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتقان چاغلاردا نولىناكخا بىتاھارەت ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىشتىن ئۆزىنى تارتسىلا ، ئۇنىڭ ئىبادىتىگە دەخلى قىل-مىسىلا ، ئۇ ئەرلەرگە خاس ئانچە - مۇنچە قوپاللىق ، شەخسىيەتچى-لىكلەرنى سادىر قىلىپ قويسىمۇ ، موماي يەنىلا ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ يۈرۈۋېرەتتى .

خىمونكورى كېسەلدىن ئەمدىلا ئۆرە بولغان چاغلىرىدا ، پەقەت نولىناكخانىڭ سادىق مۇرتى بولۇپ قالغان خىمنولىنىلا ئەمەس ، بەلكى چاچلىرى ئاقارغان ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئوغلىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خۇدادىن كەلگەن ۋەھىيدەك كامال ئېھتىرام بىلەن تىڭشاۋاتقانلىقىنى كۆردى . بۇ ئۇنىڭغا تولىمۇ كۈل-كىلىك تۇيۇلدى .

ئۇ بىر كۈنى خىمنولىنىنى بىر چەتكە تارتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ :

— قىزىم ، مەن بۇ گەپنى سىزگە دېمىسەم بولمايدۇ ، ئاتا - بالا ئىككىڭلار نولىناكخانىڭ بولمىغۇر ئىشلىرىغا يەل بەرگى-لى تۇردۇڭلار . سىلەر ئۇنىڭ تېتىمەي گەپلىرىگە نېمانداق قۇلاق

سالىسىلەر؟ سىزگە ئوخشاش چوڭ بولۇپ قالغان قىزلار ئىمكانقە-
دەر تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. سىز دىنغا
ئەمەس، بەلكى كىيىم - كېچەك، ئويۇن - تاماشاغا كۆپرەك
كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز كېرەك. بەلكىم، ئۆزىڭىز شۇنداق دەپ تۇرۇپ
نېمىشقا ئۆزىڭىز شۇنىڭغا ئەمەل قىلمايسىز، دەپ سورىغۇڭىز
كېلەر. مېنىڭ ئۇنداق قىلماسلىقىمدا سەۋەب بار، بۇنى بىلسىڭىز
بولىدۇ. دادام بىلەن ئاپام قاتتىق تەقۋادار كىشىلەردىن ئىدى،
بىزنىڭ ئۆيدىكى ئوغۇل - قىزلار ھەممىمىز دىندارلىق قاتتىق
ھۆكۈم سۈرگەن ئائىلىدە تەربىيىلەنگەن. ئەگەر بىز بۇرۇنقى ئادى-
تىمىزنى تاشلىۋەتسەك، بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشتا قانداق يول
تۇتۇشنىمۇ بىلمەيمىز. لېكىن، سىز كۆرگەن تەربىيە بۇنىڭغا
پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. سىزنىڭ قانداق مۇھىتتا ئۆسۈپ چوڭ
بولغانلىقىڭىز ماڭا ناھايىتىمۇ ئايدىڭ. ئەگەر سىز ھازىر باشقا بىر
تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلماقچى بولىدىغانسىز، ئۇ چاغدا
ئۆزىڭىزنىڭ تەبىئىتىڭىزگە خىلاپلىق قىلغان بولىسىز. قىزىم،
ئۆز ئارزۇسىنى زورمۇ زور ئۆزگەرتىشتىن ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت
بولمايدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ھەر ئادەم ئۆز تەبىئىتىگە
بېقىپ ئىش تۇتۇشى كېرەك. ئوبدان قىزىم، سىز ھەرگىز بۇنداق
قىلماڭ، سىز چوقۇم بۇ يولىڭىزدىن يېنىشىڭىز كېرەك. پەرز،
ئىبادەت سىزنىڭ تەبىئىتىڭىزگە مۇناسىپ ئەمەس، نولىناكخانى
خۇدادىن ۋەھيي ئالغان زاتتەك كۆرۈشنىڭ ئۆزى بولمىغانلا بىر
ئىش، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن بىر نەچچە
زامان ئىلگىرى، ئۇ ئۆز تەبىئىتىگە بېقىپ ئىش تۇتۇپ كەلگەن،
بىرەرسى ئۇنىڭدىن ئايەت ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ
بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ھازىر مېنى خۇشال
قىلارمەنمىكىن دەپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن مۇشۇن-
داق كېتىۋەرسە جاھاندىن بىزىپ كەتكەن راھىبلاردەك بولۇپ كې-
تەرمىكىن، دەپ بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. مەن ئۇنىڭغا: «بالام، بالى-
لىق چاغلىرىڭدىكى ئەقىدەڭدىن ۋاز كەچمىگىن، سەن شۇ ئەقى-

دەڭنى تاشلىمىساڭلا ، مېنىڭ ساڭا نارازىلىقىم يوق ، ئەكسىچە ، بەك خۇش بولىمەن» دەپ پات ـ پات سۆزلەپ تۇرىمەن . ئۇ بولسا بۇ گەپلىرىمگە كۈلۈپلا قويىدۇ . ئۇ مۇشۇنداق كەتكەنلا بىر ئادەم ، قانداق گەپ قىلسىڭىزمۇ لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋېرىدۇ ، ھەتتا تىللىسىڭىزمۇ زۇۋان سۈرمەيدۇ !

بۇ پاراڭلار بىر كۈنى كەچقۇرۇن موماي خىمونىلىنىنىڭ چېـ. چىنى تاراپ ئولتۇرغاندا بولغانىدى . قىزنىڭ چېچىنى ئاددىيلا ئۆرۈۋالغانلىقىنى ياقتۇرمىغان خىمونكورى مۇنداق دېدى :

— سىز مېنى ، كونا زامانلارنىڭ خوتۇنلىرى يېڭى مودىنى بىلمەيدۇ ، دەپ ئويلىسىڭىز كېرەك . لېكىن ، ئەمەلىيەتتە بارغۇ ، نەق گېپىمنى قىلسام ، چاچ ئۆرۈشنىڭ پاسونلىرى ھەققىدە مەن سىزدىن كۆپ بىلىمەن . مەن بۇرۇن ناھايىتى ئەقىللىق بىر ئىنگـ. لىز ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم . ئۇ دائىم ئۆيۈمگە كېلىپ ماڭا كىيىم تىكىشنى ئۆگىتەتتى ، شۇ چاغدا ماڭا چاچ ئۆرۈشنىڭ نۇرغۇن پاسونلىرىنىمۇ ئۆگىتىپ قويغان . ئەلۋەتتە ، ئۇ ھەر قېتىم كەتكەندىن كېيىن ، مەن بويۇمنى سۇغا سېلىپ بىرەر قۇر كىيىم ئالماشتۇرۇۋالاتتىم . بۇنداق ئىشلارغا سەل قارىمىغىنىم بەلكىم توغرىدۇ ، يا بەلكىم خاتادۇ ، نېمىلا بولسا بولسۇن ، ئۇزۇن يىللار. دىن بۇيان مۇشۇ ئادىتىم بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىمەن . مەن ئىشلىرى. ڭىزدىن تولىمۇ پۇتاق چىقىرىپ كەتتىم ، ھەرگىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ ، قىزىم ، مەن سىزگە ئۆچلۈك قىلىپ دەۋاتقىنىم يوق ، قانداق قىلىسىز ، بۇ ماڭا ئادەت بولۇپ قاپتۇ . ئېرىم ئۆز ئۆيىدىكى. لىرى بىلەن بىللە ھىندى دىنىدىن چىقىپ كەتكەندە ، بۇ ماڭا ھەقىقەتەنمۇ دەھشەتلىك زەربە بولغان ، لېكىن مەن شۇنىڭغىمۇ ھېچقانداق نارازىلىق بىلدۈرمىدىم . ئۇنىڭغا پەقەتلا : «سەن ئۆزۈڭ. نىڭ ۋىجدانىڭ بويىچە يول تۇت . مەن بولسام ھېچنېمە بىلمەيدىغان بىر نادان ئايال ، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مېڭىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش يولۇمدىن يانمايمەن» دەپ قويدۇم .

خىمونكورى سۆزلەپ بولۇپ كۆزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتـ.

تى ، ئاندىن خىمنولىنىنىڭ چاچلىرىنى چۇۋۇپ ، ئەڭ يېڭى پاسون-دا ئۆرۈپ قويۇپ ، ئىچ - ئىچىدىن خوش بولدى . ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ھېلىقى قىزىل ساندۇقىنى ئېچىپ ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان رەڭ-دار كىيىملەرنى تاللىۋېلىپ قىزغا كىيگۈزۈپ قويدى . باشقىلارنى ياساندۇرۇش ئۇنىڭغا چەكسىز خوشاللىق بېغىشلايتتى . خىمنولىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭىنە ئىشنى ئەپكېلىپ بۇ يەردە ۋاقىت ئۆتكۈزگەچ ، مومايدىن يېڭىچە تىكىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنەتتى .

خىمونكورى بېنگال يېزىسىدا چىقىدىغان ھېكايىلەرنى كۆرۈش-كە ئامراق ئىدى ، شۇڭا خىمنولىنى ئۆزىنىڭ ئالغاچ كەلگەن كى-تاب - ژۇرناللىرىنى ئۇنىڭغا ئەپكېلىپ بېرەتتى . موماي بەزى ھېكايە ، ماقالىلەرگە ئۆز كۆز قارىشىنى قويغاندا ، خىمنولىنى ئۇنىڭ پاراستىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى ، چۈنكى ، ئۇ ئىلگىرى بۇنداق پەرق قىلىش ئىقتىدارى پەقەت ئىنگلىز تەربىيىسىنى كۆرگەن كىشىلەردىلا بولىدۇ ، دەپ قاراپ كەلگەنىدى . نولىناكخانىڭ ئاند-سى سۆھبەتلەردە نامايان قىلغان ئەقىل - ئىدراكى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى دىيانىتى بىلەن خىمنولىنىنىڭ قەلبىدە ئىنتايىن سىرلىق ئايالغا ئايلاندى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن چاكىنىلىق ۋە قوۋ-لۇقنىڭ قىلچە ئالامەتلىرى بايقالمايتتى ، خىمنولىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكەن بۇ جەرياندا ئۆزىنى چەكسىز خوشال ھېس قىلدى .

## قىرىق توققۇزىنچى باب

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خىمونكورىنىڭ قىزىتمىسى يەنە ئۆر-لەپ كەتتى ، لېكىن بۇ قېتىم ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئۇزۇنغا سو-زۇلمىدى . بىر كۈنى ئەتىگىنى ، نولىناكخا ئۇنى يوقلاپ كىردى ۋە ئانىسىنىڭ ئايىغىغا تىز پۈكۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ، ئاند-سىنىڭ ئۆزىنى ئوبدان كۈتۈشى لازىملىقى ، بۇرۇنقىدەك جاپالىق تۇرمۇشنىڭ كېسەلچان كىشىگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكى توغرىسىدا بىر مۇنچە گەپ قىلدى .

— ئۆزۈڭغۇ دۇنيادىن ۋاز كەچكىلى تۇردۇڭ ، ئەمدى مېنىمۇ كونا ئادەتلىرىڭدىن بەزگىن دېمەكچىمۇ؟ — دېدى موماي كايىغان هالدا ، — ئوبدان بالام ، بۇ كۆلكىلىك ئويۇنلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ قويغىن ، خۇش بولاي ، ئاناڭنىڭ سۆزىگە كىرىپ دەرھال بېشىڭنى ئوڭشىۋالغىن !

نولىناكخا ئۇندىمەي تۇرىۋەردى ، خىمونكورى سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى :

— ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، جېنىم بالام ، مېنىڭ تۆت كۇنلۇكۇم قالدى ، سېنىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولغىنىڭنى كۆرمەي تۇرۇپ مەن خاتىرجەم كۆز يۇمالمايمەن . بۇرۇن ساڭا قىزنى ئۆز قولۇم بىلەن چېكىپ - تاللاپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىمەن ، كېلىنىمنى ئۆز دىتىمدىكىدەك ياساندۇرىمەن دەپ ئويلىغانىدىم . لېكىن ، بۇ قېتىمقى كېسەل مېنىڭ كۆزۈمنى ئېچىپ قويدى . مېنىڭ يەنە قانچىلىك ياشىيالايدىغانلىقىمنى كىم بىلىدۇ . مەنمۇ ئۆزۈمنى خېلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۇم بار دېيەلمەيمەن . ئائىلىمىزنىڭ قائىدە - يوسۇنىنى بىلمەيدىغان بىر قىز بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشىڭغا قاراپ تۇرۇپلا يول قويسام ، سېنىڭ ئالدىڭدا سەت ئىش قىلغان بولىمەن . ئۆزۈڭگە تەڭتۇش قىز بىلەن توي قىلغىنىڭ تۇزۇك ئوخشايدۇ . قىزىتىمام ئۆرلەپ كەتكەن كۇنلەردە ، مەن مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ نەچچە كېچىلەپ كۆز يۇممىدىم . بۇ مېنىڭ بوينۇمدىكى قەرز ھەم پەرز . ئەگەر تىرىكلىكىمدە بۇ قەرزىمنى ئادا قىلالمىسام ، ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ .

— مەن بىلەن ئۆي تۇتۇشنى خالايدىغان قىزنى نەدىن تاپىمەن؟ — دەپ سورىدى نولىناكخا .

— بۇنىڭدىن سەن غەم قىلما ، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن . بىرەرسىنى قارىغا ئالغاندىن كېيىن ئۆزۈم ساڭا خەۋەر قىلىمەن .

خىمونكورى ئۇنىڭدا ئەپەندى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغاندى . بوۋاي كەلگەن چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى دەرھال پىنھانغا ئالاتتى .

لېكىن ، بۇگۇن ئۇننودا كەچلىك كوچا سەيلىسىدىن قايتقاچ بۇ ئۆيگە كىرىۋىدى ، خىمونكورى دەرھال ئۇنى چاقىرتتى ۋە ئۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا گەپنى ئوچۇقلا ئوتتۇرىغا قويدى :

— قىزىڭىز ناھايىتى ئوبدان چوڭ بوپتۇ ، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم . ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار ئوغلۇم بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن . ئۇنىڭ مىجەزىگە ھېچقانداق گەپ كەتمەيدۇ . ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتىمۇ خېلى ئابرۇيى بار . مۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ ، ھەر ھالدا قىزىڭىزنى كىمگە بەرسىڭىزمۇ ، مېنىڭ ئوغلۇمچىلىك ئادەمگە بېرەرسىز ؟

— سىزنىڭ مۇشۇنداق نىيىتىڭىز بارمۇ ؟ — دېدى ئۇننودا خۇشاللانغان ھالدا ، — مەن شۇنداق بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىش-قىمۇ پېتىنالمىغانىدىم . نولىناكخادەك كۈيئوغۇلغا ئېرىشىدىغان بولسام ، بۇ مەن ئۈچۈن چوڭ ئامەتتە . لېكىن ، ئۇ ئۆزى··· ؟

— نولىناكخا جەزمەن قوشۇلىدۇ . ئۇ ھازىرقى ياشلاردەك ئەمەس . ئۇ ھەر قانداق ئىشتا ئانىسىنىڭ گېپىنى يىرمايدۇ . ئۇ-نىڭغا جىق گەپنىڭ لازىمى يوق ! بۇ قىزنى كۆرگەندە ، كىمنىڭمۇ ئامراقلىقى كەلمىسۇن ، مېنىڭمۇ ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ ، بولسا بۇلارنىڭ بېشىنى تېزراق ئوڭشاپ قويساق .

ئۇننودا ئەپەندى خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئۆيگە قايتتى ۋە ئىشىكتىن كىرىپلا خىمونلىننى چاقىرتتى .

— جېنىم قىزىم ، — دېدى ئۇ خىمونلىنغا ، — مېنىڭ يېشىممۇ بىر يەرگە باردى ، سالامەتلىكىممۇ تازا ياخشى ئەمەس . سېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىڭنى بىر ياقلىق قىلىۋەتمەي تۇرۇپ ، مەن بۇ دۇنيادىن خاتىرجەم كېتەلمەيمەن . ئەيىبكە بۇيرۇمىغىن ، خىمـ-نو ، گەپنى بەكمۇ ئوچۇق قويۇۋەتتىم . ئاپاڭ بولسا تۇگىگەن ، ئەمدى سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭ مېنىڭ زىممەمدە .

خىمونلىنى دادىسىغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى ، ئۇ ئېيتىلغۇسى گەپلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .

— بۇ قېتىم چىققان لايىقتىن مەن قالتىس خۇرسەنمەن ، —

دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بىرەر كاشىلا چىقىپ بۇ تويغا توسقۇن بولۇپ قالمىغىيدى دەپ بەكمۇ ئەنسىرەيمەن . مەن ساڭا دېسەم ، قىزىم ، بايام نولىناكخانىڭ ئانىسى سېنى ئوغلىغا سوراتتى .

— بۇ راستمۇ ، دادا ؟ — دېدى ئۇ ھولۇققان ھالدا ، — بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس .

ئۇ نولىناكخاغا ياتلىق بولارمەن دەپ ھەرگىز ئويلاپ باقمىغاندى . دادىسىنىڭ ئاغزىدىن تۇيۇقسىز بۇنداق گەپنىڭ چىقىپ قېلىشى ئۇنى ئېسەنگىرىتىپ قويدى .

— نېمىشقا مۇمكىن ئەمەس ؟ — دەپ سورىدى ئونىودا ئەپەندى .

— نولىناكخاغا قانداق مۇمكىن بولسۇن ؟

بۇنى مۇۋاپىق جاۋاب دېيىش قىيىن بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا رەت قىلغۇسىز جاۋاب ئىدى . ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خىمنولىنى پېشايۋانغا چىقىپ كەتتى .

ئونىودا ئەپەندىنىڭ ئۈمىدى پۇتۇنلەي يوققا چىقتى ، قىزىنىڭ بۇ ئىشقا قارشىلىق كۆرسىتىشىنى ئۇ پەرەز قىلمىغانىدى . ئۇ ، قىزىم نولىناكخا بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىسا جەزمەن خۇشال بولىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى . ئۆزىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە سالغان بۇ ئېغىر زەربىدىن گاڭگىراپ قالغان بوۋاي پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان پەنەرگە تىكىلگىنىچە غەمكىن خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئايال خەقنىڭ مىجەزىنىڭ چۈشىنىكسىزلىكى ، شۇ تاپتا خىمنولىنىنىڭ ئانىسىنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭغا بەكمۇ بىلىندى .

خىمنولىنى قاراڭغۇ پېشايۋاندا ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى ، بىر ئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ ئىچىگە قارىۋىدى ، دادىسىنىڭ غەمكىن ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆردى ، شۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭ ۋىجدانى ئازابلاندى - دە ، دەرھال ئۆيگە كىرىپ دادىسى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە كەلدى ۋە ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىيپاپ تۇرۇپ سىلىق ئاھاڭدا :

— يۇرۇك ، دادا ، كىرىپ كېتەيلى ، تامىقىڭىزنى ئەپچىقىپ قويغىلى قاچان ، بەلكىم سوۋۇپ قالغاندۇ ، — دېدى .
ئۇنىڭدا ئەپەندى ئورنىدىن خاموش تۇرۇپ ئاشخانىغا كىردى ، لېكىن ئۇنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى . ئۇ ئەسلىدە كەلگۈسىگە زور ئىشەنچ باغلىغان ، نولىناكخا بىلەن توي قىلىش خىمنولىنىنىڭ بېشىغا چۈشكەن قارا سايىلەرنى يوق قىلىۋېتىدۇ دەپ ئىشەنگەندى . شۈكلاشقىمۇ ، قىزىنىڭ بۇ توينى رەت قىلىشى ئۇنىڭ بەك كۆڭلىگە كەلدى . «دېمەك ، خىمنو رومىشنى ئۇنتالماپتۇ ـ دە» ئۇ مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئىختىيارسىز چوڭـ ـ قۇر ئۇھ تارتىۋەتتى .
ئۇ ئادەتتە كەچكى تاماقتىن كېيىنلا ئۇخلايتتى ، لېكىن بۇ- گۈن ئۇنىڭ زادىلا ياتقۇسى كەلمىدى ۋە پېشايۋانغا چىقىپ ئۆزىنى سەگۈنچەككە تاشلىدى ـ دە ، گۈللۈكنىڭ نېرىقى ياقىسىدىكى يىرا يوللىرىغا قاراپ خىيالغا چۆمدى .
خىمنولىنى دادىسىنىڭ پېشايۋاندا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كايىدى .
— ئورنىڭىزغا كىرىپ يېتىۋېلىڭ ، دادا . تالادا سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ .
— ئۆزۈڭ كىرىپ ئۇخلاپ تۇرغىن ، قىزىم ، مەن بىر ئازدىن كېيىن ئۇخلايمەن .
خىمنولىنىنى كەتكۈزۈۋەتمەك ئوڭاي ئەمەس ئىدى . ئۇ بىر ئاز ئۈنچىقماي تۇرغاندىن كېيىن :
— بۇنداق ئولتۇرسىڭىز ئۆزىڭىزگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالىـ ـسىز ، دادا . ھېچبولمىسا مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇڭ ، — دېدى .
ئۇنىڭدا ئەپەندى ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ئۈنچىقماستىن ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى .
خىمنولىنى ئۆز دىيانىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ، رومىشنى زادىلا ئويلىماسلىققا نىيەت قىلغان ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا

ئۆز كۆڭلىنىڭ رايى بىلەن نۇرغۇن ئېلىشقانىدى . ئەمدىلىكتە بۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگەن يېڭى بىر تەھلىكە قانداقمۇ ئۇنىڭ يۈرەك جاراھىتىنى قوزغىمىسۇن ؟ مۇشۇ چاغقىچە ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي ، پەقەت ھېلىقى نىيىتى بويىچە يول تۇتۇشقىلا بېرىلىپ كەتكەنىدى .

ئۇ نولىناكخانى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى ھېسابلاپ ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش تۇتۇپ كېتىۋاتقان چاغلاردا ، ئۆزىنى كۆڭلۈمدىكى مەقسەتكە يەتتىم دەپ ئويلىغانىدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ نىكاھىدا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ، ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يىلتىز تارتقان مۇھەببەتنى يۇلۇپ تاشلىماقچى بولۇۋىدى ، لېكىن بۇنىڭ ئوڭايغا چۈشمەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى . كونا مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ ئۈزۈپ تاشلىنىش تەھدىتى ئۇنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈرۈۋەتتى ، ئۇ ئۆز سۆيگۈسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى .

## ئەللىكىنچى باب

دەل شۇ چاغدا ، خىمونكورىمۇ ئوغلىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا قىز تېپىپ قويغانلىقىنى ھەمدە قارشى تەرەپنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇقتۇردى .

— ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يۇتۇشۇپ بولدۇڭلارمۇ ؟ — دېدى نولىناكخا كۈلۈپ تۇرۇپ ، — قالتىس تېزغۇ !

— ئەلۋەتتە ، تېز بولۇش كېرەك . ئۆزۈڭگە مەلۇم ، مەن ئۆلمەي تۇرۇۋەرمەيمەنغۇ ، — دېدى خىمونكورى ، — مېنىڭ خىمونولىنىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن . ئۇ ئاجايىپ ئوبدان قىز . ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭ چىرايىنى دېسەك ، رەڭگىنى ئۇنچىۋالا تۇزۇك دېگىلى بولمايدۇ ، لېكىن…

— خوش بولاي ، ئانا ، مۇشۇ گەپنى قىلمىسىڭىز ، مەن ئۇنىڭ رەڭگىنى ئويلاۋاتقىنىم يوق . مەن ھەرگىز خىمنولىنى بىلەن توي

قىلالمايمەن . بۇ پەقەت مۇمكىن ئەمەس .
— يوق گەپنى قىلما ! بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان نەرى بار ؟
نولىناكخا نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتالمايۋاتقىنى بىلەن ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەممە ئىش ئايدىڭ ئىدى . ئۇ خىمنولىنى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەندىن بۇيان ، ئۆزىنى ئۇنىڭ دىنىي ئۇستازىدەك تۇتۇپ كەلدى ، ئەمدى تورۇپلا ئۆزگە-رىپ ئۇنى ئەمرىگە ئالىمەن دېيىش تولىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن-لىك بولاتتى .
نولىناكخانىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشىنى رازىلىق دەپ چۈ-شەنگەن ئانا يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— ھازىر سەن ماڭا قانداق ئاساس قويۇپ بەرسەڭمۇ مەن بەرىبىر ئاڭلىمايمەن . مېنى دەپ ھېلىمۇ تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكە-لى تاس قالدىڭ . مۇشۇ يېشىڭدا بۇنداق يولغا كىرىپ قېلىش بەكمۇ بىمەنىلىك . ئەمدى مەن سېنى بولۇشۇڭغا قويۇۋەتمەيمەن . ھوشۇڭ-نى تېپىۋالغىن ، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما . تېزراق ۋاقتى قارارىنى بېكىتىپ توينى قىلىۋېتەيلى .
نولىناكخا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر ھازاغىچە خامۇش ئولتۇرۇپ كەتتى .
— مۇنداق بىر ئىشنى مەن ئەمدى سىزگە ئېيتمىسام بولمايدى-غان ئوخشايدۇ ، — دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ، — لېكىن ئالدى بىلەن سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم ، بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ . سىزگە ئېيتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقان بۇ بەختسىز ھادى-سە ، بۇنىڭدىن ئون نەچچە ئاي بۇرۇن يۈز بەرگەن . ئەمدى ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشىڭىز ئۆزىمۇ پۈتۈنلەي ھاجەتسىز . لېكىن ، سىزنىڭ مىجەزىڭىز ماڭا بەلگىلىك ، ئانا ، بىرەر كۆڭۈلسىز ۋەقەنى ئاڭلاپ قالسىڭىز ، ئۇنىڭغا ھەر قانچە قىلسىمۇ ئورنىغا كەلمەيدىغان-لىقى ئېنىق تۇرسىمۇ ، بەك بىئارام بولۇپ كېتىسىز . مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ گەپنى ئېيتىشقا نەچچە رەت تەمشەلگەن بولسامۇ ، ئاغزىمنىڭ ئۈچىغا ئەكېلىپ يەنە يۇتۇۋەتتىم . بېشىمغا

پۈتۈلگەن شورلۇق قىسمەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن قانداق دۇئا ـ تىلاۋەت قىلسىڭىز مەيلى ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى بىھۇدە قىينىماڭ .

خىمونكورى قاتتىق تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى .

— سىنىڭ نېمە دەيدىغىنىڭنى بىلمەيمەن ، ئوغلۇم ، لېكىن سەن مۇشۇ سۆزۈڭ بىلەن مېنى ئاللىقانداق تەشۋىشكە سېلىپ قويدۇڭ . مەن قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگىنىم بىلەنمۇ ئۆز كۆڭلۈمگە ئىگە بولالمىغۇدەكمەن . بۇ جاھاننىڭ جەڭگى ـ جېدىلىدىن ئۆزۈمنى ئەپقاچىمەن دەپ ئۇرۇنۇشۇممۇ بىھۇدە ئىكەن . كۆڭۈلسىزلىك دېگەننى ئىزدىمىسەڭمۇ ۋاقتى كەلگەندە بېشىڭغا كېلىۋېرىدىكەن . قېنى ، گېپىڭنى قىلىۋەرگىن . بىراق ، دەپ بەرگەن گېپىڭگە خۇشال بولالمىدىم ، خاپىمۇ .بۇنىڭ بىلەن هازىرچە هېسابلاشما .

— بۇ يىل ئىككىنچى ئايدا ، — دەپ هېكايىسىنى باشلىدى نولىناكخا ، — مەن رانگپۇرغا بېرىپ ئۆي ـ تەئەللۇقاتلىرىمنى سېتىۋەتتىم ، ئاندىن بېغىمنى بىر بوۋايغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كالكوتتىغا يولغا چىقتىم . پويىز سانراغا يېقىن جايدىكى دەريادىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا ، بۇنداق كېتىۋەرگۈچە سۇ يولى بىلەن مېڭىپ باقسام بولامدۇ ، دېگەن ئوي گۇپپىدە خىيالىمغا كەچتى . شۇنىڭ بىلەن ، سانراغا كېلىپ بىر كېمىنى ياللىۋېلىپ سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرۇدۇم . ئىككى كۈندىن كېيىن كېمىمىز بىر قۇملۇق باغقا كېلىپ توختىدى . مەن سۇدا چۆمۈلۈۋاتاتتىم ، مىلتىق كۆتۈرگەن بىرسى تۇيۇقسىز كېلىپ قالدى ، قارىسام بخوپەن دېگەن كونا ئاغىنەم ئىكەن . ئۇ مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە : «كىچىككىنە قۇشنىمۇ ئۇچرىتالمىدىم دەپ يۈرۈپ ، چوڭ بىر غەنىيمەتكە دۇچ كېلىپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان !» دەپ خۇش بولۇپ كەتتى . ئۇ شۇ يەرنىڭ مۇۋەققەت هاكىمى ئىكەن ، قارىغاندا ئۆزىنىڭ تەۋەسىدىكى جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىققان ئوخشايدۇ . بىز كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن يىللار بولغانىدى ، شۇڭا ئۇ مېنى پەقەتلا قويۇۋەتمەي ، بىللە ئايلىنىمىز دەپ تۇرۇۋالدى . بىر كۈنى دىخوبا-

پوكور دېگەن يېزىغا قونالغۇغا چۈشتۇق ، كەچقۇرۇن چىقىپ ئەتراپ-
نى ئايلاندۇق . يېزا بەكمۇ كىچىك ئىكەن . بىخوپەن مېنى بىر
قورۇغا باشلىدى . قورۇنىڭ ئىچىدە بىر يۇرۇش كاھىش ئۆي بو-
لۇپ ، بۇ ئۆيلەر ئېتىزنىڭ بويىغا سېلىنغانىكەن . ئۆي ئىگىسى
دەرھال چىغ ئورۇندۇقتىن ئىككىنى ئېلىپ چىقىپ بىزنى ئولتۇ-
رۇشقا تەكلىپ قىلدى . پېشايۋاندا بىر مۇنچە باللار دەرس ئوقۇۋې-
تىپتۇ . ئوقۇتقۇچىسى ياغاچ ئورۇندۇقتا پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە
پۇتىنى تىرەپ ئولتۇرۇپتۇ . باللار بولسا قولىدا تاختا ، يەردە
ئولتۇرۇشۇپ ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆگەتكەن دەرسىنى ئۈنلۈك ئوقۇ-
غىلى تۇرۇپتۇ . ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىسمى تارىنى چاتودجو ئىكەن .
ئۇ بىخوپەندىن مېنىڭ تارىخىمنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە سورىۋال-
دى . بىز چېدىرىمىزغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىخوپەن ماڭا :
«بۈگۈن ئوڭ يېنىڭدىن قوپقان ئوخشىمامسەن ، چامامدا ساڭا قىز
چىقىپ قالغاندەك تۇرىدۇ» دېدى . مەن ، بۇ نېمە دېگىنىڭ ، دېۋې-
دىم ، ئۇ : «تارىنى چاتودجو مەخسۇس جەزخورلۇق بىلەن جان
باقىدىغان نەرسە ، ئۇنى دۇنياخورلۇقتا تەڭدىشى يوق دېسەڭمۇ بولى-
دۇ . بۇ جايغا بىر يېڭى هاكىم تەيىنلەنگەن چاغدا ، ئۇ ئۆزىنىڭ
جامائەت ئىشلىرىغا كۆيۈنىدىغانلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ، ئۆز
زېمىنىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى مەكتەپ سېلىشقا ئاجرىتىپ بېرىشكە
قوشۇلغان . ئەمەلىيەتتە ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىككى ۋاخلىق غىزاسى-
دىن باشقا هېچقانداق ئىش بىلەن ئۇنىڭ كارى يوق . بىچارە ئوقۇت-
قۇچى ئۇنىڭ تۇزىنى يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن ، هەر كۈنى كەچ
سائەت ئونلارغىچە ئۇنىڭ هېساباتىنى قىلىدۇ ، بىراق ، ئوقۇتقۇچى-
نىڭ مائاشى هۆكۈمەت ئاجراتقان پۇل بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئوقۇش بەدىلىدىن چىقىرىلىدۇ . تارىنىنىڭ بىر تۇل ئاچىسى بار
ئىدى . ئۇنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ قول - ئىلكىدە بولمىغاچقا ،
تارىنى ئۇنى ئۆيىگە ئەپكېلىۋالغان . ئۇ كەلگەندە هامىلدار ئىكەن ،
ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قىز تۇغۇپ ، ئۆزى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى .
ئۇنىڭ ئۆلۈمىمۇ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق دورا قىلمىغانلىقتىن بولغان .

تارىنىنىڭ ئۆيىدە، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تۇل ئاچىسىمۇ بار ئىدى. ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئىش ـ كۈشلىرى شۇنىڭ زىممىسىدە بولغاچقا، تارىنىنىڭ ئۆي خىزمەتكارى ياللاشقا كېتىدىغان چىقىمى تېجىلىپ قالغانىدى. ھېلىقى يېتىم قىزنى بېقىپ چوڭ قىلىشىمۇ مۇشۇ بىچارە ئايالغا قالغان، بىراق بىر قانچە يىل ئۆتمەي بۇ ئايالمۇ دۇنيادىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ قىز ئادەم كۆرمىگەن كۈننى كۆردى. ئۇ كۈن بويى تاغىسى بىلەن ھاممىسىنىڭ ئىشىنى قۇلدەك ئىشلىسىمۇ، تىل ـ ھاقارەتتىن نېرى بولالمىدى. ئۇ ھازىر توي قىلىدىغان يېشىدىن سەل ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرىدىغان يېتىم قىز ئۇچۇن ئەر تاپماق ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ يېزىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىلمەيدۇ. قىز ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن، يېزىدىكى غەيۋەتچى ئادەملەر بۇ توغرىدا تىنماي سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدۇ. تارىنى چاتودجو بايلىقنى جېنىدىنمۇ ئەزىزلەيدىغان دۆلەتمەن ئادەم. شۇڭا، باشقىلار ئۇنىڭدىن جىقراق بوسوت مال ئۇندۇرۇۋېلىش ئۇچۇن، ھە دېسىلا ئۇ قىزنى چۆكۈردۇ. تارىنى بۇ قىزنى ئۇن ياشقا كىردى دېگىلىمۇ تۆت يىل بولۇپ قالدى. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ، ئۇ ھېچبولمىغاندا بۇ يىل ئون تۆتكە كىردى. لېكىن، سەن بىلىپ قوي، بۇنداق ئوماق قىزنى ئۇچراتماق ھەقىقەتەن ئوڭاي ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسمى كومولا، ئىسمى لاكشمىيغا يېقىنلاشتۇرۇپ قويۇلغىنى بىلەن ئۆزى شۇ تەگرىدىن قېلىشمايدۇ. بۇ يەرگە بىرەر براھمان يىگىتى كېلىپ قالسا، تارىنى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سىڭلىمنى ئەمرىڭگە ئالساڭ دەپ ئايىغىغا باش قويغۇدەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ يىگىت ماقۇلغا كېلىپ قالسا، يېزىدىكىلەر بىر نېمىلەر قىلىپ ئۇنى ئۇركۈتىۋېتىدۇ ـ دە، كومولانىڭ تويىمۇ بۇزۇلىدۇ. ئەمدى شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ئىش سىبىنىڭ بېشىغا كېلىپ قالدى» دېدى. بىلەمسىز ئانا، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ، ئويلاپ ئولتۇرمايلا: «ئۇنداق بولسا، مەن بۇ قىزنى ئالىمەن» دەۋېتىپتىمەن.

مەن . ئەسلىدە ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىزنى ئېلىپ سىزنى تازا بىر خۇش قىلىۋېتەي دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم... چوڭ بولۇپ قالغان بىر براھمان قىز بىلەن توي قىلىش ئىككىلىمىزگە كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتىم . بخوپەن بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ناھايىتى چۆچۈپ كەتتى . «بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ» دەپمۇ باقتى . مەن : «بولدى ، قارارىم شۇ !» دەپ تۇرۇۋالدىم . ئۇ : «ھوي ، راست گەپ قىلىۋاتامسەن» دەپ سورىۋىدى ، مەن : «راست !» دېدىم . تارىنى چاتودجو شۇ كۈنى كەچتە بىزنىڭ چېدىرغا كەلدى ۋە قولىدىكى براھمانلىق تەسۋىيسىنى سىيرىپ تۇرۇپ ماڭا ئىلتىماسىنى ئېيتتى . ئۇ : «ئۆتۈنۈپ كېتەي ، بېشىمدىكى مۇشكۈلچىلىكنى ئاسان قىلسىڭىز ، سىز قىزنى ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ . ئەگەر كۆڭلىڭىزگە زادىلا ياقمىسا... ئۇ چاغدا مەيلى . لېكىن ، ھەرگىز دۈشمەنلىرىمنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىگە ئىشىنىپ قالماڭ» دېۋىدى ، مەن : «بولدى ، كۆرمىسەممۇ بولىدۇ ، سىز دەرھال توي كۈنىنى تەيىن قىلىڭ» دەپ جاۋاب بېرىۋەتتىم . ئۇ : «تويىنى ئۆگۈنلۈككە قىلساق ئوبدان بولار ، شۇ كۈنى قىلايلى» دېدى . ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك كۆيۈپ - پىشىپ ئىلتىماس قىلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە بۇ ئىشقا ئادەتتىن تاشقىرى ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەك قىيىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ نىيىتى مېھمان چاقىرىشقا كېتىدىغان بىر مۇنچە چىقىمنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن ئىدى . ئىشقىلىپ ، توي ئاخىر ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلدى .

— توي بولدى ! — خىمونكورى چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى ، — سەن ماڭا چاقچاق قىلماۋاتقانسەن ، نولىن ؟

— چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق ، ئانا ، — دېدى نولىناكخا ، — ئايالىم بىلەن ئىككىمىز كېمىگە ئولتۇرۇپ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يولغا چىقتۇق . ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك . ئۇ مارت ئېيى ئىدى ، بۇنداق چاغلاردا ھاۋانىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىغا ھەر قانداق ئادەم ئىشىنىدۇ . بىراق شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ، بىز كېمىدە كېتىۋېتىپ ئىككى - ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ، تۇيۇقسىزلا ئوت-

تەك ئىسسىق قارا بوران ئۈستىمىزگە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ كېمە-
مىزنى دوم كۆمتۈرۈۋەتتى .
— يارەببىم ! — دەۋەتتى خىمونكورى ئاللاقزادىلىك بىلەن .
— بىر هازادىن كېيىن هوشۇمغا كېلىپ قارىسام ، سۇنىڭ
ئىچىدە يېتىپتىمەن ، نە كېمە ، نە هەمراهلىرىم بولسا ، — دېدى
نولىناكخا ، — شۇنىڭ بىلەن ساقچىغا بېرىپ ئەهۋالنى مەلۇم
قىلدىم ۋە ئۇلاردىن هەمراهىمنى تېپىشىپ بېرىشنى ئۆتۈندۇم ،
لېكىن بۈگۈنگىچە بۇنىڭدىن هېچقانداق نەتىجە چىقمىدى .
— يائاللا ، خۇدايىم ئۆز پاناهىدا ساقلىسۇن ، — دېدى رەڭگى
ئۆچۈپ كەتكەن خىمونكورى ، — ئۆتكەن ئىشقا ئەمدى ئامال يوق ،
لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن هەرگىز بۇ گەپنى ئېغىزىڭغا ئالما ، يۇرد-
كىم ئەجەب سىقىلىپ كېتىۋاتىدا .
— ئەگەر سىز مېنى توي قىلىسەن دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسى-
ڭىز ، مەن مەڭگۈ بۇ گەپنى ئېغىزىمدىن چىقارمايتتىم ، — دېدى
نولىناكخا .
— بۇ نېمە دېگىنىڭ ، ئەمدى شۇ بەختسىزلىك تۈپەيلىدىن
مەڭگۈ ئۆيلەنمەي ئۆتىمەن دېمەكچىمۇ سەن ؟
— ياق ، مېنىڭ قايتا ئۆيلىنىشكە پېتىنالمايۋاتقانلىقىمنىڭ
سەۋەبى باشقا يەردە . بەلكىم ئۇ قىز تېخى هايات بولۇشى مۇمكىن .
— قارىسىغا گەپ قىلغىلى تۇردۇڭغۇ ؟ ئۇ شۇ كەمگىچە هايات
بولغان بولسا ، بىرەر خەۋەر ئاڭلىغان بولاتتىڭ -دە .
— ئۇ مېنىڭ توغرامدا هېچ نەرسە بىلمەيدۇ . ئىككىمىز
خۇددى دۇنيانىڭ ئىككى چېتىدە تۇرغان كىشىلەردەك بىر - بىرد-
مىزگە ناتونۇش . ئۇ هەتتا چىرايىمنىمۇ كۆرمىگەنغۇ دەيمەن ،
بىنارسقا كەلگەندىن كېيىن تارىنى چاتودجوغا بىر پارچە خەت
يازغانىدىم . ئۇ خەتنى كۆرمىگەن ئوخشايدۇ . چۈنكى ، پوچتا ئىدا-
رىسى كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە ، خەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرالمىدۇق دەپ
يېزىپ ماڭا قايتۇرۇۋەتتى .
— ئەمــدى قانــداق قىلــماقچىسەن ؟ — دەپ سوردــدى خى-
مونكورى .

— ھېچبولمىسا بىر يىل كۈتۈپ باقاي دەيمەن . ئاندىن ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە ئىشەنگىلى بولار .
— يوق ئىشلارغا تولىمۇ ئەنسىرەۋېرىدىكەنسەن ! نېمە ئۈچۈن بىر يىل ساقلاش كېرەك ئىكەن ؟
— بىر يىل دېگەنمۇ كېلىپ قالاي دېدى ، ئانا . ھازىر ئون ئىككىنچى ئاي ، كېلەركى ئاي نىكاھ ئۈچۈن خەيرلىك ئەمەس . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئاي قالسا ، ئۈچىنچى ئايدا بىر يىل توشىدۇ .
— ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل ، — دېدى خىمونكورى ، — لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن ، سېنىڭ بېشىڭ باغلاقلىق ، مەن بۇ توغرىلىق خىمنولىنىنىڭ دادىسى بىلەن كېلىشىپ قويدۇم .
— بەندە نىيەت قىلغىنى بىلەن ، ئىشنىڭ بولمىقى خۇداغا باغلىق . قېنى ، خۇدانىڭ بۇيرۇغىنىنى كۆرەرمىز .
— بەرھەق توغرا ئېيتتىڭ ، ئوغلۇم ، بايام ئېيتقان دەھشەتلىك گەپلىرىڭنى ئېسىمگە ئالسام ھازىرمۇ تېنىمگە تىترەك ئولىشىپ كېتىدۇ .
— مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىممۇ شۇ ئىدى ، ئانا . مەن كۆڭلىڭىز بىسەرەمجان بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ بەكمۇ قورققان . سىز سەللا خاپىلىق تارتىپ قالسىڭىز ئۆزۈمنىچە ئېسىڭىزگە كېلەلمەيسىز . بۇ گەپنى نېمە ئۈچۈن سىزگە ئېيتماي كەلگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز .
— توغرا قىلدىڭ ، ئوغلۇم ، — دېدى خىمونكورى ، — يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن ، ئىشقىلىپ بىرەر كۆڭۈلسىز گەپنى ئاڭلاپ قالسام ، ۋەھىمىدىن پەقەتلا نېرى بولالمايمەن . بىرەر شۇم خەۋەر بولۇپ قالمىسۇن دەپ ھەتتا باشقىلارنىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى ئېچىشتىنمۇ قورقىمەن . ئۆزۈڭنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار ، بولسا ، بەزىبىر پاراڭلارنى ماڭا ئېيتماڭلار دەپ سەندىنمۇ ئۆتۈنگەنىدىم . بەلكىم ياشىشىمنى ياشاپ بولدۇممىكىن دەپ ئويلايمەن ، بولمىسا ، بۇنداق دەھشەتلىك ئىشلار ماڭا نېمانداق تولا ئۇچرايدۇ ؟

## ئەللىك بىرىنچى باب

كومولا گانگى دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەن چاغدا، ھەش ـ پەش دېگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدىغان دېكابىر ئايلىرىنىڭ قۇيا-شى كۆك ئاسماننىڭ ئېتىكىگە ئۇلتۇرغاندى. كومولا زاۋال قويند-غا پېتىۋاتقان قۇياش ئىلاھىغا قاراپ تەزىم قىلدى، ئاندىن بېشىغا مۇقەددەس سۇدىن تېمىتىپ دەرياغا چۈشتى ـ دە، ئىككى ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئۇلۇغ دەرياغا قاراپ ئىبادەت قىلدى ھەمدە سۇغا چېچەك تاشلىدى.

ئۇ بېشىنى سىلىپ ھەممە تەگرىلەرگە چوڭقۇر سىغىنغاندىن كېيىن، ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئادەمنىڭ بارلى-قىنى تۇيۇقسىز يادىغا ئالدى. كومولا ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ باقمىغان، ھېلىقى كۈنى كەچتە ئۇنىڭ قېشىدا يېتىپ ھەتتا ئۇنىڭ پۇتىغىمۇ كۆز تاشلاپ باقمىغاندى. يېڭى ئۆيدە ئۇ كومولانىڭ دوستلىرىغا بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاۋاز قىزنىڭ چۈمبىلىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قۇلۇپلانغان قەلب قەسىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغاندى. ئەمدى كومولا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئەسلەپ باقاي دەپ ھەر قانچە قىلسىمۇ مۇمكىن بولمىدى.

ھېلىقى كۈندىكى توي مۇراسىمى ئاياغلاشقاندا يېرىم كېچە بولۇپ قالغاندى. قاتتىق چارچاپ كەتكەن كومولا ئۆزىنىڭ قاچان-لاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇ ئويغانغان چاغدا قوشنا ئۆيدىكى ياش چوكان ئۇنىڭ ئالدىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرات-تى، بايام كومولانى نوقۇشلاپ ئويغاتقان شۇ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كارىۋاتتا يالغۇز ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا سەزدى. مانا ئەمدى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتىدا، ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان ھېلىقى كىشىنى ئەسلىتەلىگۈدەك بىرەر نەرسىنى يادىغا ئالالمىدى. ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن كومولا پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭ

خاتىرىسىدە نە ئۇنىڭ چىرايى ، ئاۋازى ، نە كېيىنىشلىرى قالغان بولسا ، ھەتتا يىگىتنىڭ توي كۈنى چاپىنىغا باغلايدىغان قىزىل شەلپىرىنىمۇ كومولا ساقلاپ قويالمىغانىدى . (تارىنى بۇ شەلپەرنى ناھايىتى ئەرزان سېتىۋالغان بولۇپ ، كومولا بۇرۇن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغانىدى ) .

رومىشنىڭ خىمنولىنىغا يازغان خېتى تېخىچە كومولانىڭ يېنىدا ئىدى . ئۇ خەتنىڭ بىر ۋارىقىنى ئېلىپ گۇگۇم يورۇقىدا يەنە بىر ئوقۇپ چىقتى . بۇ ، خەتنىڭ دەل ئۇنىڭ ئېرى توغرىسىدا يېزىلغان قىسمى ئىدى . خەتتە ئەھۋال تەپسىلىي يېزىلمىغان ، پەقەت ئۇنىڭ ئىسمى نولىناكخا چوتتوپادھايايا ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ بۇرۇن رانگپۇردا دوختۇرلۇق قىلغانلىقى ، كېيىن رومىشنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇنى تاپالمىغانلىقى توغرىسىدىلا يېزىلغانىدى . ئۇ خەتنىڭ قالغان ۋاراقلىرىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغاندا ، قالغانلىرى يوق بولۇپ چىقتى .

نولىناكخا دېگەن بۇ ئىسىم شۇ تاپتا ئۇنىڭ شىكەستىلەنگەن قەلبىگە شىپالىق بېغىشلىغانىدى . بۇ ئىسىم ئۇنىڭ بەخت لەززىتىنى كۆرۈپ باقمىغان يۈرىكىگە ئاجايىپ بىر تاتلىق سېزىمنى بەخش ئەتكەن ؛ بۇ ئىسىم غايىبتىن پەيدا بولغان قۇدرەتتەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قانلارنى ئۇرغۇتتۇۋەتكەنىدى . بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلار قاتتىق ئىرادىنى يۇمشاتتى ، بۇ ياشلار بىغۇبار يۈرەكنى قامالاپ تۇرغان قايغۇ ـ ھەسرەتنى يېنىكلەتتى . ئۇنىڭ قەلبى نىدا قىلاتتى : «مەنىسىزلىك يوقالدى ، زۇلمەت تارقالدى ؛ مەن ئەمدى بىلدىم ، مەنمۇ ھايات ياشاۋاتقانلارنىڭ بىر زەنجىرىسى ئىكەنمەن » ئۇنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلاشلىرىغا قوشۇلۇپ ، بۇ سادا تېخىمۇ كۈچەيدى : «مەن ۋاپادار ئايال بولۇشنى خالايدىكەنمەن ، چوقۇم ھايات قېلىشىم كېرەك ، بىر كۈنلەر كېلىپ ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويغۇچە ياشىشىم كېرەك . مېنىڭ بۇ ھوقۇقۇمغا ھېچقانداق نەرسە توسقۇن بولالمايدۇ ، ھاياتلا بولىدىكەنمەن ، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىمەن . تەڭرى مېنىڭ ھاياتىمنى ئۇنىڭغا ۋاپادار ئايال بولۇش

ئۇچۇنلا ساقلاپ قالغان ئەمەسمۇ !»
ئۇ ياغلىقىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئېلىپ سايغا چۆرۈۋەتتى، ئاندىن كۆڭلىكىدىكى بۇلاپكىنى رومىشىنىڭ سوۋغا قىلغانلىقىنى ئەسلىدى - دە، دەرھال ئۇنى يۇلۇپ ئېلىپ دەرياغا تاشلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ غەربكە قاراپ ماڭدى. قەيەرگە بېرىشنى، نولىناكخانى قانداق سۈرۈشتۈرۈپ تېپىشنى ئۇ ئويلاپمۇ كۆرمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ كاللىسىدا، بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ هايالشىماي ئالدىغىلا مېڭىش كېرەك دېگەن پىكىر هۆكۈم سۈرەتتى.
قىش گۈگۈمىنىڭ ئاخىرقى يورۇقى كۆزدىن يىتتى. دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدىكى قۇملۇقلار چەكسىز قاراڭغۇلۇق قۇچىقىدا خۇددى رەسسام ئۆزى سىزغان يارقىن مەنزىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغاندا پەيدا بولغان تۇتۇق ئىزلاردەك كۆزگە سۇس تاشلىناتتى. يۇلتۇزلار جانسىز چىمىرلاپ تۇرغان ئايسىز ئاسمان چۆلسىرەپ قالغان سامىلغا قاراپ خورسىنىپ قويغاندەك بىلىنەتتى.
كومولا ئالدىدا چېكىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئىنسى - جىنسىز كەڭ دالاغا قارىدى، ئۇنىڭغا ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىشتىن ئۆزگە ئامال يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ، بۇ مېڭىشتىن نېمە نەتىجە چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققۇسىمۇ كەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر پىلانى بار ئىدى: چوقۇم دەريا بويلاپ مېڭىش كېرەك، بۇنداقتا باشقىلاردىن يول سوراپ يۈرىدىغان ئاۋارىچىلىكمۇ بولمايدۇ. ناۋادا بىرەر خەتەرگە دۇچ كەلسە گاڭگىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتسىلا كۇپايە.
هاۋا ئۇچۇق. كومولا قاراڭغۇلۇق قوينىدا كېتىۋاتقىنى بىلەن ماڭىدىغان يولنى ئىلغا قىلىپ كېتىۋاتاتتى. تۈن مەھەلدە، چىلبۆرىلەر بۇغدايلىقلاردىن چىقىشىپ دەھشەتلىك هۇۋلاشقا باشلىدى. كومولا بىر نەچچە سائەتلەپ يول يۈرگەندىن كېيىن تۇزلەڭلىكلەر تۈگەپ ئېگىزلىكلەر باشلاندى، ئاندىن ئۇ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئېكىنزارلىققا يېتىپ كەلدى. يىراقتىن بىر يېزا كۆرۈنۈۋىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز سوقۇپ كەتتى. ئۇ يېزىغا يېقىنلاشقان

چاغدا ئاھالىلەر قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى . ئۇ ئاۋايلاپ يېزىنىڭ چېتى-دىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ماجالى قۇرۇغانىدى ، تىكرەك بىر يانباغىردىن ئۆمىلەپ چىقىۋېتىپ ، بىر تۈپ ئىم دەرىخىنىڭ ئاستى-دا سوزۇلۇپ ياتتى ۋە زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى .

ئۇ تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا ئويغىنىپ كەتتى . بۇ چاغدا ، تېخى يوشۇرۇنمىغان ئاي يەر يۈزىگە سۈس يورۇقنى چېچىپ تۇراتتى . ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغان بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى ۋە ئۆزىنىڭ يەرلىك تەلەپپۇزى بىلەن ئۇنىڭدىن بىر مۇنچە سوئال-لارنى سوراپ كەتتى :

— سەن كىم بولىسەن ؟ بۇنداق سوغۇق كۈنلەردە دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئۇخلىغىنىڭ نېمىسى ؟

ھولۇقۇپ كەتكەن كومولا ئۆزىنى دەرھال رۇسلاپ ئولتۇرۇ-ۋالدى ۋە ئەتراپىغا قاراپ يېقىنلا جايدا ئىككى كىيمە توختىتىلغان پرىستاننىڭ بارلىقىنى كۆردى . بۇ خانىم شۇ كېمىدىكى يولۇچىلار-دىن بولۇپ ، باشقىلار تۇرغۇچە تاھارەت ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى .

— بېنگاللىقتەك تۇرىسەنغۇ ، — دېدى ئۇ .

— ھەئە ، مەن بېنگاللىق ، — دېدى كومولا .

— بۇ يەردە نېمىشقا ياتىسەن ؟

— ئەسلىي بىنارىسقا كېتىۋاتاتتىم ، كېچە قاتتىق چارچاپ كېتىپ مۇشۇ يەردە ئۇخلاپ قاپتىمەن .

— بۇ يەردىن بىنارىسقا پىيادە بېرىش دېگەن بولمىغانلا بىر ئىشقۇ ! ياخشىسى ئاۋۇ كېمىگە چۈشۈۋالغىن ، مەن تاھارەت ئېلىپ بولۇپلا بارىمەن .

ئۇ تاھارەت ئېلىپ بولۇپ كومولانىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلىرى ۋە نېمە ئۈچۈن سەپەرگە چىققانلى-قى توغرىسىدا سۆزلەپ كەتتى . يېقىندا گاجىپوردىكى سېىدخۇ ئەپەن-دى ئاھايىتى كۆڭۈللۈك توي ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدى ؟ بۇ ئايال

دەل ئاشۇ سىدخۇ ئەپەندىنىڭ تۇغقىنى ئىكەن . ئۇنىڭ ئىسمى نوبىند-كالى ، ئىرىنىڭ ئىسمى موكوندولال دوتتو بولۇپ ، ئۇلار كاياستخا تائىپىسىگە تەۋە بىنگالللىقلاردىن ئىكەن ، بىنارستىمۇ بىر مەزگىل تۇرۇپتۇ . بۇ قېتىم سىدخۇ ئەپەندى ئۇلارنى تويغا چاقىرمىغاند-كەن ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بەرىبىر كۆتۈۋالىدىغۇ دەپ ئويلاپ گاجە-پورغا كېلىۋېرىپتۇ . ئويلىمىغان يەردە ، سىدخۇ خانىم ئۇلارغا قايتا - قايتا ئۆزرە قويۇپ ، ئۇلارنى ئۆيىدە ئېلىپ قالالمايدىغانلى-قىنى ئېيتىپتۇ . ئۇ ھەتتا نوبىنكالىغا : «ئۆزۈڭنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار ، قەدىرلىكىم ، ئىرىمنىڭ تېنى ناھايىتى ئاجىز . ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا قالايمىقان نەرسە يەپ باقمىغان . ئۆيدە بىقىۋاتقان بىر كالىمىز بار . بىز ئۇنىڭ سۈتىدىن سىرىقماي ئايرىۋالىمىز ، سىرىق-مايدىن سۇماي چەككىلەيمىز ، ئاندىن بۇ مايدا ئۇنىڭغا قۇيماق پىشۇرۇپ بېرىمىز ، بۇنداق كالىنى ئادەتتىكى يەم - خەشەك بىلەن باقىلى بولمايدىغىنىچۇ ، تېخى» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىپتۇ .

ئۇ بايامقى ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن كومولا-دىن سورىدى :

— ئىسمىڭ نېمە ؟

— كومولا .

— يۇتۇڭدىكى بىلەزۈكۈڭ تۆمۈردىن ئىكەن ، ئېرىڭ ھاياتتۇ ؟

— بىز توي قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ مېنى تاشلاپ كەتكەن ، — دېدى كومولا ، — ھازىر نەدىكىن - تاڭ .

— ئاڭلىمىغانلا بىر گەپنى قىلغىلى تۇردۇڭغۇ ! تېخى ياشتەك تۇرىسەن . قارىغاندا ئون تۆت ، ئون بەش ياشلاردا بولساڭ كې-رەك ، — دېدى نوبىنكالى كومولاغا باشتىن - ئاياغ بىر قارىۋېتىپ .

— يېشىمنى ئۆزۈممۇ تازا ئېنىق بىلمەيمەن ، بەلكىم ئون بەشلەردە بولسام كېرەك .

— سەن براھمانغۇ دەيمەن ؟

— ھەئە .
— توغقانلىرىڭلار نەدە ئولتۇرىدۇ ؟
— مەن ئېرىمنىڭ يۇرتىغا بېرىپ باقمىغان ، ئۆزۈمنىڭ دادام بىشوكخالىدا تۇراتتى ، — دېدى كومولا (ئۇ بىشوكخالىغا بېرىپ باقمىغىنى بىلەن ، دادىسىنىڭ شۇ يەردە تۇغۇلغانلىقىنى بىلەتتى ) .
— ئۇنداقتا سىنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ... ؟
— ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن .
— ۋاي خۇدايىم ! ئەمدى قانداق قىلارسەن ؟
— ماڭا ھازىر كۆنلۈك تاماقنى تېپىپ يېيەلەيدىغان ، باش تىققۇدەك ماكان بولسىلا بولغىنى . بىنارستا قورسىقىمغا تاماق ، يېتىشىمغا جاي بېرىشنى خالايدىغان تۇزۇكرەك بىر ئۆينى تاپالىسام ، مەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتىم . مەن ھەر قانداق تاماقنى ئېتەلەيمەن .
نوبىنكالى پۇل كەتمەيدىغان براھمان ئاشپەزنىڭ مانا مەن دەپلا ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىدىن كۆڭلىدە بەك خۇش بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنى زورغا بېسىپ خۇشاللىقىنى سىرتقا چىقارمىدى .
— بىزنىڭ ئۆيگە سەندەك ئادەم كېرەك ئەمەس ، — دېدى ئۇ ، — بىز شىمالدىن ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇنقى براھمان خىزمەتكارلىرىمىزنى ئالغاچ كەلگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، براھمانلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، باشقا ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق سېنىڭدەك قىزنى بىز ئىشلىتەلمەيمىز . ئېرىمنىڭ ھەر كۈنكى ئىككى ۋاخلىق غىزاسىدىن بىر ئادەم خەۋەر ئالمىسا تېخى بولمىغان . بىر راۋۇرۇس ئەر خىزمەتكارنىڭ ئايلىقىغا ئون تۆت رۇپىيە خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يەيدىغان ، كىيىدىغىنىنى دېمەمسەن تېخى ، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، ھامىنى بۇ يەرگە كېلىپ قاپسەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۆزۈڭ براھمان ئىكەنسەن ، قىيىنچىلىقىڭمۇ بار ئىكەن . شۇڭا ، بىز بىلەن بارساڭ بېرىپ باققىن .

بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس، ھەر كۈنى بۇزۇلۇپ - چېچىلىپ تۈرىدىغان نەرسىمۇ تولا، بىرەر ئادەمنىڭ قورسىقىنى بېقىپ كەتمەك تەسكە توختىماس. خىزمىتىڭمۇ ئانچە ئېغىر بولۇپ كەتمەس. ھازىر ئۆيدە ئېرىم بىلەن ئىككىمىزلا بار، قىزلىرىمنى بۇرۇنلا ياتلىق قىلىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ تەگكەن ئەرلىرىمۇ خېلى جايىدا. بىرلا ئوغلىمىز بار ئىدى، ئۇمۇ يېقىندا شەرادخ گوندجاغا ھاكىملىقىقا ئەۋەتىلدى. ئىككى ئاي بۇرۇن بىز ئۆلكە باشلىقىنىڭ ئوغلىمىزنى خىزمەتكە تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدىكى خېتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. مەن شۇ چاغدا ئېرىمگە: «بىزنىڭ نوتو — ئوغلىمىزنىڭ ئىسمى شۇنداق — خىراجەتتىن قىسىلمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا بۇنداق جاپا تارتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇنداق ياخشى خىزمەتنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تىلەپمۇ تاپالمايۋاتقانلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ بىچارە بالىنىڭ ئۆيدىن شۇنداق يىراق يەردە تىكەندەك يالغۇز ياشىشىقى ئوبدان ئىش ئەمەس. ئۇ نېمىشقا شۇ كۈنىنى كۆرۈشى كېرەك؟ ئۇنىڭ نېمىسىگە نېمە يەتمەيدۇ؟» دېدىم. لېكىن، ئېرىمنىڭ جاۋابىنى قارا: «ۋاي خۇدايىم، مۇناسىۋەتسىزلا بىر گەپنى قىلغىلى تۇردۇڭغۇ! بۇنداق ئىشلارنى سىلەر ئايال خەق بىلمەيسىلەر. سېنىڭچە مەن نوتونى ئۆز كۈنىنى ئۆزى كۆن ئەتسۇن دەپ ھاكىملىقىقا ئەۋەتىپتىمەن - دە؟! بىز كەمبەغەلچىلىكتە تېخى ئۇ كۈنگە قالمىدۇق! لېكىن، سەن بىلىشىڭ كېرەك، ئۇ تېخى ياپياشلا تۇرسا، بۇنداق ئادەملەر بىرەر خىزمەتنىڭ پېشىنى تۇتمىسا بولامدۇ. بۇنىڭسىز ئۇ يولدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن» دەيدۇ تېخى.

شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە كېتىۋاتقان كېمە بىر نەچچە سائەتكە قالمايلا بىنارسقا يېتىپ كەلدى. ئۇلار شەھەر سىرتىدىكى بىر باغلىق ئىمارەتكە كىرىشتى. بۇ يەردە ئېيىغا ئون تۆت رۇپىيە ئالىدىغان براھمان ئاشپەز باردەك قىلمايتتى. لېكىن، بىر براھمان خىزمەتكار بار بولغىنى بىلەن، ئۇ شىمالدىن ئەمەس، بەلكى ئودىنىيادىن كەلگەنىدى، ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاش-

قان ئودىنىيا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەرزانلىقى
بىلەن داڭ چىقارغان جاي ئىدى . كومولا كېلىپ بىر نەچچە كۈندىن
كېيىن ، نوبىنكالى ئۆزىچە نېمىگىدۇر ئاچچىقلىنىپ ھېلىقى خىز-
مەتكارنى ھەقمۇ بەرمەي قوغلاپ چىقاردى . ئەمدى ئۇنىڭغا ئېيىغا
ئون تۆت رۇپىيە ئالىدىغان ئاشپەز ياللىماق مۇمكىن ئەمەس ئىدى ،
شۇنىڭ بىلەن ، ئاشخانىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى كومولانىڭ زىممىسىگە
يۈكلەندى .

نوبىنكالى كومولاغا ئاغزى بېسىقماي نەسىھەت قىلاتتى :

— قۇلاق سال ، ئەزىزىم ، بىنارىس سەندەك ياش قىزلار ئۈ-
چۈن خەۋپلىك جاي . ئۆزۈڭ يالغۇز ھەرگىز قورۇدىن چىقما .
گانگ بويىغا چۈمۈلگىلى ياكى شىۋا ھەيكىلىگە بەيئەت قىلغىلى
بارساڭ ، ئۆزۈم بىرگە ئېلىپ بارىمەن .

ئۇ كومولا قولۇمدىن چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ھەمىشە پەخەس
بولۇپ يۈرەتتى . ئەمەلىيەتتە ، كومولاغا باشقا قىز ياكى ئايال
خىزمەتكارلار بىلەن كۆرۈشكۈدەك پۇرسەتمۇ يوق ئىدى . كۈندۈزى
ئۆينىڭ ئىش - كۈشلىرىنى تۈگەتسە ، ئاخشىمى نوبىنكالىنىڭ
ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ قانچىلاپ ئالتۇن بىزەك ،
ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى ، يەنە قانچىلاپ ئالتۇن تاۋاق ، كۈمۈش
لىگەن ، كىمخاب - تەيتىللا دېگەندەك نېمىلىرىنى يولدا قاراقچىلار-
نىڭ بۇلاپ كېتىشىدىن قورقۇپ بىنارسقا ئەپكېلەلمىگەنلىكى توغرى-
سىدىكى ھېكايىلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى .

— ئېرىم دەسلەپكى چاغلاردا بۇ ھىجىر تاۋاقلاردا تاماقلىنىشقا
ئادەتلەنمەي خېلى ئاغرىنىپ يۈردى ، — دەيتتى ئۇ ، — ئۇ تېخى :
«بۇ نەرسىلىرىڭنى ئوغرىلاپ كەتسە نېمە بوپتۇ ، ۋاقتى كەلگەندە
چىقىپ سېتىۋالساق بولىمىدىمۇ ؟» دەيدۇ . لېكىن ، مەن ئۇ-
نىڭ مال - دۇنيانى بۇنداق چېچىۋېتىشىگە ھەرگىز قوشۇلمايمەن .
ۋاقىتلىق جاپا چەكسەك مەيلى . سەن بىلمەيسەن ، بىزنىڭ يۇرتى-
مىزدا بارغۇ ، ئالامەت چوڭ سارايلىرىمىز بار . چاكار دېگەن
قىم - قىم ، ئۇلارنىڭ سانىنى ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلمەيمەن . لېكىن ،

ئۇلاردىن قىرىق ـ ئەللىكنى ئۆزىمىز بىلەن بىرگە ئەپكېلىشكە مۇمكىن بولمىدى ـ دە ، ئېرىم بۇ ئۆيدىن باشقا يەنە بىر يۇرۇش ئۆي ئىجارىگە ئالىلى دېۋىدى ، مەن ئۇنىمىدىم . بۇنىڭغا مەن چىدىـ مايمەن ، ئەمدى مۇشۇ يەردىمۇ تىنچقىنا بىر نەچچە كۈن ياشىۋالماي بولامدۇ . بىر مۇنچە ئۆي ، بىر تالاي خىزمەتكارلارغا قارايمەن دېسەم ، كېچە ـ كۈندۈز ئارام تاپمايدىغان گەپ ، شۇ .

## ئەللىك ئىككىنچى باب

كومولا نوبىنكالىنىڭ ئۆيىدە سېسىق كۆلچەكتىكى بېلىقتەك ياشىدى . ئۇ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن قېچىپ كەتسىلا بولاتتى ، لېكىن قېچىپ قەيەرگە باردۇ ؟ ئۇ ئالدىنقى قېتىم قاراڭغۇ كېچىدە ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ دۇنيانىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ، بۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان دۇنياغا قايتا قەدەم بېسىشقا ئۇ راستتىنلا پېتىنالمايتتى .

نوبىنكالى ئۆز نەزىرىدە كومولاغا ئامراقتەك قىلغىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايناتقۇدەك مۇئامىلە قىلاتتى . راست ، ئۇ كومولانى مۇشكۇللۇكتىن قۇتۇلدۇرغان ، لېكىن كېيىن ئۇنى شۇنچىلىك كۇنگە سالدىكى ، ھەتتا رەھمەت ئېيتقۇدەك ئورۇنمۇ قويمىدى . كومولا ھازىرقىدىن مىڭ ھەسسە ئېغىر ئىش قىلىشقا رازى ئىدىكى ، نوبىنكالىنىڭ پاراڭلىرى بىلەن ئۆزىنى قىيناپ ئۆلتۈرۈشنى خالىمايتتى .

بىر كۈنى ئەتىگىنى ، بۇ خوتۇن كومولانى چاقىرتىپ كىرىپ يەنە ۋالاقشىشقا باشلىدى :

— ماڭا قارا ، قىزچاق . بۈگۈن ئېرىمنىڭ مىجەزى يوق ، ئۇ ئادەتتىكى تاماقنى يېسە بولمايدۇ ، شۇڭا بىر ئاز چەلپەك پىشۇرۇپ بەرسەڭ ، لېكىن ھەدېسىلا مايغا زورلاۋەرمىگىن . سەن تاماقنىڭغۇ ئوبدان ئېتىسەن ، لېكىن نېمىشقىدۇر ماينى كۆپ ئىشلىتىۋېتىدىـ كەنسەن . بۇرۇنقى براھمان ئاشپىزىمىز بۇ جەھەتتە سەندىن كۆپ

تۇزۇك ئىدى . ئۇمۇغۇ ماي ئىشلىتەتتى ، لېكىن ئۇنىڭ تامىقىدىن ماي تېتىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ باقمىغان .

كومولا ئەزەلدىن بىرسى بىلەن جاۋابلىشىشنى بىلمەيتتى ، بىرەرسى ئۇنى تىللىسىمۇ ، خۇددى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋېرەتتى . لېكىن ، بۇگۈنكى بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگدى . ئۇ سەي توغراپ ئولتۇرۇپمۇ بۇ خورلۇقنى ئېسىدىن چىقىرالمىدى . ئۇ ئويلىنا ـ ئويلىنا ، بۇ قىزىقى يوق تىرىكچىلىك دۇنياسىدا تۇرمۇشنىڭ ئارتۇقچىلا بىر يۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئولتۇرۇۋىدى ، كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ دىققىتى بۆلۈندى . چۈنكى ، شۇ چاغدا نوبىنكالىنىڭ بىر ئەر خىزمەتكارىغا دەۋاتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالغانىدى .

— تولسى ، تېز بېرىپ نولىناكخا دوختۇرنى چاقىرىپ كەل ! ئۇنىڭغا خوجايىن قاتتىق ئاغرىپ قالدى دېگىن !

«نولىناكخا دوختۇر !» بىردىنلا قۇياش نۇرلىرى كۆرۈنمەس قوللاردا تىترەپ تۇرغان ۋىنانىڭ ئالتۇن تارلىرىغا ئوخشاش ، كومولانىڭ كۆز ئالدىدا ئويناپ كەتتى . ئۇ دەرھال قولىدىكى ئوتياشنى تاشلاپ ئىشىك ئالدىغا يۈگۈردى ۋە كېتىۋاتقان تولسىدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىدى .

— دوختۇر نولىناكخانى چاقىرغىلى كېتىۋاتىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى تولسى .

— ئۇ ئادەم قانداق ئادەم ؟

— قانداق بولماقچى ، مۇشۇ يەرنىڭ ئەڭ ياخشى دوختۇرى بولمامدۇ .

— ئۇ قەيەردە تۇرىدۇ ؟ — دەپ سورىدى كومولا .

— شەھەردە ، مۇشۇ يەردىن بىر چاقىرىمچە يەردە .

كومولا بۇ جايغا كەلگەندىن بۇيان ، خوجايىنلىرىدىن ئاشقان تاماقلارنى خىزمەتكارلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى . ئۇ تىل ئاڭلىسىمۇ بۇ ئادىتىنى تاشلىمىدى . چۈنكى ، نوبىنكالىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشى تۈپەيلىدىن چاكارلارنىڭ قورسىقى تويماي ئۆتەتتى . ئۇنىڭ

ئۈستىگە، ئەر ـ ئايال خوجايىنلار تاماقنى ئۆز ۋاقتىدا يېمىگەچكە، خىزمەتكارلار ئۇلار غىزالىنىپ بولغۇچە بىر نېمە يېيىشكە ئولتۇرمايتتى. شۇڭا، ئۇلار ھەر كۈنى كومولانى ئورىۋېلىپ ئۇنىڭدىن قورساقنى گوللاپ تۇرغۇدەك بىر نېمە سورايتتى. مۇنداق چاغلاردا كومولا ئۇلارنىڭ رايىنى قايتۇرمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق رەھىمدىللىكى بىلەن تېز ئارىدىلا خىزمەتكارلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى.

— ھە، ئاشخانىنىڭ ئالدىدا نېمە شۇملۇق قىلىشىۋاتىسىلەر؟ ئاڭلاۋاتامسەن، ھەي تولسى؟ — پەلەمپەي تەرەپتىن تۇيۇقسىز قاتتىق كايىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، — مېنى قارىغۇ چاغلىشىۋاتامسەن، سەن خەقنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭنى مەن كۆرمەيۋاتامدىم؟ شەھەرگە كىرگۈچە ئاشپەز چوڭئاناڭ بىلەن باش بېقىشىۋالمىساڭ بولمايدىغان نەرى بار؟! مۇشۇ كۈنلەردە بىر مۇنچە نەرسىلەرنىڭ يوقاپ كېتىۋاتقىنىمۇ بىكار ئەمەسكەن ـ دە! ھوي قىزچاق، سىلىمۇ بۇ گەپتىن قۇرۇق قالمايلا. ئۇنتۇپ قالمىسىلا، مەن سىلىنى يولدىن تېپىپ كېلىپ بېقىۋاتىمەن جۇمۇ! ئەمدىزە شەپقەتىمگە قىلىدىغان رەھمەت ـ ھەشقاللىلىرى مۇشۇمۇ؟

ئۆيدىكى خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى گەپنى بىر قىلىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئوغرىلىماقچى دەپ ئويلاپ يۈرگەن نوبىنكالى، ئەگەر بۇ خەققە گۇمان ئوقىدىن يۈزنى ئاتسا، ھېچبولمىغاندا ئەللىكى دەل نىشانغا بېرىپ تېگىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ خىزمەتكارلىرىغا ئۆزىنىڭ ھەر دائىم ھوشيار تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئالدىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش تېخىمۇ زۆرۈر دەپ ھېسابلايتتى.

لېكىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭ كاپىشلىرى خىيال كەپتىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن كومولاغا قىلچە تەسىر قىلمىدى. ئۇ خۇددى ماشىنا ئادەمدەك ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ تولسى قايتىپ كېلەرگە يېقىن ئاشخانىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تولسى يالغۇزلا يېنىپ كەلدى.

— تولسى ، دوختۇر كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى كومولا .
— ئۇ كېلەلمەيدىكەن .
— نېمىشقا؟
— ئانىسى ئاغرىپ قاپتۇ .
— ئانىسىمۇ؟ ئۆيدە ئۇنىڭغا قارايدىغان باشقىسى يوقمىكەن؟
— يوق . ئۇ تېخى ئۆيلەنمەپتىكەن .
— سەن ئۆيلەنمىگەنلىكىنى نەدىن بىلىسەن؟
— مەن ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن ئاڭلىغان .
— بەلكىم ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندۇ .
— بەلكىم شۇنداقتۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ بىروج دېگەن خىزمەتكارى ، ئۇ رانگپۇردا دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان چاغدىمۇ مەن ئۇنىڭ ئايالىنى كۆرمىگەن دەيدىغۇ ، تاڭ .
— تولسى ! — پەلەمپەي تەرەپتىن ئايال خوجايىنىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .
كومولا دەرھال ئۆزىنى ئاشخانىغا ئالدى ، تولسىمۇ ئالدىراپ خوجايىنى تەرەپكە ماڭدى .
«نولىناكخا... رانگپۇردا دوختۇرلۇق قىلغان...» كومولانىڭ ئەمدى گۇمانى قالمىدى . تولسى ئۆيدىن چىققاندا ، ئۇ يەنە بەزى نەرسىلەرنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى :
— ماڭا قارا ، تولسى ، مېنىڭ بىر تونۇشقىنىم بار ئىدى . ئۇنىڭ ئىسمى ھېلىقى دوختۇرنىڭكىگە ئوپمۇئوخشاش... ئۇ براھمانغۇ دەيمەن ، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق ، راست ئۇ براھمان ، چاتودجو تائىپىسىدىن .
تولسى ئاشخانىنىڭ ئالدىدا كومولا بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى خوجايىنىنىڭ يەنە كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى .
كومولا دەرھال نوبىنكالىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئىش - كۈشلىرىنى تۈگەتكەنلىكىنى ، ئەمدى دوشا شومج گخات پرىبستانىغا بېرىپ يۇيۇنۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— بولمايدۇ، — دېدى نوبىنكالى، — ئېرىم ئاغرىق تۇرسا، بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر نېمە يېگۈسى كەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ. يۇيۇنۇشقا باشقا كۈنى ئەمەس، ئەجەب بۈگۈن باردىغان بولۇپ قاپسىلا؟

— ئۆزۈڭدىن بۇيان ئىزدەپ يۈرگەن بىر تۇغقىنىم بار ئىدى، ئۇ هازىر بىنارستا ئىكەن. بۇنىڭدىن هېلىلا خەۋەر تاپتىم.

— تاپقان باهانىلىرىگە رەھمەت! مېنى قاپاقباش كۆرۈۋاتامىلا! ئېيتە، ساڭا بۇ گەپنى كىم دېدى؟ تولسىغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ بىر ئاستا ئۇنىڭ كەشىنى توغرىلىساق بولىدىغان ئوخشايدۇ. قىز-چاق، سەن شۇنى بىلىپ قويغىنكى، بىزنىڭ ئۆيدىلا بولىدىكەن-سەن، ئۆزۈم يالغۇز سىرتقا چىقىپ يۇيۇنىمەن ياكى ئاللىقانداق تۇغقانلىرىمنى ئىزدەيمەن، دېگەن خىيالدا بولغۇچى بولما. مەن بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمەن.

ئۇ دەرۋازىۋەننى ئىشقا سېلىپ تولسىنى دەرهال قورۇدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭغا ھەرگىز تولسىنى ئىشىككە يېقىن يولاتماسلىقنى تاپىلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، باشقا خىزمەتكارلار-نىڭ كومولا بىلەن پاراڭلىشىشىمۇ قاتتىق چەكلەندى.

كومولا نولىناكخانىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن كۆرگەن كۈنگە شۇكۇر قىلىپ ياشاۋاتاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلدى. ئېرى مۇشۇ شەھەردە تۇرۇقلۇق، ئۆزى ئاتام - ئانام كۆرمىگەن بىر خەقلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرغىنى نېمىسى! ئەمدى ئۇنىڭ ئىشلىشىمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس ئىدى، نوبىنكالى پات - پات ئۇنىڭغا كايىيدىغان بولۇپ قالدى.

— ماڭا قارىسىلا، خېنىم، سىلى كىمگە ئاچچىق قىلىپ بېرىۋاتىلا؟ قىلىقلىرىڭ ئەجەبمۇ كۆزۈمگە سىغمىغىلى تۇردى. خالىساڭ كۈن بويى قورسىقىڭنى ئاچ قويۇپ يۈرۈۋەر، لېكىن بىزنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرىمەن دەپ خىيال ئەيلىمە. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان گەپ قىلمىسا ئەجەب ئېغىزغا ئالغۇسىز بىر نېمىلەر-نى ئەتكىلى تۇردۇڭا.

— مەن ئەمدى سىلەرنىڭ ئۆيدە ئىشلىيەلمەيمەن، — دېدى كومولا جاۋاب بېرىپ، — مەن بۇ كۆنگە چىدىمىدىم. مېنى يولغا سېلىپ قويسىڭىز، خۇش بولۇپ قالاي.

— ۋاھ، گەپلىرىڭ قالتىسقۇ؟ — دېدى نوبىنكالى ھۆمۈدەپ تۇرۇپ، — بۇزە، قىلغان ياخشىلىقىمنىڭ مۇكاپاتى ئىكەن - دە! ئويلاپ باقە، ھەي، سېنى ئورۇنلاشتۇرىمىز دەپ، ئۆزۈن يىللار-دىن بېرى ئۆيىمىزدە ئىشلىگەن، شۇنداق ئاق كۆڭۈل براھمان ئاشپىزىمىزنى ئىشتىن بوشاتمىدۇقمۇ؟! ئەمدى ئۇنىڭ نەگە كەت-كەنلىكىنى خۇدا بىلمىسە، كىم بىلىدۇ؟! تېخى ئۆزۈڭنى ھەقىقىي براھمانمەن دەيسىنا! ئۆزۈڭچىزە: «يولغا سېلىپ قويسىڭىز، خۇش بولسام» دېسەملا ئىش پۈتىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنسەن - دە! قېنى، سەن قېچىپ باقە، ساقچىغا بېرىپ ئېيتمىغىنىمنى شۇ چاغدا كۆرسەن، مېنىڭ ئوغلۇم دېگەن ھاكىم جۇمۇ، ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن تالاي ئادەمنىڭ كاللىسى كەتكەن. سەن مەن بىلەن ئويناشما. گودونىڭ ئىشىدىن خەۋىرىڭ باردۇ؟ ئۇ خوجايى-نىنى رەنجىتىۋىدى، ئۇنىڭ سازايىنى تارتتى. ئۇ ھازىرمۇ تۈرمى-دە، بىز بىلەن ئوينىشىمەن دېسەڭ ھەرگىز ئاقمايدۇ!

خىزمەتكار گودو ھەققىدە ئېيتىلغان بۇ سۆز ئازراقمۇ يالغان ئەمەس ئىدى. خوجايىنى ئۇنى سائەت ئوغرىلىدى دەپ تۇرۇۋېلىپ تۈرمىگە سولىتىۋەتكەنىدى.

كومولا ئۆزىنى ناھايىتى ئامالسىز ھېس قىلدى، ئۆمۈرلۈك بەخت يېقىنلا يەردە، لېكىن ئۇنىڭ قول - ئايىغى باغلانغان، ئۇ بەختكە قول ئۇزىتالمايدۇ. تەقدىر ئۇنىڭغا ئىنتايىن رەھىمسىز چاقچاق قىلىۋاتاتتى. كۈن بويى تۆت تامنىڭ ئىچىدە جاپالىق ئىش-لەش بىلەن ئۆتۈۋاتقان بۇ مەھكۇملۇق تۇرمۇشقا كومولانىڭ تاقىتى قالمىغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، بېشىغا ياغلىقىنى ئارتىپ قاراڭغۇ، سوغۇق باغقا چىقىپ كېتەتتى ۋە تامنىڭ قېشىغا كېلىپ، شەھەرگە بارىدىغان چوڭ يولغا قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۆز تەسەۋۋۇرىدا ئاياللىق بۇرچىنى ئۆتەش

تەقەززالىقىدىن قاناتلانغان قىز ، كۆز ئالدىدا تۇرغان قاراڭغۇ ، جىمجىت چوڭ يولنى بويلاپ ئۇچاتتى ، ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان مەلۇم ئۆينى ئىزدەپ پەرۋانە بولاتتى . ئۇ پات - پات باغقا چىقىپ مۇشۇ تەقلىدتە بىر نەچچە سائەتلەپ قىمىرلىماي تۇرۇپ كېتەتتى ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كېتىشتىن بۇرۇن يىراقلارغا قاراپ چەكسىز ئېهتىرام بىلەن تەزىم قىلاتتى .

لېكىن ، ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇ مۇشۇنچىلىك تەسەللى ، مۇشۇنچىلىك ئەركىنلىكتىنمۇ مەھرۇم قالدى . بىر كۈنى كەچتە نوبىنكالى كومولانى چاقىرتتى . خىزمەتكار ھەممە يەرنى ئىزدەشتۇرۇپ ئۇنى تاپالمىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ نوبىنكالىغا ئۇنىڭ ھېچ يەردە يوقلۇقىنى خەۋەر قىلدى .

— قېچىپ كەتكەنمىدۇ - يا ؟ — دەپ سورىدى نوبىنكالى ۋارقىراپ تۇرۇپ ، ئاندىن چىراغنى ئېلىپلا ئۆينىڭ ئاستىنقى - ئۈستۈنكى قەۋەتلىرىنى قويماي ئارىلىدى ، لېكىن بۇ يەرلەردە كومولانىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى .

ئۇ دەرھال ئېرى موكوندولال ئەپەندىنىڭ قېشىغا يۈگۈردى . ئۇ ئۆيگە كىرگەندە موكوندولال كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ چىلىم چېكىپ ئولتۇراتتى . كومولا قېچىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى .

— مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز قېچىپ كەتمىگىن دەپ قويغان ، — دېدى ئۇ ئۇيقىسىراپ تۇرغاندەك بىر ھالدا جاۋاب بېرىپ ، — ئەجەبمۇ ئەقلى يوق قىز ئىكەن بۇ ، بىرەر نېمىنى ئوغرىلاپ قاچمىغاندۇ ؟

— ھاۋا سوغۇق دەپ مەن ياغلىقىمنى ئۇنىڭ بېشىغا ئارتىپ قويغان ، قارىسام شۇ ياغلىق يوق تۇرىدۇ ، تېخى باشقا نەرسىلەرگە قارىغۇدەك بولمىدىم .

— دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلايلى ، — دېدى خوجايىن ۋەز-مىن قىياپەتتە . شۇنىڭ بىلەن ، خىزمەتكارلاردىن بىرسى چىراغنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى . نوبىنكالى نېمە بار ، نېمە يوق دەپ

ساندۇقلارنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋاتقان چاغدا كومولا لەپپىدە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ھەي، بۇ نېمە قىلىق، نەلەردە يۈرسەن؟ — نوبىنكالى ئۇنى كۆرۈپلا ۋارقىراپ كەتتى.

— ئىشىمنى تۈگىتىپ بولۇپ باغقا چىقىپ بىر ئاز ئايلىنىپ كىردىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نوبىنكالىنىڭ ئىمانى قىرىق گەز ئۆرلىدى ۋە قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماي ئۇنى تىللاپ كەتتى. خىزمەتكارلار مۇ ئىشىك ئالدىغا يىغىلدى.

نوبىنكالى جان ئالىدىغان جەۋرائىلدەك ئىشلارنى قىلىپ كەتتى، كومولا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تامچىمۇ ياش تۆكۈپ باققان ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ زەھەرلىك نەشتەردەك سۆزلىرىنىڭ ئالدىدا قىز گويا مەبۇددىدەك قېتىپ تۇرۇۋەردى. ئاخىر ئۇنىڭ تىل ـ ھاقارەتلىرى سەل بېسىقىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ يۈز ـ خاتىرە قىلمايلا:

— سىز مەندىن تولىمۇ نارازى بولغان ئوخشايسىز، ياخشىسى، مېنى كەتكۈزۈۋەتسىڭىز، — دېدى.

— كەتكۈزۈۋەتمەي قالارمىكىن دەپ تولا غەم يەپ كەتمە. ئەمدى سېنىڭدەك تۇزكورنى ئۆيۈمدە ياخشى يېگۈزۈپ، ياخشى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان ئىش يوق. لېكىن، سەن كېتىشتىن بۇرۇن مەن ساڭا نوبىنكالىنىڭ كىملىكىنى ئوبدان تونۇتۇپ قويمىسام بولمايدۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كومولا دەرۋازىنىڭ سىرتىغىمۇ چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى، بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆينىڭ ئىچىگە يالغۇز بېكىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ: «تارتقان ئازابىممۇ چەككە يەتتى، ئەمدى تەڭرىم بېشىمدىكى بۇ ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتەر» دېگەن خىيال بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇراتتى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن موكوندولال ئەپەندى ئىككى خىزمەتكارىنى ئېلىپ كوچا سەيلىسىگە چىقىپ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن

دەرۋازىغا تاقاق سېلىندى. قاراڭغۇ چۈشكەن مەھەللە تالادىن، خوجايىن بارمۇ؟ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەنلا نوبىنكالى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، دوختۇر نولىناكخا كەپتۇ ئەمەسمۇ! بودخىيا! بودخىيا! — ئۇ ھەر قانچە ۋارقىرىسىمۇ ھېچبىر جاۋاب كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كومولاغا قاراپ، — تېز چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچ. ھوي، ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئۇنىڭغا خوجايىن تالاغا چىقىپ كەتكەن، بىر ئازدىن كېيىن كېلىدۇ، دېگىن. ئۆيگە باشلاپ كىر، بىر ئاز ئولتۇرۇپ تۇرسۇن.

كومولا پانۇسنى كۆتۈرۈپ ئۇستۇنكى قەۋەتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى لاغىلداپ تىترەپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى، قوللىرىمۇ مۇزدەك تەرلەپ كەتتى. ئىشقىلىپ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدى ئۆزىنىڭ ئەمەستەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىپ ئۇنى كۆرەلمەي قېلىشىدىن قورقتى.

ئۇ ئىشىكنىڭ تاقىقىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن چۈمبىلىنى يۈزىگە چۈشۈرۈۋالدى ـ دە، ئاندىن ئىشىكنى ئاچتى.

— موكوندولال ئەپەندى ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى نولىناكخا ئۇدۇلىدا تۇرغان قىزدىن.

— ئۆيدە يوق، قېنى، مەرھەمەت قىلىپ ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى كومولا.

نولىناكخا مېھمانخانىغا كىرىپ ئەمدى ئولتۇرۇشىغا بودخىيا كىرىپ بايام نوبىنكالىنىڭ كومولاغا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى.

كومولا ھاياجاندىن ھېلىلا يۈرىكى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ھالەتتە ئىدى. ئۇ ئاران تەسلىكتە مېڭىپ پېشايۋاننىڭ نولىناكخانى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان جايىغا باردى ـ دە، ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىش ئۈچۈن موككىدە چۈشۈپ ئولتۇرۇۋالدى، قاتتىق سې-

لىۋاتقان يۈرەك ئۇنى ئىچىدىن لەرزىگە سالسا ، تالانىڭ جاندىن
ئۆتىدىغان سوغۇقى غال - غال تىترىتەتتى . ئۇ قوشلاپ كەلگەن
بۇ زەربىدىن شۈمشىيىپلا كەتتى .

نولىناكخا پەنەرنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا
چۆمگەنىدى . پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كېتىۋاتقان كومولا پېشايۋان-
نىڭ قاراڭغۇ جايىغا يوشۇرۇنۇپ ئۇنىڭغا زەن سېلىشقا باشلىدى .
بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇۋالات-
تى ، ئۇ ئالدىراپ قولى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇراتتى .
ئۇ پۈتكۈل زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئۆزىنىڭ نەزەر گۆھىرىگە مۇجەسسەم
قىلىپ ، گويا ئۆزىنىڭ بۇ قاراشلىرىدىكى جازىبە بىلەن نولىناكخا-
نى ھاياتلىق نۇرىنىڭ يالىلداپ تۇرغان فوكۇسىغا چۈشۈرۈۋالغاندەك
بولدى . نولىناكخانىڭ جۇشقۇن قەددى - قامىتى ، تەمكىن روھىي
ھالىتى پەنەر يورۇقىدا تېخىمۇ نۇرلىنىپ كۆزگە تاشلىناتتى . ئۇ-
نىڭ پۈتكۈل جىسمى كومولانىڭ قەلب قەسرىگە چوڭقۇر نەقىشلەن-
دى . مۇشۇ ھالەتتە ئاخىر ئۆز سېزىمىنى يوقاتقان قىزنىڭ ۋۇجۇدى
گويا ئېرىپ مۇئەللەققە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى . شۇ تاپتا
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت نولىناكخانىڭ نۇرانە چېھرىلا قالغان ،
ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىۋا نەرسە پۈتۈنلەي خىيالىي تەسەۋۋۇرغىلا
ئايلانغان ، ئەتراپتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئاستا ئېرىپ ھېلىقى
چېھرىگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتقانىدى .

كومولا گاراڭ خىيالدىن ئېسىنى يىغقان چاغدا ، نولىناكخا
ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ موكوندولال ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرات-
تى . ئۇلارنىڭ پېشايۋان تەرەپكە ئۆتۈپ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن
قورققان كومولا دەرھال ئۆزىنى ئاشخانىنىڭ ئىچىگە ئالدى . ئاشخا-
نىنىڭ ئالدىدا قورۇغا چىقىدىغان بىر ئىشىكى بولۇپ ، تالاغا چىقى-
دىغانلار بۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي قالمايتتى .

يۈرەك - باغرى ئاتەش بولۇپ يېنىۋاتقان كومولا مۇشۇ يەردە
تەلمۈرۈپ ئولتۇردى . «مېنىڭدەك تېگى پەس بىچارە بايقۇشنىڭ
مۇشۇنداق ئېرى بارمىدۇ ! ئاھ ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەمكىنلىك ،

ئۇنىڭدىكى سىپايىلىك، ئۇنىڭدىكى خۇش پىچىملىق؛ ئۇنىڭ نازا-كىتىدىن چىلىقىپ تۇرغان پەرىشتىلەرچە لاتاپەت، خەيرىيەت، رى-يازەتنىڭ ئۇرنىنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىگىلەيدىغان كۇنلەر ئاخىر يېتىپ كېلىدىغان بولدى». ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ چوڭقۇر دىيانىتى بىلەن خۇداغا يەنە بىر شۇكۇر ـ سانا ئېيتتى.

كومولا پەلەمپەي تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭ-لاپ دەرھال ئۆزىنى قاراڭغۇ كارىدورغا ئالدى. ئالدىدا چىراغ كۆتۈرگەن بودخىيا، كەينىدە نولىناكخا كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئالدىن-قى قورۇدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، كومولا شائىرانە سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا غايىبانە خىتاب قىلدى:

«ئاھ، ئىگەم! سېنىڭ بەندەڭ ياتۋاش خەقنىڭ ئۆيىدە قول بولۇپ يۈردۇ. سەن ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈۋاتىسەن، لېكىن ھېچ-نېمە بىلمەيسەن».

كومولا موكوندولال ئەپەندىنىڭ مېھمانخانىدىن چىقىپ تاماق يېيىش ئۈچۈن كەينىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال بايىقى ئۆيگە كىردى ۋە بايام نولىناكخا ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا يۈكۈنۈپ پېشانىسىنى يەرگە تەگكۈزدى، تۇپراقنى سۆيدى ـ دە، تۇرۇپلا ھەسرەت ئىلكىگە چۆمدى. ئۇ ئېرىنىڭ خىزمە-تىنى قىلىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇمغۇ! ئۇنىڭغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىنى، ھۆرمەت ـ ساداقىتىنى ئۇ كىمگىمۇ ئېيتالىسۇن!

دوختۇر موكوندولال ئەپەندىگە بىنارىسنىڭ غەربىدىكى بىر نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان ھاۋاسى مۆتىدىل بىر جايدا بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىشكە مەسلىھەت بەرگەندى. كومولا بۇ خەۋەرنى ئەتىسى ئاڭلىدى ۋە ئۆيدىكىلەرنىڭ سەپەر تەييارلىقى بى-لەن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئايال خوجايىنىنىڭ قېشىغا كىردى.

— مەن بىنارىستىن ئايرىلالمايمەنمىكىن، — دېدى ئۇ خوجا-يىنىغا.

— بىز ئايرىلساق بولىدىكەنۇ ، ساڭا نېمىشقا بولمايدۇ ؟ بىر-دەمدىلا ئەجەب تەقۋادار بولۇپ كېتىپسىنا ؟ — دېدى نوبىنكالى .
ئۇ ، كومولانى بۇ مۇقەددەس شەھەردىن كېتىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قەستەن تەقۋادار قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى .
— نېمە دېسىڭىز مەيلى ، مەن بۇ يەردىن بەردىبىر كەتمەيمەن ، — دېدى كومولا .
— ناھايىتى ياخشى ، قېنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز .
— خوش بولاي ، مېنى ئېلىپ كەتمىسىڭىز .
— ئەجەبمۇ ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان خوتۇن-كەنسەن ، — دېدى نوبىنكالى ، — ھەممە تەييارلىقنى تەق قىلىپ ماڭمىز دەپ تۇرغاندا ساراڭلىقىڭ تۇتتىغۇ ، ئەمدى بۇ ئالدىراش-لىقتا نەدىن ئۆمۇ ئاشپەز تاپىمىز ؟ ھازىر سەن بولمىساڭ زادى بولمايدۇ .
ھەر قانچە يالۋۇرۇپمۇ ئۇنى ماقۇلغا كەلتۈرەلمىگەن كومولا ئاخىر ئىلاجسىز ئۆزىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ يىغلاشقا باشلىدى . ئۇ يىغلايتتى ، تەڭرىگە سېغىناتتى ، ئۇ يىغلايتتى ، خۇداغا يالۋۇراتتى .

## ئەللىك ئۈچىنچى باب

ئۇنىڭدا ئەپەندى قىزى بىلەن ھېلىقى گەپلەرنى قىلىشقان كۈننىڭ ئەتىسى كەچقۇرۇن ، ئۇنىڭ كالكۇتتىدا بىر قېتىم قوزغال-غان ھېلىقى بەل ئاغرىقى يەنە قوزغىلىپ كەتتى . ئۇ تۈن بويى قاتتىق قىينالدى ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئاغرىق سەل قويۇپ بەرگەندەك بولدى . ئۇ باغچىغا بىر ئورۇندۇق ئەپچىققۇزۇپ ئولتۇردى - دە ، دېكابىرنىڭ مۇلايىم ئاپتىپىغا قاقلانغاچ ، يول ياقىسىدىكى چىراي-لىق مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلدى ، خىمنولىنى چايىنىمۇ شۇ يەرگە ئەپچىقىپ بەردى . ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ

كەتكەندى ، كېچىچە تارتقان كېسەل ئازابى ئۇنىڭ چىرايىدىن ھې-
لىھەم بايقىلىپ تۇراتتى . ئۇ بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا خېلىلا قېرىپ
كەتكەندەك تۇراتتى .

دادىسىنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرگەن خىنولىنى ئىختىيار-
سىز پۇشايمان ، نادامەت ئىچىدە قالدى . ئۆزىنىڭ ھېلىقى نىكاھنى
رەت قىلغانلىقى ، دادىسىنىڭ كېسىلىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەبچى
بولغانلىقىنى ، روھىي جەھەتتىن جەبىرلىنىش بوۋاينىڭ جىسمانىي
ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتكەنلىكىنى ئويلىغاندا ، ئۇنىڭ ۋىجدا-
نى قاتتىق ئازابلاندى . قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش
كېرەك ، دېگەن مەسىلە ئۇنىڭ كاللىسىنى چۇلغىۋالدى ، لېكىن
ئۇ ھەر قانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال تاپالمىدى .

شۇ ئەسنادا ، ئوكخوي بىلەن چوكرو بورتى تاغا تۇيۇقسىزلا
كېلىپ قالدى . قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن خىنولىنى ئۆزىنى دەرھال
بىر يانغا ئالماقچى بولۇۋىدى ، كۇتۇلمىگەندە ئوكخوي ئۇنى توسۇ-
ۋالدى ۋە :

— توختاپ تۇرۇڭ ! بۇ ئاقساقال گاجىپورلۇق چوكرو بورتى
ئەپەندى بولىدۇ . ئۇ دۆلىتىمىزدە ئىنتايىن ئاتاقلىق ئادەم . غەربى-
تىكى جايلاردا بۇ كىشىنىڭ نامى نۇرغۇن ئادەمگە تونۇشلۇق ، ئۇ
ھازىر سىلەر بىلەن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش توغرىلىق سۆزلەش-
مەكچى ، — دېدى .

بۇ ئىككى مېھمان ئونودا ئەپەندىنىڭ قېشىدىكى تاش سۇپىغا
كېلىپ ئولتۇردى ، ئاندىن چوكرو بورتى تاغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە
كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلدى :

— ئاڭلىشىمچە ، سىلەر رومىش ئەپەندى بىلەن كونا بۇرادەر-
لەردىن ئىكەنسىلەر ، شۇڭا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش
ئۈچۈن ئالايىتەن ئالدىڭلارغا كېلىشىم .

ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ گەپتىن گاڭگىراپ
قالغان ئونودا ئەپەندى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى ۋە بىر
ئازدىن كېيىن ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ :

— رومىشنىڭ ئايالى ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى .
خىمنولىنى دەرھال يەرگە قارىۋالدى ، چوكرو بورتى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— سىلەر بەلكىم مېنى ، قائىدە بىلمەيدىغان غەلىتە ئادەم ئىكەن ، دەپ ئويلاپ قالغانسىلەر . ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئاخىرىغىچە چىداپ ئاڭلىساڭلار ، مېنىڭ گاجىپوردەك يىراق يەردىن بۇ يەرگە بىر ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلغىلى كەلمىگەنلىكىمنى چۈشىنىسىلەر ! رومىش ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز بۇ يىل پودجا بايرىمى مەزگىلىدە ئۇچرىشىپ قالدۇق . ئۇ ئايالى بىلەن پاراخوتتا ئولتۇرۇپ غەربكە كېتىۋاتقانىكەن . سىلەرگىمۇ ئەلۋەتتە مەلۇم ، كومولانىڭ گۈزەللىكىنى ئېيتقاندا ، ئۇنى بىر كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭغا ئامراق بولماي قالمايدۇ . مەن بولسام قېرىپ قالغان ئادەم ، ھەر خىل قايغۇ ـ ئەلەم ، جەبىر ـ جاپالارنى تارتىۋېرىپ يۈرىكىممۇ قېتىپ قالغان . شۇنداقتىمۇ ئاشۇ سۆيۈملۈك قىزنى زادىلا يۈرىكىمدىن چىقىرالمايۋاتىمەن . پاراخوتتىكى چاغدا رومىش ئەپەندى نەگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە تېخى بىر قارارغا كەلمىگەنىكەن . بىز تونۇشۇپ بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن كومولا مەن قېرىغا خېلى ئىچەكەپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئېرىنى مەن بىللە گاجىپوردا چۈشۈپ قېلىشقا كۆندۈردى . مېنىڭ ئىككىنچى قىزىم شويلودجا ئۇنى ئۆز سىڭلىسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ قالدى . كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشكە ئەمدى مېنىڭ يۈرىكىم چىدىمايدۇ . ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن بىز بىر ئۆيلۈكنى قايغۇغا سېلىپ قويۇپ كېتىپ قالغانلىقىنى ھازىرغىچە چۈشەنمەيمەن . ئۇ كېتىپ تا ھازىرغىچە شويلودجانىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى ، — چوكرو بورتى تاغا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆكسۈپ سۆزلىيەلمەي قالدى .
— زادى نېمە ئىش بولدى ، ئۇ نەگە كېتىپتۇ ؟ — دەپ سورىدى ئونئودا ئەپەندى بىتاقەت بولۇپ .
— ئوكخوي ئەپەندى ، — دېدى چوكرو بورتى ، — ھەممىدىن

خەۋىرىڭىز بار، سىز سۆزلەپ بېرىڭ، ئۇ ئىشلارنى ئەسلىسەم يۈرىكىم پۈچىلىنىپ كېتىدۇ.

ئوكخوي بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ چىقتى. ئۇ ئۆزىدىن ھېچقانداق سۆز قوشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ قارا توغرا بايانى بىلەن رومىشنىڭ چۈۋۇقسىنى چۈۋۇپ بىر يەرگە ئاپاردى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئوننودا ئەپەندى ناھايىتى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— بىز بۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز، رومىش كالكۇتتىدىن كەتكەندىن بۇيان بىزگە ئۆزىدىن قىلچە ئۇچۇر بەرمىگەن، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى ئوكخوي دەرھال قوشۇمچە قىلىپ، — بىز شۇ چاغقىچە ھەممە نېمىدىن خەۋەرسىز يۈرۈپتۇق. ھەتتا ئۇنىڭ كومولا بىلەن توي قىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەنمىز. ئاقساقال، سىزدىن شۇنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ: سىز، كومولا ئۇنىڭ خوتۇنى دەپ ئېنىق ھۆكۈم قىلالامسىز؟ ئۇ بەلكىم ئۇنىڭ سىڭلىسى ياكى بىرەر تۇغقىنى ئەمەسمىدۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئوكخوي ئەپەندى؟ — چوكرو بورتى تاغا قايناپ كەتتى، — بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. بۇنداق ۋاپادار ئايالغا نېسىپ بولالايدىغان ئادەملەر ئاز تېپىلىدۇ جۇمۇ.

— ئەجەب ئىشكەن - ھە! — ئوكخوي ئەدەپ كەتتى، — ئايال كىشى قانچىكى ۋاپادار بولسا، شۇنچىكى ۋاپاسىزلىققا ئۇچرايدىكىنا، ئىلاھىم ئاشۇنداقلارنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن! — ئۇ سۆزنى تۈگىتىپ چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى.

— بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىش بوپتۇ، — دېدى ئوننودا ئەپەندى ئۆزىنىڭ شالاڭشىپ قالغان چاچلىرىنى سىيپاپ قويۇپ، — لېكىن ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، يەنە ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ نېمە قىلىمىز؟

— بىراق، راستىنى ئېيتقاندا، مەن كومولانىڭ ئۆزىنى ئۆل-

تۇرۇۋالغانلىقىغا زادىلا ئىشەنمەيمەن، — دېدى ئوكخوي، — مېنىڭچە ئۇ قاچقان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەن بۇ ئەپەندى بىلەن بىنارسقا كېلىشىم. سىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە بىزگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىڭلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ بىز بىر نەچچە كۈن ئىزدەپ باقايلى.

— رومىش ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئوننودا ئەپەندى.

— ئۇ بىزگە ھېچقانداق ئادرېسىنى قالدۇرمايلا كېتىپ قالدى، — دېدى چوكرو بورتى. ئوكخويمۇ دەرھال سۆزگە ئارىلاشتى:

— مەنغۇ ئۇنى كۆرمىدىم، لېكىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ يەنە كالكۇتتىغا كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ ئالىپور ئادۋوكاتلار مەھكىمىسىگە كىرىپ قالارمىكىن تېخى. رومىشنىڭ يېشىدىكىدەك ئادەملەر بىر ئىشنى ئۇنچىۋالا ئىچىدىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. يۈرۈڭ، ئاقساقال، — دېدى ئۇ چوكرو بورتىغا قاراپ، — بىز شەھەرنى ئالا قويماي ئىزدەپ باقايلى.

— سىز بىز بىلەن تۇرامسىز، ئوكخوي؟ — دەپ سورىدى ئوننودا ئەپەندى.

— مەن سىزگە ئېنىق بىر نىمە دېيەلمەيمەن، — دېدى ئوكخوي، — بۇ ئىشتىن بەكمۇ بىئارام بولۇۋاتىمەن، ئوننودا ئەپەندى. مەن بىنارستىكى پۈتۈن ۋاقتىمنى ئۇنى ئىزدەشكە قاراتماقچىمەن. مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئۆسكەن بۇ قىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلىچۇ، ئۇنىڭ ئۆيدىكى زۇلۇمغا چىدىماي قېچىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس! ئۇنىڭ ھازىر نىمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىز تېخىمۇ بىلمەيمىز. بۇنىڭغىمۇ رومىشنىڭ پەرۋايى پەلەك. لېكىن، پەرۋاسىز قاراشقا مېنىڭ تەبىئىتىم كۆتۈرمەيدۇ.

ئوكخوي بىلەن چوكرو بورتى تاغا كەتكەندىن كېيىن، ئوننودا ئەپەندى تىنچسىزلانغان ھالدا قىزىغا قارىدى. خىمنولىنى دادىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئىم-

كانقەدەر تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى.
— دادا، — دەپ سۆز باشلىدى خىمنولىنى، — سىز دوختۇرغا كۆرۈنۈپ ئۆزىڭىزنى ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈرتۈپ باقمىسىڭىز بولمايدۇ. يېقىندىن بۇيان ئانچىكىم بىر ئىشلارمۇ سىزگە قاتتىق تەسىر قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۆزىڭىزنى ئوبدانراق داۋالىتىپ باقسىڭىز.
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدا ئەپەندىنىڭ كۆڭلى سەل ئارام تاپتى. خىمنولىنى باشقىلارنىڭ رومىشنى شۇ قەدەر رەھىمسىزلىك بىلەن ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان تۇرۇقلۇق يەنە دادىسىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ غېمىنى قىلىۋاتاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئۇنىڭدا خۇددى يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر تۇگمەن تېشىنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ قالدى. ئادەتتە ئۇ مۇنداق گەپلەرنى ئاددىي بىر نەچچە ئېغىز گەپلەر بىلەنلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، لېكىن بۈگۈن ئۇ باشقىچە جاۋاب بەردى:
— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ، بالدۇرراق تەكشۈرتكىنىم ئۆزۈمگە كۆپ ياخشى. بولسا ھازىرلا دوختۇر نولىناكخانى چاقىرتىپ كېلەي، بولامدۇ؟
خىمنولىنى نولىناكخانىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھامان باشقىچە بولۇپ قالدى. ئەمدى دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك كۆرۈشمەك ئۇچۇن كۆپ مۇشكۇلچىلىك تارتىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى خۇشال ھالەتكە سېلىپ:
— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا مەن ئۇنىڭغا دەرھال ئادەم ئەۋەتەي، — دېدى.
خىمنولىنىنىڭ قىياپىتىدىكى بۇ تەمكىنلىك ئۇنىڭدا ئەپەندىنى تېخىمۇ جۇرئەتلىك قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈرىكىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان مەسىلىدىن ئېغىز ئاچتى:
— خىمنو، ئەمدى بىز رومىشنىڭ پارىڭىنى قىلىپ باقايلى...

بىراق، خىمنولىنى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:
— دادا، ئاپتاپنىڭ تەپتى يامان تۇرىدۇ، ئۆيگە كىرىپ كەتمى-سىڭىز بولمىغۇدەك.
ئۇ دادىسىنى گەپ قىلىشقىمۇ يول قويماستىن قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە ئۆيگە ئەپكىردى ـ دە، دىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەدىيال بىلەن ئوراپ قويدى ۋە ئۇنىڭ قولىغا بىر پارچە گېزىت تۇتقۇزدى، كۆزەينەكنى قاپچۇقىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭ كۆزىگە تاقاپ قويغاندىن كېيىن:
— گېزىت كۆرۈپ تۇرۇڭ، بىر ئاز تۇرۇپ كىرىمەن، — دەپلا چىقىپ كەتتى.
ئۇنئودا ئەپەندى خىمنولىنىنىڭ تاپشۇرۇقىنى رايىش بالىدەك بەجا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى، لېكىن قىزى توغرىسىدىكى تەشۋىش ئۇنىڭ پىكرىنى بىر جايغا يىغىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. ناھايەت، ئۇ گېزىتنى تاشلىدى ـ دە، قىزىنى ئىزدەپ چىقتى. ۋاقىت تېخى بالدۇر بولسىمۇ، خىمنولىنىنىڭ ئىشىكى ئېتىكلىك تۇراتتى. ئۇن-نودا ئەپەندى ئۇندىمەستىن پېشايۋانغا چىقىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، نېمىشقىدۇ تىنچسىزلىنىپ قىزىنىڭ ئىشىكىگە يەنە باردى. ئىشىك تېخىچە تاقاقلىق تۇراتتى. ئۇ ئىلاجسىز پېشاي-ۋانغا چىقتى ـ دە، ھالسىزلانغان ھالدا ئورۇندۇققا كېلىپ شالاڭ چاچلىرىنى سىقىمداپ ئولتۇرۇپ كەتتى.
كۆپ ئۆتمەي دوختۇر نولىناكخا كەلدى ۋە ئۇنئودا ئەپەندىنى تەكشۈرۈپ دورا يازدى. ئۇ شۇ ئارىدا ئۆيگە كىرگەن خىمنولىنىدىن كېسەلنىڭ بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغان ـ ئۇچرىمىغانلىقىنى سورىدى.
خىمنولىنى بۇ سوئالغا مۇجمەلرەك جاۋاب قايتۇردى.
— مۇمكىن بولسا، دادىڭىزنى ھەر قانداق غەم ـ غۇسسە، ئەلەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىسىڭىز، — دېدى نولىناكخا، — ئانامنىڭ كېسىلىمۇ مېنى سىزدەك مۇشكۇلچىلىككە سېلىپ قويدى. ئۇ ئازراق كۆڭۈلسىزلىكنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ

سالامەتلىكىنى ئاسرىماق بىر گەپ بولۇپ قالدى. كۆڭۈلنى سەللا پاراكەندىچىلىككە سالىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، مەسىلەن، تونۇ-گۇنكى ئىشنى دەيلى، شۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنى بىر كېچە ئۇيقۇدىن قويدى. مەن ئۇنى كۆڭۈلنى تەشۋىشكە سالىدىغان بىرەر پاراڭ ئاڭلاپ قالمىغىيدى دەپ بىر نېمىلەرنى قىلىپ كېتىمەن. لېكىن، دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇرەككەپ كېلىدىكەن، بۇنداق ئىشلاردىن خا-لىي بولىمەن دېگەن بىلەنمۇ مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ.

— بۈگۈن ئۆزىڭىزمۇ سولىشىپ يوقتەك كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دېدى خىمنولىنى.

— ياقەي، ئوبدان تۇرۇپتىمەنغۇ؟ — دېدى نولىناكخا، — مەن ئۆزۈمنى كېسەل بولۇپ باقمىغان دېسەممۇ بولىدۇ. ئاخشام ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئوزايىمدىن باشقىچە كۆرۈنۈپ قالغان-لىقىمنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك.

— ئانىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بىر ئايال كىشى بولغان بولسا ياخشى بولار ئىكەن. بۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ يالغۇز يېتىشىپ كەتمىكىڭىز تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمىتىڭىز-مۇ بار، — خىمنولىنى بۇ سۆزنى دېگەندە، ئۆزىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندى. دېمىسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ نامۇۋاپىق يېرى يوققۇ، لېكىن نولىناكخانىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئوي-لىغاندا، خىمنولىنى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. نولىناكخا خىمنو-لىنىنىڭ خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئانىسى بىلەن بولغان ھېلىقى پاراڭنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدى.

خىمنولىنى ئۆزىنىڭ سۆزدە كەتتۈرۈپ قويغانلىقىنى چاندۇر-ماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ ئىزاھ بېرىۋالدى:

— ئۇ ئۆيگە ئايال خىزمەتكار توختاتسا بولمامدىكەن؟

— مەنغۇ ئاپامغا خىزمەتكار يالىلىۋېلىڭ دەپ كېلىۋاتى-مەن، — دېدى نولىناكخا، — لېكىن ئۇ ئۇنىمايۋاتىدۇ. ئۇ دىنىي قائىدىلەرگە بەك ئەمەل قىلىدۇ. پۇل خەجلەپ ئەپكەلگەن خىزمەت-كارنىڭ ھەممە ئىشقا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك دىققەت قىلىپ كەتمە-

كى بىر گەپ . ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆز رازىلىقى بىلە خىزمەت قىلىدىغان بىرەرسى بولمىسا ، ئانامىنىڭ باشقىسىنى تەبىئىتى كۆتۈرمەيدۇ .

خىمنولىنى بۇ ھەقتە ھېچقانداق پىكىر بىلدۇرمىدى ، بىر ئازدىن كېيىن يەنە سۆز ئاچتى :

— مەن سىزنىڭ تەلىملىرىڭىز بويىچە يول تۇتقىنىمدا نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كېلىمەن ، بەزىدە ئۇ توسقۇنلۇقلار مېنىڭ يولۇمنى توسۇپ قويىدۇ . مەن بۇ ئىشلاردىن قورقىمەن ، ھەتتا ئۈمىدسىزلىنىمەن . ماڭا زادى قەتئىي ئىرادىگە كەلگۈدەك ئامال يوقمىدۇ ؟ ھاياتنىڭ زەربىلىرى مېنى مۇشۇنداق پاراكەندىچىلىككە سېلىۋېرەرمۇ ؟

خىمنولىنىنىڭ بۇ نالىسى نولىناكخانى سەل گاڭگىرىتىپ قويدى .

— سىز شۇنى چۈشىنىشىڭىز لازىمكى ، — دېدى ئۇ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، — تەڭرى بىزنىڭ ئىرادىمىزنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن تۇرمۇش يولىمىزغا قاتمۇ قات توسقۇنلارنى پەيدا قىلىدۇ . بۇنىڭلىق بىلەن سىز ھەرگىز جۇرئىتىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ .

— ئەتە ئەتىگەنلىككە بىزنىڭكىگە كېلىپ بىر ئاز ئولتۇرۇپ كەتمەمسىز ؟ — دەپ سورىدى خىمنولىنى ، — سىزنىڭ ماڭا بەزى ياردەملەرنى بېرەلەيدىغانلىقىڭىزنى ئويلىسام ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولىدۇ .

خىمنولىنى نولىناكخانىڭ خاتىرجەملىك ۋە قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان سۆزلىرى ۋە چىرايىدىن ئۆزى موھتاج بولۇپ تۇرۋاتقان ، كۆڭۈلگە ئارامлиق بېغىشلايدىغان بىر خىل كۈچ - قۇۋۋەتنى تاپقاندى . ھەتتا ئۇ كەتكەندىن كېيىنمۇ ، خىمنولىنى ئۆز يۈرىكىدە ئۇ قالدۇرغان بىر خىل تەسەللىنى ھېس قىلدى . ئۇ ھوجرىسىنىڭ ئالدىدىكى پېشايۋاندا مىدىرلىماي تۇرۇپ ، قۇياش نۇرىغا چۆمگەن دالا مەنزىرىسىگە كۆز تىكتى . چىڭقى چۈش مەزگىلى ، قۇياش

نۇردا چاقناپ تۇرغان ھەيۋەتلىك مەنزىرە ئىچىدە، پۈتكۈل دۇنيا ئۇنىڭغا تۇرۇپ توختىماي ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقاندەك، تۇرۇپ تىنچ تۇرغان ھالەتتە تۇرۇۋاتقاندەك، بەزىدە سۇربەتلىك تۇس ئالسا ۋە بەزىدە سىلىق ـ سىپايە ياتقاندەك كۆرۈندى. شۇ تاپتا خىمنولىنى قەيسەرانىلىك ۋە بىمالاللىق چىقىپ تۇرغان قىياپەت، پەرىشانلىق چىرمىغان روھىي ھالەت بىلەن بۇ چەكسىز ئالەمنىڭ قوينىغا شۇڭغۇغاندى. ئۇ ئۆزىنى چەكسىز بەختىيارلىق قۇچىقىدا ياتقان-دەك ھېس قىلىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىدە، زىلال ئاسمان ۋە قۇياش نۇرى ئۇنىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك سائادەت ئۇرۇقىنى چاچقاندەك بولدى.

خىمنولىنى نولىناكخانىڭ ئانىسىنى ئويلىدى، موماينىڭ كىچ-چىچە بىئارام بولۇپ كۆز يۇمماي چىقىشىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى روشەن ئىدى. خىمنولىنىنىڭ نولىناكخاغا تۇرمۇشقا چىقىدىغان خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ھېس قىلغان ۋەھىمىسى ئەمدى ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلىغاندى. ئۇ ئەمدى بۇ ئىشتىن بىزارلىق ھېس قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىنى نولىناكخادىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدىغاندەك، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئېشىۋاتقاندەك سېزەتتى. لېكىن، بۇ سېزىمدە چىن مۇھەببەتنىڭ تىنچسىزلىقىمۇ، ھەسرىتىمۇ يوق ئىدى. نولىناكخادەك ئۆز مەنپەئىتىنى تەرك ئەتكەن كىشى ئايال خەقنىڭ مۇھەببىتىگە موھتاج ئەمەس، لېكىن ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ خىزمىتىدە بولىدىغان بىر كىشىگە ئىگە بولۇشى كېرەكقۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ياشانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دائىم ئىلىڭ ـ سىلىڭ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ بولسا ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك ئادىمىمۇ يوق. بىزنىڭ بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا نولىناكخانىڭ ھاياتى ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بايلىق. ئۇنىڭدەك ئادەمنىڭ خىزمىتىدە بولۇش خۇدانىڭ يولىنى تۇتقانلىق ئەمەسمۇ!

بۈگۈن ئەتىگەن رومىش توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرى خىمنولىنى ئۇچۇن ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق زەربە بولغاندى. ئۇ بۇ زەربىنىڭ

ئازابىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى . مانا ئەمدى ئۇ پۈتۈنلەي باشقىچە روھىي ھالەتكە ئۆتتى . ئۇ رومىش ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى ھېس قىلدى ، ئۇ-نىڭدىن رەنجىگۈسىمۇ ، ئۇنى ئەيىبلىگۈسىمۇ كەلمىدى . بۇ زېمىن-دىن ئورۇن ئالغان سان - سانسىز جان ئىگىلىرى ھەر خىل - ھەر ياڭزا ، ئاجايىپ - غارايىپ ، ياخشى - يامان پائالىيەت-لەردە بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن بىز ياشاۋاتقان يەر شارى ئۆز ئوربىتىسىدا مەڭگۈ توختىماي ئايلانماقتا . شۇنداق ئىكەن ، خىمنو-لىنىغا بۇ دۇنيادا پالان - پوكۇن دەيدىغان سودىيەنىڭ رولىنى ئۆتەشكە نېمە زۆرۈرىيەت قالدى ؟ ھازىر ئۇنىڭدا ئۆز كۆڭلىدىن رومىشقا ئالاقىدار بولغان ھەممىنى نەرسىنى قوغلاپ چىقىرىشتىن باشقا ئىستەك قالمىغانىدى . كومولانىڭ قىسمىتى ئەسكە كەچكەندە ئۇنىڭ يۈرىكى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى . ئۇ ئۆز - ئۆزىگە : «بۇ بەختسىز ئۆلۈمنىڭ ماڭا زادى نېمە ئالاقىسى بار ؟» دەپ سوئال قويدى . بۇ چاغدا نومۇس ، يىرگىنىش ۋە خەيرخاھلىق ئۇنىڭ قەلبىنى يەنە قاتتىق قامالىدى . ئۇ ئالىقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى : «ئاھ ، ياراتقان ئىگەم ، مەندىن ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتمىگەن تۇرۇقلۇق ، نېمىشقا بۇنداق پىكىرلەر بىلەن ئازابلىنىمەن ؟ مەن سەندىن تىلەي ، مېنى مۇشۇ تۈت كۆنلۈك ئالەمنىڭ غوۋغاسىدىن ئازاد قىلساڭ . مەن مۇشۇ جاھاننىڭ غەم - غۇسسىسىدىن قۇتۇلسام ، مېنىڭ بۇنىڭدىن ئۆزگە چوڭ بىر تىلىكىممۇ يوق . پەقەت مۇشۇ دۇنيادا تىنچقىنا كۈن كۆرسەملا بولىدۇ» .

ئونىودا ئەپەندى خىمنولىنىنىڭ رومىش بىلەن كومولا ئوتتۇ-رىسىدىكى ئىشنى ئاڭلاپ قانداق ئويغا كەلگەنلىكىنى بەكمۇ بىلگۇ-سى كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدىن يۈز تۇرا سوراشقا پېتىنال-مىدى . خىمنولىنى پېشايۋاندا خىيال سۈرگەچ كەشتە تىكىپ ئول-تۇرغان چاغدا ، ئونىودا ئەپەندى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشقا تەمشەلدى-يۇ ، لېكىن ئۇنىڭ غەمكىن ھالىتىنى كۆرۈپ ، ئەيمىنىپ يەنە

يىراققا كەتتى . زاۋال ۋاقتى بولدى . خىمنولىنى دوختۇر بەرگەن دورىنى بىر ئىستاكان سۇتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئەپكەلگەن چاغدا ، ئۇننودا ئەپەندىگە گەپ ئېچىشقا پۇرسەت كەلدى . ئۇ ئالدى بىلەن خىمنولىنىغا پەردىنى ياپتۇرۇۋەتتى ، ئۆي سەل قاراڭغۇلاشقاندىن كېيىن ئاستا سۆز ئاچتى :

— ئۇ خېلى تۇزۇك ئادەمدەك تۇرىدۇ ، ئەتىگەن بىزنى يوقلاپ كەلگەن ھېلىقى بوۋاينى دەۋاتىمەن .

خىمنولىنى ئۈندىمىدى . ئۇننودا ئەپەندى بىر ھازاغىچە سۆزنى قانداق باغلاشتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئاخىر توغرىدىن - توغرا سۆز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى :

— رومىشنىڭ قىلغىنىدىن ناھايىتى ھەيرانمەن . بۇرۇن ئۇنىڭ توغرىسىدا كۆپ گەپ - سۆزلەر بولغان ، لېكىن مەن بۇگۈنگىچە ئىشەنمەي كەلگەنىدىم ، بىراق ھازىر…

— بۇ گەپنى قىلىشمايلى ، دادا ، — دېدى خىمنولىنى يالۋۇرغان ئاھاڭدا .

— مەنمۇ بۇ ھەقتە سۆز ئېچىشنى خالىمايتتىم ، ئەزىزىم ، — دېدى ئۇننودا ئەپەندى ، — لېكىن خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ، بىزنىڭ بەخت - سائادىتىمىز ، غەم - قايغۇمىز بۇ ئادەم بىلەن بولمىسا ، ئۇ ئادەم بىلەن باغلىنىپ قالغانىكەن ، ئۇلار بىلەن ھېسابلاشماي بىزگىمۇ ئامال يوق .

— ياق ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ! — تالىشىپ سۆزلىدى خىمنولىنى ، — بىز بەخت ۋە قايغۇمىزنى ھەر قانداق ئادەمگە باغلاپ قويساق بولمايدۇ ، دادا ، مەن ھازىر ناھايىتى خاتىرجەممەن . ئەگەر سىز مەن ئۈچۈن مۇشۇنداق بىكاردىن بىكار ئازابلىنىۋېرىدىكەنسىز ، مېنى ئېغىر تەشۋىش ۋە خىجىلچىلىققا سېلىپ قويىسىز .

— خىمنولىنى ، ئەزىزىم ، مەن ياشىنىپ قالدىم ، سېنىڭ ئىشىڭ بىر ياقلىق بولماي تۇرۇپ مېنىڭ كۆڭلۈم مەڭگۈ ئارام تاپمايدۇ . سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭشىماي تۇرۇپ مەن قانداقمۇ خاتىر-

جەم كۆز يۇمالايمەن !

خىمنولىنى ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى ، دادىسى يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— قىزىم ، شۇنى بىلىشىڭ لازىمكى ، كىشىنى ئۇمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر ئىشقا ئۇچراش بىلەنلا تۇرمۇشتىكى بارلىق قىممەتلىك نەرسىنى تەرك ئېتىشقا بولمايدۇ . سەن ئېغىر دەرد تارتتىڭ . شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ نېمىنىڭ سېنى بەختلىك قىلىدىغانلىقىنى ، نېمىنىڭ ھاياتىڭنى مەنىسىز ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى ھازىرچە تولۇق چۈشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن ، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن ، مەن ھەممە ئىشىمدا پەقەت سېنىڭ بەختىڭنىلا كۆزلەيمەن . سېنىڭ بەختىڭ ۋە خۇشاللىقىڭنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقى ماڭا مەلۇم . شۇڭا ، سەندىن ئۆتۈنىمەن : مەن ساڭا دېگەن لايىقتىن باش تارتمىساڭ .

خىمنولىنى كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە نالە قىلدى :

— بۇنداق دېمەڭ ، دادا ! پەقەت سىزلا خالايدىغان لايىق بولسا مەن ھەرگىز رەت قىلمايمەن . مەن سىزنىڭ سىزغان سىزىقىڭىزدىن چىقمايمەن ، سىزدىن تىلەيدىغىنىم شۇ : ئەلەم ـ ئەندىشىلىرىمنى تۈگىتىپ روھىي جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈۋالغۇچە ماڭا بىر ئاز پۇرسەت بېرىڭ .

ئۇنىڭدا ئەپەندىنىڭ قوللىرى قاراڭغۇدا قىزىنىڭ كۆز ياشلار بىلەن يۇيۇلۇۋاتقان يۇزىگە تەگدى . ئۇ قىزىنىڭ بېشىنى ئاستا سىلىغىنىچە باشقا ھېچقانداق گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى .

ئەتىسى ئەتىگىنى دادا ـ بالا دەرەخ سايىسىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرغان چاغدا ئوكخوي كەلدى .

— ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىدۇق ، — دېدى ئۇ ئونىودا ئەپەندىنىڭ سوئال نەزىرى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ، ئاندىن ئۇ ساھىبخانا تۇتقان بىر پىيالە چاينى ئېلىپ شىرەنىڭ قېشىغا ئولتۇردى .

— رومىش ئەپەندى بىلەن كومولانىڭ بىر قىسىم ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلىرى ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇ-

رۇپ ، — هازىرمۇ چوكرو بورتىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ . ئۇ هازىر ئۇ نەرسىلەرنى نەگە ئاپىرىۋېتىشنى بىلمەيدۇ . رومىش ئەپەندى سىلەرنىڭ تۇرۇۋاتقان جايىڭلارنى بىلسە چوقۇم كېلىدۇ . شۇڭا ، مۇمكىن بولسا سىلەر...

— مەن سىنىڭ بۇنچىلىك پاراسەتسىزلىكىڭنى بىلمەپتىكەنمەن ، ئوكخوي ! — ئونىودا ئەپەندى دەرغەزەپ هالدا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ، — رومىش قانداقسىگە بۇ يەرگە كېلىدىكەن ، بىز نېمىشقا ئۇنىڭ نەرسىسىگە قاراپ بېرىدىكەنمىز ؟

— رومىشتىنىغۇ سەۋەنلىك ئۆتتى . لېكىن ، ئۇنىڭدىن قانچىلىك گۇناھ ئۆتكەن بولسىمۇ ، بۇ چاغقىچە چوقۇم پۇشايمان قىلغاندۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئۇنىڭ قەدىناسلىرى ئۇنىڭغا ئازراق خەيرخاهلىق قىلمىسىمۇ بولماس . سىزنىڭچە بىز ئۇنىڭ بىلەن بىراقلا ياتلىشىپ كېتەلەيمىزمۇ ؟

— ئوكخوي ، سەن بىزنى ئەتەي قىينىماقچى بولغاندەك مۇشۇ گەپنى دەلىۋېرىدىغان بوپقالدىڭ . ئۆزۈڭنى سوراپ ، مۇشۇ پاراڭنى هەرگىز ئېغىزىڭغا ئالمىساڭ .

— ئۆزىڭىزنى بۇنچىلىك ئۇپراتماڭ ، دادا ، — دېدى خىمنولىنى مۇلايىملىق بىلەن ، — بۇنداق قىلسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە زىيان يېتىدۇ . ئوكخوي ئەپەندى قانداق سۆزلىگۇسى كەلسە سۆزلەۋەرسۇن ، بۇ گەپنىڭ دېگىلى بولمايدىغان يېرىمۇ يوققۇ .

— بۇ هەقتە مەڭگۇ سۆزلىمەيمەن ، — دەۋەتتى ئوكخوي ، — ئەپۇ قىلىڭ ، مەن باياتىن بېرى ئەهۋالنى چۈشەنمەپتىمەن .

## ئەللىك تۆتىنچى باب

موكوندولال ئەپەندىنىڭ مىروتقا يولغا چىقىدىغان كۈنىنىڭ هارپىسى يېتىپ كەلدى . ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىشى كېرەك ئىدى . هەممە نەرسىلەر يىغىشتۇرۇپ بولۇندى . كومولا ئالدىراقانداق بىر تاسادىپىيلىق بۇ سەپەرگە توسقۇن

بولار ، ھېچبولمىغاندا دوختۇر نولىناكخا كېسەل كۆرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ بىر قېتىم كېلىپ قالار ، دەپ ئارزۇ ـ نىياز قىلغانىدى . لېكىن ، بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئايدىڭ بولۇپ قالدى .

نوبىنكالى كومولانىڭ ئۆي يىغىشتۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىشىدىن قورقۇپ ، بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنى ئۆز يېنىدىن نېرى كەتكۈزمىدى ، بىر مۇنچە ئىشلارنى ئۇنىڭ گەدىنىگە يۈكلەپ قويدى .

قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان كومولا ، تۇيۇقسىز قاتـتىق ئاغرىپ قالسام ، شۇنىڭ بىلەن نوبىنكالى مېنى قالدۇرۇپ قويسا دەپمۇ تىلىدى . بۇ چاغدا ئۇلار ھېلىقى دوختۇرنى چاقىرىپ كېلىشى مۇمكىنغۇ ، مەيلى ئۇ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانـمۇ بولسۇن ، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئۆزىنىڭ دوختۇرىنىڭ ئايىغىدا تۇپراق قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ئېھتىرامى بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جان بەرمەسمىدى !

نوبىنكالى شۇ كۈنى كەچتە كومولانى ئۆزىنىڭ قېشىدا ياتقۇزـدى ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنى ئۆزى بىلەن بىر پەيتۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ ۋوگزالغا ئېلىپ ماڭدى . موكوندولال ئەپەندى ئىككىنچى دەرىجەـلىك ۋاگونغا ، نوبىنكالى بىلەن كومولا مەخسۇس ئاياللار ئولتۇرۇـدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئۈچىنچى ۋاگونغا جايلاشتى .

پويىز ئۆز ۋاقتىدا بىنارستىن يولغا چىقتى . گۈدۈك ئاۋازى كومولاغا ، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ھۆركىرەۋاتقان پىلنىڭ ئاۋازىنى ئەسلەتكەندەك بولدى ؛ شۇ تاپتا بۇ غالجىر يىرتقۇچ گويا ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى پارە ـ پارە قىلماقتا ئىدى . ئۇ قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن دېرىزىدىن سىرتقا تىكىلەتتى . نوبىنكالى ئۇنىڭدىن سىپارى قۇتىسىنى سورىغان چاغـدىلا ، ئۇ خىيال قوچىقىدىن يۇلقۇنۇپ ئويغاندى .

كومولا سىپارى قۇتىسىنى ئۇنىڭغا بېرىۋىدى ، ئۇ قۇتىنى ئېچىپلا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى :

— لىمون جەۋھىرىنى ئالماپسەن ـ دە ! ئەسلىمىغۇ مۇشۇنداق

قىلىشىڭنى بىلەتتىم . ئەمدى سىنى قانداق قىلسام بولا؟ ئۆزۈم قول سالمىغان ئىشتىن چاتاق چىقماي قالمايدۇ . سەن مىنى قىيىناش ئۈچۈن قەستەن مۇشۇنداق قىلغان ! سەن مەن بىلەن ئەتەي قىرىشىۋاتىسەن . بىردەم بولسا تامىقىڭ تۇزسىز ، بىردەم بولسا سۇتۇڭ لاي تېتىپ قالغان ! سىنىڭ نىمە نەيرەڭ ئىشلىتىۋاتقىنىڭنى مىنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ قاراپ تۇر ، مىروتقا بارغاندا مەن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى ساڭا ئوبدان تونۇتۇپ قويىمىسام !

پويىز شەھەر سىرتىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن چاغدا ، كومولا گانگ دەرياسى بويىغا جايلاشقان مۇقەددەس شەھەرنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ۋاگون دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقاردى . ئۇ نولىناكخانىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى پەقەت بىلمەيتتى . لېكىن ، ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلىنىۋاتقان تاغ ـ ئېدىر ، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ سۇرەتتەك كۆرۈنۈشلىرى ، ئۇنىڭغا نولىناكخانىڭ مەۋجۇتلۇقى تۇپەيلى شۇنچە مۇقەددەس ۋە پاك كۆرۈنۈشكە باشلىدى .

— ۋاي ، خۇدايىم ! سەن بوينۇڭنى مۇنچىۋالا سوزۇپ نىمىگە قاراۋاتىسەن؟ — نوبىنكالى ۋارقىراپ كەتتى ، — سەن ئۆزۈڭنى قۇشتەك قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتەلەيدىغاندەك چاغلاۋاتامسەن؟

بىنارس كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن ، كومولا ئۆز جايىغا ئولتۇرۇپ خامۇش هالدا ۋادىلارغا كۆز تىككىنىچە خىيالغا چۆمدى .

پويىز موگولشورايغا يېتىپ كەلدى . كومولا گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ، نە ۋوگزالدىكى شاۋقۇنلارنى ، نە قىستىتىشىپ يۈرگەن كىشىلەرنى ئاڭقىرمايتتى . ئۇ خامۇش هالدا ۋاگوندىن ـ ۋاگونغا ئالماشتى .

مىروتقا بارىدىغان بۇ پويىزنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . كۇتۇلمىگەندە ، كومولانىڭ قۇلىقىغا : «ئاپا !» دېگەن ئىنتايىن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى . ئۇ كەينىگە قايرىلىپ ۋوگزال سۇپىسىدا تۇرغان ئومىشنى كۆردى ـ دە ، چىرايىغا خۇشاللىق تەبەسسۇمى يۇگۇرتكەن هالدا توۋلىۋەتتى :

— بۇ سەنمۇ ، ئومىش !
ئومىش ۋاگوننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى . شۇئان كومولا ۋوگزال سۇپىسىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى . ئومىش دەرھال ئېگىلىپ ئۇنىڭ ئاياغلىرىدىكى توپا ـ چاڭنى پېشانىسىگە سۈرتۈپ ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەڭ ئالىي ئېھتىرامىنى بىلدۈردى . خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەندى .
كومولا ۋاگوندىن چۈشۈشى بىلەنلا پويىز خىزمەتچىسى ئىشىك-نى تاقىغانىدى .
— ئۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ — دېدى نوبىتكالى كانىيىنى كېرىپ ، — پويىز ھازىر ماڭىدۇ ، تېز بول ! تېز بول !
كومولا ئۇنىڭ جار سېلىشلىرىغا پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى . گۈدۈك چېلىندى ، پويىز پۇشۇلداپ ماڭغىنىچە ۋوگزالدىن چىقىپ كەتتى .
— قەيەردىن كېلىۋاتىسەن ، ئومىش ؟ — دەپ سورىدى كومولا .
— گاجىپوردىن .
— ئۇ يەردىكىلەر ئوبدان تۇرۇۋاتقاندۇ ؟ يېقىندىن بۇيان تاغام-نىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟
— ناھايىتى ياخشى .
— شويلودجا ئاچامچۇ ؟
— ئۇ يىغلاۋېرىپ كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى .
كومولانىڭ كۆز چاناقلىرى لىق ياشقا تولدى .
— ئومىنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ئاپىسىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ ؟
— ئۇ بارغۇ ، سىز كېتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان بىلەزۈكىڭىزنى تاقاپ قويمىغۇچە سۈت ئىچىشكە ئۇنىمايدۇ . ھەر قېتىم ئۇنىڭ قولىغا بىلەزۈكنى تاقاپ قويغاندا ، ئاندىن ئۇ كىچىك-كىنە بىلەكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ : «كىچىك ئاپام كەتتى ، خەير ـ خوش !» دەپ كېتىدۇ . بۇنى ئاڭلىغان ئاپىسى ئۆزىنى يىغىدىن

توختىتالماي قالىدۇ .

— بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ ؟

— گاجىپوردىن زېرىكىپ چىقىپ كەتكەنتىم .

— ئەمدى نەگە بارماقچىسەن ؟

— مەن سىز بىلەن كېتىمەن ، ئاپا .

— يېنىمدا بىر ياماقمۇ يوق تۇرسا .

— ھېچقىسى يوق ، مەندە بار .

— نەدىن كەلگەن پۇل ئۇ ؟

— سىز بەرگەن ھېلىقى بەش رۇپىينى تېخى خەجلىمىگەنىتىم ، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ يېنىدىن پۇلنى ئېلىپ كۆرسەتتى .

— ئۇنداق بولسا بىز ماڭايلى ، ئومىش . بىنارسقا بارايلى ، بولامدۇ ؟ ئىككى بېلەت ئەپكېلەلەمسەن ؟

— ئەپكەلمەيچۇ ، — ئۇ دەرھال بېرىپ بېلەت ئەپكەلدى . پويىز ۋوگزالدا توختىدى . ئۇ كومولا جايلىشىۋالغۇچە قاراپ تۇردى ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كەينىدىكى ۋاگوندا ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ كېتىپ قالدى .

ئۇلار بىنارستا پويىزدىن چۈشتى .

— بىز نەگە بارىمىز ؟ — دەپ سورىدى كومولا .

— غەم قىلماڭ ، ئاپا . مەن سىزنى ئوبدان بىر جايغا باشلاپ بارىمەن .

— ياخشى جايغا دەپكەتكىنىنى تېخى ! — دېدى كومولا ، — سەن بىنارسنىڭ ئوي - چوڭقۇرنى بىلەتتىڭمۇ ؟

— بۇ يەرنى مەن پىششىق بىلىمەن ، سىزنى باشلاپ ئاپارغاندا ئاندىن بىلىسىز .

ئۇ كومولانى پەيتۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزى پەيتۇننىڭ يېنىغا جايلاشتى . پەيتۇن بىر ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى .

— ئەمدى چۈشەيلى ، ئاپا ، — دېدى ئومىش .

كومولا پەيتۇندىن چۈشۈپ ئومىشنىڭ كەينىدىن بىر ھويلىغا كىردى . ئومىش ئۆي ئىچىدە تۇرغان بىرسىگە توۋلىدى :

— بوۋا ، سىز ئۆيدىمۇ ؟
ياندىكى ئۆيدىن بىر ئاۋاز چىقتى :
— ۋاي ، بۇ سەنمۇ ئومىش؟ نەدىن پەيدا بولدۇڭ ؟ — شۇ ئان چوكرو بورتى تاغا چىلىمىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى . ئومىشنىڭ چىرايىغا خۇشاللىق تەبەسسۇمى يۈگۈردى .
ھەيرانلىقتا قالغان كومولا چوكرو بورتىنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ سالام قىلدى . چوكرو بورتىمۇ دەسلەپتە بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلالماي ، كىيىن ئاران بالالىقتا بىر نىمىلەرنى دىگەن بولسىمۇ ئاغزىدىن نىمە چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزى پەقەتلا بىلمىدى . ھەتتا چىلىمىنى قەيەرلەرگە تاشلاپ قويغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى . ئۇ ئاخىر كومولانىڭ ئىگىكىدىن يۆلەپ ، ياداڭغۇ يۈزىنى تۇتقان ھالدا :
— قىزىم ، ئاخىر قىشىمغا قايتىپ كەلدىڭىز ، يۈرۈڭ ، يۇقىرىغا چىقايلى ، ئەزىزىم ، — ئاندىن يۇقىرىغا قاراپ توۋلىدى ، — شويلودجا ! شويلودجا ! قارا ، بىزنىڭكىگە كىم كەپتۇ ! ؟
شويلودجا دەرھال ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇستۇنكى قەۋەتنىڭ پەلەمپىيىگە كەلدى . كومولا ئىگىشىپ ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى كۆزىگە سۈرتتى . شويلودجا ھەش - پەش دىگۈچە بۇ قاچقۇن قىزنى قۇچاقلىۋالدى - دە ، ئۇنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ كەتتى . جۇۋاننىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا :
— ئاھ ، قەدىرلىكىم ! سۆيۈملۈكۈم ! بىزنى شۇنداق تاشلاپ كەتتىڭىزمۇ ! بىزنىڭ قانچىلىك قايغۇرۇپ كىتىدىغانلىقىمىزنى ئويلىمىغانمىدىڭىز ؟
— بولدى ، بۇ گەپلىرىڭنى قوي ، شويلودجا ، — دىدى چوكرو بورتى تاغا ، — ئالدى بىلەن تاماق تەييارلىغىن .
شۇ چاغدا ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ : «كىچىك ئاپا ! كىچىك ئاپا !» دەپ توۋلىغىنىچە ئومىمو يۈگۈرۈپ كەلدى . كومولا ئۇنى دەررۇ قولىغا ئالدى - دە ، باغرىغا مەھكەم بىسىپ ، باش - كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى . كومولانىڭ ئۇستۇۋاشلىرىنىڭ شۇ قەدەر كۆرۈمسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى پەقەت شۇ چاغدىلا بايقىغان شوي-

لودجانىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى ۋە ئۇنى دەرھال ئۆيگە ئەپكى-رىپ يۇيۇندۇردى ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى ئەپچىقىپ ئۇنى كىيىندۈردى .

— كىچىچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىغاندەك تۇرىسىز ، — دېدى شويلودجا ، — كۆزلىرىڭىزمۇ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ . مەن بېرىپ غىزا ئېتەي ، سىز بىر ئاز ئۇخلىۋېلىڭ .

— ياق ، بولدى ، رەھمەت سىزگە ، ئاچا . مەن سىز بىلەن قازان بېشىغا باراي .

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى دوست بىرلىكتە تاماققا تۇتۇندى .

چوكرو بورتى تاغا ئوكخوينىڭ مەسلىھىتى بويىچە بىنارسقا بارماقچى بولغان چاغدا ، شويلودجامۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى .

— ھازىر بېپىنىنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرى بولمىسا ، — دېدى دادىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماي .

— ئۇ بولمىسا نېمە بوپتۇ ؟ مەن يالغۇز بېرىۋېرىمەن . ئاپام ئۆيدە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرامدۇ ، — بۇ شويلودجانىڭ ئۆز ئېرىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىشنى تۇنجى قېتىم ئىختىيار قىلغىنى ئىدى .

ئامالسىز ماقۇل كەلگەن دادىسى قىزى بىلەن يولغا چىقتى . ئۇلار بىنارستا پويىزدىن چۈشكەن چاغدا ، ئومىشنىڭمۇ ئەگىشىپ كەلگەنلىكىنى بايقاشتى ۋە ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراشتى . ناھايىتى روشەنكى ، ئۇنىڭ مۇددىئاسىمۇ بۇلارنىڭكىگە تامامەن ئوخشاش ئىدى . لېكىن ، ئومىشنىڭ موماينىڭ قېشىدا بولمىسا بولمايدىغانلىقى ، ئۇ ئۆيدىن كېتىپ قالسا ئايال خوجايىنى-نىڭ ئاغرىنىدىغانلىقى سەۋەبلىك ، ئاتا - بالا ئىككىسى ئۇنىڭغا بىر مۇنچە نەسىھەت قىلىپ ئۇنى قايتىپ كېتىشكە ئاخىر كۆندۈردى . كېيىنكى ئىشلار بولسا كىتابخانلارغا مەلۇم . ئومىش كومولا كەت-كەندىن كېيىن گاجىپوردا ياشاشتىن بىزار بولغانىدى . بىر كۈنى ئەتىگىنى ، ئۇ بازارغا نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشقا ئەۋەتىلگەندە ،

موماي بەرگەن پۇلنى ئېلىپ، گانگ دەرياسىدىن ئۆتتى ـ دە، ۋوگزالغا باردى. ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ چوكرو بورتى تاغىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنىدى. هازىر ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ كىچىك گۇناھكار بىكار ئەيىبلەنگەنىكەن.

## ئەللىك بەشىنچى باب

شۇ كۈنى ئوكخوي چوكرو بورتىنىڭ تۇرۇۋاتقان جايىغا كەلـ-دى. لېكىن، چوكرو بورتى تاغا كومولانىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتمىدى. چۈنكى، ئۇ ئوكخوي رومىشنىڭ دوستى ئەمەس-لىكىنى بايقاپ قالغانىدى.

بۇ ئۆيدىكىلەر كومولادىن نىمىشقا كېتىپ قالغانلىقىنى، نە-لەرگە بارغانلىقىنى سوراپ ئولتۇرمىدى. ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدىن قارىغاندا، كومولا خۇددى ئۇلار بىلەن بىللە بىنارىسقا ئوينىغىلى كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. پەقەت ئومىنىڭ تەربىيىچىسى لوچمىنىيا بىر قېتىم ئۇنىڭغا كايىماقچى بولغاندەك قىلىۋىدى، چوكرو بورتى تاغا دەرھال ئۇنى بىر ياققا تارتىپ، ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە قەتئىي ئېغىز ئاچماسلىقنى جېكىدى.

كەچتە شويلودجا كومولانى ئۆز قېشىدا ياتقۇزدى ۋە ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ مەيدىسىگە باسقىنىچە، ئېچىڭدىكىنى دېمەمسەن دېگەندەك قىلىپ، ئۇنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى.

— سىلەر قانداق ئويلاپ قالدىڭلار، ئاچا؟ — دەپ سورىدى كومولا، — بەلكىم كايىغانسىلەر؟

— ئۇ ئىش ئۈچۈن سىزگە كايىپ يۈرسەك قاملاشماس، — دەپ جاۋاب بەردى شويلودجا، — باشقا ئىلاج بولغان بولسا ھەرگىز ئۇنداق دەھشەتلىك يولغا ماڭماس ئىدى، دەپ ئويلىدۇق. خۇدا نېمىشقا سىزنىڭ بېشىڭىزغا شۇنچىلىك سۈرلۈك قىسمەتنى سالغان-دۇ دەپ بەكمۇ نالە قىلىپ كەتتۇق. ھېچقانداق گۇناھى بولـمىغان كىشىـگە مۇنـچىۋالا جازا سېلىش قانداقمۇ كىشىنىڭ ئەقلىگە

سىغسۇن !

— ئىشنىڭ ھەممە جەريانىنى سۆزلەپ بەرسەم ئاڭلاشنى خالامسىز ، ئاچا ؟ — دەپ سورىدى كومولا . شويلودجا ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن :

— خالىمايچۇ ، قەدىرلىكىم ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— بۈرۈن سىزگە بۇ گەپلەرنى نېمىشقا ئېيتمىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . بۇنى ئېيتىشقا ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنىڭ يار بەرمىگىنىمۇ راست ، كېيىنكى ئىشلار شۇنچىلىك تۇيۇقسىز بولدىكى ، مەن ئۆزۈمنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا يۈز كۆتۈرۈپ قارالمىغۇدەك ھېس قىلىپ كەتتىم . مېنىڭ نە ئانام ، نە ھەمشىرىلىرىم يوق . سىز مەن ئۈچۈن ھەم ئانا ھەم ئاچا بولدىڭىز . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، مەن بۇ گەپلەرنى سىزگە ئېيتماقچى ، بولمىسا ئىچىمدىكىنى ھېچكىمگىمۇ تىنماس ئىدىم .

كومولاغا يېتىپ سۆزلەش قىيىن ئىدى ، شۇڭا قوپۇپ ئولتۇرۇۋالدى . شويلودجامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن ، كومولا ئۆزىنىڭ تويدىن كېيىنكى بارلىق ئەھۋالىنى سۆزلەشكە باشلىدى .

ئۇ سۆزلەپ ئۆزىنىڭ تويدىن بۈرۈن ، ھەتتا نىكاھ كېچىسىمۇ ئېرىنىڭ چىرايىغا بىر قېتىم قارىمىغان يېرىگە كەلگەندە ، شويلودجا ئىختىيارسىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— مەن سىزدەك ھاماقەت قىزنى كۆرمەپتىكەنمەن ! مەن توي قىلغاندا سىزدىنمۇ كىچىك ئىدىم ، لېكىن ئېرىمنىڭ يۈزىگە قارىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇنچىلىكمۇ خىجىل بولۇپ كەتكەن ئەمەس !

— بۇ مېنىڭ ئۇيالغانلىقىمدىن ئەمەس ، ئاچا ، — كومولا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئويلاپ باقامسىز ، مەن توي قىلىدىغان ياشتىن ئۆتۈپ كەتكەن . تۇيۇقسىز ئۇلار مېنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپ قالدى . يېزىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى مېنى مەسخىرە قىلاتتى ، شۇڭا ، بۇ ياشقا كەلگەندە ئەرگە تېگىۋالغىنىمغا خۇش بولۇپ كەتتى ، دەپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا قارىمىغانىدىم . مەندە ،

ھېچبولمىغاندا كۆڭلۈمدە بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئازراق قىزىقىش قوز- غالسا ، بۇ مەن ئۈچۈن ئورۇنسىزدەك ، ھاقارەتتەك تۇيۇلاتتى . ئەمدى ئويلىسام ، شۇ چاغدا ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىپتىكەنمەن ، — كومولا سۆزىنى سەل توختىتىۋېلىپ يەنە داۋاملاشتۇردى ، — تويدىن كېيىن كېمىمىزنىڭ قانداق ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ، قانداق قۇتۇلۇپ قالغانلىقىمىزنى مەن سىزگە سۆزلەپ بەرگەنىدىم . لېكىن ، ئۇ چاغدا ، ھېلىقى مېنى قۇتۇلدۇرغان ، مەن ئېرىم دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن ، مەن ئۆمۈرۋايەت جور بولۇپ ئۆتىمەن دەپ يۈرگەن ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆز ئېرىم ئەمەسلىكىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدىم .

شويلودجا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى ۋە دەرھال كومولانىڭ يېنىغا سۈرۈلدى - دە ، ئۇنى بويىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ :

— ئاھ ، بىچارە قىز ، مۇنداق ئىش بولغان دەڭ ! مەن ئەمدى تولۇق چۈشەندىم ، نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئىش - ھە ! — دېدى .

— راست دەيسىز ، ئاچا ، — دېدى كومولا ، — ھەقىقەتەن دەھشەتلىك ئىش بولدى . مەن بۇ تارتقۇلۇقنى تارتقۇچە شۇ كۆلەردە سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتسەم بولماسمىدى دەپ ئويلاپ كەتتىم .

— رومىش ئەپەندى بۇ ئۇقۇشماسلىقنى سەزمەپتىكەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى شويلودجا .

— بىز توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، بىر كۈنى ئۇ مېنى : «سوشىلا» دەپ چاقىرىۋىدى ، مەن ئۇنىڭغا : «مېنىڭ ئىسمىم كومولا تۇرسا ، نېمىشقا سوشىلا دەپ چاقىرىسىز ؟» دېگەنتىم . ئەمدى ئويلىسام ، ئۇ شۇ چاغدىلا سېزىپتىكەن . لېكىن بارغۇ ئاچا ، شۇ كۆلەردىكى ئىشلارنى ئويلىسام ، ئۆزۈمنى كىشىلەرگە تىكىلىپ قاراشقا يۈزۈم يوقتەك ئويلاپ كېتىمەن ، — كومولا يەنە جىمىپ قالدى .

شويلودجا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۇنى - بۇنى چۈقچىلاپ يۈرۈپ ئاخىر ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى بىلدى - دە ، كومولاغا :

— بۇ ھەقىقەتەن بەكمۇ بەختسىز ھادىسە بوپتۇ ، قەدىرلىكىم ، لېكىن يەنە بىر تەرىپىنى ئېيتقاندا ، ھېلىمۇ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشمەي رومىش ئەپەندىگە ئۇچراپ قاپسىز . بۇنى بەختسىزلىك ئىچىدىكى چوڭ بەخت دېسە بولىدۇ . سىز نېمىلا دېسىڭىز دەڭ ، ئىشقىلىپ ، مەن بىچارە رومىش ئەپەندىگە بەكمۇ ئىچىنىمەن . كو- مولا ، ھازىر ۋاقىت خېلى يەرگە باردى . سىز دەرھال ئۇخلاڭ . ئۇزۇن كۈنلەردىن بۇيان كېچىچە تولا يىغلاپ ، كىرپىك قاقماي چىرايىڭىزمۇ بۆلەكچە بولۇپ كېتىپتۇ . كېيىنكى ئىشلارنى قانداق قىلىش توغرىسىدا بىز ئەتە تەپسىلىي سۆزلىشەيلى .

كومولا رومىشنىڭ خىمنولىنىغا يازغان خېتىنى شۇ كۈنگىچە يېنىدىن ئايرىمىغانىدى . ئەتىسى ئەتىگىنى ، شويلودجا دادىسى بى- لەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا خەتنى تاپشۇردى .

چوكرو بورتى تاغا كۆزەينىكىنى تاقاپ خەتنى تەپسىلىي كۆ- رۈپ چىقتى ، ئاندىن خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ كۆزەينىكىنى ئېلى- ۋەتكەندىن كېيىن قىزىغا قاراپ :

— سىڭىلىڭچە بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولار ؟ — دېدى .

— بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئومى زۇكامداپ قاپتىكەن ، ئازراق يۆتىلىپ قېلىۋاتىدۇ ، — دېدى شويلودجا ، — دادا ، دوخ- تۇر نولىناكخانى چاقىرتىپ كۆرستىپ باقساق قانداق ؟ بىنارستى- كىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئانىسى ھەققىدە كۆپ پاراڭ قىلىشىدۇ . بىز بولساق ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىدۇق .

دوختۇر بالىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدى . ئۇنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كەتكەن شويلودجا :

— تېز بولۇڭ ، كومولا ، — دەپ چاقىرغىلى تۇردى .

نوبىنكالىنىڭ ئۆيىدە نولىناكخانى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كەتكەن كومولا مانا ئەمدى خىجىلچىلىقتىن ئورنىدىن قوزغىلالماي قالدى .

— ۋاي ، ئۆلگۈر قىز ، تولا ۋاقىتىمنى ئالماي يۈ- رۈڭ ، — دېدى شويلودجا ، — ئومىنىڭ ئۈنچىۋالا چوڭ كېسىلىمۇ

يوق . دوختۇر ھېلىلا كېتىپ قالدۇ . يەنە سىزگە گەپ ئۇقتۇرد.
مەن دەپ ئولتۇرسام مەنمۇ كۆرەلمەي قالىمەن ، — ئۇ گېپىنى
تۈگىتىپلا كـومولانى سۆرەشتۇرگىنـىچە ئىشىك ئالـدىغا ئېـلىپ
باردى .
نولىناكخا ئومىنىڭ كۆكرەك قىسمىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ،
دورا يېزىپ بېرىپ كېتىپ قالدى .
— ئىلگىرى قانچىلىك كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تارتقان بولسى-
ڭىزمۇ ، كومولا ، ئەمدى ئىشىڭىز شۇبھىسىز ئوڭغا تارتىدۇ ، —
دېدى شويلودجا ، — بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ ، قەدىر-
لىكىم . ئىشىڭىزنى توغرىلايمىز . بىز ئەمدى ئۇنى ئومىنى تەكشۈ-
رۈشكە پات - پات چاقىرتىپ تۇرىمىز . ئىككىڭلارغا بىر - بىرىڭ-
لاردىن خەۋەرسىز تۇرىدىغان ئىش ئەمدى يوق !
بىر كۈنى چوكرو بورتى تاغا نولىناكخانىڭ يوقلۇقىنى پايلاپ
تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى . خىزمەتكار ئۇنىڭغا خوجايىنىنىڭ
ئۆيدە يوقلۇقىنى ئېيتتى .
— ئۇنداقتا ، — دېدى چوكرو بورتى ، — موماي ئۆيدىدۇ ؟
ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ مېنى كۆرۈشمەكچىكەن دەپ باقامسەن ؟ سەن
ئۇنىڭغا بىر مويسىپىت براھمان سىزنى يوقلاپ كەپتىكەن دېگىن .
ئۇ دەرھال ئۆيگە تەكلىپ قىلىندى .
— بىنارستا نۇرغۇن كىشىلەردىن سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى ئاڭ-
لىدىم ، ئانا ، — دېدى ئۇ خىمونكورىنى كۆرۈش بىلەنلا ، —
سىزنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن مەم-
نۇنمەن . سىزنى ئاۋارە قىلىپ كېلىشتە باشقا مەقسىتىممۇ يوق .
مېنىڭ نەۋرە قىزىم بىتاپ بولۇپ قېلىۋىدى ، ئوغلىڭىزنى بېرىپ
كۆرۈپ قويامدىكىن دەپ كەلسەم ، ئۇ يوقكەن . شۇڭا ، سىزگە
سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ كىرىشىم .
— نولىناكخا بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ ، — دېدى
خىمونكورى ، — بىرئاز ئولتۇرۇپ تۇرسىڭىز بولارمىكىن ؟ قور-
ساق ئاچىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى ، مەن سىزگە چاي راسلىتاي .

— مەن سىزنىڭ مېنى ھەرگىز ئاچ قورساق يولغا سېلىپ قويمايدىغانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلەتتىم، — دېدى چوكرو بورتى، — مېنى كۆرگەنلا كىشى مېنىڭ قورساقتا ئامراقلىقىمنى پەملىۋالىدۇ. ھەر ھالدا، ئۇلار بۇ ئەيىبىمنى كەچۈرۈشسە كېرەك.

خىمونكورى ئۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن مېھمان قىلغاندىن كېيىن:

— ئەتە چۈشتە چوقۇم تاماققا كېلىڭ، سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى بىلمىگەچكە ئالاھىدە تەييارلىق كۆرەلمەي قالدۇق، — دېدى.

— ۋاقتى كەلگەندە مەن قېرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولغىنى، — دېدى چوكرو بورتى، — مەن مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا تۇرىمەن. سىز ماقۇل دېسىڭىزلا، خىزمەتكارىڭىزنى باشلاپ بېرىپ ئۆيۈمنى كۆرستىپ قويىمەن.

مۇشۇنداق بىر قانچە قېتىملىق كۆرۈشۈشتىن كېيىن، چوكرو بورتى تاغا نولىناكخا ئائىلىسىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمىنىغا ئايلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى خىمونكورى ئوغلىنى مېھماننىڭ ئالدىغا ئالايتەن باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا:

— نولىن، سەن قەدىردانىمىز چوكرو بورتىدىن پۇل ئېلىپ يۈرمىگىن جۇمۇ! — دېدى.

— ئۇ سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى ئاڭلاشتىن بۇرۇنلا شۇنداق قىلىشقا كىرىشكەن، — دېدى چوكرو بورتى تاغا قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ مەندىن بىر سېنتمۇ ئېلىپ باقمىدى. سىخىي دېگەن كەمبەغەللىنى بىر كۆرۈشتىلا تونۇۋالىدۇ.

چوكرو بورتى تاغا بىلەن قىزى بىر نەچچە كۈن ئۆز پىلانلىرى بىلەن بولۇشتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ كومولاغا:

— يۈرۈڭ، قىزىم، چۆمۈلۈشكە بارىمىز. بۈگۈن دوشاشومىج گىخات بايرىمى، — دېدى.

— سىزمۇ بىز بىلەن بىللە بېرىڭ، ئاچا، — دېدى كومولا

شويلودجاغا .

— بارالمايمەن ، قەدىرلىكىم ، — دېدى شويلودجا ، — ئومى تېخى ياخشى بولالمىدى .

چۆمۈلۈپ چىققاندىن كېيىن چوكرو بورتى تاغا كومولانى باشقا بىر يول بىلەن باشلاپ ماڭدى .

ئۇلار يولدا چۆمۈلۈشتىن قايتىپ كېلىۋاتقان بىر مومايغا يېتىشىۋالدى . شايىدىن ئۇستۇاش كىيىۋالغان بۇ ئايال گانگ دەرياسىدىن ئېلىۋالغان بىر كومزەك سۇنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانىدى . چوكرو بورتى كومولانى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ تۇرۇپ :

— بۇ ، دوختۇر ئەپەندىنىڭ ئانىسى بولىدۇ ، قىزىم . دەرھال سالام قىلىڭ ، — دېدى . كومولا بۇ سۆزدىن چۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، دەرھال خىمونكورىنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى كۆزىگە سۈرتتى .

— ۋاي ، بۇ كىم بولىدۇ ؟ — دېدى خىمونكورى ۋە كومولانىڭ چۆمبەردىسىنى قايرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا تىكىلدى ، — نېمىدېگەن چىرايلىق قىز ، بەئەينى لاكشمانىڭ ئۆزىلىغۇ بۇ ، قىزىم ، ئىسمىڭىز نېمە ؟

كومولا ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە چوكرو بورتى دەرھال جاۋاب بەردى :

— بۇنىڭ ئىسمى خارىداس ، بىر نەۋرە ئىنىمنىڭ قىزى بولىدۇ ، ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتىدۇ .

— يۇرۇڭ ، ئاقساقال ! — دېدى خىمونكورى ، — ئىككىڭلار بىللە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېتىڭلار .

خىمونكورى ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ بېرىپ نولىناكخانى چاقىرتتى . نولىناكخا ئۆيدە يوق ئىدى . چوكرو بورتى تاغا ئورۇندۇقتا ، كومولا بولسا پەستە ئولتۇردى .

— سىزگە راستىنى ئېيتسام ، مېنىڭ بۇ جىيەن قىزىم تەلەيسىز چىقىپ قالدى ، — دەپ سۆزگە كىرىشتى چوكرو بورتى

تاغا ، — بۇنىڭ ئىرى تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى تەركىدۇنىيا بولۇش پىكرىگە چۈشۈپ ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن . شۇنىڭدىن بۇيان بۇ قىزىم ئۇنى كۆرۈپ باققىنى يوق . ھازىر ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى بىرەر مۇقەددەس ماكان تېپىپ ھاياتىنى خۇدانىڭ يولىدا ئىبادەت قىلىشقا بېغىشلاشتۇر . بۇنىڭغا ھازىر دىندىن بۆلەك تەسەللىمۇ يوق . بىراق مېنىڭ ئۆيۈم بۇ يەردە ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گاجىپوردىكى خىزمىتىمدىنمۇ كېچەلمەيمەن . مەن شۇ خىزمىتىم بىلەن بىر ئۆيىنى باقمىسام بولمايدۇ ، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا قالالمايمەن . شۇ ۋەجىدىن سىزنىڭ ياردىمىڭىزنى تەمە قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن . ئەگەر سىز ئۇنى ئۆز قىزىڭىز قاتاردا كۆرۈپ قېشىڭىزدا ئېلىپ قالغان بولسىڭىز ، مېنى تولىمۇ خاتىرجەم قىلغان بولاتتىڭىز . قاچانكى ، ئۇنى تۇرغۇزۇشنى خالىماي قالسىڭىز ، پەقەت گاجىپورغا ، مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ . لېكىن ، كېسىپ ئېيتالايمەنكى ، سىز ئۇنىڭ بىلەن ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ باقسىڭىزلا ، ئۇنىڭ قالتىس ئوبدان بالا ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالىسىز . ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىشنى خالىمايسىز .

— ۋاي - ۋاي - ۋاي ، بۇ تەكلىپىڭىز قالتىس جايىدا بولدى ، بۇنداق قىز بىلەن ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشتىنمۇ ئوبدان ئىش بولامدىغان . مەن نۇرغۇن قېتىم كوچىلاردىكى تونۇمايدىغان قىزلارنىمۇ ئۆيۈمگە باشلاپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ قورسىقىغا تاماق ، ئۇچىسىغا ئۈستۋاش بەردىم . شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى بۇ يەردە ئەپقالالىغىنىم يوق . ھازىر ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن خارىداسنى ماڭا تاپشۇرۇۋاتىسىز ، باشقا ئىشلاردىن پەقەت ئەندىشە قىلماڭ . ئوغلۇم نولىناكخانى باشقىلاردىن چوقۇم ئاڭلىغان بولغىيتتىڭىز ، ناھايىتى ئوبدان بالا . بۇ ئۆيدە مەن بىلەن ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوق .

— نولىناكخانىڭ نام شەرىپى ھەممىگە ئايان ، — دېدى چوكرو بورتى ، — ئۇنىڭ سىز بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ چىن دىلىمدىن خۇرسەن بولدۇم . ئاڭلىسام ئۇنىڭ خانىمى توي

قىلىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا دەرياغا غەرق بولۇپ كېتىپتىكەن ، شۇنىڭ-
دىن بۇيان ئۇ دەرۋىشانە ئۆتۈۋاتقان ئوخشايدۇ .
— ھەممە ئىش خۇدانىڭ تەقدىرىگە باغلىقكەن ، — دېدى
خىمونكورى ، — بولسا مۇشۇ پاراڭنى ئاغزىڭىزغا ئالمىسىڭىز . شۇ
ھەقتە ئويلىسام پۈتۈن ئەزايىمنى تىترەك بېسىپ كېتىدۇ .
— ئەگەر قوشۇلسىڭىز خارىداسنى سىزگە قالدۇرۇپ كېتەي-
مەن . مەنمىغۇ پات - پات كېلىپ يوقلاپ تۇرارمەن . ئۇنىڭ ئاچى-
سىمۇ بار ، ئۇمۇ سىزگە سالام قىلغىلى كېلىدۇ .
چوكرو بورتى كەتكەندىن كېيىن خىمونكورى كومولانى ئۆز
يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ مۇنداق دېدى :
— كېلىنىڭ قىزىم ، چىرايىڭىزنى ئوبدان كۆرۈۋالاي . ۋۇي ،
تېخى ياپپاشلا قىز ئىكەنسىزغۇ ! سىزنى تاشلاپ كەتكەن قانداق
يۈزسىزدۇ ! دۇنيادا مۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەن - ھە . مەن ئۇنى
قايتىپ كەلسۇن دەپ ئاللادىن تىلەي ، تەقدىر ئىلاھى سىزدەك
گۈزەل قىزنى مەڭگۈ خانىۋەيرانچىلىقتا قويمىغۇسى ، — ئۇ كومو-
لانىڭ ئىڭىكىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — سىزگە
بۇ يەردە تەگتۇش بولغۇدەك ئادەم يوق . مەندەك قېرى بىلەن بىر
يەردە تۇرسىڭىز زېرىكىپ قالارسىزمىكىن ؟
— ياقەي ، ئۇنداق بولمايدۇ ، — دېدى كومولا . ئۇنىڭ يوغان
شەھلا كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر تەۋەززۇلۇق بايقىلىپ تۇراتتى .
— ئەمدى كۈندىكىزنى نېمە بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكۈ-
زەرسىز ؟
— ئىشلىرىڭىزغا قارىشىپ ئۆتكۈزىمەن - دە .
— سىزمۇ شۇنداق دېگىلى تۇردىڭىزغۇ ، قىزىم ! ئوغلۇمغا
قارايدىغان بولسىڭىز ، ئۇنىڭ ئالدىدا دەرۋىش بىكار يەردە قالسۇن .
قېنى ئۇ بىرەر قېتىم : «ئانا ماڭا پالان نەرسە كېرەك » ، «پالانى
تاماقنى كۆڭلۈم تارتىدۇ » ياكى «ماڭا بۇنىسى ياقىدۇ » دېگەن
بولسىچۇ كاشكى ، ئۇ چاغدا نەقەدەر خۇش بولۇپ كېتەر ئىدىم !
ئۇ پۇلنى دوست تۇتمايدۇ ، خەير - ساخاۋىتىنىمۇ كىشىلەرگە دەپ

يۇرمەيدۇ. سىزگە ئېيتسام، قىزىم، كېچە-كۈندۈز قېشىمدا بولىدىغان بولسىڭىز، ئوغلۇمنى ماختاۋېرىپ سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشۇم مۇمكىن، بۇنى ئالدىدا سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي. ھەر ھالدا بۇنىڭغا كۆنۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

كومولا ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى.

— سىزنى نېمە ئىشقا سالسام بولار، — دېدى خىمونكورى، — ئىش تىكىشنى بىلەمسىز؟

— ئانچە ئەمەس.

— ئاستا-ئاستا ئۆگىنىپ قويىمەن. ساۋاتىڭىز باردۇ؟

— بار، كىتابلارنى ئوقۇيالايمەن.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى خىمونكورى، — مەن ھازىر كۆزەينەكىم بولمىسا كىتاب كۆرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. سىز ماڭا كىتاب ئوقۇپ بەرسىڭىز بولغۇدەك.

— مەن تاماق ئېتەلەيمەن، بەزى ئۆي ئىشلىرىنىمۇ قىلالايمەن، — دېدى كومولا غەيرەتلەنگەن ھالدا.

— سىزنى كۆرگەن كىشى تاماق ئېتەلمەيمەن دېسىڭىزمۇ ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ، — دېدى خىمونكورى، — مۇشۇ كۈنگىچە نولىنىنىڭ تامىقىنى مەن قىلىپ بېرىۋاتىمەن. مەن كېسەل بولۇپ قالغان چاغلاردا، ئۇ تاماقنى ئۆزى ئەتسە ئېتىدۇكى، باشقىلارنىڭ قولىدىن تائام يېيىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. مىجەزىم يوق بولۇپ قالغان چاغلاردا، ئاددىي بولسىمۇ بىر ئاز تاماق قىلىپ بەرسىڭىز مېنى ناھايىتى خۇش قىلغان بولىسىز. يۈرۈڭ، قىزىم، سىزنى باشلاپ چىقىپ، نەرسە-كېرەك قويىدىغان ئۆيىمىزنى، ئاشخانىمىزنى كۆرسىتىپ قوياي.

ئۇ كومولانى ئۆزىنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان خوجىلىقى بىلەن تونۇشتۇردى.

خىمونكورىغا ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت كەلدى، دەپ ھېسابلىغان كومولا پەس ئاۋازدا:

— ئانا، بۇگۈن تاماقنى مەن ئېتەي، — دېدى.

— ئۆي ئىگىسىنىڭ سەلتەنىتى — ئۇنىڭ ئاشخانىسى بىلەن ئامبىرى. مەن ئامالسىز دۇنيانىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىشلار ئىدى. ماقۇل، بۇگۈن تاماقنى ئۆزىڭىز ئېتىڭ، قىزىم، خالىسىڭىز بىر نەچچە كۈن ئېتىپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆيىنىڭ ھەممىۋا ئىشىنى سىزگە يۈكلەپ قويىدىغىنىمغا ئىشەنچىم كامىل. ئۇ چاغدا بارلىق ۋاقتىمنى خۇداغا قۇلچىلىق قىلىشقا بېغىشلايمەن. ئۆيىنىڭ ئىشى ئۆلگۈچە تۈگىمەيدۇ، بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ ئارامخۇدا سوزۇلۇۋېلىش بۇ بىر خۇشاللىق. بىر ئايالنىڭ بىر ئۆيگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەتمىكى ئۇنچىۋالا ئوڭاي، راھەتلىك ئىش ئەمەس.

خىمونكورى بۇ ئۆيىنىڭ تامىقى ھەققىدىكى بەزى ئىشلارنى كومولاغا چۈشەندۈرۈپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، كومولانىڭ بۇ ئۆيدىكى ھاياتى ئاشپەزلىك ھۈنىرىنى ئىمتىھان قىلىشتىن باشلاندى.

كومولا ئادەتتىكىدەك پۇختا تەييارلىق بىلەن تاماققا تۇتۇندى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى بېلىگە تۈگۈپ چاچلىرىنى قولياغلىقى بىلەن چىگىپ قويدى.

نولىناكخا ھەر قېتىم سىرتتىن كىرگەندە، ئالدى بىلەن ئانىسىنى يوقلاپ چىقاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ سالامەتلىكى ھەققىدىكى تەشۋىش ئوغلىنى بىر ئازمۇ تىنچىتمايتتى. بۈگۈن ئۇ ئۆيگە كېلىش بىلەنلا، ئاشخانىدىن چىقىۋاتقان تاۋۇشنى ئاڭلاپ، پىشىۋاتقان تاماقنىڭ پۇرىقىنى پۇرىدى ـ دە، ئانىسىنى قازان بېشىدا ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ شۇ ياققا قاراپ ماڭدى.

قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ كومولا ئارقىسىغا سەل ئۆرۈلۈپ قارىغانىدى، بوسۇغا ئالدىدا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالغان نولىناكخانى كۆرۈپ قالدى، كەپكۈرنى قويدى ـ دە، چۈمپەردىسىنىڭ كۆڭلىكى بىلەن بىللە بېلىگە تۈگۈپ قويۇلغانلىقىنى ئۇنتۇپ،

يۈزىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى . ئۇ مەڭ بالالىقتا ئېتىكىنى چۇشۇ-رۇپ چۈمبەردىسىنى يۈزىگە يېپىۋالغان چاغدا ، ھەيرانلىقتا قالغان نولىناكخا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندى .

كومولا كەپكۈرنى يەنە قولىغا ئالدى ، لېكىن ئۇنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى .

خىمونكورى بالدۇرلا ئىبادىتىنى تۈگەتتى . ئۇ ئاشخانىغا كىر-گەندە ، تاماق تەييار بولغان ، ئاشخانا سىيرىپ - سۈپۈرۈلۈپ ، يۇيۇپ - تازىلانغان ، ياغ تۆكۈلسە يالىغۇدەك پاكىز بولۇپ كەتكەن-دى . يەردە ئوتۇن ئۇۋۇقى ، نە ئوتياش شۆپۈكى كۆرۈنمەيتتى .

— سادىغاڭ كېتەي ، ئەزىزىم ، سىز ھەقىقىي براھمان قىزى-نىڭ ئۆزى ئىكەنسىز ، چاتاق يوق ! — دېدى خىمونكورى ئىنتايىن خۇرسەنلىك بىلەن .

تاماق ۋاقتىدا خىمونكورى ئوغلىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئول-تۇردى . جىددىيلىشىپ كەتكەن كومولا بولسا بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن ئىشىك ئارقىسىغا يوشۇرۇندى . ئۇ ئەتكەن تامىقىم بۇلارنىڭ ئاغزىغا تېتىماي قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ ، ھەتتا ئۆي ئىچىگە ئوغرىلىقچە قاراشقىمۇ پېتىنالمىدى .

— بۈگۈنكى تاماق قانداقراق ، نولىناكخا ؟ — دەپ سورىدى خىمونكورى .

نولىناكخا ئەزەلدىن تاماق تاللىمايتتى ، شۇڭا ئانىسىمۇ بۇ ھەقتە سوئال سورىمايتتى ؛ لېكىن ، بۈگۈن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئوغ-لىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ باققۇسى كېلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ نولىناكخانىڭ ئاشخانىدىكى نەدىن كېلىپ قالغانلىقى مەلۇم بولمىغان ناتونۇش قىزنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى . ئانىسى قېرىپ كۈچىدىن قېلىشقا باشلىغاندىن بۇيان ، ئۇ ئانىسىنى بىر ئاشپەز يالالاشقا كۆپ دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ رازىلىقى-نى ئالالمىغانىدى ؛ شۇڭا ، ئاشخانىغا يېڭىباچە بىرسىنىڭ كەلگەن-لىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولغانىدى . ھازىر ئانىسىنىڭ بۇ سوئالىنى ئاڭلاپ ، گەرچە تاماقنىڭ تەمىنى تېتىپ ئۇلگۇرمىگەن

بولسىمۇ ، ناھايىتى مەمنۇنلۇق بىلەن دەرھال جاۋاب بەردى :
— تاماق ناھايىتى ئوخشاپتۇ ، ئانا !
بۇ ماختاشتىن قاتتىق ھاياجانلانغان كومولا كېيىنكى سۆزلەر- نى تىڭشىغۇدەك ھالى قالمىغانلىقىنى سەزدى - دە ، قوللىرىنى ئېغىر - ئېغىر كۆتۈرۈلۈۋاتقان مەيدىسىگە باسقىنىچە ، باشقا بىر ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتى .
تاماقتىن كېيىن نولىناكخا ئادەتتىكىدەك ئۆز كابىنىتىغا كىر- رىپ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى . چۈشتىن كېيىن خىمونكورى كومولانى ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ چېچىنى ئۆرۈپ قويدى ، يامىسىغا سىر سۈرۈخ سۈرتتى ، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنى ئۇيان - بۇيان چۆرۈپ قاراشقا باشلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرى بىلەن ، كومولا بولسا خىجىلچىلىق ئىچىدە باش كۆتۈرەلمەي ئولتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى .
«قېنى ئەمدى مېنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر كېلىنىم بولسا - ھە !» خىمونكورى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغان ھالدا ئېغىر تىنىپ قويدى .
شۇ كۈنى كەچتە موماينىڭ قىزىتمىسى يەنە تۇيۇقسىز ئۆرلەپ قالدى . بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلانغان نولىناكخا :
— ئانا ، بولسا مەن بىلەن بىللە باشقا بىر جايغا بېرىپ بىر نەچچە كۈن ھاۋا يەڭگۈشلەپ كەلسىڭىز . بىنارس مىجەزىڭىزگە ياقماي قېلىۋاتىدۇ ، — دېدى .
— بولمايدۇ ، ئوغلۇم ، — دېدى خىمونكورى ، — بىر نەچچە كۈندە ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ بىنارستىن كەتمەيمەن . ئاتام - ئانام كۆرمىگەن جايغا بېرىپ ئۆلۈپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن ، — ئاندىن كومولاغا قاراپ سۆزلىدى ، — چاپسان ئۆيىڭىزگە كىرىپ كېتىڭ ، قىزىم . ئىشىك ئالدىدا تۇرماي دەرھال كىرىپ ئۇخلاڭ ، ھەرگىز ئۇيقۇڭىزغا دەخلى يەتكۈزمەڭ ، قارىغاندا بىر نەچچە كۈنگىچە ئورنۇمدىن تۇرالمايدىغان ئوخشايمەن . ئۆينىڭ ھەممىۋا ئىشى سىزنىڭ بېشىڭىزدا . كۈن بويى بېشىمدا ئولتۇرسى-

ڭىز مەن ئۇنىمايمەن . سەنمۇ چىقىپ كەت ، نولىن ، ھۇجراڭغا كىرىپ ئۇخلا .

نولىناكخا قوشنا خانىغا كىرىپ كەتتى . كومولا خىمونكوردىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇشقا باشلىدى .

— ئېھتىمال سىز ئۆز تۇغۇلۇشلىرىڭىزنىڭ بىرىدە[1] مېنىڭ ئانام بولسىڭىز كېرەك ! — دېدى موماي ، — ئەزىزىم ، بولمىسا ، مەن نېمىشقا سىزنىڭ مۇنچىلىك غەمخورلۇقىڭىزغا ئېرىشەتتىم ؟ تەبىئىتىم شۇنداق ئىكەن ، بىرەرسى خىزمىتىمدە بولسا جەبىرلىنىپ قالىمەن . لېكىن ، ھازىر سىزنىڭ قولىڭىزدىن ئاراملىق ھېس قىلدىم . بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ بىر ئىش . مەن ئۆزۈمنى سىز بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تونۇشتەك ھېس قىلىمەن ، سىزدىن پەقەت ياتسىرىغۇم كەلمەيدۇ . گېپىمنى ئاڭلاڭ ، قىزىم ، دەرھال ئۆيىڭىزگە كىرىپ ئۇخلىۋېلىڭ . نولىن يېنىمدىكى ئۆيدە ، ئۇ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى باشقىلارنىڭ كۈتۈشىگە ھەرگىز ئۇنىمايدۇ . بۇنداق قىلمىغىن ، دەپ قانچىلاپ ئېيتتىم ، خېلى بىر ئىشلارنىمۇ قىلىپ باقتىم ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقايسىسى كار قىلمىدى . ئۇنىڭدا يەنە ئالاھىدە بىر خاسىيەت بار : كېچىچە كۆز يۇمماي جاپا چېكىپ چىقسىمۇ چىرايىدىن چارچاش ئالامىتى كۆرۈنمەيدۇ . چۈنكى ، ئۇ ھەر قانداق ئىشتا شۈكۈر ـ قانائەتچان . مەن بولسام پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە ، قىزىم ، سىز شۇ تاپتا مېنى نولىناكخانىڭ گېپى چىقسىلا ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ كېتىدىكەن ، دەپ مەسخىرە قىلىۋاتقانسىز ، بەلكىم . مېنىڭ مۇشۇ بىر تاللا ئوغلۇم بار ـ دە . قىزىم ، ھەر ھالدا ، نولىناكخادەك ئوغلى بار ئانىلارمۇ كۆپ بولمىسا كېرەك . بەلكىم بىلمەسسىز ، مەن ئۇنى ئاتامدەك كۆرىمەن . ئۇ قېرىسا مەنمۇ ئۇنىڭ ماڭا قىلغىنىنى قايتۇرىمەن دېگەن ئويغىمۇ كېلىپ قالىمەن تېخى . ۋاي خۇدايىم ، مەن يەنە شۇنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن ، بولدى بەس ، بۇ پاراڭغا

[1] ھىندىلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ، كىشى ئۆلسە ئۇنىڭ جېنى باشقا بىرسىگە ياكى نەرسىلەرگە كۆچىدۇ دەپ قارايدۇ ـ ت .

ئەمدى بەرھەم بېرەي ! چىقىپ ئۇخلاڭ ، قىزىم ، ئۇخلىمىسىڭىز بولمايدۇ . سىز بۇ يەردە ئولتۇرسىڭىز مەن قانداق قىلساممۇ ئۇخ-لىيالمايمەن . قېرىغان ئادەم يېنىدا بىرسى بولسىلا ، ئاغزىنى باسالماي قالىدىغان گەپ ئىكەن .

ئەتىسى كومولا ئۆي ئىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولىغا ئالدى . نولىناكخا كارىدورنىڭ شەرق تەرەپكە قارايدىغان قىسمىنى تاختاي بىلەن توساپ ، ئاستىغا تاش يېيىتىپ ، ئۆزىگە كابىنەت سىياق بىر نېمە قىلىۋالغانىدى . ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىنى مۇشۇ جايدا ئولتۇرۇش ، كىتاب كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزەت-تى . بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ بۇ ئۆيگە كىرگەندە ، ئۆينىڭ تازىلاپ چىنىدەك قىلىۋېتىلگىنىنى كۆردى . ئۇ ئادەتتە كۈجە كۆيدۈرىدىغان مىس ئىسرىقدان ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان ، جازىدىكى كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ چاڭلىرى سۈرتۈلۈپ رەتلىك تىزىپ قويۇل-غانىدى . ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان سەھەر ئاپتىپىدا بۇ كىچىك ئۆي شۇنچە نۇرلۇق ۋە تازا كۆرۈنەتتى . يۇيۇنۇشتىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن نولىناكخا ئۆيدىكى بۇ ئازادى-لىككە قاراپ ، ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىققا چۆمدى .

كومولا ئەتىگەندىلا گانگ دەرياسىدىن ئەپكەلگەن بىر كوزا سۇنى خىمونكورىنىڭ كارىۋىتىنىڭ قېشىغا قويۇپ قويدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن يۇيۇنۇپ كەلگەنلىكىنى بايقاپ قالغان موماي مۇنداق دېدى :

— ۋاي قىزىم ، سىز دەريا بويىغا ئۆزىڭىز يالغۇز باردىڭىزمۇ ؟ ئەتىگەن قاق سەھەردە ئويغىنىپ ، مەن كېسەلدىن ئۆرە بولغۇچە سىزنى دەريا بويىغا كىم باشلاپ بارار دەپ غەم قىلغانتىم . سىز تېخى كىچىك ، ئۇ يەرگە سىزنى يالغۇز قويۇپ بەرسەك...

— ئانا ، — دېدى كومولا ، — چوكرو بورتى تاغامنىڭ خىز-مەتكارى ئاخشام مېنى يوقلاپ كەپتىكەن ، دەريا بويىغا شۇنىڭ بىلەن بىللە باردىم .

— ھە ، مۇنداق دەڭ ، — دېدى خىمونكورى ، — ھامىمىڭىز

سىزدىن خاتىرجەم بولالماي ئۇنى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك . بۇمۇ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ ، ئۇنى يېنىڭىزدا ئەپقېلىڭ ، سىزگە قاردىشىپ بېرەر . ئۇ ھازىر نەدە؟ چاقىرىڭ ، سۆزلىشىپ قوياي .

كومولا ئومىشنى باشلاپ كىردى . ئۇ دەررۇ خىمونكورىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .

— ياخشىمىسەن؟ ئېتىڭ نىمە؟ — دەپ سورىدى موماي .

ئومىش ئۆز ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىۋېتىپ نېمىشقىدۇر ھىجىيىپ قويدى .

— بۇندااق چىرايلىق دخوتيىنى ساڭا كىم بەردى ، ئومىش؟ — خىمونكورى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى .

— ئاپام بەردى ، — دېدى ئومىش كومولانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ .

خىمونكورى كومولاغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا چاقچاق قىلدى :

— مەن بۇنى ئومىشنىڭ قېيىنانىسى سوۋغا قىلغانمىكىن دەپتىمەن !

ئومىش ناھايىتى تېزلا خىمونكورىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ بۇ ئۆيدە ياشاپ قالدى .

ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن كومولا ئۆي ئىشلىرىنى تېخىمۇ چاپسان تۈگەتتى . نولىناكخانىڭ ھۇجرىسىنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ ، سەرەمجانلارنى رەتلەپ قويدى ، يوتقان - كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا يايدى . نولىناكخانىڭ كىر كىيىملىرى بىر بولۇڭدا دۆۋىلەكلىك تۇراتتى . كومولا بۇ كىيىملەرنى ئەپچىقىپ يۇيۇپ ، قۇرۇتۇپ ، قاتلاپ كىيىم ئىشكاپىغا ئېسىپ قويدى . سەللا دىققىتى چۈشۈپ قالغان نەرسىنى پاكىز بولسىمۇ جايىدىن ئېلىپ بىر قۇر قاراپ باققاندىن كېيىن ، سىپايىلىك بىلەن ئۆز جايىغا قويۇپ قوياتتى . كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە بىر كىيىم ئىشكاپى تۇراتتى . قىز ئۇنى ئېچىپ كۆردى ، بوش ، پەقەت تۆۋەنكى تەكچىسىدە نولىناكخانىڭ بىر جۈپ سەندىلى تۇراتتى . كومولا دەرھال ئۇنى ئېلىپ بېشىغا تەگكۈزدى ، خۇددى

بالا قوچاقلىغاندەك مەيدىسىگە مەھكەم بېسىپ ، ئاندىن ئۇنى ئېتىكى بىلەن پاكىز سۈرتۈپ تازىلىدى .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كومولا كارىۋاتتا خىمونكورنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى . خىمنولىنى بىر دەستە گۈلنى تۇتقىنىچە ئۆيگە كىردى ۋە دەرھال يەرگە تىزلىنىپ مومايغا تەزىم قىلدى .

— كېلىڭ ، خىمنو ، — دېدى موماي ئورنىدىن قوزغىلىپ تۇرۇپ ، — مەيەرگە كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ . ئۇننودا ئەپەندى تىنچىدىلىقمۇ ؟

— تۇنۇگۈن دادامنىڭ سەل مىجەزى يوق بولۇپ قالغان ، شۇڭا سىزنى يوقلاپ كېلەلمىدىم ، بۈگۈن خېلى ئوڭشىلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ .

خىمونكورى ئۇنىڭغا كومولانى تونۇشتۇردى :

— ماڭا قاراڭ ، ئەزىزىم ، مەن ئانامدىن ناھايىتى كىچىك قالغان . ئارىدىن شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ ، ئۇ يەنە تۇيۇقسىز تىرىلىپ قاپتۇ . تۇنۇگۈن ئۇ ماڭا يولدا ئۇچرىشىپ قالدى . ئانامنىڭ ئىسمى خارىخابانى ئىدى ، مانا ئەمدى ئۇ ئىسمىنى خارىداس دەپ ئۆزگەرتىۋاپتۇ . قېنى ئېيتىڭچۇ ، خىمنو ، سىز مۇشۇنداق چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باققانمىدىڭىز ؟

كومولا خىمنولىنىنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى .

خىمنولىنى مومايدىن كېسەل ئەھۋالىنى سورىدى .

— شۇنچە ياشقا كەلگەن كىشىنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدى خىمونكورى ، — تېخىچە ھايات يۈرۈۋاتقىنىمغا شۈكۈر قىلسام بولىدۇ . ۋاقىت تەگرىسىنىڭ كۆزىنى بوياپ ياشاۋەرگىلى بولمايدىغۇ ! ھەر ھالدا سالامەتلىكىمنى سورىغىنىڭىزغا ناھايىتى خۇرسەنمەن . سىز بىلەن بىر پاراڭلاشماقچى ئىدىم ، ھېچ پۇرسەت بولمىدى . كېچە كېسىلىم يەنە قوزغىلىپ قېلىۋىدى ، مەن ئەمدى بۇ ئىشنى ھەرگىز كېيىنگە تارتىشقا بولمايدىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم . ماڭا قاراڭ ،

ئەزىزىم ، قىز چاغلىرىمدا بىرەرسى مېنى ياتلىق قىلىش توغرىسىدا گەپ ئېچىپ قالسا ، ئۆيالغىنىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتەتتىم . لېكىن ، سىلەر كۆرگەن تەربىيە مېنىڭكى بىلەن تاما-مەن ئوخشىمايدۇ . سىز ئالىي مەلۇماتلىق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، چوڭ بولۇپ قالدىڭىز . شۇڭا ، سىزگە بۇ ھەقتىكى پاراڭنى ئېچىپ ئېيتىشۇەرسەم بولۇۋېرىدۇ ، ھەم شۇنداق قىلىشىم كېرەك . بۇ گەپ-نى قىلسام بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتمەڭ . سىزدىن بىر گەپ سوراي ، ئەزىزىم . ئالدىنقى كۈنى دادىڭىزغا سىز توغرىلىق ئېغىز ئاچقانىدىم ، ئۇ سىزگە دېدىمۇ ؟

— دېدى ، — خىمىنولىنى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جاۋاب بەردى .

— بۇ ئىشقا سىز قوشۇلمىغان ئوخشايسىز ، ئەزىزىم ، — خىمونكورى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — سىز قوشۇلغان بولسىڭىز ئۇنىودا ئەپەندى بۇ چاغقىچە كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلغان بولاتتى . سىز ، نولىناكخا دەرۋىشانە ھايات كەچۈرىدىغان ئادەم ، كېچە - كۈندۈز دۇئا - تىلاۋەتتىن باش كۆتۈرمەيدۇ ، ئۇنىڭغا تەگسەم بولماس دەپ ئويلىغان ئوخشايسىز . ئۇنىڭغا سىرتىدىن مۇنداقلا قارىغان كىشى ، بۇنداق ئادەمدە مۇھەببەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاپ قالىدۇ . لېكىن ، بۇنداق ئويلىغان بولساڭلار پۈتۈنلەي خاتا ئويلاپسىلەر . ئۇنىڭ تۇرمۇشى ماڭا تازا ئايان ، شۇڭا سىز مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنسىڭىز بولىدۇ . ئۇ مۇھەببەتنى چۈشىنىدۇلا ئەمەس ، بەلكى ئىنتايىن كۈچلۈك مۇھەببەتنىڭ ئۆز تۈيغۇلىرىنى غىدىقلىشىدىن ئەنسىرەشنىمۇ بىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئۆز ھېسسىياتى-نى قاتتىق تىزگىنلىۋالغان . كىمكى ئۇنىڭ زاھىتلىق لىباسىنى قايرىپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ يۈرەك سىرىغا ئەسرا بولىدىكەن ، شۇ ئۇنىڭ ئىنتايىن مۇھەببەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىيالايدۇ . بۇ-نىڭغا مانا ئۆزۈم كېپىل . خىمنو ، ئەزىزىم ، سىز ئەمدى بالا ئەمەسسىز ، ئالىي تەربىيە كۆرگەن ، نولىناكخانىڭ سۆزىنى ئاڭ-لاشنىمۇ خالايسىز . سىزنىڭ مۇشۇ ئۆيىنى تۇتۇپ ئولتۇرغىنىڭىزنى

كۆرسەم ، ئۆلسەممۇ ئارامخۇدا كۆز يۇماتتىم . سىلەرنىڭ تويۇڭلار-
نى بىر كۆرۈۋالسام دېيىشىمدىكى سەۋەب : مەن ئۆلۈپ تارتىپ
كەتسەم ئۇ ھەرگىزمۇ توي قىلمايدۇ . بۇنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈ-
رۈشكىمۇ پېتىنالمايمەن . پۈتۈن ئۆمرىنى يەككە - يېگانە ئۆتكۈزدى
دېگەن قانداق گەپ ! نولىناكخانى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان-
لىقىڭىزنى بىلىمەن . ئېيتىڭچۇ ، ئەزىزىم ، زادى ئۇنىڭ نەرى
سىزگە ياقماي قالدى ؟

— ماڭا ياقماي قالغان ھېچ يېرى يوق ، ئانا . ئەگەر سىز
مېنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كۆرسىڭىز ، مېنىڭ ھېچقانداق نارا-
زىلىقىم يوق ، — خىمنولىنى يەرگە قارىغىنىچە جاۋاب بەردى .

خىمونكورى بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان خىمنولىنىنى ئالدىغا
تارتىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ، ئاندىن كېيىن ئارىدا ھېچقانداق
سۆز بولۇنمىدى .

— خارىداس ، كېلىڭ ، ماۋۇ گۈلنى ئېلىپ ... — موماي
كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغاندا ، «خارىداس» ئۆيدە يوق ئىدى . ئۇ
ئۆلار پاراڭلىشىۋاتقاندا تۇيدۇرماي چىقىپ كەتكەنىدى .

بايامقى پاراڭلاردىن كېيىن خىمنولىنى چوڭقۇر خىيالغا پات-
تى ، خىمونكورىمۇ چارچىغاندەك كۆرۈنەتتى . خىمنولىنى بۇ ئۆي-
دىن بالدۇرراق چىقىپ كەتمەكچى بولدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بۇگۈن بالدۇرراق كەتمىسەم بولمايدۇ ، ئانا . دادامنىڭ
مىجەزى يوق ئىدى ، — دېدى .

— بولىدۇ ، خوش ئەزىزىم ، — دېدى خىمونكورى قىزنىڭ
بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ .

خىمنولىنى كەتكەندىن كېيىن خىمونكورى دەرھال نولىناكخا-
نى چاقىرتتى .

— نولىن ، مەن ئەمدى كۈتۈپ تۇرالمايمەن ! — دېدى موماي
نولىناكخا ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا .

— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى نولىناكخا .

— مەن ھېلى خىمنولىنى بىلەن سۆزلەشتىم ، — دېدى مو-

ماي ، — ئۇ قوشۇلدى . ئەمدى سىنىڭ ئىنتىزارلىرىڭغا قۇلاق سالمايمەن . مىنىڭ بۇ ئىشقا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىمنى چۈشەنسەڭ بولىدۇ . سىنىڭ توي ئىشىڭنى رەسمىي بىكىتمىگۈچە مىنىڭ كۆڭلۈممۇ ئارام تاپمايدىغان ئوخشايدۇ . مۇشۇ ئىشنى تولا ئويلاپ تۈن كىچىگىچە ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم .

— ناھايىتى ياخشى ، ئانا ، — دىدى نولىناكخا ، — ئەمدى ئۆزىڭىزنى بىسەرەمجان قىلماي ئوبدان ئۇخلاڭ . سىز نىمىنى خالىسىڭىز مەن شۇنىڭغا ماقۇل .

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كىيىن خىمونكورى : «خارىداس !» دەپ چاقىردى . كومولا ياندىكى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى . ئاستا ـ ئاستا ، گۇگۇم چۈشۈپ ئۆي ئىچى قاراڭغۇلاشقانىدى .

— ماۋۇ گۈللەرنى ئىلىپ چىقىپ سۇغا چىلاپ قويۇڭ ، قىزىم ، — دىدى خىمونكورى ، — ھەر بىر ئۆيگە ئازراقتىن قويۇپ قويارسىز .

ئۇ ئۆزىگە بىر تال ئەتىر گۈلنى ئىلىپ قىلىپ قالغىنىنى كومولاغا بەردى .

كومولا ئازراق گۈلنى بىر كىچىك قاچىغا سىلىپ نولىناكخانىڭ ئۈستىلىگە ، ئازراقىنى گۈلدانغا سىلىپ ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى ، ئاندىن تامغا يۆلەپ قويۇلغان ھىلىقى ئىشكاپنى ئىچىپ قالغان گۈللەرنى ھىلىقى سەندەل ئاياغنىڭ ئۈستىگە چاچتى ۋە ئىگىشىپ ئاياغقا تەزىم قىلدى . ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتا بىردىنبىر نەرسىسى مۇشۇلا ئىدى ، پات ئارىدا ، پۈتقا سايىدىغان مۇشۇ نەرسىگە بولسىمۇ ئىلتىپات كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس . مۇشۇلارنى ئويلاۋىتىپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى لىق ياشقا تولدى .

كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋۈشى كومولانى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ ئىشكاپنىڭ ئىشىكىنى ئالمان ـ تالمان يىپىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغاندا ، نولىناكخا تۇراتتى . بۇ يەردىن ئەمدى

قېچىپ چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك گاڭگىرىدىكى، ھەتتا ئۆزىنى مۇشۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ يۇتۇپ كېتىشىدىنى خالاپ قالدى. نولىناكخا كومولانى كۆردى - دە، دەرھال بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كومولا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆيدىن چىقىۋالدى، ئاندىن كېيىن نولىناكخا يەنە ئۆيگە كىردى. «بۇ قىز ئۆيدە نېمە قىلىۋاتقان بولغىيتتى؟ نېمىشقا مېنى كۆرۈپلا ئالمان - تالمان ئىشكاپنى يېپىۋېتىدۇ؟» ئۇ تەئەججۇپلەنگەن ھالدا بېرىپ ئىشكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋىدى، ئۇستىگە يېغى گۇللەر چېچىلغان ئۆزىنىڭ سەندىلىنى كۆردى. ئۇ ئىشكاپنىڭ ئىشىكىنى ياپتى - دە، دېرىزە ئالدىغا بېرىپ ئەينەكتىن ئاسمانغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. كەچ بولدى، قاراڭغۇلۇق پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرىدىنى يۇتۇۋەتكەنىدى.

## ئەللىك ئالتىنچى باب

خىمنولىنى نولىناكخاغا تېگىشكە رازىلىق بېرىپ، بۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن چوڭ بەخت ئىكەنلىكىگە ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. «كونا ئالاقىلەر ماڭا نىسبەتەن ئۆز كۈچىنى يوقاتتى، ھاياتىمىنىڭ ئاسمىنىدىنى خىرە قىلىپ تۇرغان قارا بۇلۇتلار تارقالدى، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەكرار پىچىرلاپ، — مەن ئەمدى پۈتۈنلەي ئەركىنمەن. ئەمدى بۇرۇنقى ئىشلار ئۇچۇن ئەلەم چېكىۋېرىشنىڭ ئورنى قالمىدى». ئۇ ئويلىغانسېرى، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىشلاردىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلغانلىقىغا ئۆزىدە خۇشاللىق ھېس قىلىشقا باشلىدى. دېرىزە گۈلخانى كۆيۈپ تۈگىگەندە، ھازىردار كىشى بۇ دۇنيانىڭ چىگىش، مۇرەككەپ غوۋغالىرىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇغاندەك بولىدۇ، گويا مەكتەپ سىقىغىدىن تۇيۇقسىز ئازاد قىلىنغان تالىپتەك بىردەملىك بولسىمۇ ئازادلىك ھېس قىلىدۇ. خىمنولىنىنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتى دەل مۇشۇنداق

ئىدى . ئۇ تۇرمۇشنىڭ بىر مەزگىللىك جاپاسىنىڭ خاتىمىسىدىن كېيىن يېتىپ كەلگەن خاتىرجەملىكتىن ئاجايىپ زور تەسەللى تاپقانىدى .

شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئۆز ئۆيىگە كېلىۋېتىپ ئويغا چۆمدى : «ئەگەر ئاپام هايات بولۇپ مېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىيالىغان بولسا ، نەقەدەر خۇشاللىنىقا چۆمگەن بولاتتى ـ هە ! بۇ خەۋەرنى دادامغا قانداقمۇ ئۇقتۇرارمەن » .

ئۇنىودا ئەپەندى چارچاپ كەتتىم دەپ بالدۇرلا ئورۇنغا كىرىپ يېتىۋالغانىدى . شۇڭا ، خىمنولىنى غىپپىدە ئۆز هۇجرىسىغا كىرىپ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئالدى ـ دە ، كۆڭلىدىكىنى يېزىشقا باشلىدى :

*مەن بۇ جاهاننىڭ كەلدى ـ باردىن ئالىقاچان رىشتىمىنى ئۈزگەنىدىم . بۈگۈنكى كۈندە پەرۋەردىگارنىڭ مېنى بۇ گىردابتىن قۇتۇلدۇرۇپ ماڭا يېڭى هايات ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن . مەن ئالدى بىلەن خۇداغا سەجدە قىلىپ ، دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈپ ، ماڭا يېڭى مەسئۇلىيەت يۈكلىگەن تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويۇشقا هازىرلا نامۇقچىمەن . مەن تەقدىر نېسىپ ئەتكەن بەختكە مۇناسىپ ئەمەسمەن . خۇدايىم ماڭا قىلغان بۇ ئالاهىدە شەپقىتىگە ، مېنىڭ ئۆمۈرۋايەت مۇيەسسەر بولۇشۇمغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن . مېنىڭ ئەرزىمەس تەقدىرىم بىلەن ئۇنىڭ تەقدىرى باغلانغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ مېنىڭ هاياتىمغا يېڭى ۋە باي مەزمۇن قوشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل . ئىلاهىم مېنىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن !*

ئۇ خاتىرە دەپتىرىنى ياپتى ـ دە ، يالغۇز باغقا چىقتى . قىش ئاسمىنىدا سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار چىمىرلاپ تۇراتتى ، ئۇ شېغىل يېيىتىلغان چىغىر يولدا تۈن نىسپىگىچە خىيال سۈرۈپ

يۇردى . پايانسىز ئاسمان ئۇنىڭ پەرىشان كۆڭلىگە تەسەللى ئېيتىپ پىچىرلىماقچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى .

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيدە ئەپەندى بىلەن خىمنولىنى نولىناكخالار تەرەپكە بارماقچى بولۇپ تۇراتتى ، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا بىر پەيتون كېلىپ توختىدى . نولىناكخانىڭ خىز-مەتكارى پەيتوندىن چۈشۈپ ، خېنىمنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى . ئونىوڭدا ئەپەندى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭ پەيتوندىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا :

— بىزگە زور شان - شەرەپ كەلتۈردىڭىز ، — دېدى .

— قىزىڭىزغا پاتىھە بەرگىلى كەلدىم ، — دېدى موماي ئۆيگە كىرىۋېتىپ . ئونىوڭدا ئەپەندى ئۇنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ دىۋانغا ئولتۇرغۇزدى ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەل ئولتۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ ، خىمنولىنىنى چاقىرىپ كىرىشكە چىقىپ كەتتى .

بۇ چاغدا خىمنولىنى جابدۇنۇپ بولاي دەپ قالغانىدى . خىمونكورىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا دەرھال ئالدىغا چىقىپ سالاملاشتى .

— ئۆمرىڭىز ئۇزۇن ، بەختىڭىز زىيادە بولسۇن ، قىزىم ، — دېدى خىمونكورى ، — قېنى ، قولىڭىزنى ماڭا بېرىڭ ، — ئۇ يوغان بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈكنى خىمنولىنىنىڭ قوللىرىغا سېلىپ قويدى ، بىلەزۈكلەر قىزنىڭ نازۇك قوللىرىغا بوشلا كەلدى .

خىمنولىنى يەنە ئېگىلىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلماقچى بولۇۋىدى ، خىمونكورى ئۇنىڭ يۈزىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى . ئۇنىڭ پاتىھەسى ۋە مېھرىبانلىقىدىن خىمنولىنى قەلبىدىكى بەخت جامى تېشىپ كېتىۋاتقاندەك خۇشاللاندى .

— ماڭا قاراڭ ، قۇدام ، — دېدى خىمونكورى ئونىوڭدا ئەپەندى-گە قاراپ ، — ئەتە ئىككىڭلار بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ بارمى-ساڭلار بولمايدۇ ، جۇمۇ .

ئەتىسى ئاتا - بالا ئىككىسى ئادەتتىكىدەك باغچىدا چاي ئىچىپ

ئۇلتۇراتتى . خىمنولىننىڭ يېڭى توي توختىمى تۇپەيلى كەلگەن خۇشاللىق ، ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا قان يۈگۈرتكەنىدى . ئۇ پات - پات خىمنولىننىڭ تەمكىن چىرايىغا قاراپ قوياتتى ، تۇرۇپلا قىزى ئۇنىڭ كۆزىگە مەرھۇم ئايالىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى . بۇ تۇپەيلى ، ئۇنىڭ چىرايىغا تېپىپ چىققان قايغۇ قىزىنىڭ كۆڭلىدىكى زىيادە خۇشاللىقنى سەل پەسكويغا چۈشۈرگەندەك بولدى .

ئونودا ئەپەندى ، مېھمانغا باردىغان ئىش بولغاندىن كېيىن پاتراق تەييارلىق قىلىپ ماڭغىنىمىز تۈزۈك ، ئەمدى ھايال‌لىساق بەك كېچىكىپ قالىمىز ، دېگەن خىيال بىلەن بەند ئىدى . خىمنولىنى ئۇنىڭغا تېخى خېلى ۋاقىت بار دەپ تۇرسىمۇ ، — ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ چاغدا سائەت تېخى سەككىز بولمىغانىدى — ئۇ ، تەييارلىققىمۇ ۋاقىت كېتىدىغۇ ، كېچىكىپ قالغاندىن بالدۇرراق بارغان تۈزۈك ئەمەسمۇ ، دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى .

شۇ ئەسنادا ، ئۇستىگە يۈك - تاق باسقان بىر پەيتۇن ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى . خىمنولىنى : «جوگىن كەلدى !» دېگىنىچە دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردى . دېگەندەك ، جوگىندىرو پەيتۇندىن چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ ئىنتايىن خۇشال قىياپەتتە سىڭلىسى بىلەن قىزغىن سالاملاشتى .

— پەيتۇندا يەنە باشقا بىرسى بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى خىمنولىنى .

— بولمايچۇ ، — دېدى جوگىندىرو ، — مىلاد كېلىپ قالدى ئەمەسمۇ ، مەن دادامغا قالتىس سوۋغا ئالغاچ كەلدىم .

بۇ چاغدا رومىش پەيتۇندىن چۈشۈۋاتقانىدى . خىمنولىنى ئۇنى كۆرۈپلا دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە ماڭدى .

— توختاپ تۇر ، خىمنو ، ساڭا گېپىم بار ، — جوگىندىرو ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى . ئۇ پەرۋا قىلماستىن ، خۇددى ئالدىقانداق سۈرلۈك مەخلۇقاتتىن قورقۇپ قاچقاندەك ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى .

رومىش نە ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشنى ، نە كەينىگە بۇرۇلۇپ

كېتىشىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى .

— يۇر ، رومىش ، دادام سىرتتا ئولتۇرىدۇ ، — دېدى جوگىندىرو ۋە رومىشنى قولتۇقلاپ ئوننودا ئەپەندىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى .

ئوننودا ئەپەندى رومىشنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى ۋە بېشىنى قاشلىغىنىچە : «بۇ تويدىنمۇ چاتاق چىقىدىغان بولدى - دە !» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى .

رومىش ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .

ئوننودا ئەپەندى قول ئىشارىتى بىلەن ئۇنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى - دە ، جوگىندىروغا بۇرۇلۇپ :

— ئوبدان ۋاقىتتا كەلدىڭ ، جوگىن ، ساڭا تېلېگىرامما بېرەي دەپ تۇرۇۋىدىم ، — دېدى .

— بىرەر ئىش بولغانمىدى ؟ — دەپ سورىدى جوگىندىرو .

— خىمنو بىلەن نولىناكخانىڭ توي تەييارلىقىنى كۆرمەكچى ئىدۇق . تۈنۈگۈن ئۇنىڭ ئانىسى كېلىپ خىمنولىنىغا پاتىھە بېرىپ كەتتى .

— دادا ، بۇ توينى رەسمىي پۈتۈشۈپ بولدۇق دەمسەن ؟ نېمىشقا ماڭا بىرەر ئېغىز مەسلىھەت سالمىدىڭلار ؟

— سېنىڭ مۇددىئايىڭنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، جوگىن . ئېسىڭدە بولسا كېرەك ، سەن مۇشۇ توينى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەندە ، مەن نولىناكخانى تېخى تونۇمايتتىم .

— ئۇغۇ شۇنداق ، لېكىن بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى ، — دېدى جوگىندىرو ، — هازىرمۇ تېخى كەچ ئەمەس ، مېنىڭ ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار . ئالدى بىلەن ئاڭلاپ باق ، ئاندىن نېمە قىلارىڭنى ئۆزۈڭ بەلگىلەرسەن .

— قېنى ، قايسىبىر كۈنى چولام تەگكەندە ئاڭلارمەن . بۈگۈنچە ۋاقتىم يوق ، مەن دەرهال ماڭمىسام بولمايدۇ .

— نەگە بارىسەن ؟

— نولىناكخانىڭ ئانىسى خىمنو بىلەن ئىككىمىزنى ئۆيىگە

مېھمانغا چاقىرغان . ئىككىڭلار بۇ يەردە تاماقلىنىپ ، ئاندىن...
— بولدى ، بولدى . سېنىڭ بىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن .
رومىش بىلەن ئىككىمىز يېقىن ئەتراپتىكى ئاشخانىغا بېرىپ تاماق يېسەك بولۇۋېرىدۇ . كەچ بولغاندىغۇ قايتىپ كېلەرسىلەر ، بىز شۇ چاغدا كېلەرمىز ، — دېدى جوگىندىرو .
ئۇنىڭدا ئەپەندى رومىشقا باش كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى ، كۆڭۈل ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى .
رومىشقا كەلسەك ، ئۇمۇ ئېغىز ئېچىشتىن ئوڭايسىزلىنىپ ئۈنچىقماي ئولتۇرىۋەردى . خوشلىشىدىغان چاغدا ، ئورنىدىن تۇ-رۇپ ئۇنىڭدا ئەپەندىگە تەزىم قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

## ئەللىك يەتتىنچى باب

— مەن خىمنولىنى بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنى ئەتە ئەتىگەنلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كەلدىم ، — دېدى خىمونكورى كومو-لاغا ، — قىزىم ، ئۇلارغا نېمە غىزا قىلىپ بەرسەك بولار ؟ بىز ئۇنىڭدا ئەپەندىنى شۇنداق مېھمان قىلايلۇقكى ، ئۇ قىزىنىڭ بىز-نىڭ ئۆيدە ئاچ قالمايدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن . قانداق دېدىم ، قىزىم ؟ سىزنىڭ تاماققا ئۇستىلىقىڭىزدا گەپ يوق ، مېنى ھەرگىزمۇ مات قىلىپ قويمايسىز . ئىلگىرى ئوغلۇمنىڭ تاماق ھەققىدە پىكىر بىلدۈرگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم . لېكىن ، تۈنۈگۈن ئۇ سىزنىڭ تامىقىڭىزنى ماختاشقا سۆز تاپالماي قالدى . بۈگۈن سەل خاپا چىراي كۆرۈنىسىزغۇ ، قىزىم ، مىجەزىڭىز يوقمۇ ، قانداق ؟
— مىجەزىم ناھايىتى ياخشى ، رەھمەت سىزگە ، ئانا ، — دېدى كومولا زورغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ .
خىمونكورى بېشىنى چايقىدى .
— كۆڭلىڭىزدە يوشۇرۇۋاتقان بىر ئىش بارغۇ دەيمەن . بۇغۇ تەبىئىي ئەھۋال . ھەر ھالدا قورقماي دەۋەرسىڭىز بولىدۇ . ھەر-گىز مەندىن ياتسىرىماڭ ، قىزىم . مەن سىزنى ئۆز قىزىمدەك

كۆرىمەن . ئەگەر بۇ يەردىكى بەزى ئىشلار سەل دىتىڭىزغا ياقمايۋات-
قان بولسا ، ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنى كۆرگۈڭىز كېلىپ
قالغان بولسا ، ئوچۇق دەۋەرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ .

— سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق
ئارزۇ - خىيالىم يوق ، ئانا ! — دېدى كومولا تىنچسىزلانغان
ھالدا .

خىمونكورى ئۇنىڭ سۆزىگە پۈتۈنلەي ئىتىبار قىلمىغان ھالدا
ھەدەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى .

— بولمىسا ، كۆڭلىڭىز سەل ئارامىغا چۈشكۈچە تاغىڭىزنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كەلسىڭىز بولارمىكىن .

— ئانا ! — دېدى كومولا سەۋرسىزلىنىپ ، — پەقەت سىز
بىلەن بىرگە بولىدىغانلا ئىش بولسا ، ماڭا دۇنيادا باشقا ھېچكىمـ
نىڭ لازىمى يوق . مەندىن بىرەر گۇناھ ئۆتۈلگەن بولسا ، قانداق
جازالىسىڭىز جازالاڭ . لېكىن ، باشقا جايغا كەتكۈزۈۋېتىشنىڭ
گېپىنى ھەرگىز قىلمىسىڭىز .

— خۇدا سىزنى ئانامنىڭ روھى بىلەن سۇغىرىپ ئەۋەتكىنىگە
ئەمدى تېخىمۇ ئىشىنىۋاتىمەن ، — دېدى خىمونكورى قىزنىڭ يۈزىـ
نى ئاستا سىلاپ تۇرۇپ ، — ئۇنداق بولمىسا ، بىز قانداقمۇ بىر
كۆرۈشۈشتىلا شۇنچىلىك ئىجىل بولۇپ كېتەلەيتتۇق ؟ ھازىر بېـ
رىپ بالدۇرراق ئۇخلىۋېلىڭ ، بۈگـۈن كـۈن بويـى ئارام ئالالمىـ
دىڭىز .

كومولا ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ ئىشىكنى ئەتتى ، چىراغنى
ئۆچۈرگەندىن كېيىن ، قاراڭغۇدا پولغا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا
چۆمدى ، ئويلا - ئويلا ، ئاخىر مۇنداق يەكۈنگە كەلدى : «ياراتقان
ئىگەم مېنى نولىناكخاغا بولغان بارلىق ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلغاـ
نىكەن ، مەن يەنە ئۇنى دىلىمدا زىكرى قىلىپ يۈرۈۋەرسەم بولمايـ
دۇ . مەن ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇشۇم كېرەك . ئەمدى مەندە
ناگان - ناگاندا ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش پۇرسىتىدىن باشقا ھېچـ
نېمە قالمىدى . بۇ پۇرسەتنى ئىمكانقەدەر قولدىن بېرىپ قويماسـ

لىققا تىرىشاي . ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇشۇ بۇرچۇمنى كۆلۈپ تۇ-رۇپ ئادا قىلىشىمغا خۇدا ئۆزى كۆچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن . بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق تىلەك ـ تەمەيىممۇ يوق ! ماڭا مۇشۇ بولسىلا يېتىدۇ . ئەگەر مەن ئۆز بۇرچۇمنى خۇشاللىق بىلەن ئادا قىلالىسام ، بىرەر ئىشتا غەمكىنلىكىمنى چاندۇرۇپ قويسام ، ئۇ چاغدا چوقۇم ھەممىدىن ۋاز كېچىشىمگە توغرا كېلىپ قالىدۇ » .

ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ھەر تەرەپلىمە تولۇق ئويلى-نىپ چىققاندىن كېيىن ، مۇنداق قەتئىي قارارغا كەلدى : «ئەتىدىن باشلاپ يۈرىكىمدە پۇشايمان ـ نادامەتكە قىلچە ئورۇن يوق . چىرا-يىمغا خاپىلىق ئەسىرى يولاتمايمەن . يېتەلمىگەن ئارزۇلى-رىمغا ئاھۇ نادامەت چەكمەيمەن . ئۆمۈر بويى مۇشۇ ئۆيىنىڭ خىزمى-تىنى قىلىپ ئۆتۈپ كەتسەم ماڭا شۇنىسى يېتىدۇ . ماڭا ئەمدى مەڭگۈ ، مەڭگۈ باشقا ھېچقانداق نەرسە كېرەك ئەمەس » .

ئۇ ئورۇنغا كىرىپ ياتتى ، ئۇيان ئۆرۈلۈپ ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئاقىۋەت ئۇخلاپ قالدى ، كېچىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئويغاندى ، ھەر ئويغانغىنىدا خۇددى سورە ئوقۇۋاتقاندەك : «ماڭا ئەمدى مەڭ-گۈ ، مەڭگۈ باشقا ھېچقانداق نەرسە كېرەك ئەمەس» دەپ پىچىرلى-دى . سەھەر ئورنىدىن تۇرغان چاغدا ، قوللىرىنى بىلىكىگە ئال-ماپ ، پۈتكۈل غەيرىتى بىلەن ئۆز ئىرادىسىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى : «مەن ئۆمۈرۋايەت مۇشۇ ئۆيىنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەنكى ، مەڭگۈ ، مەڭگۈ باشقا ھېچقانداق نەرسە تەلەپ قىلمايمەن» .

ئۇ ئالدىراپ يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولغاندىن كېيىن نولىناك-خانىڭ كابىنىتىغا كىردى ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن ئۆيى-نىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى قويماي سۈرتۈپ چىقتى ، پالازلارنى سالدى ، ئاندىن گانگ دەرياسىغا چۆمۈلۈپ كېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدى .

نولىناكخانىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىشى بىلەن ، خىمون-كورى كۈن چىقماستا دەرياغا بېرىپ يۇيۇنىدىغان ئادىتىنى تاشلىغا-

ندى . شۇڭا ، كومولا تاڭ سەھەرنىڭ سوغۇقىغا قارىماي دەريا بويىغا ماڭغاندا ئۇمىشنى ھەمراھ قىلىۋالىدىغان بولدى .

ئۇ يۇيۇنۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بىرىپ خىمونكورى بىلەن ئامانلاشتى .

موماي بۇ چاغدا دەريا بويىغا بىرىشقا تەرەددۇت قىلىپ تۇرغانىدى .

— نىمانچىۋالا ئەتىگەن بىرىۋالدىڭىز ، — دىدى ئۇ كومولاغا ، — سەل ساقلاپ تۇرسىڭىز بىللە بارساق بولماسمىدى ؟

— بۇگۈن ساقلاپ تۇرسام بولمىغۇدەك ، ئانا ، — دىدى كومولا ، — تىخى جىققىنا ئىشلىرىم تۇرىدۇ ، ئاخشام ئەپكەلگەن ئوتياشلارنى ئىبرىغداپ ، يەنە لازىملىق نەرسىلەرنى ئەپكىلىشكە ئۇمىشنى ئەۋەتمىسەم بولمايدۇ .

— ھەممىنى تولۇق ئويلاپسىز ، قىزىم ، مىھمانلىرىمىز كەلگۈچە تاماقلىرىڭىز تەييارلا بولىدىكەن ـ دە !

شۇ ئەسنادا ، نولىناكخا ئۆيدىن چىقتى . كومولا پەرەنجىسى بىلەن ھۆل چاچلىرىنى يوشۇرغىنىچە دەرھال ئارقا ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

— يەنە يۇيۇنۇپ كەلگىلى چىقتىڭىزمۇ ، ئانا ؟ — دىدى نولىناكخا ، — سالامەتلىكىڭىز ئوبدانراق بولۇپ قالغاندا بارسىڭىز بولماسمىدى ؟

— مەن دوختۇر دەپ گەپ قىلىۋەرمە ، نولىن ، — دىدى خىمونكورى ، — ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار ، يەنى ھەر كۈنى ئەتىگىنى گانگىغا بىرىپ چۆمۈلۈپ تۇرۇش كىرەك . يەنە تالاغا ماڭغان ئوخشىمامسەن ؟ بۇگۈن ھەرگىز ھايالشىپ قالما جۇمۇ .

— نىمىشقا ، ئانا ؟

— تۈنۈگۈن ساڭا دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپتىمەن . ئۇنىڭدا ئەپەندى بۇگۈن ساڭا پاتىھە بەرگىلى كەلمەكچى .

— پاتىھە بەرگىلى ؟ بۇ ئەمدى نىمە تەۋەززۇ ؟ مەن ئۇ كىشى

بىلەن ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇرىمەنغۇ .

— مەن تۇنۇگۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ خىمنولىنىغا بىر جۈپ بىلەزۈك سوۋغا قىلدىم ھەمدە ئۇنىڭغا پاتىھە بەردىم . ئەمدى ئۇنىڭدا ئەپەندى بىزنىڭكىگە كېلىپ ساڭا پاتىھە بەرمەكچى . ئىشقىلىپ ، بەك ھايالشىپ قالمىغىن . ئۇلار بىزنىڭكىدە ئەتىگەنلىك تاماق يەيدۇ ، — موماي سۆزىنى تۈگىتىپلا يۇيۇنۇشقا كەتتى .

نولىناكخا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقىنىچە دەرۋازىدىن چىقتى .

## ئەللىك سەككىزىنچى باب

خىمنولىنى رومىشتىن قېچىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىۋالدى ، ئىشىكنى ئەتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىش ئۈچۈن جىمجىت ئولتۇردى . بىردەملىك ھاياجان ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ خىجىل بولۇشقا باشلىدى : «مەن نېمىشقا رومىش ئەپەندى بىلەن ئىبىغىر - بېسىق كۆرۈشەلمىدىم؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — راستىنى ئېيتقاندا ، ھېلىقى كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدىمۇ مەن ھازىرقىدەك ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغانىدىمغۇ؟ دېمەك ، مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى باشقۇرالمايدىكەنمەن - دە . بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق ئىرادىسىزلىك قىلمايمەن» . ئۇ ئەمدى چىقىپ رومىش ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە ئىشىكنى ئاچقاچ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى : «بۇ قېتىم ھەرگىز قاچمايمەن ، چوقۇم ئۆز ھېسسىياتىمنى تىزگىنلەيمەن» .

كېيىن ئۇ نېمىدۇر بىر نېمىنى ئەسلەپ ، دەررۇ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى ، ساندۇقتىن خىمونكورى سوۋغا قىلغان بىر جۈپ بىلەزۈكنى ئېلىپ قولىغا تاقىدى . شۇ تەقلىدتە قورالانغاندىن كېيىن ، جەڭگە كىرىدىغاندەك باتۇرلۇق بىلەن بېشىنى تىك تۇتۇپ مەردانە قەدەملەر بىلەن باغقا چىقتى .

ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ يولۇققان ئادەم دادىسى بولدى .
— نەگە بارىسەن ، خىمنو ؟ — دەپ سورىدى ئونىودا ئەپەندى .
— رومىش ئەپەندى بىلەن جوگىن قايتىپ كەلگەنىدىغۇ ؟
— كەلگىنىغۇ كەلگەن ، لېكىن كېتىپ قېلىشتى .
ئۆزىنىڭ دادىللىقىنى سىناپ كۆرۈشكە ھېچقانداق ئېھتىياج قالمىغانلىقىنى سېزىپ ، خىمنولىنى يېنىك نەپەس ئالدى .
— ئەمىسە ، ھازىر...
— بولىدۇ ، دادا ، ھازىرلا سىز بىلەن ماڭىمەن ، — دېدى خىمنولىنى ، — مەن بىر دەمدىلا يۇيۇنۇۋالىمەن ، پەيتۇن چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتىۋېرىڭ .
خىمنولىنىنىڭ مۇئامىلىسىدىكى مۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ۋە ئۇنىڭدىكى خىمونكورىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان جىددىي روھىي ھالەت ئونىودا ئەپەندىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىدىن چەتتە قالمىدى ، بەلكى بۇ ئۇنىڭ تەشۋىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى .
خىمنولىنى ھاپىلا - شاپىلا يۇيۇنۇپ بولۇپ كىيىملىرىنى كىيدى - دە ، تالاغا چىقىپ دادىسىدىن پەيتۇننىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سورىدى .
— تېخى كەلمىدى ، — دەپ جاۋاب بەردى دادىسى .
خىمنولىنى باغدا توختىماي ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى . ئونىودا ئەپەندى بولسا پېشايۋاندا ئۆزى يالغۇز ، پەرىشان ھالدا بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ قالدى .
سائەت ئون يېرىم بولغان مەھەلدە ، ئۇلار نولىناكخانىڭ ئۆيىگە كېلىشتى . بۇ چاغدا دوختۇر نولىناكخا تېخى ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەنلىكتىن ، خىمونكورىغا مېھمانلارنى ئۆزى يالغۇز كۈتۈشكە توغرا كەلدى . ئۇ بىر ياقتىن ئونىودا ئەپەندىنىڭ ساقلىقىنى ۋە ئۆي ئەھۋاللىرىنى سورىغاچ ، بىر ياقتىن خىمنولىنىغا پات - پات قاراپ قوياتتى . قىزنىڭ چىرايىدا خۇشاللىقنىڭ بىرەر نىشانىسى يوق ئىدى . كېلىۋاتقان مۇنداق زور شادىيانە تويىنىڭ ئالدىدا ،

ئۇنىڭ چىھرى قۇياش بالقىپ چىقىش ئالدىدا شەپەققە چۆمۈلگەن ئاسمان سەتھىسىگە ئوخشاش قىزىللىقتا چۈمكىلىشى كېرەك ئىدىغۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھۆسنىنى قايغۇ تۇمانلىرى قاپلىغانىدى. بۇ ھال خىمونكورىنى تەئەججۈپكە سالدى.

خىمونكورى ئىنتايىن سەزگۈر ئايال ئىدى. خىمنولىنىنىڭ خاپا چىراي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مىجەزى قوداڭشىپ قالدى. «قىزلار نولىناكخادەك لايىقنى تاپسا ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك سانىسا بولىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ماۋۇ مەلۇماتلىق قىز باشقىچە ئويلاۋاتقان چېغى. مەن ئۇنىڭ خىلى ئەمەس، دەپ ئويلاۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ بولمىسا، ئۇنىڭ بۇنچىلىك غەم - غۇسسىگە چۆكۈپ پەرىشان ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن. ھەممە ئەيىب ئۆزۈمدە، ياشانغاندا بەكمۇ سەۋرسىز بولۇپ كەتتىم. ئارزۇيۇمغا تېزراق يەتسەمكەن دەپ بەكمۇ تاقىلداپ كېتىپتىمەن. نولىنغا ئۆزىنى توختاتقانىراق قىز ئېلىپ بېرىمەن دەپ، ئۇنىڭ مىجەزى بىلەن ھېسابلاشمىغىنىم نېمىسى. ھەممىدىن يامىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا چىقىشىپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك مېنىڭ ئۇنچىۋالا ئۇزۇن ۋاقتىممۇ قالمىدىغۇ، ۋادەرىخا، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىر يولىلا قول ئۈزدۈرىدىغان ئەزرائىلنىڭ خەۋرىمۇ يېقىنلاشتى بولغاي». ئونىودا ئەپەندى بىلەن سۆھبەتلىشىش داۋامىدا، ئۇنىڭ كۆڭلى مۇنداق قالايمىقان خىياللار بىلەن بۆلۈنۈپ تۇرغانلىقتىن، بۇ پاراڭنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا ئۇنىڭ كۆزى يەتمەي قالدى. ئاخىر، كۆڭلىدىكىنى پوسوقىدە دەپ سالدى:

— بار گەپنى قىلساق، تويغا ئانچە ئالدىراپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. ئىككىلىسى چوڭ بولۇپ قالغان باللار، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزدىگە چۈشلۇق ئويلىغىنى بار. ئۇلارنى مەجبۇرلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. خىمنونىڭ بۇ ئىشنى قانداق ئويلاۋاتقانلىقىنى مەن بىلمەيمەن. لېكىن، نولىنىنىڭ ئەھۋالى ماڭا مەلۇم. ئۇ ھازىرغىچە بۇ ئىشقا ئانچە قىزىمايۋاتىدۇ.

بۇ سۆز ئاساسەن خىمنولىنىغا قارىتا ئېيتىلغانىدى. چۈنكى،

قىزنىڭ ھەمدەم خىيال ھالىتىنى كۆرگەن خىمونكورى مېھمانلار-
نىڭ ، بۇنىڭ ئوغلى بۇ تويدىن خۇشال بولۇپ تېرىسىگە سىغماي
قالغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قېلىشىنى خالىمىغانىدى .

خىمنولىنى ئەتىگەن بۇياققا ماڭغان چاغدا ، ئۆزىنى ناھايىتى
خۇشال كۆرسىتىش ئۈچۈن خېلىلا روھىي تەييارلىق كۆرگەنىدى ،
كۈتۈلمىگەندە ، نەتىجە ئەكسىچە بولدى . ئۇنىڭ چىرايىغا ئەمدىلا
تېپىپ چىققان خۇشاللىقنىڭ ئورنىغا ئەلەملىك قايغۇ ئالماشتى .
خىمونكورىنىڭ ئۆيىگە كىرىش بىلەن تەڭلا ، ئۇنى بىر خىل ۋەھىمە
چۇلغىۋالدى . ئۇ قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان يېڭى تۇرمۇش يولى
ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئەگرى - توقاي ، خەتەرلىك ۋە چەكسىز تۇيۇل-
دى . ئىككى قېرى ئۆزئارا تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىۋاتقان
چاغدىلا ، خىمنولىنى ئۆزىنى ، مەندە ساداقەتلىك كەمچىلمۇ - قان-
داق ، دېگەن سوئال بىلەن قىيناشقا باشلىغانىدى . شۇڭا ، خىمون-
كورىنىڭ بۇ تويغا بولغان سوغۇق مۇئامىلىسى ئۇنىڭ قەلبىدە
ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ، ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ھېسسىياتنى
گىرەلەشمە جەڭنىڭ قاينىمىغا سۆرەپ كىردى . بىر تەرەپتىن ،
تويىنىڭ تېزراق بولۇشى ئۇنى ئارىسالدىچىلىق ئىچىدە قالغان قىيىن
ۋەزىيەتتىن بالدۇرراق قۇتۇلدۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېز
بىر ياقلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى ؛ ئەمما ، ئىككىنچى تەرەپتىن ،
موماينىڭ بۇ تويدىن يېنىش نىيىتىدىكى بېشارىتى ئۇنى ۋاقتىنچە
بولسىمۇ بىر تىنىۋالىدىغان بولدۇم ، دېگەن تۇيغۇغىمۇ كەلتۈرۈپ
قويغانىدى .

خىمونكورى بايامقى قاتتىق گەپلەردىن كېيىن ، قېنى ، ئۇنىڭ-
غا قانچىلىك تەسىر قىلدىكىن دەپ خىمنولىنىنىڭ چىرايىغا لەپپىد-
دە قارىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈتۈلمىگەن بىر خىل
خاتىرجەملىكنى كۆرۈپ ، تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئۆچلۈكى كېلىپ قالدى .
«ئەسلىدە نولىناكخامىنىڭ كۈرسىنى چۈشۈرۈۋېتىپتىكەنمەن - دە»
دېگەننى خىيالىدىن كەچۈرگەچ ، ئۇنىڭ مۇشۇ چاغقىچە كەلمىگەنلى-
كىدىن كۆڭلىدە ناھايىتى خۇش بولدى .

— ئۇ دائىملا مۇشۇنداق ! — دېدى ئۇ خىمنولىنىنغا قاراپ ، — ئىككىڭلارنىڭ بۈگۈن كېلىدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرۇپ ، مۇشۇ چاغقىچە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىگىنىنى قارىمامدىغان . ھەر قانچە زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ تاشلاپ قويۇپ كەلسە بولماسمىدى . مېنىڭ مىجەزىم يوق بولۇپ قالغان چاغلاردا ، ئۇ كېسەل كۆرۈشنىمۇ قويۇپ ئۆيدە ئولتۇرىدۇ ، مەيلى ئۇنىڭدىن قانچىلىك زىيان كەلسىمۇ ئۇنىڭ پەقەت چاتىقى يوق !

كېيىن ئۇ تاماقنىڭ پىشقان - پىشمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى باھانەدەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى خىمنولىنىنى كومولاغا قالدۇرۇپ ، ئۆزى ئۇنىنودا ئەپەندى بىلەن خاس ئولتۇرۇپ سۆزلىشىۋېلىش ئىدى .

ئۇ ئاشخانىغا كېلىپ قارىسا ، تاماق ئاللىقاچان تەييار بولغان ، ئوت پەسلىتىپ قويۇلغان ، كومولا بولسا بىر بۇلۇڭدا يالغۇز خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغانىدى . خىمونكورىنىڭ تۇيۇقسىز كىرىشى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ سەل پەرىشان قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن ئالدىراپ تۇردى .

— ئاھ ، قىزىم ، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن تاماق ئېتىشكە بېرىلىپ كەتكەن ئوخشىمامسىز ، — دېدى موماي .

— ھەممىسى تەييار بولدى ، ئانا ، — دېدى كومولا .

— ئەمىسە ، نېمىشقا ئۆزىڭىز يالغۇزلا بۇ يەردە جىم ئولتۇرىسىز ، قىزىم؟ ئۇنىنودا ئەپەندى ياشقا چوڭ بولغان ئادەم ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئۈيۈلۈپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى . خىمنومۇ كەلدى ، بولسا ئۇنى ئۆيىڭىزگە ئەپكىرىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇڭ . مەندەك كەمپىر تىلىنى چايناپ ئۇنى زېرىكتۇرۇپ قويسا بولماس .

خىمنولىنىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى خىمونكورىنىڭ كومولاغا بولغان مېھرىبانلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرغانىدى .

— مەن ئۇنىڭغا ھەمسۆھبەت بولالمايمەنغۇ ، — دېدى كومولا يېلىنىش ئاھاڭىدا ، — ئۇ كىشىنىڭ قورسىقىدا ئۇمىچى بار ، مەن

ھېچنېمە بىلمىسەم.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز! — دېدى خىمونكورى، — سىزنىڭ ھېچكىمدىن قېلىشقۇچىلىكىڭىز يوق. ئۇلار قورسىقىدىكى ئۇمىدـ چىنى پەش قىلسا قىلىشۇەرسۇن، قېنى، ئۇلارنىڭ قايسىبىرى سىزدەك چىرايلىقكەن! كىتابتىن ئانچەـ مۇنچە بىلىمنى كىم بولسىمۇ ئۆگىنەلەيدۇ، لېكىن ھەنىشۇالا ئادەم سىزدەك لاتاپەتلىك بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. يۇرۇك، ئەزىزىم، ئالدى بىلەن بىر قۇر ياسىـ نىۋېلىڭ، مەن سىزگە تازا چىرايلىق كىيىملەرنى ئەپچىقىپ بېرەي.
خىمونكورى بۇ ئوقۇمىغان قىزنىڭ گۈلدەك ھۆسنى ـ جامالى بىلەن، خىمنولىنىنىڭ خازان بولۇشقا يۈزلەنگەن گۈزەللىكىنى خىرەلەشتۈرۈۋېتىشكە قەتئىي نىيەت قىلدى. ئۇ خىمنولىنىنى ھاكاۋۇرلۇقى ئۈچۈن ھەم ئۆچ ئىسىتىدىن، ھەم گېزىدىن تويدۇرۇشقا كىرىشكەنىدى.
كومولاغا قارشىلىق قىلغۇدەك ئورۇن قالمىدى. خىمونكورى ئۇنى ئەپچىل قوللىرى بىلەن ياساندۇرۇشقا باشلىدى. ئۇچىسىغا قىزغۇچ ئۇستىۋاش كىيدۈرۈپ، چېچىنى يىڭىچكە پاسون چىقىرىپ ئۆرۈپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىغا ھەر تەرەپتىن تازا زەن سېلىپ چىققاندىن كېيىن، پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ خۇشاللىق بىلەن دېدى:
— مۇشۇ گۈزەللىكىڭىز بىلەن ئوردىدا خانىش بولۇشقا ئەرزىيسىز.
— ئانا، ئۇ ئىككىسى يالغۇز قالدى، — دېدى كومولا، — بەك ھايال بولۇپ قالدۇق.
— ھايال بولۇپ قالساق مەيلى، — دېدى خىمونكورى، — سىزنى ياساندۇرۇپ بولمىغۇچە چىقمايمەن.
كومولانى تولۇق ياساندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خىمونكورى دېدى:
— مەن بىلەن يۇرۇك، قىزىم، ئۆزىڭىزنى مەردانە تۇتۇڭ،

جۇمۇ . ئاۋۇ ئالىي مەلۇماتلىق گۈزەل سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تىرناق تاتىلاپ قالسۇن . ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەيدىڭىزنى كېرىپ ئولتۇرۇڭ .

ئۇ كومولانى ئەگەشتۇرۇپ مېھمانلار ئولتۇرغان ئۆيگە كىرگەندە ، ئارىلىقتا قايتىپ كەلگەن نولىناكخا ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى .

كومولا ئۇنى كۆرۈپلا قاچماقچى بولۇۋىدى ، خىمونكورى ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى .

— ھېچقىسى يوق ، قىزىم ، — دېدى ئۇ ، — ھەممىسى ئۆز ئادەملەر .

قىزنىڭ تۇغما گۈزەللىكىدىن ، كىيىۋالغان پۇزۇر كىيىملىرىنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ ئاچقانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلەنگەن خىمونكورى ، بۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەيران قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى . چۈنكى ، خىمنولىنى ئۇنىڭ نولىناكخاسىنى مەنسىتمىگەندەك قىلدى ، بۇ ئۇنىڭ ئانىلىق كۆڭلىگە ھار كەلگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ ئەمدى نولىناكخاغا بۇ لايىقىنىڭ كومولانىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى .

دېمىسىمۇ ، كومولانىڭ قەددى - قامىتى سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇردى . خىمنولىنى كومولانى خىمونكورىنىڭ كارىۋىتىنىڭ قېشىدا كۆرگەن چاغلاردا ، ئۇ ساددا كىيىنىۋالغان بولۇپ ، كىشىگە كۆرۈنۈشكە ئوڭايسىزلانغاندەك ھەمىشە ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى ؛ ھەر قېتىم خىمنولىنى ئۇنىڭ چىرايىغا تۈزۈك سەپسېلىپ بولغۇچە ، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى . مانا ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتى ، ئاندىن بېرىپ ئەيمىنىپ تۇرغان كومولانىڭ قولىنى تۇتتى - دە ، تارتىپ ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى .

خىمونكورى ئۆزىنى تولۇق غەلىبە قىلغاندەك ھېس قىلدى ؛ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بۇ ئاسراندى قىزنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنى خۇدا كۆپ ئادەملەرگە نېسىپ قىلمايدىغانلىقىغا كۆڭلىدە تەن بېرىدۇ ، دەپ ئىشەندى .

— خىمنولىنى بىلەن ئۆيىڭىزگە چىقىپ بىر دەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇڭلار، قىزىم، — دېدى ئۇ كومولاغا، — داستىخاننى ئۆزۈم سالىمەن.

كومولا خىمنولىنىنىڭ ئۆزى ھەقتە قانداق پىكىردە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، دەسلەپتە سەل بىئارام بولدى. خىمنولىنى ئۆزۈن ئۆتمەي، نولىناكخانىڭ ئايالى سالاھىيىتى بىلەن بۇ يەرگە كېلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇ بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى بولىدۇ، شۇڭا كومولا ئۇنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايتتى. ئۇ ئەلۋەتتە، ئۆزىنى بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى سۈپىتىدە ئويلاشنى ھەرگىز خالىمايتتى، ھەتتا يۈرىكىگە رەشك سايىسى چۈشۈشكىمۇ يول قويمايتتى، ھەر قانداق ھوقۇق دەۋاسى قىلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى.

ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— سىز ھەقتىكى پاراڭلارنى ئانامدىن ئاڭلىدىم، — دېدى خىمنولىنى مېھرىبانلىق بىلەن، — سىز مېنى ئاچچىقىڭىز قاتارىدا كۆرسىڭىز بولىدۇ، قەدىرلىكىم، بىر تۇغقان ھەمشىرىلىرىڭىز بارمۇ؟

ئۇنىڭ ئاھاڭىدىكى يېقىنچىلىق كومولانى روھلاندۇردى.

— بىر تۇغقان ھەمشىرىلىرىم يوق، پەقەت شىرەم تۇغقان كېلىدىغان بىرلا ئاچام بار. ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— مېنىڭمۇ ھەمشىرىلىرىم يوق، قەدىرلىكىم، — دېدى خىمنولىنى، — بالا ۋاقتىمدىلا ئاپام تۇگەپ كېتىپتىكەن. ئاپام بولمىسىمۇ سىردىشىپ ئولتۇرغۇدەك ھەمشىرىلىرىم بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى، دەپ نۇرغۇن ئويلاپ كېتىمەن. بىرەر چوڭ خۇشاللىق ياكى كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغاندا، بۇنداق خىيالدىن تېخىمۇ نېرى بولالماي قالىمەن. كىچىكىمدىن تارتىپ ھەممە ئىشنى ئىچىمگە سولاپ كەلگەچكە، كۆڭلۈمدىكىنى ھېچكىمگە تىنماسلىققا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. كۆپىنچە خەق مېنى ئادەم ياراتمايدۇ

دەپ ئويلايدۇ . لېكىن ، سىز ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ ، قەدىرلى-كىم ، ھەممىدىن چاتىقى شۇ : كۆڭلۇمدىكىنى پەقەت خەققە ئېيتال-مايمەن .

كومولادىكى قورۇنۇش پۈتۈنلەي يوقالدى .

— ئەجەبا ، سىزمۇ ماڭا پۈتۈنلەي ئوخشاشمۇ ، ئاچا ، — دېدى ئۇ ، — مەن تۇرغانلا بىر نادان .

خىمنولىنى كۈلۈمسىرىدى .

— ئاستا - ئاستا بىلىشكەندىن كېيىن ، مېنىڭمۇ ئىنتايىن نادانلىقىمنى بايقايسىز . كىتابتىن ئۆگىنىۋالغان ئانچە - مۇنچە نەرسىدىن باشقا ھېچنېمە بىلمەيمەن . شۇڭا ، ئەگەر مەن بۇ ئۆيگە كېلىپ قالسام ، سىز مەن بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولسىڭىز بولىدۇ . بىر ئۆينىڭ بېشىمغا كېلىدىغىنىنى ئويلىسام ، مېنى ۋەھىمە باسىدۇ .

— ھەممە ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ ، — دېدى كومولا بالد-لارچە سەبىيلىك بىلەن ، — كىچىكىمدىن تارتىپلا مەن ئۆي ئىشى-نى قىلغان ، مۇشۇنداق ئىشلاردىن پەقەت قورقمايمەن . بىز ئۆي ئىشلىرىنى ئاچا - سىڭىللاردەك بىرلىشىپ قىلىمىز . سىز ئۇنى ئىمكانقەدەر بەختلىك قىلىڭ ، مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە ئىككىڭلار-نىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن .

— ئېيتىڭچۇ ، قەدىرلىكىم ، — دېدى خىمنولىنى ، — ئېرىڭىزنىڭ چىرايىغا تازا زەن سېلىپ قارىمىغان بولسىڭىزمۇ ، ئۇنىڭ ئومۇمىي تۇرقى ئېسىڭىزدە قالمىغانمىدۇ ؟

كومولا بۇ سۆزگە ئۇدۇل جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى .

— مەن ئۇنى ئەسلەشكە توغرا كېلەر دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن ، ئاچا ، مەن چوكرو بورتى تاغاملارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرغاندىن كېيىن شويلودجا ئاچام بىلەن ناھايىتى ئوبدان دوست بولۇپ قال-دىم . ئۇنىڭ ئۆز ئېرىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرۈپ مېنىڭمۇ كۆزۈم ئېچىلدى . ئېرىمنى كېيىن پەقەت ئۇچرات-مىغانلىقىمغا سىزمۇ ئىشىنىسىز . لېكىن ، نېمىشقىكىن - تاڭ ،

مەن هازىر ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئەقىدە قىلىمەن . خۇدا مېنىڭ مۇنداق مۇھەببەتلىك كۆڭلۈمنى يەردە قويمىدى . هازىر قەلبىمدە ئۇنىڭ سىيماسىنى ئېنىق كۆرمەكتىمەن . ئۇ مېنى ئۆز خوتۇنى قاتارىدا كۆرمىسىمۇ ، لېكىن مەن ئۆز ئېرىمنى تاپقاندەك هېس قىلىمەن .

كومولانىڭ ۋاپادارلىققا تولغان بۇ سۆزلىرى خىمنولىنىنىڭ قەلبىدە هېسداشلىق قوزغىدى .

— مەن كۆڭلىڭىزنى تولۇق چۈشەندىم ، — دېدى ئۇ سەل جىملىقتىن كېيىن ، — پەقەت ئاشۇنداق تەرىزدە ئېرىشكەن نەرسىلا قەلبىنىڭ هەقىقىي مۈلكى هېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭسىز ئېرىشكەن نەر- سە پەقەت خىيالىي نەرسە ، ئۇنىڭ ئۇزاقىقا بېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس .

كومولانىڭ بۇ سۆزنى چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەنلىكىگە بىر نېمە دېيىش قىيىن ئىدى .

— سىز شۇنداق دېگەندىن كېيىن ، ئەلۋەتتە ، شۇنداق ئوخشايدۇ ، ئاچا ، — دېدى ئۇ خىمنولىنىغا خامۇش بىر نەزەر تاشلاپ ، — مەن ئەزەلدىن بۇ ئىشقا قايغۇرمىدىم ، هەمىشە ئۆزۈمە- نى خۇشال سېزىمەن ، ئۆز خىزمىتىمگە يارىشا ئالغان مۇكاپاتىممۇ ئاشۇ .

خىمنولىنى كومولانىڭ قولىنى سىقتى .

— مېنىڭ ئۇستازىم : بىر كىشى پايدا - زىياننى ئۇنتۇغان چاغدىلا ، هەقىقىي ساھىبلىققا ئېرىشىدۇ ، دەيدىغان . بۇ هەقىقە- تەن راست ئىكەن ، قەدىرلىكىم . ئەگەر مەن هەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىدىغان پىداكارلىقتىن سىزگە ئوخشاش روهىي بايلىققا ئېرىشە- لىگەن بولسام ، ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك سەزگەن بولاتتىم .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كومولا تۇرۇپلا قالدى .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ، ئاچا ؟ هەممە ئىشلار كۆڭلىڭىزدىكى- دەك تۇرسا ؛ مېنىڭچە ، سىزنى رازى قىلالمايدىغان ئىشلار پەقەت بولمىغاندۇ ؟

— ئۆزۈمگە تېگىشلىك نەرسىگە ئېرىشكەن بولسام، مەن تولۇق رازى بولغان بولاتتىم. بۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن نەرسە كىشى ئۇچۇن بىزارلىق، نادامەت كەلتۈرىدىكەن. بۇ گەپلىرىمدىن بەلكى ئەجەبلىنىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، ماڭا بۇ گەپنى خۇددى خۇدا كۆڭلۇمگە سالغاندەك بىلىنىدۇ. ماڭا قاراڭ، سىڭلىم، ئەتىگەن بۇ ياققا ماڭغاندا ئىچىم سىقىلىپ تۇراتتى، سىز بىلەن كۆرۈشۈپلا خېلى يېنىكلەپ قالدىم. ئۆزۈمگە خېلىلا جان كىرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. سىزگە بىر تالاي گەپ قىلىپ كەتكىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە. گەپنىمۇ ئانچە قاملاشتۇرالمايدىغان ئادەم ئىدىم، قانداقلارچە يۈرىكىمدىكىنى سۆزلىتىۋالدىڭىز كىن، سىڭلىم؟

## ئەللىك توققۇزىنچى باب

خىمنولىنى خىمونكورىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپ مېھمانخانىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئۆزىگە تېگىشلىك بىر پارچە قېلىن خەتنى كۆردى، كونۋېرتتىكى پوچېركىغا قاراپلا بۇ خەتنىڭ رومىشتىن كەلگەنلىكىنى سەزدى، ئىختىيارسىز يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى، ھوجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئەتتى ـ دە، خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

رومىش خېتىدە ئۆزى بىلەن كومولا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قالدۇرماي بايان قىلىپ، ئاخىرىدا مۇنداق يازغانىدى:

*سىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھاياتىنى باغلاپ تۇرغان قىسمەت زەنجىرى بەتبەخت يەلەك تەرىپىدىن پارە ـ پارە قىلىندى. سىز ھازىر باشقا بىر كىشىگە كۆڭۈل قويۇپسىز. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ئەيىبلىمەيمەن، سىزمۇ مەندىن رەنجىمىسىڭىز بولىدۇ. كومولا بىلەن ئىككىمىز بىر كۈنمۇ ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتمىگەن بولساقمۇ، لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىقرارمەنكى، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم*

بارغانسېرى ئاشماقتا . ھازىرقى كۆڭۈل كۈيۈمنىڭ زادى قانداقلىقىنى ئۆزۈممۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن . ئەگەر سىز مەندىن ۋاز كەچمىگەن بولسىڭىز ، مېنىڭ قەلبىم سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىن باشپاناھ تاپقان بولاتتى . مەن دەل مۇشۇنداق ئارزۇ بىلەن ، ئېغىر مۇسىبەت يۈكىنى ئارتىپ ئالدىڭىزغا كەلگەنىدىم . سىزنىڭ ماڭا قىلچە رەھىم قىلماي ئۆزىڭىزنى مەندىن ئوچۇقتىن - ئوچۇق قاچۇرغىنىڭىزنى كۆرگىنىمدە ، سىزنىڭ باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىشقا رازىلىق بەرگىنىڭىزنى ئاڭلىغىنىمدا ، يۈرىكىمدىكى كونا شۇبھىلەر قايتا قوزغالدى ، ھەسرەت - ئەلەم باغرىمنى تىغىمۇ قان قىلدى .

مەن ھازىرمۇ كومولانى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەندەك قىلىمەن . مەيلى مەن ئۇنى ئۇنتاي - ئۇنتۇيالماي ، بۇ دۇنيادا مەندىن ئۆزگە بىرەر كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت - نادامەت چەكمەيدۇ . مەن زادى نېمىشقا نادامەت چېكىمەن؟ مەن قەلبىمنى سېھرىي ئىلكىگە ئالغان ئىككى قىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتالمەيمەن . مەن ئۇلارنى ئۆمرۈم بويى ياد ئېتىپ تۇرالىسام ، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى تېپىلغۇسىز بەخت !

ئەتىگەنكى سىز بىلەن ئۇچرىشىش مېنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى . ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن بەختسىزلىكىمگە تولىمۇ ئېچىندىم . لېكىن ، بۇنداق ئىش بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بولمايدۇ ، مەن ھازىر سىز بىلەن ئىنتايىن خاتىرجەم ، ئىنتايىن خۇشال ھالدا خەيرلىشىۋاتىمەن . تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن سىزدىن ئايرىلىشىمغا نېسىپ بولغاي . مۇشۇ ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا ئازاب ھېس قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىككىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن ، خۇداغا شۈكۈر ئېيتىمەن . سىلەرگە بەخت - سائادەت ، ساغلاملىق ، خاتىرجەملىك تىلەيمەن . مەندىن ھەرگىز نەپرەتلەنمەڭ ، چۈنكى مەن سىزگە يۈز كېلەلمىگۈدەك ، سىز نەپرەتلەنگۈدەك ئىش قىلغىنىم يوق» .

ئونىودا ئەپەندى كىتاب كۆرۈۋاتقان چاغدا ، خىمنولىنى ئۇش-تۇمتۇت ئۆيگە كىرىپ كەلدى .

— مىجەزىڭ ياخشىدۇ ، خىمنو ؟ — دەپ سورىدى دادىسى .

— ياخشى ، دادا ، ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋېتىمەن . رومىش ئەپەندىدىن خەت كەپتىكەن ، كۆرۈپ باقسىڭىز ، كۆرۈپ بولۇپ ئۆزۈمگە بېرىڭ ، — خىمنولىنى خەتنى دادىسىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

ئونىودا ئەپەندى كۆزەينىكىنى تاقاپ خەتنى باشتىن - ئاياغ ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى ، ئاندىن خىزمەتكارىنى چاقىرتىپ خەتنى خىمنولىنىغا چىقىرىپ بەردى - دە ، ئۆزى ئولتۇرۇپ چوڭ-قۇر خىيالغا چۆمدى . ئاخىر مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى : «بىر ھېسابتا بۇنىمۇ يامان ئىش دېگىلى بولمايدۇ ! نېمىلا دېگەنبىلەن ، كۆيئوغۇللۇققا كەلگەندە ، نولىناكخا رومىشقا قارىغاندا كۆپ ئۇس-تۇن تۇرىدىغۇ . رومىشنىڭ بۇ ئىشنى قالايمىقان قىلمىغىنىمۇ ياخشى بولدى » .

كۆپ ئۆتمەي ، نولىناكخانى بىر خىزمەتكار ئۆيگە باشلاپ كىر-دى . ئونىودا ئەپەندى ئۇنى كۆرۈپ بىر ئاز ھەيران قالدى . «تېخى بىر نەچچە سائەت ئاۋۋاللا ئۇنىڭ بىلەن خېلى پاراڭلىشىپ كەلگەنىدۇققۇ ، ئۇ زادى نېمىشقا كەلگەندۇ . ھە ، راست ، ئەمدى ئۇنىڭ خىمنولىنىغا كۆڭلى چۈشۈپتۇ - دە ! » ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىچە خۇشاللاندى .

ئۇ ئىككى ياشنى ئۇچچە قالدۇرۇش ئۇچۇن ، بىر ئىشنى باھانەپ سىرتقا چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا ، نولىناكخا ئۆزىنىڭ بۇ ياققا كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئوچۇقلا ئوتتۇرىغا قويدى .

— ئونىودا ئەپەندى ، ئانام قىزىڭىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ توي ئىشى توغرىسىدا سىزگە ئېغىز ئېچىپتۇ . بۇ ئىش يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ كېتىشتىن ئىلگىرى ، مەن سىز بىلىشكە تېگىشلىك بىر ئىشنى ئېزاھلاپ قويماقچىمەن .

— ناھايىتى ياخشى ، ئەگەر شۇنداق ئىش بولسا سەمىمگە

سىلىپ قويغىنىڭىز دۇرۇس .
— سىز بىلمەيسىز ، مەن بۇرۇن نىكاھلانغان !
— ياق ، مېنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار . لېكىن...
— خەۋىرىڭىز بارلىقىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن . شۇنداقتىمۇ ، سىز بەلكىم ئايالىمنى ئۆلگەن دەپ ئويلىسىڭىز كېرەك . لېكىن ، بۇ پەرەزنى توغرا دېگىلى بولمايدۇ . راستىمنى ئېيتسام ، مەن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن .
— ئىلاھىم ، ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن ، خىمنو ! ھوي ، خىمنو !
— خوش دادا ؟ — خىمنولىنى ئۆيگە كىردى .
— رومىشنىڭ ساڭا يازغان خېتىدە بەزى ئەھۋاللار باردەك قىلىۋىدى...
خىمنولىنى خەتنى دەرھال نولىناكاغا بەردى ۋە :
— نولىناكا ئەپەندى بۇ خەتتىن تولۇق ۋاقىپ بولۇشى كېرەك ، — دەپ قويۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .
خەتنى تولۇق ئوقۇپ چىقىپ گاڭگىراش ئىلكىدە سۆز قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان نولىناكا ئۇندىمەي تۇرۇپلا قالدى .
— بۇ ھەقىقەتەن ئىنسان تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان زور پاجىئە ، — دېدى ئونودا ئەپەندى ، — بۇ خەتنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلاندىڭىز بولغاي . لېكىن ، بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا ، سىزگە بۇ خەتنى كۆرسەتمىسەك زادى توغرا بولمايدۇ .
نولىناكا بىر نەچچە مىنۇتلۇق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ئونودا ئەپەندى بىلەن خوشلاشتى ، ئۆيدىن چىقىۋېتىپ شىمال تەرەپتىكى ئايۋاندا تۇرغان خىمنولىنىنى كۆردى ـ دە ، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى . شۇ پەيتتە ئۇنىڭ يۈرىكىدىمۇ مىگبىر تەشۋىش ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى ـ ھە ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۇ قانداقسىگە شۇ قەدەر تەمكىن ، خاتىرجەم تۇرۇۋاتالاندۇ ، قىمىرلىماي تۇرۇشلىرىچۇ ، تېخى . نە ئۇنىڭ چىرايىدا زەررىچە پەرىشانلىق ئالامىتى بولسا . ئۇ خىمنولىنىنىڭ ئالدىغا

بېرىپ ، سىزگە ياردەم كېرەكمۇ دەپ سوراپ باققۇسى كەلدىيۇ ،
جۈرئەت قىلالمىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن بىرەر جاۋاب ئېلىش ئىنتا-
يىن قىيىن ئىدى . «مەن ئۇنىڭغا بىر ئاز تەسەللى بېرەل-
مەسمەنمۇ ؟ — ئۇ پەرىشان هالدا ئۆزىگە سوئال قويۇپ ئۆزى جاۋاب
بەردى ، — كىشىلەر قەلبىنى ئايرىپ تۇرغان روهىي قورغانغا
بۆسۈپ كىرىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس . قەلب شۇ قەدەر يىگانە
نەرسىغۇ ، ئاخىر !»
نولىناكخا بەلكىم ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىدىغان گېپى باردۇر دەپ
ئويلىدى - دە ، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى .
ئايۋان ئالدىغا بارغان چاغدا ، ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى . «قەلب
مۇددىئاسىغا كۆڭۈل هۆكمى بىلەن يەتمەك هەرگىز ئوڭاي ئىش
ئەمەس ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەت هەقىقەتەن تولىمۇ مۇرەككەپ» . ئۇ ئاخىر ئېغىر خىياللار
ئىلكىدە پەيتۇنغا ئولتۇردى .
نولىناكخا كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا جوگىندىرو كەلدى .
— يالغۇز كەلدىڭمۇ ، جوگىن ؟ — دېدى دادىسى .
— كىم بىلەن كەلسەم بولاتتى ؟
— رومىشنىمۇ كەلدىمىكىن دەيمىنا .
— ئوغۇل بالا ئۇچۇن سىزنىڭ ئەتىگەنكى مۇئامىلىڭىزگە
بىرەر قېتىم ئۇچراشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە . ئۇنىڭ هازىر نېمە بولغان-
لىقىنى مەن بىلمەيمەن . بەلكىم مۇشۇ بىنارستىلا ئۇ ئۆزىنى دەريا-
غا تاشلاپ ، گانگ قوينىدىن ئۆزىگە مەڭگۈلۈك تىنچلىق تاپقاندۇ .
مۇشۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇنى كۆرمىدىم . ئۇ ماڭا
ئىككىلىك خەت يېزىپ قالدۇرۇپ قويۇپتىكەن ، ئۇنىڭغىمۇ پەقەت :
«مەن كەتتىم ، دوستۇڭ رومىشتىن» دېگەنىنىلا يېزىپتۇ . بۇ ئىش-
لارنىڭ تېگىگە مەن يېتەلمىگۈدەكمەن . مەنمۇ يولۇمغا ماڭاي . ماڭا
قىلىۋاتقان خىزمىتىمدىن باشقىسى بىكار ئوخشايدۇ . مۇدىرلىق
خىزمىتىمدە هەممە ئىش ئاددىي ، ئېنىق ، هېچقانداق ياپتا ئىش
يوق . مۇنداق باش - ئايىغى يوق دەۋا - دەستۇرغىمۇ مەڭگۈ

ئۆچرىماسمەن .
— لېكىن ، خىمنولىنى قانداق قىلىدۇ؟ — دېدى ئوننودا ئەپەندى ، — بىز ئۇنىڭ ئىشىنى ھەل قىلماي…
— مەن يەنە قانداق قىلىپ بېرەتتىم؟ يەنە تالاشساق يەنە شۇ . مەن مۇنداق قىلايلى دەيمەن ، سىلەر ئۇنداق قىلايلى دەيسىلەر . بۇ ئىشقا ئەمدى مېنىڭ رايىم قالمىدى . يەنە مېنى بۇنىڭغا ئارىلاشتۇ-رۇۋالمىساڭلار . مەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسىدىن بىزار-مەن . خىمنو ئادەم چۈشىنەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىپ-تۇ . ئۇنىڭدىكى سەۋر - تاقەتكە ئەقلىم ھەيران . ئەتىگەنلىككە پويىزغا چۈشۈپ ماڭىمەن . يولدا بانكىپورغا چۈشۈپ ئۆتمىسەم بولمايدۇ ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى .
ئوننودا ئەپەندى بېشىنى سىلىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپلا قالدى . ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كىرمەيتتى . ئىنىڭغا بۇ دۇنيا يەشكىلى بولمايدىغان تېپىشماقلارغا تولغاندەك تۇيۇلدى .

## ئاتمىشىنچى باب

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، شويلودجا بىلەن دادىسى ئىككىسى نولىناكخالارنى يوقلاپ كەلدى . شويلودجا بىلەن كومولا يان ئۆيگە كىرىۋېلىپ نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىشاتتى . خىمو-كورى بولسا چوكرو بورتى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى .
— دەم ئېلىش ۋاقتىم توشۇپ قالدى ، — دېدى چوكرو بورتى ، — ئەتە گاجىپورغا قايتمىسام بولمايدۇ . ئەگەر خارىداس سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويغان بولسا ، ياكى سىز…
— سىز يەنە كونا پاراڭنى قىلغىلى تۇردىڭىز ، قەدىرلىك ئەپەندى ، سىز نىمە ئۇيۇن ئوينىماقچى بولۇۋاتىسىز؟ سىز مۇشۇن-داق قىلىپ جىيەنىڭىزنى ئېلىپ كەتمەكچىمۇ ، قانداق؟
— ياقەي ، مەن كىشىگە بەرگەن سوۋغىتىنى قايتۇرۇۋالىدى-

غانلاردىن ئەمەس . دېمەكچى بولغىنىم ، ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى سىزگە بىر ئاز ئوڭايسىزلىق تۇغدۇرۇپ قويىدىغان ئىش بولسا...

— پەقەت راست گەپ قىلمىدىڭىز ، — دېدى خىمونى-كورى ، — خارىداستەك قىزغا ئېرىشكەن ئادەمنىڭ غېمى بولامدى-غان ، بۇنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز ، شۇڭا...

— بولدى ، بولدى ، ئەمدى بۇ گەپنى قىلىشمايلى . سىز مېنىڭ كۆڭلۇمدىكىنى تاپتىڭىز . قېنى ، بۇياق خارىداسنى ماختام-دۇ - قانداق ، دېگەن مەقسەتتە ئەتەي شۇنداق دەپ قويغانىدىم . مېنىڭ هازىر ئەنسىرەيدىغىنىم پەقەت بىرلا ، ئۇ بولسىمۇ ، نولى-ناكخا ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭغا ئۇچلۇكى كېلىپ قالارمىكىن .جىيەنىم-نىڭ خېلىلىكى بار ، ئۇ ئەزەلدىن مۇشۇنداق . ئەگەر نولىناكخانىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى سەل - پەل سېزىپلا قالسا ، ئۇ قاتتىق ئازابلىنىپ قالىدۇ .

— نەدىكى يوق گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز ! نولىناكخا يامان كۆ-رۈپ قالارمىش تېخى . ئۇ يارىلىشتىن ئۇنداق ئادەم ئەمەس .

— ئېيتقىنىڭىز توغرا ، لېكىن خارىداسنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ئۆزىڭىزگە مەلۇم ، شۇڭا ئۇنىڭ جىق غېمىنى يەي-مەن . نولىناكخا ئۇنى يامان كۆرمەيدۇ دېگەن سۆز ئاڭلىماققا يامان ئەمەستەك قىلغىنى بىلەن ، لېكىن شۇنداق بولۇشىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلماس . ئۇنىڭ سىلەر بىلەن بىر ئۆيلۈكتەك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمىگۈچە ، مەن ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايمەن . ئۇ ئۆيگە تى-زىپ قويىدىغان جاهاز ئەمەس ، بەلكى ئادەمغۇ ! ئەگەر نولىناكخا ئۇنى يامانمۇ كۆرمەسلىك ، ياخشىمۇ كۆرمەسلىك بىلەن چەكلىنى-دىغان بولسا ، ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مۇشۇ چەككە كېلىپ توختايدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا مەن...

— قەدىرلىك ئەپەندى ، بۇ ئىشقا بۇنچىۋالا غەم قىلىشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق . نولىناكخانىڭ تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ خارى-داسقا بىر ئۆينىڭ كىشىسىدەك مۇئامىلە قىلىشى تۇرغان گەپ . نۇرغۇن ئىشلارنى سىرتىدىن قاراپلا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ .

لېكىن ، شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى ، نولىناكخا ئۇنى زادى قانداق ئورۇنغا قويۇش لازىملىقىنى ئاللىبۇرۇن ئويلاندى . ئۇنى قانداق قىلغاندا بەختلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ، قانداق قىلغاندا كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېلىھەم ئويلىنىۋاتىدۇ . بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ خېلى غېمىنى قىلغاندۇ ، مەسىلە پەقەت بىزنىڭ بىلمىگەنلىكىمىزدە .

— بۇ گېپىڭىز مېنى قەۋەت خۇش قىلدى ، — دېدى چوكرو بورتى ، — شۇنداقتىمۇ ، مەن مېڭىشتىن ئاۋۋال نولىناكخا ئەپەندى بىلەن تەپسىلىي سۆزلىشىپ باقسام . دۇنيادا ئايال كىشىنىڭ بەختىنى ھەقىقىي تۇردە ئۆز زىممىسىگە ئېلىشنى خالايدىغان ئەر كىشى ئاز تېپىلىدۇ . ئەگەر خۇدا نولىناكخا ئەپەندىگە ئاشۇنداق ئالىيجاناب پەزىلەتنى ئاتا قىلغان بولسا ، مەن ئۇنىڭغا ، ئاللىقانداق ئەرزىمىگەن كەمتەرلىك بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى يىراق تۇتماڭ ، دېيىشىم مۇمكىن . نولىناكخا ئەپەندى ئۇنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلىشى ، قىلچە ئىككىلەنمەي شۇنداق قىلىشى كېرەك .

چوكرو بورتىنىڭ نولىناكخاغا بولغان ئەقىدىسى ئانىنىڭ قەلبىنى غۇرۇر ۋە خۇشاللىققا چۆمدۈردى .

— مەن سىزنى خاپا بولۇپ قالارمىكىن دەپ خارىداسنى نولىناكخانىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ يۈرۈپتىمەن ، — دېدى خىمونكورى ، — ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالى ماڭا ناھايىتى ئېنىق ، مەن ئۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىمەن .

— ئەمىسە ، مەن كۆڭلۇمدىكى گەپنى سىزگە يوشۇرماي ئېيتىۋېرەي ، ئاڭلىسام نولىناكخا ئەپەندى يېقىندا توي قىلغۇدەك ، كېلىنىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالغان ، بىزدەك ئاددىي كىشىلەر ئالمىغان مەلۇماتقا ئېرىشكەن قىز ئوخشايدۇ . شۇڭا ، ئۆزۈمچە بەلكىم خارىداس...

— چۈشەندىم ، توغرا دەۋاتىسىز . راستتىنلا شۇنداق بولغان بولسا ، سىز خاتىرجەمسىزلىنىشكە ھەقلىق ئىدىڭىز . لېكىن ، ئۇ

توي بولمايدىغان بولدى.

— ياندىڭلارمۇ؟

— چاي ئىچكۈزمىگەن تۇرساق، بۇنىڭدا يېنىش - ياناسلىق دېگەن گەپ بولامدۇ. ئۇ نولىناكخانىڭ خىيالىدىمۇ يوق ئىش ئىدى. مەن ئۇنى توي قىلمامسەن دەپ سۈيلەۋېرىپتىمەن. ئەمدى ئۇنى ھەرگىز مەجبۇرلىمايمەن. خالىمىغان ئادەمگە مەجبۇرلاۋېرىشنىڭمۇ پايدىسى يوق ئىكەن. بەلكىم ئۇنىڭ تويىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولماي ئۆلۈپ كېتەرمەن. ئىشقىلىپ، خۇدانىڭ بۇيرۇغىنىنى ئالدىنئالا بىلىپ كەتكىلى بولمايدىكەن.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ! بىز دەك بۇرادەرلىرىڭىزنىڭ سىزگە پايدىسى تەگمەسمۇ؟ ئوتتۇرىلىقتا ئەلچى بولۇپ ماڭغانغا ئوبدان زىيابەت، ئۇستىلەپ سوۋغات تېگىدىغان گەپ. بۇ مېنىڭ نەپسىمنى تارتمايدۇ دەمسىز.

— شۇ ياخشى كۆڭلىڭىزگە خۇدايىم سىزنى كۆپ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرسۇن! كۆرۈپ تۇرۇپسىز، نولىناكخامۇ چوڭ بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ چاغقىچە توي قىلالمىغانلىقىغا پۈتۈنلەي مەن سەۋەبچى. مۇشۇ ئىش ئېسىمگە كېچىپ قالسىلا ناھايىتى ئازابلىنىپ كېتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن تاڭ، ئۆزۈمچىلا ئالدىراپ، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا خەقنىڭ ئالدىغا بېرىپ قىز سوراپ يۈرۈپتىمەن. ئەمدى ئۇ تويدىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. شۇڭا، ئەمدى سىلەر بولساڭلارمۇ ئويلىشىپ باقساڭلار، زادى باشقا ئامال بارمۇ - يوقمۇ، ھەرگىز ۋاقتىنى كەينىگە تارتمايلى، مېنىڭمۇ ساناقلىقلا كۈنلىرىم قالدى.

— بۇ گېپىڭىزنى قويۇڭ، — دېدى چوكرو بورتى، — سىز پات پۇرسەتتە كېلىنگە ئىگە بولىسىز. مەن سىزگە قانداق كېلىننىڭ ياقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن: ئانچە كىچىك بولمىسا، سىزگە كۆيۈنسە، ئىنتائەتچان بولسا بولىدىغۇ؟ بۇ شەرتكە توشمىغانلارغا بىزمۇ ئۇنىمايمىز. بولىدۇ، بۇ ئىشقا ئەمدى سىز كۆپ تەشۋىش چېكىپ كەتمەڭ. خۇدا خالىسا بۇ ئىشتا چاتاق يوق. ھازىر

قوشۇلسىڭىز ، خارىداس بىلەن ئىككى ئىغىز سۆزلىشىپ چىقسام . ئۇنىڭغا كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ قوياي . مەن بىرىپ شويلودجانى چاقىرىپ قوياي ، سىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسۇن . ئالدىنقى قېتىم سىز بىلەن كۆرۈشكەندىن بۇيان ئۇ سىزنى پەقەت ئىغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى .

— ياخشىسى ، ئۇچۇڭلار بىرگە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋېلىڭلار ، — دىدى خىمونكورى ، — مىنىڭ قىلىدىغان بىر ئاز ئىشىم بار .

چوكرو بورتى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— دۇنيادا سىزدەك ئادەمنىڭ بولغىنى مەندەك ئادەم ئۇچۇن غايەت زور بەخت ! — دىدى ئۇ ، — ئۇ ئىشىڭىزنىڭ نىمىلىكى بىر ئازدىن كىيىن بىزگە مەلۇم بولىدۇ . ھەر خىل شىرنىلىكلەرنى تەييارلاپ ، نولىناكخا ئەپەندىگە قىز تاپىمەن دەپ يۈرگەن تەلەيلىك براھماننى مىھمان قىلىۋېتەمسىز تىخى .

چوكرو بورتى ياندىكى ئۆيگە كىرگەندە ، كومولانىڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇندىمەستىن ئۇنىڭ چىراىغا قاراپ قويدى - دە ، قىزنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— دادا ، — دەپ سۆز باشلىدى شويلودجا ، — مەن باياتىن كومولاغا ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋالنى نولىناكخاغا ئېيتىدىغان پەيت كەلدى دەۋاتىمەن . لېكىن ، بۇ ئەقىلسىز خارىداسىڭىز ھەدەپ مەن بىلەن جاۋابلىشىپ ئۇنىمايدۇ .

— بولمايدۇ ، ئاچا ، — دىدى كومولا قىزىشقان ھالدا ، — خۇش بولاي ، ئەمدى ھەرگىز بۇ گەپنى ئاغزىڭىزغا ئالمىسىڭىز ، ئۇنداق قىلساق پەقەت بولمايدۇ .

— ئەجەب دىتىلىڭىز يوق ئىكەن ! — دىدى شويلودجا ، — مۇشۇ يەردە بىر ئىغىز گەپ قىلماي ، نولىناكخا ئەپەندى بىلەن خىمونلىنىنى توي قىلدۇرۇپ قويۇپ ئولتۇرماقچىمۇ ؟ سىلەر توي قىلغان كۈندىن بۇيان ، سىز قانچە جەبىر چەكمىدىڭىز ،

ھەتتا ھاياتىڭىزدىن ئايرىلغىلى تاس قالدىڭىزغۇ. ئەمدىلىكتە شۇنداق ئازابتىن بىرەرنى تارتقانغا نېمە بوپتۇ.

— نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدۇ، ئاچا، — دېدى كومولا، — شۇ نومۇسنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچە، ھەر قانداق تارتقۇلۇق بولسا تارتاي. ئۆزۈمگە نىسبەتەن ھازىرقى ئەھۋالىممۇ ناھايىتى ياخشى. ھازىرمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىمەن. ئەگەر بۇ ئىش يېيىلىپ كەتسە، ماڭا بۇ ئۆيدە باش كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئورۇن قالمايدۇ، سىز مېنى نومۇستىن ئۆلتۈرىسىز.

شويلودجا بۇ سۆزگە نېمە دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈشنى بىلمىسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە، نولىناكخانىڭ خىمنولىنىغا ئۆيلىنىشىگە يول قويۇش ھەقىقەتەن چىدىغۇسىز ئىش ئىدى.

— سىلەرچە توي بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى چوكرو بورتى.

— بولمامدىغان، دادا، — دېدى شويلودجا، — نولىناكخا ئەپەندىنىڭ ئاپىسى قىزغا ئاللىقاچان پاتىھە بېرىپ بولدى.

— خۇدانىڭ شەپقىتى بىلەن پاتىھە بىكار قىلىندى. كومولا، سىز پەقەت ئەندىشە قىلماڭ، ئەزىزىم، نىيىتى دۇرۇس ئادەملەر ھامان ياخشى كۈنگە ئېرىشىدۇ.

كومولا بۇ سۆزنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، كۆزىنى پارقىراتقىنىچە چوكرو بورتى تاغىغا قاراپ قالدى.

— توي بولمايدىغان بولدى، — دەپ چۈشەندۈردى چوكرو بورتى تاغا، — بۇ پەقەت نولىناكخانىڭ قوشۇلمىغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ھازىر ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ھوشىنى يىغدى.

بۇ سۆزدىن شويلودجا ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى.

— ئاخىر بۇ بالا-قازادىن قۇتۇلۇپتۇق، دادا! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى شويلودجا، — ئۇلارنىڭ توي قىلىدىغىنىنى ئاڭلاپ ئاخشام تۈن بويى كىرپىك قاقماي چىقتىم. نېمىلا دېگەنبىلەن، بۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى كومولاغۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ بۇ يەردە يات كىشىدەك يۈرۈۋېرەمدۇ؟ بىز قاچان بۇ ئىشنىڭ چىگىشىنى

چىقىرىمىز ؟

— ئالدىرىما ، شويلودجا ، ۋاقتى كەلگەندە بۇ ئىش ئۆزى ھەل بولىدۇ .

— ھازىرقى ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ناھايىتى ياخشى . مەن ھېچقاندـاق ئۆزگىرىش بولۇشنى خالىمايمەن . مەن ھازىرمۇ بەختلىك . مېنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىمىز دەپ ئۇرۇنساڭلار ، ئاقىۋەتتە مېنى تېخىمۇ يامان كۈنگە سېلىپ قويىسىلەر . قەدىرلىك تاغا ، مەن سىزدىن يالۋۇرۇپ ئۆتۈنەي ، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمىسىڭىز ، مۇشۇ يەردە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋېرەي ، سىلەر مېنى خىياللىرىڭلارـدىن چىقىرىۋېتىڭلار . مەن ھېلىھەم بەختلىكمەن ، — كومولا سۆزـلەۋېتىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى .

بۇ ھالنى كۆرۈپ چوكرو بورتى يۈرىكىگە پىچاق تىققاندەك ئازابلاندى .

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ، قىزىم ؟ بولدى ، يىغلىماڭ ! كۆڭـلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن . بىز ھەرگىز سىزنى تەس كويغا سېلىپ قويمايمىز . تەقدىر ئىلاھىنىڭ بۇيرۇغىنى بار ، ھەممە ئىشنى ئالدىرىماي توغرىلايدۇ . بىز ھەرگىز تەنتەكلىك قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويمايمىز ! مەن شۇنچە ياشقا كەلدىم ، قانداق ئىشقا ئارىلاشماسلىق كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن .

دەل شۇ چاغدا ، ئومىش ئۆيگە كىردى . ئۇنىڭ چىرايىدىن ئادەتتىكىدەك كۈلكە يېغىپ تۇراتتى .

— ھە ، قانداقراق ، ئومىش ؟ — دەپ سورىدى چوكرو بورتى تاغا .

— رومىش ئەپەندى ئاستىنقى قەۋەتتە دوختۇر بىلەن كۆرۈشىـمەن دەپ تۇرىدۇ ، — دېدى ئومىش .

كومولانىڭ چىرايى دەرھال ئاقىرىپ كەتتى . چوكرو بورتى تاغا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە :

— ۋايىم يېمەڭ ، ئەزىزىم ، بۇنىڭغا ئۆزۈم ئامال قىلاي ، — دەپلا پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى .

— يۇرۇڭ ، رومىش ئەپەندى ، — دېدى ئۇ رومىشنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ، — سىزگە بىر ئاز پارىڭىم بار .

— تاغا ، قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدىڭىز ؟ — دېدى رومىش ھەيرانلىق بىلەن .

— مەن بۇ يەرگە سىزنىڭ ئىشىڭىز بىلەن كەلدىم ، — دېدى چوكرو بورتى تاغا ، — سىزنى ئۇچراتقىنىم ناھايىتى ياخشى بولدى . تېزراق مېڭىڭ ، ۋاقىت ناھايىتى چەكلىك ، ئالدى بىلەن بىر ئىشنى ئېنىقلىۋالايلى ، — ئۇ سۆزلىگەچ رومىشنى چوڭ يولغا ئېلىپ چىقتى ، — رومىش ئەپەندى ، نولىناكخانىڭ ئۆيىگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز ؟

— نولىناكخا ئەپەندىنى ئالايىتەن ئىزدەپ كېلىشىمدىكى سەۋەب ، — دېدى رومىش ، — مەن كومولاغا ئالاقىدار بارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتماقچىمەن . مەن ھازىرغىچە ئۇنى ھاياتمىكىن دەپ يۈرىمەن .

— مۇنداق دەڭ ، ماقۇل ئۇنى ھاياتمۇ دەيلى ، نولىناكخا ئۇنى ئۇچراتقانمۇ بولسۇن ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، سىز بۇ ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن دېسىڭىز ، بۇ سىزچە مۇۋاپىق بولارمۇ ؟ تېخى ئۇنىڭ ياشانغان ئانىسىمۇ بار . ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپسا ، كومولا ئۇچۇن پايدىسىز بولۇپ قالارمىكىن .

— بۇ ئىشنىڭ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا نېمە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى مەن بىلمەيمەن ، — دېدى رومىش ، — لېكىن مەن كومولانىڭ قىلچە گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى نولىناكخا ئەپەندىگە چوقۇم بىلدۇرۇپ قويماقچىمەن . ناۋادا ئۇ ئۆلگەن تەقدىردىمۇ ، نولىناكخا ئەپەندى ئۇنىڭ روھىنى ئەزىزلەپ مەڭگۈ ياد ئېتىپ تۇرۇشى كېرەك .

— مەن سىلەرنى ، ھازىرقى زامان ياشلىرىنى پەقەت چۈشەنمەيمەن ، — دېدى چوكرو بورتى تاغا ، — ئەگەر كومولا ھەقىقەتەن ئۆلگەن بولسا ، ئۇنىڭ خاتىرىسى بىلەن نولىناكخانى پەرىشان قىلىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ نېمىلا دېمەڭ ، ئۇلار پەقەت بىر كې-

چىلا ئەر ـ خوتۇن بولۇشقانغۇ.. ئاۋۇ ئۆيىنى كۆرۈۋاتامسىز ؟ ھە ، مانا مەن شۇ ئۆيدە تۇرىمەن ، ئەتە ئەتىگەن كەلسىڭىز ، مەن سىزگە ھەممە گەپنى ئېيتىپ بېرىمەن . مەن سىزدىن ئىلتىماس قىلىمەن ، ئىككىمىز پاراڭلاشقۇچە ، ھەرگىز نولىناكخا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇڭ .

چوكرو بورتى تاغا رومىشنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كومولاغا دېدى :

— ئەتە ئەتىگەنلىككە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ ، ئەزىزىم . مېنىڭچە سىز رومىش ئەپەندىگە پۈتۈن ئەھۋالنى ئوچۇق چۈشەندۈرمىسىڭىز بولمايدۇ .

كومولا يەرگە قارىغىنىچە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى .

— بىزگە بۈنىڭدىن باشقا ئامال يوق ، — چوكرو بورتى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ھازىرقى زامانىنىڭ ياشلىرى قەدىمكىلەرنىڭ تۇتقان يولىغا ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ . پەقەت قورۇنماڭ ، ئەزىزىم . قاراپ تۇرۇپ ھوقۇقىڭىزنى تارتقۇزۇپ قويسىڭىز بولمايدۇ .بۇ سىزنىڭ بۇرچىڭىز ، بۇنى ھەرگىز باشقا ئادەم سىزگە قىلىپ بەرمەيدۇ . بىز قانداق ئامال قىلغان بىلەنمۇ ، سىز ئوينىغان رولنى ئوينىيالمايمىز .

كومولا ئاۋۇالقىدەكلا بېشىنى سىلىپ ئۈندىمەي تۇرىۋەردى .

— بىز يولىڭىزدىكى پۈتلىكاشاڭلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئېلىۋەتتۇق ، قالغان ـ قاتقان ئىشنى ئۆزىڭىز بىر نېمە قىلىڭ ، ئەمدى ئىككىلەنسىڭىز بولمايدۇ .

تۇيۇقسىز ئاياغ تىۋشى ئاڭلاندى ، كومولا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، بوسۇغىدا تۇرغان نولىناكخانى كۆردى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى توقۇنۇشتى . بۇ قېتىم ئۇ ئىلگىرىكىدەك دەرھال كۆزىنى قاچۇرۇپ چىقىپ كەتمىدى . ئۇنىڭ كومولاغا نەزەر سېلىشى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت داۋام قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ تۇنجى قېتىملىق ھەقىقىي قاراش ئىدى . ئۇ ئىلگىرى كومولاغا زەن سېلىپ قاراشقا ئۆزىنى ھوقۇقسىز ھېسابلايتتى ، لېكىن بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى .

كېيىن ئۇ شويلودجانى كۆرۈپ دەرھال بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتـ.
مەكچى بولۇۋىدى، چوكرو بورتى ئۇنى توختىتىۋالدى.

— توختاڭ، نولىناكخا ئەپەندى! بىز ھېچقايسىمىز يات ئادەمـ.
لەر ئەمەس. بۇ مېنىڭ قىزىم شويلودجا بولىدۇ. ئۇنىڭ قىزى
كېسەل بولۇپ قالغاندا سىز بېرىپ كۆرگەن.

شويلودجا نولىناكخاغا تەزىم قىلدى.

— قىزىڭىز ياخشى بولۇپ قالغاندۇ؟ — دېدى ئۇ شويلودجاـ
نىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىپ.

— ئۇ پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتتى، — دېدى شويلودجا.

— سىز بىـلەن ئولـتۇرۇپ سۆزلـەشكـۈدەك پۇرسـەت
بولمىدى، — دېدى چوكرو بورتى تاغا، — كېلىڭ، پاراڭلىشىپ
ئولتۇرايلى.

چوكرو بورتى تاغا ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ بولۇپ
يېنىغا قارىغانىدى، كومولا كۆرۈنمىدى، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەـ
نىدى. نولىناكخانىڭ كۆزلىرىدىكى سېھرىي كۈچ كومولانىڭ قەلـ
بىنى شادلىق ھاياجانغا چۆمدۈرگەن، ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىش
ئۈچۈن ئۆزىنى چەتكە ئالمىسا بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى.

شۇ ئەسنادا، خىمونكورى ئۆيگە كىردى.

— مەن سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ
چوكرو بورتىغا، — غىزا تەييار بولۇپ قالدى.

— سىز ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەندىن بېرى، مېنى قاچان
«ئاۋارە» قىلىدىكىن، دەپ شۆلگەيلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئولـ
تۇرغانىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى چوكرو بورتى تاغا.

ئۇ قورساقنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مېھمانخانىغا
كىرىپ، نولىناكخا بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىغا:

— سىلەر بىر ئاز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ھېلى كېلىـ
مەن، — دېدى.

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بىر ـ ئىككى مىنۇت ئۆتمەيلا
كومولانى باشلاپ كىردى، شويـلودجـامۇ ئۇلارنىڭ كـەينىدىن

كىردى .

— نولىناكىخا ئەپەندى ، — دەپ سۆز باشلىدى چوكىرو بورتى ، — سىز بىزنىڭ خارىداسقا ھەرگىز يات ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلماڭ . بۇ بىچارە قىزنى سىلەرگە قالدۇرۇپ كەتمەكچىمەن . مەن سىزدىن ، ئانىڭىزدىن ، قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن ، بۇ قىزنى ئۆز ئۆيۈڭلارنىڭ كىشىسىدەك قارىشىڭلارنى سورايمەن . ئۆمۈرۋايەت ئىككىڭلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشتىن باشقا ئۇنىڭ ھېچقانداق تىلىكىمۇ يوق . ئۇ بىلىپ تۇرۇپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدۇ ، بۇنىڭغا مانا مەن كېپىل .

— بۇنىڭدىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، ئەپەندى ، — دېدى خىمونكورى ، — بىز خارىداسنى ئۆزىمىزنىڭ قىزىدەك كۆرۈۋاتىمىز . تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى كۆرسىتىپ بېرىمەن دەپ ئارتۇقچە ئويلىنىپ كېتىشكىمۇ توغرا كەلمىدى . ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مەن ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئاشخانا ، ئامبارلارنىڭ ھەممىسى ھازىر ماڭا پۈتۈنلەي ئالاقىسىز بولۇپ قالدى . خىزمەتكارلارمۇ مېنى خوجايىن ھېسابلىمايدۇ . نىمىشقىكىن ، بارغانسېرى ئۆزۈمگە ئىگە بولالمايۋاتىمەن . بۇرۇن ئاچقۇچلارغا ئۆزۈم ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ، قانداق بولدى ، خارىداس ئۇنىمۇ قولغا كىرگۈزۈۋالدى . قېنى ، ئېيتىڭچۇ ، سىز بۇ كىچىك قاراقچىڭىز ئۈچۈن يەنە نېمە تەلەپ قىلماقچى؟ سىز بايامقى گەپلىرىڭىزنى باھانە قىلىپ ئۇنى ئەپكەتمەكچىمۇ؟ ئۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز ، بۇ چوڭ بۇلاڭچىلىق بولىدۇ ، جۇمۇ !

— مەن ئۇنىڭغا كېتەيلى دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ئۇنىمايدۇ ، بۇنىڭدىن خاتىرىڭىز جەم بولسۇن ، — دېدى چوكىرو بورتى ، — سىلەر ئۇنى شۇنچىلىك سېھىرلىۋاپسىلەركى ، ئۇ بۇ ئۆيدىن باشقا يەردىمۇ ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ئوخشايدۇ . بىچارە قىز ، كۆپ مۇشەققەتلەرنى تارتقان ، مانا ئەمدى بۇ يەردە ئۆزىگە ئاراملىق تاپتى . قادىر ئىگەم ئۇنىڭغا مەڭگۈ مۇشۇنداق ئاراملىق ئاتا قىلسۇن ، ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ شەپقىتىڭلار مەڭگۈ يار

بولسۇن . بۇ مېنىڭ ئايرىلىش ئالدىدىكى پاتىھەم ! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى .

نولىناكخا باشتىن - ئاياغ قىمىرلىماي ئولتۇرغىنىچە پاراڭغا قۇلاق سالدى .

مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن ، ئۇ ئاستا ئۆزىنىڭ خانىسىگە كىرىپ كەتتى . پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرى ئۇنىڭ خانىسىنى ئۇياتچان كېلىنچەكنىڭ يۈزىدىكى ئانار رەڭگىدەك قىزىللىققا چۆمدۈرگەنىدى . قانغا ئوخشاش قىزىل نۇرلار گويا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدىشىپ تومۇر - تومۇرلىرىدا ئۇرغۇماقتا ئىدى .

بۈگۈن ئەتىگەندە ، ئۇنىڭ ھىندىستانلىق بىر دوستى ئۇنىڭغا بىر سېۋەت ئەتىرگۈل ئەۋەتكەنىدى . خىمونكورى ئۇنى كومولاغا تاپشۇردى . ئۇ بىر قىسىم گۈللەرنى گۈلدانغا سېلىپ نولىناكخانىڭ خانىسىغا قويۇپ قويغانىدى . ھازىر بۇ گۈلدىن چىقىۋاتقان خۇش پۇراق گۈپۈلدەپ ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلاتتى . جىمجىتلىق ئىچىدە ، قىزىل شەپەق ، ئەتىرگۈلنىڭ خۇشبۇيى ھىدى قوشۇلۇپ ئۇنىڭ قەلبىنى دولقۇنلاندۇرماقتا ئىدى .

ئۇ ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ئۆز نەپسىنى تەرك قىلىدىغان ، مەنىسى يوق ، رىيازەتلىك ھاياتقا قۇل بولۇپ ئۆتكەنىدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭغا كۆپ تارلىق چالغۇنىڭ يېقىملىق ناۋاسى ئۆز ئەتراپىدا ياڭراۋاتقاندەك ، پۈتكۈل ئالەم كۆزگە كۆرۈنمەس رەققاسلارنىڭ ئايىغىدىكى قوڭغۇراقلارنىڭ زىل ساداسىغا تولغاندەك بىلىندى .

دېرىزە ئالدىدا تۇرغان نولىناكخا كەينىگە بۇرۇلۇپ ، كارىۋات بېشىغا قويۇلغان بىر دەستە گۈلنى كۆردى . گويا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۈللەر ئەمەس ، تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەر ئۇنىڭ قەلب قەسرى ئالدىدا تەلمۈرۈپ ، ئۇنىڭغا سۆزسىز ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك بىلىندى .

ئۇ گۈلدىن بىر تال ئالدى . سارغۇچ كەلگەن بۇ گۈل تېخى ئېچىلمىغان غۇنچە بولسىمۇ ، پۇرىقى دىماغنى ياراتتى . ئۇنىڭ گۈل سىقىمدىغان بارماقلىرىغا كىمنىڭدۇ بىرسىنىڭ قولىنىڭ ھارارىتى

تەگكەندەك بىلىندى ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ بۇ يۇمران غۇنچىنى لېۋىگە تەگكۈزدى، كۆزلىرىگە سۈرتتى.

پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى گۇگۇم ئاسمىنىنى يورۇتماقتا ئىدى. نولىناكخا خانىسىدىن چىقىپ كېتىشتىن ئاۋۋال كارىۋىتىغا بېرىپ، ھېلىقى ئەتىرگۈلنى ياستۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈشىگە، كۆتۈلمىگەندە، كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۈگۈلۈپ ياتقان بىرسىنى كۆرۈپ قالدى، بۇ، كومولا ئىدى. بىچارە قىز يۈزىگە پەرەنجىسىنى يۆركىۋالغان بولۇپ، خىجىللىقتىن ئۆزىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەي قالغاندى. ئاھ، ئەمدى خىجىل بولۇش پەيتى ئەمەس ئىدىغۇ!

ئەسلىدە، كومولا نولىناكخانىڭ كارىۋىتىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئەتىرگۈلنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز نولىناكخانىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۆزىنى مۇشۇ يەرگە ئالغانىدى. ئۇ نە قېچىشنى، نە مۆكۈشنى بىلمەي تۇرغاندا، نولىناكخا ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ تولىمۇ ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئۇنى خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، نولىناكخا قەدەملىرىنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ ئىشىك تامان ماڭدى، لېكىن بوسۇغا ئالدىغا كەلگەن چاغدا، نېمىشقىدۇ يۈرىكى باشقىچە بولدى ـ دە، ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى. ناھايەت، ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئېگىلىپ تۇرۇپ كومولاغا دېدى:

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئۆزىڭىزنى مەندىن قاچۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق!

## ئاتمىش بىرىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگىنى كومولا چوكرو بورتىلارنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئادەم يوق چاغدا شويلودجانى بىر چەتكە تارتىپ قىزغىن قۇچاق-

لىدى .
— بۈگۈن نېمە ئىشقا مۇنچىلىك خۇشالدۇرسىز ، قەدىرلىد۔
كىم ؟ — دەپ سورىدى شويلودجا ئۇنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ تۇرۇپ .
— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، ئاچا ، ئىشقىلىپ ، ئازابلىق كۆنلە۔
رىم ئەمدى تۈگىگەن ئوخشايدۇ .
— بۇ گەپنى ماڭا دەپ بەرمىسىڭىز ئۇنىمايمەن . تۇنۇگۈن
كەچ كىرگۈچە سىز بىلەن بىللە ئىدۇققۇ ، بىز كېتىپلا يېڭى بىر
ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ ؟
— ئېيتقۇدەك بىر ئىشقۇ بولغىنى يوق ، لېكىن شۇنداقتىمۇ ،
مەن ئۇنى ئۆزۈمگە مەنسۇپتەك ھېس قىلىۋاتىمەن ، خۇدانىڭ ئەمدى
ماڭا رەھمى كەلگەن ئوخشايدۇ .
— بۇ ئوبدان ئىشقۇ ، قەدىرلىكىم . بىراق ، سىردىڭىزنى
مەندىن يوشۇرماڭ ، ھەممىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ ! — دېدى
شويلودجا .
— مەن سىزدىن ھېچنېمە يوشۇرمايمەن ، ئاچا ، راستىنى
دېسەم ، نېمە دېيىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن . بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇم۔
دىن تۇرغاندا ، ھايات ماڭا يېڭى مەنە ئىنئام قىلغاندەك تۇيۇلدى .
قەلبىم ئاجايىپ خۇشاللىقلارغا چۆمگەندەك ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىم۔
مۇ ئاللىقانداق يەڭگىللەپ قالغاندەك تۇرىدۇ . پۈتكۈل ئارزۇ ـ
ئارمانلىرىم ئەمەلگە ئاشقان ئوخشايدۇ . پەقەت قولۇمغا كەلگەن
نەرسىدىن ئايرىلىپ قالىمەنمىكىن دەپلا ئەنسىرەيمەن . خۇدانىڭ
ماڭا بۇنداق بەختنى ئۆمۈرۋايەت نېسىپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم
كەلمەيدۇ .
— مېنىڭچە ، ئەمدى سىزنىڭ ئىشىڭىز ئوڭغا تارتتى . ئەمدى
سىزنىڭ بەختىڭىزگە ھېچكىم توپا چاچالمايدۇ . سىز بەھرىمەن
بولۇشقا تېگىشلىك بەختنى چوقۇم ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇۋالىسىز .
— ياق ، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ ، ئاچا . سىز دېگەن «ئۆسۈم»
ئاللىقاچان قولۇمغا كەلگەن . پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىردىن رەن۔
جىيدىغان ھېچنەرىم يوق . ماڭا باشقا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس .

دەل شۇ چاغدا ، چوكرو بورتى تاغا ئۆيگە كىرىپ كەلدى .
— سىز نېرىقى ئۆيگە بىر چىقىپ كىرىسىڭىز ، ئەزىزىم ، — دېدى ئۇ كومولاغا ، — رومىش ئەپەندى كەلدى .
چوكرو بورتى تاغا بۇ يەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن رومىش ئوتتۇرىسىدا مۇنداق پاراڭلار بولۇنغانىدى .
— كومولا بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئەھۋاللار ماڭا ئايان ، — دېدى ئۇ رومىشقا ، — ھازىر سىزگە بېرىدىغان مەسلىھىتىم : كومولانى ئۇنتۇڭ ، ئۆزىڭىزنىڭ يېڭى تۇرمۇش يولىدىڭىزغا قەدەم قويۇڭ . ئەگەر كومولا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بار دەپ قارىسىڭىز ، ئەمدى ئۇنى خۇداغا قويۇڭ ، ھەرگىز قايتا ئۇرۇنۇپ يۈرمەڭ .
— مەن كومولا بىلەن بولغان ئالاقەمنى ئۈزۈشتىن ئىلگىرى ، چوقۇم نولىناكخا ئەپەندىگە بارلىق ئەھۋاللارنى ئېچىپ ئېيتىشىم كېرەك . ئۇنىڭسىز كۆڭلۈممۇ تىنچىمايدۇ ، يېڭىچە تۇرمۇش يولىغىمۇ قەدەم قويالمايمەن . بەلكىم ھازىر كومولانىڭ ئىشىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىزدۇ ، بەلكىم ھاجەتسىزمۇ ئەمەستۇ . پۈتۈنلەي ھاجەتسىز دەپ قارالغان تەقدىردىمۇ ، مەن ئېيتىشقا تېگىشلىك گەپلىرىمنى ئېيتىۋالمىسام ، ھەرگىز كۆڭلۈم تىنچىمايدۇ .
— بولىدۇ ، — دېدى چوكرو بورتى تاغا ، — بىر ئاز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ ، مەن ھېلى كېلىمەن .
رومىش دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ، كوچىدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە سوغۇق نەزەر تاشلاپ تۇراتتى ، تۇيۇقسىز ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى . ئۇ بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىۋىدى ، بېشى يەرگە تەگكۇدەك ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرغان بىر قىزنى كۆردى . قىز ئۆز قامىتىنى كۆتۈرۈپ رۇسلانغاندىن كېيىن ، رومىش : «كومولا !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭغا تاشلاندى .
ئۇنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتەن كومولا تۇراتتى ، ئۇ ئۇندىمەي ، قىمىرلىماي تۇراتتى .

— خۇداغا شۇكۇر ! رومىش ئەپەندى ، — دېدى كومولانىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كىرگەن چوكرو بورتى تاغا ، — كومولانىڭ بەختسىز تەقدىرى ئاياغلىشىش ئالدىدا ، پارلاق ئىستىقبال ئۇنىڭغا كۇلۇمسىرەۋاتىدۇ . ئۇ زور خەتەرگە دۇچ كەلگەن چاغدا ، سىز ئۇنى قۇتۇلدۇرغان . ھالبۇكى ، بۇ ئىش سىزگە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى . ئەمدى سىلەر ئايرىلىش ئالدىدا تۇرسىلەر ، ئۇ سىزدىن نۇرغۇن ئىلتىپات كۆردى . بۇنداق چاغدا ئۇ سىزگە گەپ قىلماي كېتەلمەيدۇ . ئۇ ھازىر سىز بىلەن خوشلاشقىلى ، سىزنىڭ دۇئايىڭىزنى ئالغىلى كەلدى .

رومىش بىر ھازاغىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى .

— خوش ، خۇداغا ئامانەت ، كومولا ، — دېدى ئۇ سەلدىن كېيىن ، — بىلىپ - بىلمەي كۆڭلىڭىزنى رەنجىتىپ قويغان يەرلىرىم بولسا ، كەچۈرۈڭ .

كومولا ئۆزىنى تامغا تىرەپ ئارانلا تۇراتتى . ئۇ بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمىدى .

بىر ئازدىن كېيىن رومىش يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ماڭا ھاۋالە قىلىدىغان گېپىڭىز بولسا ياكى مەن بېرىپ چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشلار بولسا ئېيتىۋېرىڭ ، مەن چوقۇم ئورۇنلايمەن .

— مەن سىزدىن ئۆتۈنەي ، مۇشۇ ھەقتە ھېچكىمگە تىنمىسىڭىز ، — دېدى كومولا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ .

— خېلى ئۇزۇن زامانغىچە ، سىز ھەقتە ھېچكىمگە گەپ قىلمىدىم ، — دېدى رومىش ، — بۇ ئىشلارنى ئىچىمگە سېلىپ يوشۇرۇش ماڭا ھېسابسىز ئازاب بېغىشلىغان بولسىمۇ ، مەن يەنە لېۋىمنى چىشلەپ يۈرۈۋەردىم . پەقەت بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ، مەن سىزنى بۇ دۇنيانىڭ غەم - غۇسسىسىدىن خالاس بولدى دەپ ئىشەنگەن چېغىمدىلا ، سىز ھەقتە باشقىلارغا سۆز ئاچتىم . بۇمۇ بىر ئائىلىنىڭ بىر نەچچە كىشىسى بىلەنلا چەكلەندى . مېنىڭچە ، بۇ ئىشنىڭ سىزگە ھېچقانداق زىيىنى يوق . راس-

تىنى ئېيتقاندا، بەلكىم بۇنىڭ سىزگە بىر ئاز پايدىسى تېگىپ قېلىشى مۇمكىن. تاغىمىزنىڭ پۈتۈن ئەھۋالدىن خەۋىرى بارلىقى ئېنىق، ئەمدى ھېلىقى ئۇنىڭدا ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ قىزى...

— سىز خىمنولىنىنى دېمەكچىغۇ دەيمەن، — دېدى چوكرو بورتى تاغا لوقما سېلىپ، — ئۇلارمۇ كومولانىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقانمىدۇ؟

— خەۋەر تاپتى، — دېدى رومىش، — ئەگەر ئۇلارغا يەنە بىرەر نەرسىنى خەۋەر قىلماق زۆرۈر بولسا، مەن تەييار. مېنىڭ باشقا ئارزۇ - تىلىكىممۇ يوق. باشقا نەرسىلەرغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ھەتتا ھاياتىمدىمۇ زور تالاپەت تارتتىم. ھازىر قەلبىمنى باغلاپ تۇرغان بارلىق رىشتىلەردىن ئۈزۈل - كېسىل ئادا بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئارزۇيۇممۇ يوق. بولسا بوينۇمدىكى قەرزلەرنى دەرھال ئادا قىلىپ بالدۇرراق ئەركىنلىككە ئېرىشسەم.

— ياق، رومىش ئەپەندى، — دېدى چوكرو بورتى تاغا ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ سىزگە ھېچقانداق تەلىپىمىز يوق. ئۆزىڭىزمۇ يەتكۈدەك جەبىر چەكتىڭىز، خۇدايىم بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ئەركىن - ئازادە، بەختلىك، غەمسىز ھايات كەچۈرۈشكە نېسىپ قىلسۇن.

— ئەمدى مەن كېتەي، — دېدى رومىش كومولاغا بۇرۇلۇپ. كومولا يەنىلا ئۈنچىقماستىن، بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى.

رومىش خۇددى چۈشەكەۋاتقاندەك بىر ھالەتتە كوچىغا چىقتى. «خەيرىيەت، كومولانى ئۇچراتقىنىم ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى بۇ ئاجايىپ سەرگۈزەشتە ئوبدان ئاياغلاشتى. گەرچە ئۇنى گاجىپوردىكى ئۆيىمىزدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان نەرسىنى ھازىرغىچە ئايدىڭلاشتۇرالمىغان بولسامۇ، لېكىن شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى: مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە. مېنىڭ ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىمگە كېرىكىم قالمىدى.

ئەمدى چەكسىز كەتكەن تىرىكچىلىك دۇنياسىدا ئۆز تۇرمۇشۇمنى داۋام ئېتەي . ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى » .

## ئاتمىش ئىككىنچى باب

كومولا ئۆيگە كىرگەندە ، ئۇننودا ئەپەندى بىلەن خىمونولىنىڭ خىمونكورى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى .

— هە ، مانا خارىداس كەلدى ! — دەپ توۋلىۋەتتى خىمونكورى ئۇنى كۆرۈپلا ، — دوستىڭىز بىلەن ئۆيىڭىزگە چىقىپ بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرساڭلار قانداق ، قىزىم ؟ بىز بۇ يەردە ئۇننودا ئەپەندى بىلەن چاي ئىچىشىپ ئولتۇرايلى .

خىمونولىنى كومولانىڭ ئۆيىگە كىرىپلا ، ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلىغىنىچە توۋلىدى : «كومولا !»

— سىز مېنىڭ ئىسمىمنى نەدىن بىلىسىز ؟ — دەپ سورىدى كومولا . ئۇنىڭ چىرايىدىن هەيرانلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى .

— بۇرۇنقى ئەھۋالىڭىزنى بىرسىدىن ئاڭلىدىم . نېمىشقىكىن ـ تاڭ ، ئىشقىلىپ ، شۇ پاراڭلارنى ئاڭلىغان هامان ، مەن سىزنى چوقۇم كومولا دەپ ئويلىدىم .

— مەن ئۆز ئىسمىمنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايمەن ، — دېدى كومولا ، — ئۇ ئىسىم مەن ئۈچۈن لەنەت تامغىسى بولۇپ قالدى .

— لېكىن ، بۇ ئىسمىڭىز سىزنىڭ هوقۇقىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ .

كومولا بېشىنى چايقىدى .

— مەن ئۇنداق هېسابلىمايمەن . مېنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگۈدەك هېچقانداق هوقۇقۇممۇ يوق . هېچقانداق هوقۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىمۇ خالىمايمەن .

— ئېرىڭىزدىن شۇ ئىشلارنى يوشۇرۇپ يۈرۈۋېرىشكە سىزنىڭ

زادى نېمە ھەققىڭىز بار؟ سىز نېمىشقا ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرمايسىز؟ سىز ئۇنىڭدىن ھەر قانداق ئىشنى يوشۇرماسلىقىڭىز كېرەك.

كومولانىڭ چىرايى شۇئان تاتاردى. ئۇ خىمنولىنىغا دەيدىغان گەپ تاپالمايۋاتقاندەك، ئىلاجسىز قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاخىر كارىۋاتقا قىڭغايدى ــ دە، سۆز باشلىدى:

— ئەمەلىيەتتە، مەندىن ھېچقانداق سەۋەبلىك ئۆتكەن يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق، زادى نېمە ئۈچۈن بۇنداق نۇمۇسلىنىپ يۈرگىنىمنى بىر خۇدادىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ! مەن ھېچقانداق گۇناھ قىلماي تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن مۇنچىلىك جازا تارتىمەن؟ مەن قانداقمۇ بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېيەلەيمەن؟

— بۇ ھېچقانداق جازا ئەمەس، بەلكى گۇناھتىن ساقىت بولۇشنىڭ يولى. سىز دەسلەپتىلا راست گەپنى قىلماي ئۆزىڭىزنى بىر تۇيۇق يولغا چۈشۈرۈپ قويۇپسىز. ئەگەر ئېرىڭىزدىن بۇ ئىشنى يوشۇرىۋەرسىڭىز، بۇ پالاكەتچىلىكتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايسىز. ئەمدى قالغان ئىشنى خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن كۆرۈپ، ئۆزىڭىزنى بۇ تۇيۇق يولدىن قۇتۇلدۇرۇڭ.

— مەن ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ئەنسىرەپ بۇ ئىشنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىكەنمەن. كۆڭلىڭىزدىكىنى چۈشەندىم. بوپتۇ، ئاقىۋىتى قانداق بولسا بولسۇن، مەن ئەمدى ئۇنىڭغا ئېيتىمەن. ئەمدى ھەرگىز ئۇنىڭدىن بۇ ئىشلارنى يوشۇرمايمەن، — كومولا سۆزلەۋېتىپ قوللىرىنى مەھكەم كىرىشتۇردى.

— سىز ئەمدى قانداق ئۇسۇل قوللىنىشنى خالايسىز؟ — دېدى خىمنولىنى مېھرىبانلىق بىلەن، — كىشى قويامسىز ـ يا؟

كومولا قايتا ـ قايتا باش چايقىدى.

— ياق، بۇ ئىشقا ھەرگىز كىشى قويمايمەن. چوقۇم ئۆزۈم بېرىپ ئېيتىمەن. سىز مېنى قىلالمامدىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ.

— ئۇنداق قىلسىڭىزغۇ قالتىس ياخشى بولىدۇ، — دېدى

خىمولىنى ، — بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشەلەمدۇق - يوق ، بۇنىسى ناتايىن ، سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويغىلى كەلگەنىدىم ، بىز ئەتە ماڭىدىغان بولۇپ قالدۇق .

— نەگە ماڭىسىلەر ؟

— كالكۇتتىغا ، بولدى ، ئەمدى سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئالماي ، ئەتىگەندە بىر مۇنچە ئىشلىرىڭىز بار . ئەمىسە ، مەن ماڭاي ، سىڭ-لىم . مۇشۇنداق بىر ئاچام بار ئىدى دەپ ئەسلەپ تۇرارسىز .

— كەلگۈسىدە چوقۇم ماڭا خەت يېزىپ تۇرۇڭ ، ماقۇلمۇ ؟ — دېدى كومولا ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ .

خىمولىنى خەت يېزىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردى .

— سىز ماڭا مەسلىھەت بېرىپ تۇرۇڭ ، خېتىڭىزنىڭ ماڭا چوقۇم مەدەت بېرىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن .

خىمولىنى ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى .

— ئۇنىڭدىغۇ چاتاق يوق ، لېكىن سىز كەلگۈسىدە چوقۇم مەندىن ياخشى مەسلىھەتچىگە ئېرىشىسىز .

كومولا ئاغزىدىن چىقارمىغان بولسىمۇ ، كۆڭلىدە خىمولىنى ئۈچۈن خېلى ئىزتىراپ چەكتى . خىمولىنى ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشقىنى بىلەن ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى . بۇ كومولانىڭ يۈرىكىدە ئېچىنىش تۇيغۇسىنى ئويغاتتى . لېكىن ، خىمولىنىنىڭ چىرايىدىن كىشى-لەرگە بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەيدىغان بىر خىل ھالەت سېزىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، كومولا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە سۆزلەشنى خالىمىدى . ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆيىنى سورۇشتۇرۇشقا تېخىمۇ ئۇرۇن-مىدى . بۇگۈن كومولا خىمولىنىغا يۈرىكىدىكى سىرلارنىڭ بىرى-نى قالدۇرماي ئېيتتى . لېكىن ، خىمولىنى باشتىن - ئاخىر ئۆز ئەھۋالىدىن ھېچنېمە بايان قىلماي ئولتۇردى . ئۇ ماڭغان چاغدا ، بىر خىل مەيۈسلۈك ، ھەممىنى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە باغلاپ قويغان بىر خىل روھىي ھالەت مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدىغان قارا كۆلەڭگىگە ئوخشاش ئۇنىڭ چىرايىغا تېپىپ چىققانىدى .

كومولا كۆن بويى ئۆينىڭ ئىش ـ كۆشلىرى بىلەن بولدى . قولى سەل بوشىغان چاغلاردا ، ئۇنىڭغا گويا خىمنولىنىنىڭ ئىپتقان ھېلىقى سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاۋاتقاندەك ، ئۇنىڭ ھېلىقى يېقىملىق كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلە-نەتتى . ئۇ خىمنولىنى بىلەن نولىناكخا ئوتتۇرىسىدىكى تويىنىڭ بىكار قىلىنغىنىدىن باشقا ، خىمنولىنى ھەقتە ھېچقانداق نەرسە بىلمەيتتى .

بۈگۈن ئەتىگەن خىمنولىنى باغچىسىدىن بىر سېۋەت گۈل ئەپكېلىپ خىمونكورىغا سوۋغا قىلغانىدى . كومولا چۈشتىن كېيىن يۇيۇنۇپ كېلىپ ، بۇ گۈللەردىن گۈلچەمبىرەك توقۇدى . خىمونكو-رى ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشۇپ بەردى .

— قىزىم ، — دېدى ئۇ كومولاغا ، — بۈگۈن خىمنولىنى خوش-لاشقىلى كەلگەن چاغدا ئاجايىپ بىر خىل بولۇپ قالدىم . باشقىلار نېمىلا دېسۇن ، ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئوماق قىز ئىدى . مەن ھازىرمۇ شۇ ئويدا ، ئەگەر مېنىڭ ئاشۇنداق كېلىنىم بولغان بول-سا ، قالتىس خۇش بولغان بولاتتىم . بۇ تويمۇ پۈتۈپ قالاي دېگەنى-دى . لېكىن ، ئوغلۇمنىڭ نېمە ئويلىغىنىنى زادىلا بىلمىدىم ، ئۇ تۇرۇپلا يېنىۋالدى . بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ .

خىمونكورى كېيىن ئۇ تويدىن ئۆزىنىڭ يېنىۋالغانلىقىنى ئې-تىراپ قىلغۇسى كەلمىدى .

شۇ ئەسنادا ، سىرتتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى .

— نولىناكخامۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدى خىمونكورى .

كومولا ھېلىقى گۈل ، گۈلچەمبىرەكلەرنى ھاپىلا ـ شاپىلا ئىشكىنىڭ ئاستىغا يوشۇردى ـ دە ، دەرھال پەرەنجىسىنى چۈشۈ-رۈۋالدى .

نولىناكخا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ، ئانىسى ئۇنىڭدىن سورىدى :

— خىمنو بىلەن دادىسى ھېلى مېڭىشتى ، ئۇچراتمىغانسەن ؟

— ئۇچراتتىم ، يولدا ئۇچرىشىپ قالدى . مەن پەيتۇن بىلەن

ئۇلارنى ئاپىرىپ قويۇپ كەلدىم .
— نېمىلا دېسەڭ ، دە ، ئوغلۇم ،— ئانىسى سۆزىنى داۋاملاشـ.
تۇردى ،— خىمونلىنىدەك قىزلار بۇ دۇنيادا كۆپ تېپىلمايدۇ .
ئۇ خۇددى بۇ ئىشقا ئەزەلدىن نولىناكخالا قارشى چىقىۋاتقانـ.
دەك سۆزلىدى . نولىناكخا بۇنىڭغا ئۇنچىقماي كۈلۈپلا قويدى .
— ساڭا بۇ گەپ كۈلكىلىك تۇيۇلۇۋاتامدۇ ؟ — دەپ زەردە قىلدى ئانىسى ، — مەن خىمونلىنى بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى باغلاپ قويدۇم ، ھەتتا بېرىپ ئۇنىڭغا پاتىھەمنىمۇ بەردىم . كېيىن ئىچىڭگە نېمە جىن كىرىۋالدىكىن ـ تاڭ ، پۈتۈن پىلاننى بىراقلا يوق قىلدىڭ . ئەمدى بۇنىڭغا ئازراقمۇ ئەپسۇسلانماسسەنمۇ ؟
نولىناكخا ئېغىر ئېچىنىشقا تەمشىلىپ ، ئالدى بىلەن كومولاغا نەزەر تاشلىۋىدى ، ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى توقۇنۇشقان چاغدا ، خىجىلچىلىقتىن ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي قالغان كومولا دەرھال يەرگە قارىۋالدى .
— ئەپسۇس ، ئانا ،— دېدى نولىناكخا ،— سىز نېمىشقا ئوغـ.
لىڭىزغا ھەممە كىشى ھەۋەس قىلىدۇ ، ئۇنىڭغا قىز تاپماق ئىنتاـ.
يىن ئوڭاي دەپ ئويلايدىغانسىز ؟ ماڭا ئوخشاش زاھىت سۈپەت كىشىگە باشقىلار بىرلا كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالىدىغان ئىش يوق !
بۇ گەپنى ئاڭلاپ كومولا يەنە بېشىنى كۆتۈردى . شۇ ھامان نولىناكخا يەنە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا كۆز تاشلىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان شادلىق ئۇچقۇنلىرىدىن ئوڭايسىزلانـ.
غان كومولا ، ئەمدى بۇ يەردىن چىقىپ كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى .
— تـولا يوقـلاڭ گـەپ قىلـماي تېـزراق كۆزۈمـدىن يىتكىنە !— دېدى خىمونكورى ئوغلىغا قاراپ ،— گەپ قىلىۋېرىپ جۇدۇنۇمنى ئۆرلىتىپ قويىدىغان ئوخشايسەن .
ئۇلار چىقىپ كېتىشكەندىن كېيىن ، كومولا يالغۇز ئولتۇـ.
رۇپ ، خىمونلىنى ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى گۈللەردىن يوغان بىر

گۈلچەمبىرەك ياساپ چىقتى ، ئاندىن ئۇنى بىر سىۋەتكە سېلىپ ئۇنىڭغا سۇ پۈركۈگەندىن كېيىن ، نولىناكخانىڭ كابىنېتىغا ئەپكىرىپ قويدى . بۇ گۈللەر خىمنولىنىنىڭ خەيرلىشىش ئالدىدىكى سوۋغىسى ئىكەنلىكىنى ئويلىغاندا ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى .

كومولا ئۆز خانىسىغە قايتىپ كىرىپ ئۆز ـ ئۆزىگە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى : «نولىناكخانىڭ ماڭا پات ـ پات قاراپ قويۇشلىرىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك ! ؟ ئۇ مەن ھەققىدە قانداق ئويدا بولۇۋاتقاندۇ ؟ ئەجەب مېنىڭ ئىچىمدىكى سىرلارنى بىلىۋالغاندەك قارايدىغۇ ! ؟ ئىلگىرى مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ يۈرگەن چاغلاردىغۇ ھېچ ئىش يوق ئىدى ، مانا ئەمدى مەن بۇ ئەھۋالدا ئىنتايىن ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدىمغۇ ! ؟ بۇ بەلكىم ماڭا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى يوشۇرۇپ يۈرگىنىمگە يارىشا بېرىلگەن جازادۇ ! ؟»

ئۇ كۆڭلىدە ئۆز ئۆزى بىلەن سۆزلىشەتتى : «بەلكىم نولىناكخا ، ئانام خارىداس دېگەن بۇ قىزنى نەدىنمۇ تېپىپ كەلگەندۇ ؟ مۇنداق قائىدە بىلمەيدىغان قىزنى ئۆمرۈمدە كۆرمەپتىكەنمەن ، دەپ ئويلاۋاتقاندۇ ، ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئويلاپ قالغان بولسا ، ئۇ چاغدا بۇ ئوي ماڭا چوقۇم هارام بولىدۇ » .

ئۇ كەچتە ياتىدىغان چاغدا ، ئەتە نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، كۆڭلىدىكى ھەممە گەپنى ئۇنىڭغا ئېيتىش نىيىتىگە كەلدى .

ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەنلا ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇشقا باردى ، ئاندىن گانگىدىن بىر كومزەك سۇ ئېلىپ قايتىپ كەلدى . ئادەتتىكى كۈنلەرگە ئوخشاش باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ ، دەسلەپ نولىناكخانىڭ كابىنېتىنى تازىلىماقچى بولدى . لېكىن ، بۇ يەرگە كىرگەن چاغدا ، نولىناكخا ئۆز ئادىتىنىڭ ئەكسىچە كابىنېتىدىن چىقماي ئولتۇرغانىدى .

ئۆز ئىشىنى ئادەتتىكىدەك قىلالمىغىنى ئۈچۈن كومولا سەل بىئارام بولدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاستا ماڭدى . لېكىن ، بىر

نەچچە قەدەم ماڭمايلا، تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر نېمە كەچتى-دە، جايىدا مىدىرلىماي تۇرۇپلا قالدى.

ئۇ ئاستا مېڭىپ يەنە نولىناكخانىڭ كابىنېتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭغا شۇ تاپتا پۈتكۈل دۇنيا ئىس-تۈتەكلەر ئىچىدە قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىك ئالدىدا قانچىلىك تۇرۇپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى.

ئۇ كۈتۈلمىگەندە كابىنېتىدىن چىقىپ ئۇدۇلىدا توختىغان نولىناكخانى كۆرۈپ قالدى، گويا قاتتىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدى-دە، دەرھال تىز پۈكۈپ ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويدى، ئۇنىڭ تېخى قۇرۇمىغان چاچلىرى نولىناكخانىڭ ئاياغلىرىغا قىرچىنتالدەك يېيىلدى. تەزىمدىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ نولىناكخانىڭ قېشىدا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ نە پەرەنجىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، نە نولىناكخانىڭ ئۇنىڭ چىرايىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغانلىقىنى سەزمەيتتى. ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز بىر ۋەھىي كەلگەندەك بولدى-دە، ئىنتايىن قەتئىي ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى:

— مەن كومولا بولىمەن!

بۇ سۆز ئېغىزدىن چىقىش بىلەن تەڭلا، ئۇ ئۆزىنى گاراڭلىقتىن ئويغانغاندەك، ئۆزىنىڭ ئەمدىلا ئورنىغا چۈشكەن كۆڭلىنى يەنە بىسەرەمجانلىققا چۈشۈرۈپ قويغاندەك ھېس قىلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز لاغىلداپ تىترەۋاتقان كومولا يەنە بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇ كۆڭلىدە دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇتىنى يۆتكىگۈدەك مادارى قالمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل كۈچ-قۇۋۋىتىنى، بارلىق غەيرەت-شىجائىتىنى نولىناكخانىڭ ئايىغىغا يىقىلىشقا، «مەن كومولا!» دېگەن سۆزنى ئېيتىشقا سەرپ قىلىۋەتكەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆز خىجالىتىنى يوشۇرۇشقا سەرپ قىلغۇدەك ھېچنېمە قالمىغانىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى پۈتۈنلەي نولىناكخا-

نىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى.
نولىناكخا ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ قوللىرىنى تارتتى ۋە ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:
— بىلىمەن! سىز مېنىڭ كومولايىم! يۈرۈڭ، مەن بىلەن ئۆيگە كىرىڭ.
ئۇ قىزنى كابىنىتىغا ئېلىپ كىردى، كومولا توقۇغان گۈلچەمـ- بىرەكنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىۋېتىپ:
— كېلىڭ، خۇداغا شۈكۈر ئېيتايلى، — دېدى.
ئۇلار يانمۇيان ئولتۇرۇپ ئاپئاق قاردەك مەرمەر يېيىتىلغان يەرگە سەجدە قىلىشۋاتقان چاغدا، دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان سەـ- ھەر ئاپتىپى ئۇلارنىڭ باشلىرىنى مېھىر نۇرى بىلەن يورۇتتى.
كومولا ئورنىدىن تۇرۇپ چەكسىز ئېھتىرام بىلەن نولىناكخاغا يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلدى. بۇ قېتىم ئۇ قەددىنى رۇسلىغاندا، ئۇنىڭدا ھېلىقى ئازابلىق خىجىلچىلىقتىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇ بۇ چاغدا ئۆزىنى زىيادە ھاياجانغا سالىدىغان ئاللىقانداق بىر خۇشالـ- لىق ھېس قىلغىنىمۇ يوق، بەلكى ئۆزىنى گويا ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەملىككە ئېرىشكىنىگە شۈكۈر ئېيتىۋاتقان ھالەتتە سېزەتتى. بۇ تۇيغۇلار خۇددى تاڭ قۇياشىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ۋۇجۇـ- دىنى ئېلىلىتقانىدى. ئۆزىنى نولىناكخاغا بېغىشلاش قىزغىنلىقى ئۇنىڭ قەلبىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان؛ گويا ئۇنىڭ تاۋاپ سۇپىسى ئالدىدا كۆيدۈرۈۋاتقان كۈجىلىرىدىن چىقىۋاتقان سۇسقىنا ئىسلار پۈتكۈل دۇنيانى كۆرۈنمەس قىلىۋەتكەندەك ئىدى.
ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەيەردىندۇر كەلگەن كۆز ياشلار بۇلدۇقـ- لاپ چىقىشقا باشلىدى. ياش تارام - تارام تۆكۈلەتتى. بۇ خۇشالـ- لىق يېشى ئىدى. بۇ ياش ئۇنىڭ يىگانە ھاياتىنى خىرەلەشـ- تۈرگەن غەم - غۇسسە بۇلۇتلىرىنى يۇيۇپ تاشلىدى.
نولىناكخا ئۇنىڭغا باشقا ھېچنېمە دېمىدى، ئۇنىڭ ماڭلىيىغا چۈشۈپ قالغان ھۆل چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ قويدى - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
كومولا ئۆز مېھرىنى قانغۇچە ئىزھار قىلالمىغانىدى، يالقۇنـ-

لۇق ھېسلار ھە دېسە ئۇنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلاپ ، ئۇنى كۆڭلىدى-
كىنى بىراقلا ئىزھار قىلىشقا ئالدىرىتاتتى . ئۇ نولىناكخانىڭ
ھۇجرىسىغا كىردى ، بوينىدىكى گۈلچەمبىرەكنى ئېلىپ ھېلىقى
سەندەل ئاياغنىڭ ئۇستىگە قويدى ، ئاندىن ئاياغنى ئېلىپ پېشانى-
سىگە تەككۈزگەندىن كېيىن ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن يەنە ئۆز جايىغا
قويۇپ قويدى .
كېيىن ئۇ خۇددى پەرىشتىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقاندەك
قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئىشىغا تۇتۇندى . ئۇ ھەر
بىر ئىشنى تۈگەتكەندە خۇشاللىقتىن خۇددى ئۆزىنى قانات ياساپ
ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . خۇداغا ھەمدۇ سانالار ئېيتاتتى .
— نېمە بولدىڭىز ، قىزىم ؟ — دەۋەتتى خىمونكورى ، —
قاراڭا ، ئۆيىنى چىنىدەك تازىلىۋەتكىنىڭىزنى ، باشقىلار بۇنى كۆر-
سە ئۆيىنى بىركۈنىنىڭ ئىچىدىلا باشقىلا بىر تۈسكە كىرگۈزۈپ
قويىدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن ، يەنە .
ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، كومولا يىگنە ئىشنى قىلمى-
دى ، ئىشىكنى ئېتىپ خانىسىگە كىرىپ ئولتۇردى . شۇ ئەسنادا ،
نولىناكخا بىر سېۋەت گۈل كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كىردى .
— كومولا ، — دېدى ئۇ ، — ماۋۇ گۈللەرنى سۇغا چىلاپ
قويۇڭ ، بۈگۈن كەچقۇرۇن ئانامنىڭ ئالدىغا ئىككىمىز پاتىھە سو-
راپ كىرىمىز .
— مەن تېخى سىزگە ئەھۋالىمنى تولۇق ئېيتىپ بەرمى-
دىمغۇ ، — دېدى كومولا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ .
— سىز ئېيتىپ بەرگۈدەك ھېچنېمە قالمىدى . مەن ھەممى-
دىن خەۋەر تاپتىم ، — دېدى نولىناكخا .
كومولا پەرەنجىسىنى يۈزىگە چۈشۈرۈۋالدى .
— لېكىن ، ئانام… — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى .
نولىناكخا ئۇنىڭ پەرەنجىسىنى قايرىپ تۇرۇپ :
— ئانام ئۆمرىدە تالاي كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەن ،
سىز ھېچقانداق گۇناھ قىلمىغان تۇرۇقلۇق ، ئۇ سىزنى كەچۈرمەي
قالارمۇ ! — دېدى .

[General Information]
书名=沉船　维吾尔文
SS号=40256043